# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(بۈگۈنكى زامان قىسمى)

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنيا ئومۇمىي تارىخى



(بۈگۈنكى زامان قىسمى)

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14234-7

9 787228 142347 >

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(بۈگۈنكى زامان قىسمى)

(1)

تۈزگۈچىلەر: شۈ تيەنشىن
لياڭ جىمىڭ

خالىق ئاۋۇت
تەرجىمە قىلغۇچىلار: جۇمە نىياز
روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界通史（当代卷）：维吾尔文 / 徐天新等编著；哈力克·阿吾提，居马·尼亚孜译．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4

ISBN 978-7-228-14234-7

Ⅰ.①世… Ⅱ.①徐… ②哈… ③居… Ⅲ.①世界史 — 现代史 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K10

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第056209号

责任编辑　阿里木江·塔依尔
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米　32开本
印　　张　41.5
版　　次　2011年9月第1版
印　　次　2011年9月第1次印刷
印　　数　1—3000
定　　价　103.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ........................................ 18
1 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى ئەندىزىسى ........................................ 18
2 ـ بۆلۈم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 28
3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ........................................ 43
4 ـ بۆلۈم ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئارقىلىق تىركىشىشى ۋە ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى ........ 52

ئىككىنچى باب ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشى ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپا بىلەن ياپونىيە ........................................ 62
1 ـ بۆلۈم ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشى ........................................ 62
2 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە لىبېرورستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ۋە فىرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتى ........................................ 79
3 ـ بۆلۈم ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە گېرمانىيە فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 92
4 ـ بۆلۈم ياپونىيەنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى ۋە ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كاپالىتى

شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ......................... 101

**ئۈچىنچى باب ياۋروپا، ئاسىيادا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى** ............................................. 114

1 - بۆلۈم 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ......................... 114

2 - بۆلۈم شەرقىي ياۋروپادا خەلق دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات ... 120

3 - بۆلۈم كومپارتىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە توقۇنۇشى ....... 141

4 - بۆلۈم ئاسىيادا خەلق دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ......................... 148

**تۆتىنچى باب 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادا مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى** ................................ 169

1 - بۆلۈم 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ................................................. 169

2 - بۆلۈم ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ................................................. 187

3 - بۆلۈم 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىلىشى ....... 199

**بەشىنچى باب 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بەرگەن مىللىي دېموكراتىيە ھەرىكىتى** ................................ 213

1 - بۆلۈم 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىراننىڭ

www.uyghurkitap.com


نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى ... 213

2 ـ بۆلۈم پەلەستىن مەسىلىسى ۋە 1 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ............ 227

3 ـ بۆلۈم ئافرىقىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ............ 235

4 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە گىۋاتېمالا دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ............ 254

**ئالتىنچى باب يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە تەسىرى** ............ 266

1 ـ بۆلۈم يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ............ 266

2 ـ بۆلۈم يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ............ 280

**يەتتىنچى باب 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئامېرىكا** ............ 296

1 ـ بۆلۈم ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ............ 296

2 ـ بۆلۈم ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى ۋە كېنىدى ـ جونسون ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىچكى سىياسىتى ............ 318

3 ـ بۆلۈم نىكسون ھۆكۈمىتىدىن رېگان ھۆكۈمىتىگىچە ............ 345

**سەككىزىنچى باب 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە ئارىلىقتىكى غەربىي ياۋروپا ئەللىرى** ............ 363

1 ـ بۆلۈم فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى ............ 363

2 ـ بۆلۈم فرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ............ 382

3 ـ بۆلۈم ئەنگلىيەنىڭ تەرەققىياتى .................... 404
4 ـ بۆلۈم ئىتالىيەنىڭ تەرەققىياتى .................... 426
5 ـ بۆلۈم ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى .................................... 437

**توققۇزىنچى باب 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ياپونىيە** .................................... 453
1 ـ بۆلۈم ياپونىيەنىڭ دۇنيادىكى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشى .................................... 453
2 ـ بۆلۈم ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە خەلق ھەرىكىتى ... 467
3 ـ بۆلۈم ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتتىن سىياسىي چوڭ دۆلەتكىچە .................................... 481

**ئونىنچى باب سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى** ....... 497
1 ـ بۆلۈم خرۇشچېفنىڭ تەختكە چىقىشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى .................. 497
2 ـ بۆلۈم خرۇشچېفنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ........ 504
3 ـ بۆلۈم برېژنېفنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى .................................... 518
4 ـ بۆلۈم رەھبەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە گورباچېفنىڭ تەختكە چىقىشى .................................... 538

**ئون بىرىنچى باب ياۋروپادا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشى** .................................... 551
1 ـ بۆلۈم يۇگوسلاۋىيەدە ئاپتونومىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى ........................ 551
2 ـ بۆلۈم 50 ـ يىللاردىكى شەرقىي ياۋروپا

ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇش .................................... 561
3 ـ بۆلۈم پولشادىكى گومۇلكا ۋە ۋېنگرىيەدىكى
كادارنىڭ ئىسلاھاتى .................................... 571
4 ـ بۆلۈم چېخوسلوۋاكىيەدىكى «پراگا باھارى» نىڭ
ۋاقىتسىز زاۋال تېپىشى .................................... 584
5 ـ بۆلۈم 80 ـ يىللاردىكى شەرقىي ياۋروپا
دۆلەتلىرى .................................... 597

ئون ئىككىنچى باب ئۈچىنچى دۇنيانىڭ باش كۆتۈرۈشى ـــ ئاسىيا،
ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ
ئەۋج ئېلىشى .................................... 621
1 ـ بۆلۈم ئۈچىنچى دۇنيانىڭ باش كۆتۈرۈشى .......... 621
2 ـ بۆلۈم ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى
ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ
تەرەققىياتى .................................... 629
3 ـ بۆلۈم ۋېيتنام، لائوس، كامبودژا خەلقىنىڭ
ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش
ئۇرۇشى .................................... 642
4 ـ بۆلۈم سۇۋەيش قانىلى ۋەقەسى ۋە ئەرەب خەلقىنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ... 656
5 ـ بۆلۈم ئافرىقىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى .................................... 673
6 ـ بۆلۈم كۇبا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە لاتىن
ئامېرىكىسىدىكى ئامېرىكىغا، مۇستەبىتلىككە قارشى
كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى .................................... 687

ئون ئۈچىنچى باب ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى،
ئاسىيا قىتئەسى ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى.... 700


www.uyghurkitap.com

1 ـ بۆلۈم  ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ...................... 700
2 ـ بۆلۈم  كورېيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ............. 715
3 ـ بۆلۈم  شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى، سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشى .................... 738
4 ـ بۆلۈم  ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سىياسىي ۋە ئىقتىساد ................................... 753
5 ـ بۆلۈم  جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ............................................. 770
6 ـ بۆلۈم  4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ............. 778
7 ـ بۆلۈم  ئىراندىكى ئىسلاھات ۋە ئىسلام ئىنقىلابى، ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى ............................ 797

**ئون تۆتىنچى باب  ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى** ................................ 814
1 ـ بۆلۈم  ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە ۋە ئىرقچىلىققا قارشى كۈرىشى ھەم نامىبىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ............. 814
2 ـ بۆلۈم  ئافرىقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ........................... 838
3 ـ بۆلۈم  لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە سىياسىيىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش

www.uyghurkitap.com


مۇساپىسى ........................ 859

**ئون بەشىنچى باب ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ كۆپ تەرەپلىك دۇنياغا تەرەققىي قىلىشى** ........................ 885

1 ـ بۆلۈم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ تەدرىجىي پەسىيىشى ۋە غەرب ـ شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەڭشىلىشى ........................ 885

2 ـ بۆلۈم ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش سۆھبىتى ۋە شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتى ........................ 909

3 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ 932

**ئون ئالتىنچى باب سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش ۋە يالتا سىستېمىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى** ........ 950

1 ـ بۆلۈم شەرقىي ياۋروپا سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش ........................ 951

2 ـ بۆلۈم گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ........... 975

3 ـ بۆلۈم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى .... 988

4 ـ بۆلۈم يالتا سىستېمىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى ..... 1002

**ئون يەتتىنچى باب 90 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ياپونىيە** ........................ 1010

1 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا ................ 1010

2 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ........................ 1021

3 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا ياۋروپا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ........................ 1063

4 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ياپونىيە ................. 1085

ئون سەككىزىنچى باب 90 ـ يىللاردىكى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ................. 1101

1 ـ بۆلۈم شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى ۋە ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ................................ 1104

2 ـ بۆلۈم سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋيېتنام بىلەن كۇبادىكى ئىسلاھات ................................ 1123

3 ـ بۆلۈم پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ۋە 90 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى ........................ 1147

4 ـ بۆلۈم 90 ـ يىللاردىكى ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ................................................ 1176

ئون توققۇزىنچى باب دۇنيا يېڭى ئەندىزىسىنىڭ ئورنىتىلىشى .... 1203

1 ـ بۆلۈم كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياغا قاراپ تەرەققىي قىلىش ................................................ 1203

2 ـ بۆلۈم جەنۇب ـ شىمال سۆزلىشىشى ۋە جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى ................... 1226

3 ـ بۆلۈم جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تەرەققىياتى ........................ 1248

1945 ـــ 1995 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ياپونىيەلەرنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى ................................................ 1271

ھەر نۆۋەتلىك ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى ..... 1281

چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ........................................ 1283

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

دۇنيا بوگوننكى زامان تارىخىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيانقى دۇنيا تارىخى سۆزلىنىدۇ. بۇ قىسىم تارىخ گەرچە 50 يىللا بولسىمۇ، بىراق مەزمۇنى ئىنتايىن مول، چۈنكى بۇ 50 يىلدا ئىنسانىيەت بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ نەچچە ئون يىلدىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىجادىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇنداق ئۇچقاندەك ئالغا بېسىشى ئىنسانىيەت تارىخىغا غايەت زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قويۇقلاشتۇردى. دۇنيا خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن گۈزەل مەنزىرە مەيدانغا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يادرو ئۇرۇشى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشتىن ئىبارەت ئېغىر خەۋپمۇ يوشۇرۇنچە پەيدا بولدى. دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش دەۋرنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر دۇنيا بوگوننكى دەۋر تارىخى تەرەققىياتىدىكى تۇپ ئالاھىدىلىكلەردۇر.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، بۇنداق تەرەققىياتنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىمۇ مىسلى

كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆزلۈك بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1 ـ بەش يىللىق، 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تەرەققىيات سۈرئىتى دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. 1950 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 30 يىللىق ئېشىش سۈرئىتىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىر ـ ئىككى يۈز يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرىلا خېلى مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولۇۋالدى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئىقتىسادى يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىيات سۈرئىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتتى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1000 دوللاردىن شىددەت بىلەن ئېشىپ، 90 ـ يىللاردىكى 20 مىڭ دوللار ئەتراپىغا يېتىپ، يېرىم ئەسىردە 20 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى مىللىي ئىگىلىكى ئۇخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا بىرقەدەر يۇقىرى نىسبەتنى ساقلاپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئۇزاققىچە %1–%2 ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. 1960 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %6.5 بولدى. 1970 ـ يىلدىن 1980 ـ يىللىرغىچە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش

سۇرئىتى ئاستىلىدى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا يەنىلا ئوتتۇرىچە 5.3% ئاشتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېكسپورتقا تايىنىپ يېڭىدىن گۈللەنگەن دۆلەتلەر ۋە بەزى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز بولدى. جۇڭگو، ھىندىستان، بىرازىلىيە، مېكسىكا ۋە ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەر بىرقەدەر مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتلەشكەن ئەللەر قاتارىغا كىردى. كورېيە، سىنگاپور، جۇڭگونىڭ تەيۋەن ۋە شياڭگاڭ رايونى ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىھا» دەپ ئاتىلىپ، ئىقتىسادى خېلى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى كىرىملىك دۆلەت ۋە رايون بولۇپ قالدى. بىراق، يەنە بەزى دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئافرىقا، بولۇپمۇ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا رايونلىرىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇپ، نۆۋەتتە يەنىلا بىرقەدەر نامرات، بىراق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، يەنىلا ئاز ـ تولا تەرەققىي قىلدى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ سانائەتتىمۇ دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئورنىمۇ كۈنسايىن ئۆستى، بىراق تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقى ئۈزۈكسىز زورايدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، يەنىلا مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىشتەك ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كەسىپ

www.uygurkitap.com

قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق بىرىنچى كەسىپ ئاساسلىق پائالىيەت ساھەسى بولۇپ كەلگەنىدى. سانائەت ئىنقىلابىغا ئەگىشىپ سانائەت، كانچىلىق، ياسىمىچىلىق قاتارلىق 2 ـ كەسىپ تەرەققىي قىلىپ مەھسۇلات قىممىتى 1 ـ كەسىپنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى كۆپىيىپ ھەرقايسى ئەللەر سودا، پۇل مۇئامىلە، مۇلازىمەتچىلىكتىن ئىبارەت 3 ـ كەسىپكە تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۈچى ئاجرىتالايدىغان بولدى. نۆۋەتتە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە 3 ـ كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 ـ كەسىپ ۋە 2 ـ كەسىپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى. پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئۇچۇر يەر، ئادەم كۈچىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھالقىلىق ئامىل بولۇپ قالدى. ھەرقايسى ئەللەر بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەڭشەپ باردى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا كۈنسايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان بولدى. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى تېخى ئەمدىلا تۇرغۇزۇلغاچقا، مۇكەممەللىشىپ بولالمىغانىدى. ستالىنىنىڭ يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى تۇرغۇزۇلغان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش تۈزۈلمىسى بولغانلىقتىن، تۇجۇپىلەنگەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەرقايسى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ نۇقسانلىرىنى ھېس قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلىشىشنى بوشاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ئىسلاھاتتىكى ئومۇمىي

يۇزلىنىش بولۇپ قالدى. ئەمما، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى ئوخشىمىغانلىقتىن ئۆزگىچە چارىلەرنى قوللاندى. نۇرغۇن دۆلەتلەر ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىزچىل تۈردە ئەركىن ئىقتىساد، ئەركىن رىقابەتنى تەرغىب قىلىپ، تاشقى جەھەتتىكى ھەرقانداق ئارىلىشىشقا قارشى تۇردى. بىراق، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىقتىسادقا قول تىقتى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ دېموكراتىك سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئېنېرگىيە، قاتناش قاتارلىق ئۇل سانائەت تارماقلىرىنى، ئالەمگە ئۇچۇش قاتارلىق ئۆتكۈر زامانىۋى پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە قالدۇردى. فىرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر يەنە مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقتى. گەرچە بۇ پىلان بۇيرۇق خاراكتېرىنى ئالمىغان بولسىمۇ، بىراق يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادقا قول تىقىشتىكى ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ۋاستىسى مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى تەڭشەشتىن ئىبارەت بولدى. 50 - 60 - يىللاردا نۇرغۇن دۆلەتلەر كېينېسسىئىنزم يولىنى تۇتۇپ، مالىيە چىقىمىنى ئاشۇرۇپ كىرىمدىتىنى بوشاشتۇرۇپ، ئىستېمالغا مەدەت بەردى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بەزى دۆلەتلەر پۇلچىلىق، تەمىنات ئىلمى ئېقىمى نەزەرىيەسىنى قوللىنىپ، پۇل تارقىتىشنى تىزگىنلەش ئارقىلىق كىرىمدىتىنى قىسىپ ھۆكۈمەتنىڭ خىراجەت چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. بەزى ھۆكۈمەتلەر يەنە دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزمەسلىك سىياسىتىنى قوللاندى. تەرەققىي قىلىۋاتقان 3 - دۇنيا ئەللىرى زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۈزۈكسىز تەڭشەپ باردى، ئاساسلىقى دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن

خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك ياكى كەسپىي خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ئېكسپورت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە قەرزنى ئازايتىش، ۋەھاكازا.

دۇنيا سىياسىيسىمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا ئۆزگىرىش ئالغا باستى. بۇ ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشىدە ئىپادىلەندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كونا مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى يىمىرىلىپ، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەر مۇستەقىل بولۇپ چەت ئەلنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلدى. بۇ زامانىمىزدىكى دۇنيادا ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. 3 ـ دۇنيا ئەللىرى سىياسىي جەھەتتە كۆنسايىن دېموكراتىيەلىشىپ، ھەربىيلەر ھوقۇق تۇتقان بەزى دۆلەتلەردە مۇلكىي ئەمەلدارلار سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. نۇرغۇن سوتسىيالىستىك ۋە كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش ئىشلىرى ئۆزگىرىش تەرەققىي قىلىپ، ئادەملەر بۆشۈكتىن تارتىپ قەبرىستانغا بارغۇچە مەلۇم كاپالەتلەرگە ئېرىشىدىغان بولدى. ئەمگەكچى خەلق كىيىش ـ تىيىش ئۈچۈنلا كۆرەش قىلىپ قالماي، بەلكى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ئادىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان بولدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى يەنە زورلۇق كۈچ تەسىرىنىڭ ئۆزگىرىش تۆۋەنلىشىدە ئىپادىلەندى. ئۆتمۈشتىكى مۇستەملىكىچىلەر ۋە جاھانگىرلار خەلقئارادىكى تالاش ـ تارتىشلارنى قورال كۈچى ۋە زوراۋانلىق ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۆگىنىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى خەلقلەرگە زورلاپ تاڭغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن

خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئىقتىسادىي خەلقئارالاشتۇرۇش دولقۇنى ئارقىسىدا ئاشكارا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالماي قالدى، بۇ يەنە ھامىي دۆلەتنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت شىلىۋېلىشىغىمۇ پايدىسىز بولدى. 50 ـ يىللاردا ئەنگلىيە ھىندىستان ۋە مىسىر، فىرانسىيە ھىندىچىنى ۋە ئالجىرىيە، گوللاندىيە ھىندونېزىيەلەردە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئارمىيەگە تايىنىپ باستۇرۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەربىي كۈچكە ئىلگىرىكىدەك ئىشىنىپ كەتمەيدىغان بولدى، بەلكى ئەسلىدىكى مۇستەملىكىلەردە بىۋاسىتە ھەربىي ئارىلىشىشتىن كۆرە، ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان تاكتىكىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن ئەللەر، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ كارىب دېڭىزى رايونى ۋە ئوكيانىيەدىكى دۆلەتلەر سىياسىي كۈرەش ۋە سۆھبەت ئارقىلىق سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، مىللەتچىلىك دۆلىتىنى قۇردى. ئامېرىكا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادىكى 1 ـ نومۇرلۇق زومىگەرگە ئايلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئارقىلىق تىركىشىپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. بىراق، خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئاشقانلىقى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا دۆلەتلەر روناق تاپقانلىقى، زومىگەرلىككە ۋە يادرو ئۇرۇشىغا قارشى كۈرەش ئەۋج ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە ئەڭ قۇدرەتلىك يادرو قورال ئامبىرىغا ئىگە بولسىمۇ، بۇنىڭغا تايىنىپ دۇنيا ۋەزىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىدارە قىلىپ كېتەلمىدى. ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ناۋادا يادرو ئۇرۇشى پارتلاپ قالسا، ئۇلار يادرو قورالى ئارقىلىق زەربە بېرىلىدىغان ئاساسلىق نىشانغا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق

مۇناسىۋەتلەر ئۆزۈشمۇ چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى، كۆنسايىن كەسكىنلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تەدرىجىي پەسىيىپ سۆھبەت ۋە كېڭىشىش يولىغا ماڭدى. چوڭ دۆلەتلەر ئىستراتېگىيەلىك قورالللارنى چەكلەش ۋە رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇش مەسىلىسىدە ئۈزۈكسىز سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 40 نەچچە يىل مابەينىدە رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇش ۋە قىسمەن ئۇرۇش ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا ياكى چوڭ جاھانگىر دۆلەتلەر ئارىسىدا بىۋاسىتە قورالللىق توقۇنۇش يۈز بەرمىدى، يېڭى دۇنيا ئۇرۇشى تېخىمۇ يۈز بەرمىدى. سۆزلىشىش ۋە ھەمكارلىق كۈنسايىن خەلقئارا سىياسىي كۈرەشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قالدى.

پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە سىياسىينىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى رايونلار بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلاندى. شۇڭا، ھەرقانداق بىر دۆلەت دۇنيادىن ئايرىلىپ، بېكىنمىچىلىك بىلەن ئۆتەلمەيدۇ. ھەرقايسى ئەللەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى خەلقئارا مەبلەغ، تېخنىكا، ئۇچۇر ۋە بازاردىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك. ھەتتا تەرەققىي تاپقان ئامېرىكىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئامېرىكا كاپىتال چىقىرىدىغان چوڭ دۆلەت بولۇش بىلەن بىللە، چەت ئەل كاپىتالىنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ سېلىش سورۇنى. جەنۇبتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر شىمالدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ياردىمىگە موھتاج، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، يەنىلا ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە تايىنىدۇ. ئىقتىساد ئورتاق بولغانلىقى ئۈستىگە بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ. سىياسىي جەھەتتە باشقا رايونلارغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان سىياسىي ۋەقە ئىنتايىن ئاز

بولىدۇ. ئەكسىچە، رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشلار (مەسىلەن، ھىندىچىنى ئۇرۇشى، ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى) بارغانسېرى پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. تىنچلىق مەسىلىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورتاق مەسىلىگە ئايلاندى. بۇلاردىن سىرت، مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈگىتىش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ مەلۇم بىر دۆلەت ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىپ بولالمايدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تايىنىشچانلىق كۈچىيىپ، رايون خاراكتېرلىك ئورتاق گەۋدىلەر مەيدانغا كېلىپ، بەزىلىرى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. خەلقئارالىق سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى بارغانسېرى چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەر دۇنيا بۈگۈنكى دەۋر تارىخىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، بۇلار يەنە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ كىتابتا مۇشۇ دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەر تارىخىي تەرەققىيات نەزىرى بىلەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدۇر. بۇ مەزگىلدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئارقىلىق تىركەشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دۇنيانىڭ ئەسلىدىكى ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. كاپىتالىزم پەيدا بولغاندىن تارتىپ دۇنيادا مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن غەربىي ياۋروپا ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى باش كۆتۈرۈپ ئالدىنقى قاتاردىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. رۇزۋېلت بىلەن ستالىن يالتا سىستېمىسىنى پىلانلاپ، ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىدىكى خەلقئارا يېڭى تەرتىپنى ئورناتماقچى بولدى. بىراق، چوڭ دۆلەتلەر تەسىر دائىرىسىنى ئايرىش جەھەتتە كونا ئۇسۇلغا

ئېسىلىشۋالدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئۇزاققا بارمايلا ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، يالتا سىستېمىسىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۆز تەسىر كۈچىنى شەرقىي ياۋروپاغا سىڭدۈرمەكچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا قارشى يوسۇندا ئۆزىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىقى ئورنىغا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئالماشتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپامۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاسىياغىمۇ كېڭەيدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەت ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئىككى چوڭ لاگېرنىڭ تىركىشىشىگە تەرەققىي قىلدى. خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتتىن قارىغاندا، غەربىي ياۋروپانى مەركەز قىلغان كونا ئەندىزە بۇزۇلدى. يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كونا مۇستەملىكىچى جاھانگىر دۆلەت ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيەلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاشقى سىياسىتى، بولۇپمۇ ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىگە قاراتقان سىياسىتىدە يېڭى ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى يالتا سىستېمىسى بەلگىلىگەن شەرق ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. جۇڭگو خەلقئارا سەھنىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى.

ئىككىنچى باسقۇچ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدۇر. بۇ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئارقىلىق تىركىشىشتىن سۈزۈلىشىشكە يۈزلەنگەن، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا يۈزلەنگەن، مۇستەملىكە سىستېمىسى ئاساسەن يىمىرىلىپ 3 ـ دۇنيا ئەللىرى باش كۆتۈرگەن مەزگىل بولدى.

بۇ مەزگىلدە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىي ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. ھەرقايسى ئەللەر يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي قۇرۇلمىسى ۋە سىياسەتلىرىنى تەڭشىدى. غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەلەر يېڭى كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئامېرىكىدىن قالسىلا 2 ـ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. 1973 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بىر مەيدان نېفىت كۈرىشىنى قوزغاپ، ئەرزان نېفىت دەۋرىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى جاكارلاپ، كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىغا غايەت زور زەربە بەردى. ئارقىدىنلا غەرب دۇنياسىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى. غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ زەربىسىنى پەسەيتتى، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. ھەرقايسى ئەل ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1983 ـ يىلى يېڭىباشتىن تەرەققىي قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 50 — 60 ـ يىللاردا بەزى تەڭشەش، ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئۆزۈكسىز ئاشۇردى. 70 ـ يىللاردا برېژنېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قول سوزۇپ ئامېرىكا بىلەن زومىگەرلىك



www.uyghurkitap.com

تالاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇزاقتىن بېرى پۇقراۋى ئىقتىسادىي تارماقلارغا سەل قارىلىپ كەلگەچكە، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى تۆۋەن، سەرپىيات زور ئىدى. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ نۇقسانلىرى يامراپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى بىمەرلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا، برېژنېفنىڭ ۋارىسى باشقا تەرەققىيات يولى تاپىمسا بولمايتتى. شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىمۇ بەزى ئىسلاھاتلار بولدى، بىراق قەدىمى كىچىك ھەم ئاستا بولغانلىقى ئۈستىگە سەۋەنلىكمۇ كۆپ كۆرۈلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىقتىسادىي، سىياسىي كىرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر 1955 ـ يىلى غەرب مۇستەملىكىچى ئەللىرى قاتناشمىغان باندۇڭ يىغىنىنى ئاچتى. 60 ـ يىللاردا ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. مۇشۇ ئاساستا ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى راۋاجلىنىپ 3 ـ دۇنيا ئەللىرى باش كۆتۈرۈپ ھەم تەرەققىي قىلىپ، خەلقئارا سەھنىدىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن بىر كۈچ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مىللىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سىياسىينىڭ دېموكراتىيەلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، زامانىۋىلىشىشقا قەدەم باستى. شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى ئاساس قىلغان ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 3 ـ دۇنيا ئەللىرى سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن تېخىمۇ مۇرەككەپ، مۇشكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، بەزىلىرى غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى دورىسا، يەنە بەزىلىرى ئاددىيلا يوسۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە تەقلىد قىلدى، نەتىجىدە ھېچقايسىسى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. خەلقئارا ئىقتىساد چېكىنىۋاتقان ۋە يامانلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالدى. 80 ـ يىللار ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادى ئېغىر قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن ئون يىل بولغاچقا، «ھالسىرىغان ئون يىل» دەپ ئاتالدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە سىياسىتىنى تەڭشەپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمىنى تېپىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدا بولدى. جۇڭگو، ۋېيېتنام قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىغا ماڭدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر يەنە مەزكۇر رايون ھەمكارلىقىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتكەنلىكتىن، نۇرغۇن رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە گۇرۇھلىرى مەيدانغا كەلدى. 77 دۆلەت گۇرۇھى ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ زور رول ئوينىشقا تىرىشتى. خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتتە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سۆزلىنىشكە ئۆزگەردى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش ۋە كىرىزىس يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، بىراق ئىككى تەرەپ ھەمىشە ئاشكارا ياكى مەخپىي يوللار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مۇرەسسە چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. يارىشىش يولى ئەگرى ـ توقاي بولغان، كارىب دېڭىزى كىرىزىسى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش ئاشكارا تىركىشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق يارىشىش يۈزلىنىشىگە نېمىلا دېگەنبىلەن شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باسقۇچ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدۇر. بۇ دۇنيانىڭ يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەنگەن مەزگىل. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا خەلقئارا ۋەزىيەت تۇساتتىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. قىسقىغىنا 2 ـ 3 يىلدا كوممۇنىستىك پارتىيەلەر شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇشتەك ئورنىدىن مەھرۇم قېلىپ، ھاكىمىيەتنى تىنچ يول بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىرلىككە كەلگەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىمۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پارچىلاندى. ئەسلىدىكى توققۇز سوتسىيالىستىك دۆلەتتىن دېموكراتىك گېرمانىيە فېدېراتىپ گېرمانىيەگە قوشۇلۇپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان سەككىزى 27 دۆلەتكە پارچىلاندى. بۇ جىددىي ئۆزگىرىش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يالتا سىستېمىسىغا خاتىمە بېرىپ، ئىككى قۇتۇپلۇق تىركىشىشتەك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئامېرىكا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى، بىراق ئۇ ئۇزاقتىن بېرى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئارقىلىق تىركىشىشنىڭ ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلىقتىن، باشقا دۆلەتلەرنى باشقۇرۇش ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەنلەپ كەتتى. غەربىي ياۋروپا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش يولىدىكى غايەت زور تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ياۋروپا دۇنيادىكى مۇھىم بىر قۇتۇپ بولۇپ قالدى. ياپونىيە ئىقتىسادى چوڭ دۆلەتتىن كۈنسايىن سىياسىي چوڭ دۆلەت بولۇشقا يۈزلەندى. رۇسىيە يەنىلا غايەت زور يادرو قورال ئامبىرى ۋە ئادەتتىكى ھەربىي كۈچنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقتىن، سەل

قاراشقا بولمايدىغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ئۈزۈكسىز ئۆستى. دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى بىر دۆلەت ۋە نۇرغۇن كۈچلۈك دۆلەت بولۇشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ياۋروپا ئەللىرى، ئامېرىكا قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى چېكىنىپ، 1993 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران قايتا ئۆرلەشكە قاراپ ماڭدى. بىراق، غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدىكى ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تېزلىكتە تەڭشىلىپ بولالمىغاچقا، قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر بولدى. ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر جىددىي ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن كۆپ پارتىيەلىك پارلامېنت تۈزۈمىنى ئورناتقاچقا، كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملىققا يۈزلەندى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى. پولشا، چېخ، ۋېنگرىيە، سلوۋېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىيىتى بىرقەدەر ياخشى بولدى. رۇسىيە ئىقتىسادىمۇ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، بىراق ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئۈزۈكسىز راۋاجلاندى. شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا يەنىلا نۆۋەتتىكى دۇنيادا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز، ھاياتىي كۈچكە ئەڭ باي رايون بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى نەتىجىسى غايەت زور بولدى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ھىندىستان ۋە ۋيېتنامالارمۇ ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاينىمىغا كىرىپ كەتتى. ئافرىقا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلۇپ، ئىقتىسادى گۈللەندۈرۈش دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىدى.

ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ۋە بىر گەۋدىلىشىشى تېزلىكتە راۋاجلاندى.

90 ـ يىللاردىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي تىركىشىش ئامىللىرىنىڭ يوقىلىشى بىلەن يارىشىش يولىغا يۈزلەندى. دۇنياۋى ئۇرۇش ھازىرچە يۈز بەرمەيدۇ. سۆزلىشىش داۋاملىشىۋاتىدۇ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ، بەزى رايونلاردا توقۇنۇش پەسەيدى. كامبودژا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سىياسىي كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىدە گەرچە قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، بىراق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش بولۇۋاتىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىمدا ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە يېڭى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلىدىن، ئەسلىدە ئىككى قۇتۇپنىڭ تىركىشىشى ئاستىدا بېسىلىپ قالغان زىددىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشكارىلىنىپ چىقتى. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا دېڭىز قولتۇقى كىرىزىسى ۋە دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇش گەرچە قىسقىلا ۋاقىت داۋاملاشقان بولسىمۇ، تەسىرى غايەت زور بولدى. بۈگۈنگە قەدەر مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى يەنىلا مەۋجۇت. شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا يۇگوسلاۋىيە پارچىلىنىپ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشى پارتلىدى. 1979 ـ يىلى ئىران ئىسلام ئىنقىلابى پارتلىغان ۋە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتى باش كۆتۈرۈپ، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى كۈنسايىن تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق خەلقئارادىكى مۇھىم كۈچكە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا شەرق ۋە دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ۋەزىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. تېررورلۇق پائالىيەتلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى جىددىيلىك پەسىيىشكە يۈزلىنىۋاتقاندا، داۋالغۇش بىلەن خاتىرجەمسىزلىك ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. ئىككىسى ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇردى. نۆۋەتتە، خەلقئارا مۇناسىۋەت يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويۇپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى. ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت

## 1 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى ئەندىزىسى

«يالتا سىستېمىسى» نىڭ تىكلىنىشى 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. رۇزۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىنلار يالتادا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى 2 ـ قېتىملىق ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى ئايرىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھەمكارلىقنى ساقلاش يالتا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ئاساسلىق مەزمۇن ئىدى. بۇ يىغىن غەربكە نىسبەتەن گېرمانىيەنى رايونغا ئايرىپ ئىشغال قىلىش، گېرمانىيەنىڭ تۆلىمى توغرىسىدىكى پرىنسىپال كېلىشىم، پولشانىڭ زېمىن چېگراسى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدىكى كېلىشىم، شۇنداقلا «ئازاد ياۋروپا خىتابنامىسى» قاتارلىقلارنى ماقۇللاپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادىكى تەسىر دائىرىسىنى ئايرىپ بەردى. شەرققە نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش شەرتى توغرىسىدىكى مەخپىي كېلىشىمنى ماقۇللاپ، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇل، ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبى، كۇرىل تاقىم ئاراللىرى ۋە لۈشۈن، دالىيەنلەرگە بولغان تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈردى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى «جۇڭگو مىللىي ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ـ ئىتتىپاق كېلىشىمى ئىمزالاش» قا ۋەدە بەردى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى ۋە پۈتكۈل ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەسىنى قوللاپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى تىزگىنلىشى ۋە ياپونىيەنى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىشىغا يول قويدى. يالتا يىغىنىدا چېرچىلنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئەنگلىيە (فرانسىيە بىلەن گوللاندىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە) نىڭ يىراق شەرق رايونىدىكى مۇستەملىكىسى ساقلاپ قېلىندى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋاكالىتەن باشقۇردى، شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىقى چوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوغدىلىش ئىزىغا چۈشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى خەلقئارا تەشكىلات — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «چوڭ دۆلەتلەر بىردەكلىكى» پرىنسىپىنى بېكىتتى، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا بەش دۆلەت ئىنكار قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى بۇ ئەڭ مۇھىم تەشكىلاتتا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مانا بۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنياۋى تەرتىپنى ئورۇنلاشتۇرغان يالتا سىستېمىسىدۇر.

يالتا سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىسى رۇزۋېلت بىلەن ستالىن ئىدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا ئېشىپ بارغان ئەمەلىي كۈچ ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، ئامېرىكىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى زومىگەرلىك

ئورنىغا پايدىلىق بولغان دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىشنى ئاللىبۇرۇنلا پىلانلاپ قويغانىدى. رۇزۋېلت ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى چوڭ دۆلەتلەر ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتىگە تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئامېرىكا ئارزۇ قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا ئەندىزىسى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئامېرىكا دۇنيانىڭ غوجىسى بولالايدۇ، دەپ قارايتتى. ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى ھەمدە گېرمانىيەنى ئۇزاق ئىشغال قىلىشنى كۆزلىگەنلىكى، يىراق شەرقتە ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشىدا قولدىن كەتكەن مەنپەئەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ دۆلەت باشلىقلار يىغىنىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەتە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىخەتەر، پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنىڭ يارىتىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

رۇزۋېلت بىلەن ستالىن يالتا يىغىنىدا كۆزلىگەن نىشانلىرىغا ئاساسەن يەتتى، چۈنكى يىغىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى ئورنى ۋە سىياسىي ئابرۇيى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مەزگىلگە توغرا كەلدى. ئۇرۇش ئامېرىكا بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان بىردىنبىر دۆلەت ــ سوۋېت ئىتتىپاقىنى روياپقا چىقاردى ھەمدە شۇ تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزم بىر دۆلەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ سىرتقا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھال يالتا يىغىنى مەزگىلىدىلا روشەن گەۋدىلەنگەنىدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنياۋى پىلانىنى تۈزۈشتە

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي، ھەربىي ئۇستۇنلۇككە تايىنىپ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىشنىلا كۆزلەپ، بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا، روزۋېلت ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داۋاملىق ھەمكارلىشىشىنى ئۆزىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچ دەپ قاراپ، ئاز ـ تولا يول قويۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، ھەمكارلىشىشقا قوشۇلۇپ، يالتا يىغىنى «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى دېموكراتىك يوسۇندا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى» دەپ قارىدى.

يالتا سىستېمىسى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئارا مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇنى ئۈچ دۆلەت قوبۇل قىلالايتتى. ئۇ چوڭ دۆلەتلەر زورلۇق سىياسىيسى خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق دۇنيا فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى بەزى دۇنياۋى رېئاللىقلارنى ئەكس ئەتكۈزگەن بولۇپ، تارىخىي جەھەتتىن بىر ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. يالتا سىستېمىسى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى ۋە غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ ۋە چەكلەپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن زور رول ئوينىدى. بىراق، ئۇ يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆزى نۇرغۇن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، شۇڭا يالتا تۈزۈلمىسىنىڭ ئاخىر يىمىرىلىشى مۇقەررەر ئىدى.

**2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى مىسلىسىز بولغان بىر مەيدان ئۇرۇش. بۇ ئۇرۇشقا

چېتىلغان دۆلەت 60 تىن، ئاھالە 2 مىلياردتىن ئاشتى، ئۇرۇش ئوتى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيەدىن ئىبارەت تۆت قىتئە ھەم تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكياندىن ئىبارەت تۆت ئوكيانغا يامرىدى. ئۇرۇش دۇنيا خەلقىگە كەلتۈرگەن ئاپەت ۋە زىياننى ھەقىقىي ئىستاتىستىكا قىلماق قىيىن. مۆلچەرلىنىشىچە، ھەربىي، پۇقرالاردىن يارىلانغان، ئۆلگەنلەر 100 مىليوندىن ئاشقان، ھەربىي خىراجەت چىقىمى 1 تىرىللىيون ئامېرىكا دوللىرىدىن، ئىقتىسادىي زىيان 4 تىرىللىيون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرى كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئەمما، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانلار باشتىن كەچۈرگەن دەھشەتلىك مۇشكۈلاتلار بەدىلىگە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۇرۇش ئوتى ئارقىلىق دۇنيانىڭ كونا قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، تۈرلۈك يېڭى كۈچلەر ئۇرۇش ئوتى بىلەن پاكلانغان زېمىندا يىلتىز تارتىپ ئۇلغىيىپ باردى، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ قەد كۆتۈرۈشىگە يول ئېچىپ بەردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دۇنيانىڭ قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تارىخ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەسىرى شۇ بولدىكى، ئۇ دۇنيا مىقياسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، بىرقانچە ئەسىردىن بېرى شەكىللەنگەن ياۋروپا مەركەز قىلىنغان خەلقئارا ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تارىخى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كونا دەۋردىن تەدرىجىي كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىغا ئىگە يېڭى بىر دەۋرگە ئۆتۈپ، خەلقئارا يېڭى ئەندىزە بارلىققا كەلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىشى بىلەنلا ياۋروپا بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى

ئالدى بىلەن كونا ياۋروپانى ئىنتايىن ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى، ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ياۋروپا ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ھەمدە فاشىستلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قېلىپ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ زومىگەرلىك تالىشىش سەھنىسىدىن چېكىندى، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە گەرچە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. دېگولنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «بۇ قىماردا چوڭ دۆلەتلىك خان تاجى قارتىسىنى ئېلىۋېلىشقا ئىمكان بولمىدى». ئۇلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىدەك يېڭى مۇستەملىكىلەرگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كونا مۇستەملىكىلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىمۇ لىڭشىپ قالدى. پۈتكۈل ياۋروپا شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا كونا ياۋروپا خارابىلىشىپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر دۇنيا سىياسىيسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى. ياۋروپانىڭ مەركەزلىك ئورنىنى ئاساس قىلغان دۇنيانىڭ كونا قۇرۇلمىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرى ئاستىدا تامامەن ۋەيران بولۇپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياۋروپا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ياۋروپانىڭ مەركەزلىك ئورنىنىڭ يوقىلىشى ۋە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەدرىجىي دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپادا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئامېرىكا ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى تۈپەيلىدىن، ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمايلا قالماي، ئەكسىچە ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەمەلىي كۈچى تېزلىكتە زورايدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئامېرىكا كاپىتالىزم

دۇنياسىدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 60% ىگە، تاشقى سودىنىڭ 1/3 ىگە، ئالتۇن زاپىسىنىڭ 3/4 ىگە ئىگە بولۇپ، كاپىتال چىقىرىش ۋە ھەقدارلىق جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. ئامېرىكا قۇدرەتلىك دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيەسىگە ئىگە بولۇپ، ھەربىي بازىلىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەمدە ئاتوم بومبىسىنى مونوپول قىلىپ، دۇنيادىكى 1 ـ نومۇرلۇق كۈچلۈك ھەربىي دۆلەت بولۇپ قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەچكە، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي تەسىر كۈچى ئىككى ئوكياندىن ھالقىپ ئاسىيا، ياۋروپاغا كىردى، ئامېرىكا پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسىنى تىزگىنلەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىدىكى بىردىنبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈردى، فاشىزمنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن زور مىللىي قۇربانلارنى بېرىپ، مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتا ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەربىي، سىياسىي تەسىر كۈچى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ شەرقىي ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىغىچە كېڭىيىپ، ئوتتۇرا ياۋروپاغىچە يېتىپ باردى، ھەتتا يىراق شەرقىمۇ ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بىردىنبىر ھەربىي، سىياسىي كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆسۈشى، شۇنداقلا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ياۋروپا، ئاسىيادا بىرمۇنچە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كېلىشى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى كاپىتالىزمنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىللە سوتسىيالىزم لاگېرىنى شەكىللەندۈردى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىتتىپاق گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ تېزلىكتە يىمىرىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ دۇنيانى تالىشىش زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدېئولوگىيە ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىدىكى پەرق تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلار كۈنسايىن كۈچىيىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى، ئالايلۇق، دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە، كورېيە بىلەن چاۋشيەن ۋە نۇرغۇن خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلار دۇنيادىكى ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشنىڭ كونكرېت نامايەندىسىدۇر.

ياۋروپادىكى كونا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زاۋال تېپىشى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە تەرەققىياتىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتكە كۆرسەتكەن يەنە بىر چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك تەسىرىدۇر. ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن غايەت زور مىللىي تۆھپىلەرنى قوشۇپ، قاتتىق چېنىقىشلارنى باشتىن كەچۈردى. ئۇلار فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە

مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مەنىۋى ۋە ماددىي ئاساس ھازىرلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى خۇددى شەرقتە غايەت زور ئەجدىھانىڭ ئويغانغىنىغا ئوخشاش، دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى، كونا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئورتاق كۈرەشلەر مۇستەملىكە بويۇنتۇرۇقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەدرىجىي بىرلىشىپ، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدىن ئىبارەت بىر كۈچنى شەكىللەندۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. 3 ـ دۇنيا ئەللىرى نوپۇس جەھەتتىنلا دۇنيا ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم ئىدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى روبىرو توقۇنۇش ۋە كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوتتۇرا بەلباغدا تۇرۇۋاتقان 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنى تالىشىشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن 3 ـ دۇنيا ئەللىرى سەزگۈر «قىزىق نۇقتا» غا ئايلىنىپ، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى مۇھىملىقى بارغانسېرى ئاشتى، شۇڭا ئۇلار بىرلىشىپ بىردەك ھەرىكەت قىلغان چاغلاردا پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. «جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقى» نىڭ كۈچىيىشى، «جەنۇب ـ شىمال سۆھبىتى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە خەلقئارا سىستېمىدا مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان زىددىيەت ۋە كۈرەش ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىككى قۇتۇپنىڭ

قارشىلىشىشىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرق ـ غەرب تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپانى يۆلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ياردەم بەردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مۇقىم كاپىتالىزىمنىڭ كەڭ كۆلەمدە يېڭىلىنىشى پۈتكۈل سانائەتتە يېڭى ئۇسكۇنە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىياللارنىڭ قوللىنىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. ئېلېكتىرون تېخنىكىسى، بىيو تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تارىختىكى سانائەت ئىنقىلابىدىن تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك، چوڭقۇر بولغان پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى مەيدانغا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئاشتى. ياپونىيە بىلەن غەربىي ياۋروپا ئامېرىكىغا تايىنىپ ۋە ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ ياردەم قالقىنى ئاستىدا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. كونا ياۋروپادىكى زاۋاللىق ۋە بۆلۈنۈش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى. تەرەققىي قىلىپ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلانغان ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى بارغانسېرى غەرب بىلەن شەرقتىكى ئىككى مۇھىم مۇستەقىل كۈچكە ئايلىنىپ، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا پېتىنالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. جۇڭگو كۆلەمى زور تەسىرگە ئىگە چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ، ياپونىيە، غەربىي ياۋروپا، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر قاتاردا دۇنيادىكى بەش چوڭ كۈچ مەركىزى دەپ قارالدى. بۇنداق يېڭى ئەندىزە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىككى قۇتۇپلۇق تۈزۈلمىگە بارغانسېرى كۈچلۈك زەربە بەرگەچكە، دۇنيانىڭ ئىككى قۇتۇپتىن تەدرىجىي كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك بۇ يۈزلىنىش تېخىمۇ روشەن بىلىنىشكە باشلىدى.

## 2 ـ بۆلۈم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا تەشكىلاتنى پىلانلىشى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى يالتا سىستېمىسىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 26 دۆلەت فاشىزمغا ئورتاق قارشى تۇرۇشتىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى» نى ئىمزالاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ نىشانى ئورتاق دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشلا ئەمەس، بەلكى «كەڭ ھەم مەڭگۈلۈك بولغان ئومۇمىيۈزلۈك خەۋپسىزلىك تۈزۈمى» گە ئىگە بىر دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىش، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. روزۋېلت ھۆكۈمىتى يېڭى خەلقئارا تەشكىلات قۇرۇشتا ئەڭ تەشەببۇسكار، ئەڭ ئاكتىپ بولدى. روزۋېلت: «ئامېرىكا ئەمەلىي كۈچ جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا ‹رەھبەرلىك ئورۇن› دا تۇرۇشى كېرەك، بىراق بۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرمەي بولمايدۇ» دەپ قارىدى. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خۇل: «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا تەشكىلاتنى ئورتاق قۇرۇش ئىشىغا رۇسىيەنىمۇ ئارىلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ناۋادا بۇ نۇقتىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنسا، باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئوڭاي» دەپ تەكىتلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاللىبۇرۇنلا ئويلىنىشقا قويغانىدى. 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ پولشا دوستلۇق، ھەمكارلىق خىتابنامىسى» دە: «ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ۋە گىتلېر باشلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى لايىقىدا جازالانغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۇزاق مەزگىللىك ۋە ھەققانىي تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. پەقەت يېڭى بىر خەلقئارا تەشكىلات ئارقىلىق ھەرقايسى دېموكراتىك دۆلەتلەرنى ئۇزاق مەزگىللىك بىر ئىتتىپاققا ئۇيۇشتۇرۇش ئاساسىدىلا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى موسكۋادا يىغىن ئۆتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان «ئومۇميۈزلۈك خەۋپسىزلىك خىتابنامىسى» لايىھەسىگە قوشۇلدى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى خىتابنامىگە رەسمىي ئىمزا قويدى. «خىتابنامە» دەپ «ئومۇميۈزلۈك بىر خەلقئارا تەشكىلات قۇرۇپ... خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش» كېرەكلىكى رەسمىي جاكارلاندى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى دۇمبارتون دۇبزارلىقىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىنى كونكرېت مۇزاكىرە قىلىپ: «ئومۇميۈزلۈك خەلقئارا تەشكىلات قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى» نى ئىمزالاپ، كەلگۈسىدىكى خەلقئارا تەشكىلاتقا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» دەپ نام بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى ۋە پرىنسىپى، ئەزا ئەللەرنىڭ سالاھىيىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشى قاتارلىق ئاساسلىق ئاپپاراتلار ۋە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسى ھەمدە خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى قوغداش، خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىق توغرىسىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو ۋەكىللىرى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرىقى تەۋسىيەلەرنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتى خارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى فورمىسى مەيدانغا كەلدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى يالتا باشلىقلار يىغىنىدا دۇمبارتون دۇبزارلىقىدىكى يىغىندا قېلىپ قالغان ئەزا ئەللەر ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئاۋازغا قويۇش تەرتىپىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى ئىككى مەسىلە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىنىپ، «بەش چوڭ دۆلەت بىردەك قوشۇلۇش» پرىنسىپى بېكىتىلدى. بەش دائىمىي ئەزا دۆلەت «ئىنكار قىلىش ھوقۇقى» دىن بەھرىمەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلۇشتىكى بارلىق ئېغىر توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى. يالتا يىغىنىدا 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، تۈزۈلۈۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خارتىيەسىنى مۇزاكىرە قىلىش قارار قىلىندى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر خەلقئارا تەشكىلاتىنىڭ يىغىنى سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلدى. 50 دۆلەتنىڭ 282 نەپەر ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، جۇڭگونىڭ باش ۋەكىللىرى ستېتتىنىئۇس، مولوتوف، ئېدېن ۋە سۇڭ زىۋېنلاردىن ئىبارەت ئىدى. سان فرانسىسكو يىغىنى ئىككى ئاي داۋاملاشتى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بولغان يىغىندا ئادەتتىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يىغىننىڭ تەشكىلىي خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئىنگلىز، رۇس، فىرانسۇز، خەنزۇ ۋە ئىسپان تىللىرى يىغىننىڭ رەسمىي خىزمەت تىلى قىلىپ بېكىتىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە يىغىن خارتىيە مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق ئوتتۇرا، ئۇششاق دۆلەت چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، يىغىن ئاخىرىدا يەنىلا دۇمبارتون ۋە يالتا يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى قوبۇل قىلىپ،

خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا بەش دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى جەزملەشتۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن تارتىپ يىغىن خارتىيە ماددىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تۈزەتتى ۋە تەكشۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئومۇمىي يىغىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خارتىيەسىنى بىردەك ماقۇللىدى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋەكىللەر سان فرانسىسكودىكى قىسمەن چېكىنگەن ھەربىيلەر خاتىرە سارىيىدا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ۋەكىلى بىرىنچى بولۇپ ئىمزا قويدى، ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋەكىللىرى ئىمزا قويدى، ئاندىن ھەرقايسى ئەل ۋەكىللىرى دۆلەتلەرنىڭ ئىنگلىزچە نامىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئىمزا قويدى. ئامېرىكا ساھىبخانا بولۇش سۈپىتىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئىمزا قويدى. ئىمزا قويۇشقا 50 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى، كېيىن پولشا ۋەكىلىمۇ خارتىيەگە ئىمزا قويدى. بۇ 51 دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرغۇچى ئەزا دۆلەت بولۇپ قالدى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «خارتىيە كۈنى» قىلىپ بېكىتىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت بەش چوڭ دۆلەت ۋە باشقا كۆپ سانلىق ئىمزا قويغۇچى دۆلەتلەر تەستىقنامە سۇنغاندىن كېيىن، خارتىيە كۈچكە ئىگە بولۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ كۈن كېيىن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۈنى» قىلىپ بېكىتىلدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى لوندوندا ئېچىلدى.

**بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ تەسىرگە ئىگە دۇنياۋى خەلقئارا تەشكىلات. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خارتىيەسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن،

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى: «خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش»؛ « خەلقنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپى ئاساس قىلىنغان خەلقئارا دوستانە مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»؛ «خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلار پاراۋانلىقى خاراكتېرىگە ياتىدىغان خەلقئارا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش»؛ «يۇقىرىقى ئورتاق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرىدىغان بىر مەركەز شەكىللەندۈرۈش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. يۇقىرىقى مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەر مۇنداق ئاساسىي پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك، يەنى: «ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى باراۋەر بولۇش»؛ «ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر خەلقئارا مۇناسىۋەتتە تەھدىت سالماسلىق ياكى قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك، ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان باشقا ھەرقانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەرقانداق ئەزا دۆلەتلەر ياكى دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ياكى سىياسىي مۇستەقىللىقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك»؛ «ماھىيەت جەھەتتىن ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ياتىدىغان ۋەقەلەرگە ئارىلاشماسلىق»؛ «خەلقئارا تالاش - تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش» قاتارلىقلار. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى ۋە پىرىنسىپى دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، بىراق ھەمىشە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بوزمىلىشىغا ۋە دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچراپ تۇردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا خارتىيەسىگە ئەمەل قىلمايدىغان ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كۆرەشلەر ئىزچىل مەۋجۇت.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەر خارتىيەنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك، خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلۇپ، قوشۇلغان ئاۋاز 2/3 قىسىمدىن ئاشسا ئەزا دۆلەت بولالايدۇ. 1995 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغىنىغا 50 يىل بولغان پەيتتە، ئەزا دۆلەت جەمئىي 185 كە يېتىپ، بۇ تەشكىلاتقا كىرگەن تەرەققىي قىلمىۋاتقان دۆلەت 100 دىن ئېشىپ كەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ئاپپاراتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي كېڭەش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كېڭىشى، خەلقئارا سوت مەھكىمىسى ۋە كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت ئالتە ئاپپارات. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابى نيۇيوركتا بولۇپ، جەنۋەدە ياۋروپا ئىش باشقارمىسى بار.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى بارلىق ئەزا دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەر يىلى قەرەللىك يوسۇندا بىر نۆۋەتلىك دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى ياكى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئىلتىماس قىلسا، يەنە 15 كۈن ئىچىدە پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىشقا ياكى 24 سائەت ئىچىدە جىددىي پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىشقا بولىدۇ. يىغىن خارتىيە دائىرىسىدىكى ھەرقانداق مەسىلە ياكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشقا ھەمدە ئەزا دۆلەتلەر ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە تەكلىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق. خارتىيەدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەربىر ئەزا دۆلەت بىرلا ئاۋاز بېرەلەيدۇ. مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىشتا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 2/3 قىسىمىدىن كۆپرەكى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسە ماقۇللانغان ھېسابلىنىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى دائىمىي يىغىنىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا رەئىس ياكى مۇئاۋىن رەئىس رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. يىغىنغا بىر رەئىس، 21 مۇئاۋىن رەئىس قويۇلىدۇ.

رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر رايون بويىچە تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك دائىمىي يىغىندا يەتتە ئاساسلىق كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ، بۇ كومىتېتلار يىغىن ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن ئالاقىدار قارالمىلارنى مۇزاكىرە قىلىپ تەكلىپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ، تەكلىپلەر ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇرۇلۇپ ماقۇللانغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئايلىنىدۇ. ئەزا ئەللەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابىغا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئەۋەتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك دائىملىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلىدۇ.

خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيە، جۇڭگودىن ئىبارەت بەش دائىمىي ئەزا دۆلەت ۋە ئالتە غەيرىي دائىمىي ئەزا دۆلەت (1965 ـ يىلى 10 غا كۆپەيتىلگەن) تىن تەشكىل تاپىدۇ. غەيرىي دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئۇدا سايلىنىش، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشكە يول قويۇلمايدۇ.

خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدىغان ئاساسلىق ئاپپاراتى. ئۇ ھەرقانداق خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلارنى تەكشۈرۈش ۋە مۇرەسسە قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ تەھدىت سېلىش، تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ھەمدە ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك ياكى ھەربىي جەھەتتىن جازالاش ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق؛ ھەربىي ھازىرلىقلارنى تىزگىنلەش تۈزۈمىنى تۈزۈش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىغا يېڭى ئەزالار ياكى باش كاتىپ قاتارلىقلارنى تەۋسىيە قىلىشقا ھوقۇقلۇق،

ۋەھاكازا. خەۋپسىزلىك كېڭىشى ھەر يىلى ئىككى قېتىم قەرەللىك يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. بىراق، ناۋادا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ رەئىسى زۆرۈر دەپ قارىسا ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى، باش كاتىپ ياكى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا ھەرقانداق دۆلەت تەلەپ قىلسا، ھەر ۋاقىت يىغىن ئېچىشقا بولىدۇ. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىنى كېڭەشكە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىنگلىزچە نامىنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە نۆۋەت كەلگەن دۆلەت ئايمۇئاي ئالمىشىپ ئۆتەيدۇ. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تەرتىپ مەسىلىلىرىدىن باشقا بارلىق قارارلىرىغا بەش دائىمىي ئەزا دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز كېڭەش ئەزاسى دۆلەت قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەندىلا، ئاندىن قارار ماقۇللىنىدۇ، يەنى بەش دائىمىي ئەزا دۆلەت ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇڭا، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ھەرىكىتى «بەش چوڭ دۆلەت بىردەكلىكى» نى ئاساس قىلىدۇ. بىراق، ناۋادا غەيرىي دائىمىي ئەزا يەتتە دۆلەت قارشى چىقىپ، توققۇزدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشەلمىسە، بۇ تۈردىكى لايىھەلەرمۇ ماقۇللانمايدۇ. بۇ غەيرىي دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ «كوللېكتىپ ئىنكار قىلىش ھوقۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي كېڭەش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان كېڭەش ئەزاسى دۆلەتلىرىدىن تەشكىللىنىدۇ. 1973 ـ يىلىدىن باشلاپ جەمئىي 54 دۆلەت كېڭەش ئەزاسى بولدى. كېڭەشكە ئەزا دۆلەتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل، ھەر يىلى 1/3 ى باشقىدىن سايلىنىدۇ، ئۇدا سايلىنىپ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشكە بولىدۇ.

ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭەش ھەر يىلى ئىككى قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ خەلقئارا ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئىنسانىي ھوقۇق، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى، ئەزا

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەر ۋە مەخسۇس ئاپپاراتقا تەكلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ قارارلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىغا سۇنۇلۇپ ماقۇللاتغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭەش قارىمىقىدا ئاسىيا ۋە يىراق شەرق، غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى، ياۋرۇپادىن ئىبارەت بەش «رايون ئىقتىسادىي كومىتېتى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جەمئىيەت، نوپۇس، ئىستاتىستىكا، ئىنسانىي ھوقۇق، ئاياللارنىڭ ئورنى قاتارلىق مەخسۇس كومىتېتلىرى بار. بۇلاردىن سىرت يەنە بەزى مەخسۇس ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭەش بىلەن ئوخشىمىغان خىزمەت ئالاقىلىرىدە بولىدۇ، مەسىلەن، خەلقئارا تەرەققىيات بانكىسى، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى، مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى قاتارلىقلار.

ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كېڭىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدىغان ئاپپاراتى بولۇپ، ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان رايونلارنى باشقۇرۇۋاتقان ئەزا ئەللەر ۋە ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان رايونلارنى باشقۇرمىغان خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا ئەللەردىن تەشكىل تاپىدۇ. يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئاچىدۇ. خارتىيەدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە خەلقئارا ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللىنىشقا باب كېلىدىغان رايونلار كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلار ئاخىرلىشىپ تېخى مۇستەقىل بولمىغاچقا، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان رايونلار ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۈشمەن دۆلەتلەردىن ئايرىۋېلىنغان رايونلاردۇر. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ رايونلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىرلا ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان رايون — ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تىنچ ئوكياندىكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان ئاراللار، يەنى مىكرونېزىيەلا قالدى. 1994 - يىلى مىكرونېزىيەدىكى پالائو

www.uyghurkitap.com

تاقىم ئاراللىرى مۇستەقىل بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاخىرلاشتى.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەدلىيە ئورگىنى بولۇپ، گوللاندىيەنىڭ گائاگادا تەسىس قىلىنغان. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشى سايلاپ چىققان ئوخشىمىغان دۆلەتتىن كەلگەن 15 سودىيەدىن تەشكىل تاپىدۇ، سودىيەلەر ھېچقانداق دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ كۆرسەتمىسىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توققۇز يىل بولۇپ، ھەر ئۈچ يىلدا بەش سودىيە باشقىدىن سايلىنىدۇ، ئۇدا سايلانسا ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەۋېرىدۇ. ئادەت بويىچە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، جۇڭگودىن خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەلىكىگە نامزات سايلىنىدۇ. خەلقئارا سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان دېلولارغا ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن ئالاقىدار دۆلەتلەر ئەمەل قىلىشى كېرەك.

كاتىبات باشقارمىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەمۇرىي كاتىبات ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ھەرقايسى ئاپپاراتلار تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدۇ. كاتىبات باشقارمىسىدا بىر باش كاتىپ بولۇپ، ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ھېسابلىنىدۇ. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. باش كاتىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭەش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كېڭىشىنىڭ بارلىق يىغىنلىرىدا خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق دوكلاتى ۋە زۆرۈر قوشۇمچە دوكلاتلىرىنى سۇنىدۇ، خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىككە تەھدىت پەيدا

قىلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان ئىشلار ئۇستىدە خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دىققەت قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە هوقۇقلۇق. مۇئاۋىن باش كاتىپ، ياردەمچى باش كاتىپ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر باش كاتىپقا تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن باش كاتىپ ئىشقا قويىدۇ. خارتىيەدە باش كاتىپ ۋە كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، ھەرقانداق ئەزا دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

**دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى مىسلىسىز كۈچىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالتۇن زاپىسى كاپىتالىزم دۇنياسى ئالتۇن زاپىسىنىڭ %74.5 (1948 ـ يىلى)، ئېكسپورت سودىسى %32.4 (1947 ـ يىلى) نى ئىگىلىدى، ئۇ يەنە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كاپىتال چىقارغۇچى دۆلەت ۋە ھەقدار دۆلەت ئىدى. ئامېرىكا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورنىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپنى پائال روياپقا چىقاردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىلا ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى ۋايت «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشقى پېرېۋوتنى مۇقىملاشتۇرۇش فوندى» تەسىس قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ فوندنى تەسىس قىلىشقا مەبلەغ تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى ۋە ئاۋاز بېرىش هوقۇقىنىڭ تاپشۇرغان سوممىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. فوند تەشكىلاتى «ئۇنىت» تارقىتىپ ئۇنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پۇلى بىلەن «ئۇنىت» ئارىسىدا مۇقىم سېلىشتۇرما باھا ساقلاندى. فوند تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پېرېۋوت نىسبىتىنى

مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭسىزلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەزا ئەللەرنى قىسقا مۇددەتلىك كىرىدىت بىلەن تەمىنلەش ئىدى. ۋايت يەنە «خەلقئارا گۈللەندۈرۈش، تەرەققىيات بانكىسى» قۇرۇپ ئەزا ئەللەرنى ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋايتنىڭ لايىھەسى، شۈبھىسىزكى ئامېرىكىنىڭ فوندنى باشقۇرۇپ، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىنى تىزگىنلىشىگە پايدىلىق ئىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيەنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى، بىراق فوند ستېرلىڭ رايونى يەنىلا ساقلىنىپ كەلدى. كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى 40% سودا ئىشلىرىدا يەنىلا فوند ستېرلىڭ بويىچە ھېسابات قىلىنىدىغانلىقتىن فوند ستېرلىڭ كاپىتالىزم دۇنياسىدا يەنىلا بىر خىل خەلقئارا زاپاس پۇل ھېسابلىناتتى. ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ لايىھەسىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئىقتىسادشۇناس كېينىس ئۆز لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «خەلقئارا ھېسابات ئىتتىپاقى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىتتىپاق ئونكول (ھېسابات قالدۇق سوممىسىدىن ئاشۇرۇپ چەك كېسىپ بېرىش) شەكلىدە كىرېدىت بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇ ئايرىۋاشلانمايدىغان ھېسابلاش بىرلىكى «بانكور» نى تارقىتىپ، ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ئىشلىرىنى شۇ ئارقىلىق ھېسابات قىلاتتى. ھەرقايسى ئەللەر ھېسابات ئىتتىپاقىدا زىممىسىگە ئالىدىغان سومما 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ يىللىق ئوتتۇرىچە سودا سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، نەق پۇل تاپشۇرۇش كەتمەيتتى. بۇ لايىھەدە ئەنگلىيەنىڭ نەق پۇل قىس بولۇشتەك ئاجىزلىقى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيە بۇ ئىتتىپاقتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىدىن خەلقئارا پۇل

مۇئامىلە ساھەسىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بۇ ئىككى لايىھە توغرىسىدا ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلدى. ئاخىر ئەنگلىيە يول قويۇپ ئامېرىكىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن قوشۇلدى.

1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق 44 دۆلەت ۋەكىلى ئامېرىكىنىڭ يېڭى خامپشىر ئىشتاتىدىكى برېتتون ئورمانلىقىدا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ ئاخىرقى كېلىشىم «خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى كېلىشىمى» ۋە «خەلقئارا گۈللەندۈرۈش، تەرەققىيات بانكىسى كېلىشىمى» نى ماقۇللىدى. 1945 - يىلى 2 - ئايدا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا گۈللەندۈرۈش، تەرەققىيات بانكىسى (دۇنيا بانكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى.

برېتتون ئورمانلىقى كېلىشىمىدە ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ئالتۇننى بىۋاستە باغلاش بەلگىلەندى. ھەرقايسى ئەللەر ئامېرىكا 1934 - يىلى بەلگىلىگەن ھەر ئۇنسىيە ئالتۇن 35 ئامېرىكا دوللىرى بولۇشتەك ھۆكۈمەت باھاسىنى جەزملەشتۈردى ھەمدە ئۇنى خەلقئارا پۇل سىستېمىسىنىڭ ئاساسى قىلدى. ئامېرىكا مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەرقايسى ئەل مەركىزىي بانكىلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە ئامېرىكىدىن ئالتۇن ئايرىۋاشلىۋېلىشىغا كېپىللىك قىلىدىغان بولدى. كېلىشىمدە يەنە ھەرقايسى ئەل پۇللىرىنى دوللارغا باغلاپ مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتى تۇرغۇزۇش بەلگىلەندى. پېرېۋوت برېتتون ئورمانلىقى كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن بۇ ئىككى ئىش بىلەن ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىزم دۇنياسى پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى زومىگەرلىك ئورنى تىكلەندى، ئامېرىكا دوللىرى ئالتۇنغا باراۋەر بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئامېرىكا دوللىرىنى ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ۋە ئاساسلىق خەلقئارا چىقىم ۋاستىسى قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا دوللارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپلا قالماي، بەلكى ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىش ئارقىلىق كىرىدىتنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىشىدىن پايدىلىنىپ دۇنيانىڭ پۇل مۇئامىلە پائالىيىتىنى باشقۇرىدىغان بولدى.

1947 - يىلى 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۋەدە تاموژنا بېجى ۋە سودا يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، تاموژنا بېجى ۋە سودا باش بىتىمىنى ئىمزالىدى. 1948 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلۇپ، كۆپ تەرەپلىك سودا سۆھبىتىنى تەشكىللەش ۋە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا تالاش - تارتىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى. تاموژنا بېجى ۋە سودا باش بىتىمى، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى بولسا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردۇر. بۇ ئۈچ چوڭ دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلاشتى. ئۇ پېرېۋوت نىسبىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پۇل قىممىتىنى نىسپىي تۇراقلاشتۇرۇش، خەلقئارا سودىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم جەھەتتىن ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئامېرىكا بۇ ئۈچ تەشكىلات ئارقىلىق كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ پۇل مۇئامىلە، مەبلەغ سېلىش ۋە سودا ئىشلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە باشقۇرۇپ چەت ئەللەرگە ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى برېتتون ۋۇدس يىغىنىغا قاتناشقان بولسىمۇ، بىراق كېيىن يىغىننىڭ كېلىشىمىنى تەستىقلىمىدى. تاموژنا بېجى ۋە سودا باش بىتىمى، دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنىمۇ رەت قىلدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت

ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. غەرب كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنى قۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېكسپورتنى باشقۇرۇش ۋە بىر تۇتاش پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىشنى تىزگىنلىدى. ئېكسپورتنى باشقۇرۇش ۋە بىر تۇتاش پىلانلاش كومىتېتىنىڭ باش ئىشتابى پارىژدا بولغاچقا، ئادەتتە پارىژ بىر تۇتاش پىلانلاش كومىتېتى دەپ ئاتالدى. ئۇ ھەربىي قورال ـ ياراغ، ئۆتكۈر تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار ۋە كەم تېپىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى تىزگىنلىنىدىغان ماددىي ئەشيا قىلىپ بېكىتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1000 خىلدىن ئارتۇق ئىمبارگو يۈرگۈزۈلىدىغان بۇيۇمنى بەلگىلىدى. 1951 ـ يىلى ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك مۇئامىلىسىنى بىكار قىلدى ھەمدە ئىمبارگو يۈرگۈزۈلگەن بۇيۇملارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەمىن ئەتكەن دۆلەتلەرگە بېرىلىدىغان بارلىق ياردەمنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىمىدى. دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىمۇ ئەزا بولىغان دۆلەتلەرگە پۇل قەرز بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۇل قەرز بېرىشنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن تاۋارلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە كىرىشىگە يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئىقتىسادى سۇنئىي يوسۇندا بۆلۈنۈپ، پاراللېل ئىككى بازار كېلىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

ئىتالىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە، فىنلاندىيەدىن ئىبارەت بەش دۆلەتكە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ ياۋروپادىكى بېقىندى دۆلەتلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر تەسلىم بولۇپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىملىرىدە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ دەسلەپكى خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى تېھران، يالتا، پوتسدام يىغىنلىرى ۋە موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈش مەسىلىسىدە بەزى كېلىشىملەر ھاسىل قىلىنغانىدى. پوتسدام يىغىنىدا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، جۇڭگودىن ئىبارەت بەش دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى تەسىس قىلىپ، ئىتالىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، فىنلاندىيەلەرگە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسىنى تۈزۈش تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىش قارارى چىقىرىلدى.

بىراق، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياۋروپانى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۆز ئالدىغا چوت سوقۇۋاتقاچقا، بەش دۆلەت سۈلھى شەرتنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىش داۋامىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلدى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا پۇت تىرەپ تۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈش

ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەرقىي ياۋروپانى تالاشماقچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى سۇلھى شەرتنامە تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئورنىنى ئىمكانىقەدەر مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلدى. ئىتالىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئەنگلىيە ئىتالىيەنىڭ بۇ مۇستەملىكىلەردىن ۋاز كېچىشىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ يەرلەرنى ئەنگلىيەنىڭ ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى؛ ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئون يىل ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قارشى چىقتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ترىپولىتانىيەنى ئۆزىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىتالىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ چېگرا مەسىلىسىدە ئامېرىكا ترىئېستنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئىتالىيەگە تەئەللۇق بولۇشىنى، مەمۇرىي جەھەتتە «خەلقئارا ئورتاق باشقۇرۇش» نى تەشەببۇس قىلدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ يۇگوسلاۋىيەگە تەۋە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە ترىئېست ئەركىن رايون قىلىپ ئايرىلدى. 1954 ـ يىلى غەرب ئەللىرى بۇ ئەركىن رايوننىڭ شەھەر بۆلىكىنىڭ ئىتالىيەگە قوشۇلۇشى، شەھەر سىرتىدىكى قىسمىنىڭ يۇگوسلاۋىيەگە تەۋە بولۇشى توغرىسىدا ئۆز ئالدىغا قارار چىقاردى. رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيەگە قارىتىلغان سۇلھى شەرتنامىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە يالتا يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۇ دۆلەتلەردە «ئەركىن سايلام» نى يولغا قويۇش ۋە ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن سۇلھى شەرتنامە تۈزۈش تەلىپىدە چىڭ تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئامېرىكا سۇلھى شەرتنامىسى تۈزۈش تەرتىپىگە

بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا گرېتسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى دەپ ئەيىبلىدى. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لوندون دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا سۈلھى شەرتنامە توغرىسىدىكى مۇزاكىرە رەسمىي باشلاندى. ئۇزاق تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۈچ قېتىملىق دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاران دېگەندە مۇئەييەن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە 21 دۆلەت قاتناشقان پارىژ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئېچىلىپ بەش دۆلەتكە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ رەسمىي نۇسخىسى ماقۇللاندى. 1941 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالاقىدار دۆلەتلەر بەش سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويدى. سۈلھى شەرتنامىسىدە، ئاساسلىقى بەش دۆلەتنىڭ زېمىن چېگراسىدىكى ئۆزگىرىش، سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، ھەربىي ھازىرلىقلارنى چەكلەش ۋە ئىقتىسادىي تۆلەم قاتارلىق مەسىلىلەر بېكىتىلدى.

بەش دۆلەت سۈلھى شەرتنامىسى ئۇرۇش ئاخىرلاشقان چاغدىكى ياۋروپانىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ قانۇنىي ئىنكاسى، شۇنداقلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇرەسسەچىلىكىنىڭ نەتىجىسى. سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ياۋروپانىڭ تىنچلىقى ۋە دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىككى گېرمانىيەنىڭ شەكىللىنىشى** گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت گېرمانىيەنى رايونلارغا ئايرىپ ئىشغال قىلدى. يەنى شەرقىي رايوننى سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي شىمال رايوننى ئەنگلىيە، غەربىي جەنۇب رايوننى ئامېرىكا، غەربىي رايوننى فىرانسىيە ئىشغال قىلدى. بۈيۈك بېرلىنمۇ تۆت دۆلەت تەرىپىدىن رايونغا ئايرىپ ئىشغال قىلىنىدى، ھەم تۆت

دۆلەتنىڭ باش قوماندانلىرىدىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر باشقۇرۇش كومىتېتى تەشكىللەندى. پوتسدام كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، گېرمانىيەنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پىرىنسىپى: سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت باش قوماندانلىرى گېرمانىيە چېگراسىدىكى ئۆزلىرى ئىشغال قىلىپ تۇرغان رايوندا ئالىي هوقۇقنى يۈرگۈزۈش ھەمدە پۈتكۈل گېرمانىيەدە يۈز بەرگەن ئادەتتىكى ئىشلارنى ئورتاق بىر ياقلىق قىلىش؛ گېرمانىيەنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىنى دېموكراتىك ئاساستا ئۆزگەرتىش؛ گېرمانىيەدە مىلىتارىزم ۋە فاشىزمنى مەڭگۈلۈككە يوقىتىش؛ ناتسىستلار پارتىيەسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق ئاپپاراتلارنى يوقىتىش؛ گېرمانىيەدىكى مونوپول تەشكىلاتلارنى يوقىتىش؛ پوتسدام كېلىشىمىدىكى پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت بولدى. بىراق، تۆت چوڭ دۆلەت ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان رايونلاردا ھەربىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئۆز دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى بويىچىلا ئىش كۆرۈپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدىلا جاۋابكار بولدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆپ، كۈرەش كەسكىن بولدى. ھەممىسىلا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيەنى ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپا ئىستراتېگىيەسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ بىر ياقلىق قىلىشنى كۆزلىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر باشقۇرۇش كومىتېتى تۆت دۆلەت تامامەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغاندىلا، قارار چىقىرالايدىغانلىقتىن، مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىش تەسكە چۈشۈپ، بۇ ئاپپارات قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەرقايسى ئىشغالىيەت رايونلىرىدا مۇستەقىل سىياسىي ئەمەلىي گەۋدىلەر شەكىللەنگەنلىكتىن پوتسدام كېلىشىمى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىغان، ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى.

ئامېرىكا گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئاۋۋال

ئىقتىسادنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى. 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا ئىشغالىيەت رايونلىرىنى قوشۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئەنگلىيە قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى قوشۇۋېتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى. 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قوش ئىشغالىيەت رايونى قۇرۇلدى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە قوش ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا ئايرىم - ئايرىم سىياسىي ئاپپارات قۇرۇلدى. گېرمانىيە زېمىنىدا ئىجتىمائىي تۈزۈمى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى سىياسىي ئەمەلىي گەۋدە شەكىللىنىپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلار بىكارغا كەتتى. ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەر ئالدى بىلەن ئۆز مەيلىچە ئىش كۆردى. 1948 - يىلى 2 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، لىيۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت لوندوندا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، قوش ئىشغالىيەت رايونى بىلەن فىرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، تاشقى سودىنى ئورتاق باشقۇرۇشنى قارار قىلدى؛ غەربىي ئىشغالىيەت رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش يىغىنىنى ئېچىپ، ئاساسىي قانۇن چىقاردى؛ غەربىي ئىشغالىيەت رايونىدا پۇل ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ «مارشال پىلانى» غا قاتناشتۇردى؛ رۇرنى خەلقئارادىن ئورتاق باشقۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى تەدبىر قوللاندى. 1947 - يىلى 12 - ئايدا بېرلىندا تۇنجى نۆۋەتلىك گېرمانىيە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ۋىلھېلىم پىئېك (1876 — 1960 - يىللار) رەئىسلىكىدىكى دائىمىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. 1948 - يىلى 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايون ئىقتىسادىي كومىتېتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، بىرەسمىي ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىگە ئىگە

قىلىندى. 3 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ لوندوندا بىر تەرەپلىمە يىغىن ئاچقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر باشقۇرۇش كومىتېتىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. 1948 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر غەربىي ئىشغالىيەت رايونىدا ئۆز ئالدىغا پۇل ئىسلاھاتى يولغا قويغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايوندىمۇ پۇل ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بېرلىننى قامال قىلىپ، غەربىي ئىشغالىيەت رايونى بىلەن بېرلىن ئوتتۇرىسىدىكى سۇ، قۇرۇقلۇق قاتنىشى ۋە مال تىرانسپورتىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدى، نەتىجىدە «بېرلىن كىرىزىسى» پارتلىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن نۇرغۇن ئايروپىلان ئاجرىتىپ، غەربىي بېرلىنغا ئاشلىق، كۆمۈر ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن 140 تونىدىن ئارتۇق بۇيۇمنى ھاۋادىن توشۇدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ھاۋادىن توشۇش پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلمىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا قارىتا قامالغا قارشى ھەرىكەت قوللاندى. 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا بېرلىن شەھەر مەمۇرىيىتى ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 12 ـ ئايدا غەربىي ئىشغالىيەت رايونىدىمۇ ئوخشاش ھەرىكەت قوللىنىلدى. بۇيۈك بېرلىن شەھىرى ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا شەھەر مەمۇرىيىتى سىستېمىسى ۋە پۇل تۈزۈمى بولغان ئىككى شەھەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. 11 ئايغا سوزۇلغان كۈرەش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، بارلىق قاماللارنى بىكار قىلدى، تۆت دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، بېرلىن ۋەزىيىتىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر مۇزاكىرە

قىلىندى. «بېرلىن كرىزىسى» دىكى جىددىيلىك تەدرىجىي پەسىيىشكە يۈزلەندى.

ئامېرىكا «بېرلىن كرىزىسى» كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، گېرمانىيەنى بۆلۈۋېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىمۇ رەسمىي قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ گېرمانىيە زېمىنىدا ئىككى گېرمان دۆلىتى مەيدانغا كەلدى.

**ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىشى ۋە سان فرانسىسكودا ياپونىيەگە قارىتىلغان بىر تەرەپلىمە سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى** ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئامېرىكا ئارمىيەسى «ئىتتىپاقداش ئارمىيە» نامىدىن يۈتكۈل ياپونىيەنى ئىشغال قىلدى، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى ماك ئارتۇر ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولدى. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكا «ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىش، باشقۇرۇش ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشى توغرىسىدىكى ئاساسىي يولىيورۇق» نى ئېلان قىلىپ، ياپونىيەنى ئىشغال قىلىشتىكى نىشان «ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىغا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىكى» گە كاپالەتلىك قىلىپ، «ئامېرىكىنىڭ مەقسەتلىرىنى قوللايدىغان مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەت» قۇرۇش دەپ جاكارلىدى ھەمدە «تېننو ۋە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقلىرى ئالىي باش قوماندانغا ئىتائەت قىلغان ھالدا يۈرگۈزۈلىدۇ»، «ناۋادا ئاساسلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلسە، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك» دەپ ئۇقتۇردى. بۇ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىپ، ياپونىيەنى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىغا

زومگەرلىك قىلىشتىكى قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىۋېلىش سىياسىتىگە قاتتىق قارشى چىقتى. 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگودىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ۋەكىللىرىدىن ياپونىيەنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەشكىللەش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 12 ـ ئايدا موسكۋا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ھىندىستان، فىلىپپىندىن ئىبارەت 11 دۆلەتتىن تەشكىل قىلىنغان «يىراق شەرق كومىتېتى» تەسىس قىلىنىدىغان بولدى. كومىتېت نامدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەگە قارىتا سىياسەت چىقىرىدىغان ئالىي تەدبىر بەلگىلەش ئورگىنى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قارارى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ئىشغالىيەتچى ئارمىيە باش ئىشتابىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا يەتكۈزۈلەتتى. بۇلاردىن سىرت، توكيودا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ھىندىستانلاردىن تەشكىل قىلىنغان «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياپونىيەنى باشقۇرۇش كومىتېتى» تەسىس قىلىنىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئالىي باش قوماندانى كومىتېتقا رەئىس بولدى. بۇ پەقەت مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتىلا ئىدى. بۇ ئىككى ئاپپاراتنىڭ قۇرۇلۇشى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ياپونىيەنى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىش خاراكتېرى ۋە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى باشقۇرۇشتەك ئورنىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى جۇڭگودىن

ياپونىيەگە يۆتكەلدى. ئامېرىكا ياپونىيەنى تېرلىكتە يۆلەپ، ياپونىيەگە قارىتا ئۆز ئالدىغا سۈلھىلىشىشنى پائال پىلانلىدى. 1951 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 8 - كۈنىگىچە سان فرانسىسكودا 52 دۆلەت قاتناشقان ياپونىيەگە قارىتىلغان سۈلھى يىغىنىنى ئېچىلدى. جۇڭگو، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى يىغىنغا تەكلىپ قىلىنمىدى. ھىندىستان بىلەن بىرما يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. يىغىندا ئىمزالانغان ياپونىيەگە قارىتىلغان بىر تەرەپلىمە سۈلھى شەرتنامىسىدە ياپونىيەنىڭ چاۋشيەن مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى، نەنۇيى ئارىلى، شىشا تاقىم ئاراللىرى، كۇرىل تاقىم ئاراللىرى، جەنۇبىي ساخالىن ئارىلى قاتارلىق ئاراللارغا بولغان ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بەلگىلەندى، بىراق بۇ ئاراللارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىدى. سۈلھى شەرتنامىسىدە يەنە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ياپونىيەدە قوشۇن تۇرغۇزسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى؛ ياپونىيە رۇكيۇ تاقىم ئاراللىرى، بونىن تاقىم ئاراللىرى قاتارلىقلارنى ئامېرىكىنىڭ «ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى»غا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇنىڭدا ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەلىپى تامامەن ئەكس ئەتكۈزۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىغىندا ئۆز لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئامېرىكا مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى.

ياپونىيەگە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالانغان ئاشۇ كۈنى ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە يەنە ياپونىيە، ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئامېرىكا ياپونىيە تېررىتورىيەسىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چەكلىمىسىز ھالدا قوشۇن تۇرغۇزۇش ۋە ھەربىي بازىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا

ئېرىشىپ، ياپونىيەدىكى «ئىچكى مالىمانچىلىق» لارنى ئامېرىكا ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى ئاجرىتىپ «بېسىقتۇرسا بولىدىغان» بولدى. ئامېرىكا يەنە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنى تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئاتالمىش «سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا بۇيرۇغاچقا، ياپونىيە بىلەن جىياڭ جېيشى ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى جاكارلاپ «دىپلوماتىك مۇناسىۋەت» ئورناتتى. سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسى ۋە ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ھەربىي ئىتتىپاقنى ئاساس قىلغان ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، ياپونىيە تامامەن ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىستراتېگىيەسى ئىزىغا چۈشتى.

## 4 ـ بۆلۈم ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئارقىلىق تىركىشىشى ۋە ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى

**ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھەمكارلىقتىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا يۈزلىنىشى** گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا ئورتاق قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى بۈرچى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي ئاساسى مەۋجۇت بولماي قالدى. ئەمما، رۇزۋېلت بىلەن ستالىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تىنچلىق يولىدىكى ھەمكارلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى يەنىلا مەۋجۇت دەپ قارايتتى. ۋاھالەنكى، ئۇرۇشنىڭ

ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ئىختىلاپى كۆنسايىن كۆچىيىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تىنچلىق يولىدىكى ھەمكارلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ تىكلىنەلمەي، ئىتتىپاق ئاخىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇزۇلۇپ كەتتى.

شەرقىي ياۋروپا مەسىلىسى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى قىزىق نۇقتا ئىدى، بولۇپمۇ ئىككى تەرەپنىڭ پولشا، گېرمانىيە مەسىلىسىدىكى توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىتتىپاق بۇزۇلدى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى رۇزۋېلت مېڭىسىگە قان چۈشۈپ توساتتىن ۋاپات بولۇپ، ترۇمېن پرېزىدېنتلىق ئورنىغا چىقتى، كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋە 23 ـ كۈنى ئۇدا يىغىن ئېچىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا «قاتتىق» سىياسەت قوللىنىش قارار قىلىندى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ترۇمېن سان فرانسىسكوغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خارتىيە چىقىرىش يىغىنىغا قاتناشقىلى كەلگەن مولوتوفنى قوبۇل قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يالتا كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەيىبلەپ، پولشا ھۆكۈمىتىنى قايتىدىن تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇنداق قىلمىسا ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىش ئىرادىسىنى قاتتىق تەۋرىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تەھدىت سالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپا مەسىلىسىدە يول قويۇشنى رەت قىلغاچقا، ئامېرىكا «ئازاد ياۋروپا خىتابنامىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە «ئەركىن سايلام» نى يولغا قويۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دۆلەت كاتىپى بېرنىس بايانات ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇلغارىيەدە سايلامنى تىزگىنلىۋالغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى ھەمدە ناۋادا «بارلىق مۇھىم دېموكراتىيەچىلەر» ھۆكۈمەتكە

قاتناشتۇرۇلمىسا، ئامېرىكا بۇلغارىيە ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى شەرتنامىسىمۇ تۈزمەيدۇ، دەپ ئاشكارا پوپوزا قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئەينى چاغدا ھەممىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ترۇمېن «ئامېرىكا دۇنيادا رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرىدۇ» دەپ قايتا ـ قايتا جاكارلىدى. بىراق، ئۇرۇش سىناقلىرىدا قۇدرەت تاپقان سوۋېت ئىتتىپاقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا ئىشلارغا ئائىت مۇھىم مەسىلىلەردە ئامېرىكىغا قەتئىي يول قويمىدى. ستالىن 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش «ھازىرقى زامان مونوپول كاپىتالىزمى ئاساسىدىكى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى»، كاپىتالىزم مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. غەرب بۇ نۇتۇققا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇ «3 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خىتابنامىسى» دېدى. ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك قىلىشىدىكى بىردىنبىر توسالغۇ، شۇڭا قارشى كۈچ تەشكىللەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى «ئىسكەنجىگە ئېلىش» كېرەك، دەپ قارىدى. ترۇمېن ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاتتىق قول سىياسەت قوللىنىشنى غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا، 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ۋەكىلى جورجى كېننان گوۋۇيۇەنگە بىر پارچە تېلېگراما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيەسى ۋە سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېننان: سوۋېت ئىتتىپاقىدا تاشقى كاپىتالىزم دۇنياسىغا نىسبەتەن بىرخىل ئەنئەنىۋى ۋە تەبىئىي خەۋپسىرەش تۇيغۇسى بار، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم زادىلا چىقىشالمايدۇ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا «ھەمكارلىق» مۇناسىۋىتى ئورنىتىش مۇمكىن ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنى سىياسىي جەھەتتە «ھەمراھ» ئەمەس، بەلكى «دۈشمەن» دەپ

www.uyghurkitap.com

بىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. كېننان: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي نىشانى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى پارچىلاش ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ھەمدە پۇرسىتى كەلگەن ۋە ياخشى نەتىجە چىقىدىغان بارلىق جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، دەپ كۆرسەتتى. كېننان قارشى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدراكىي مەنتىقىگە پەرۋا قىلمايدۇ، بىراق قورال كۈچى مەنتىقىسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر». شۇڭا، ئامېرىكا ناۋادا يېتەرلىك قورال كۈچىگە ئىگە بولالىسا ھەم ئۇنى ئىشقا سېلىشقا تەييار تۇرالىسا، قورال كۈچىنى ھەقىقىي ئىشقا سالمايمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغىلى بولىدۇ، دېدى. ئۇ «كوممۇنىزم دۇنياسىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئاجىز رايونلارنى تۈگىتىش چارىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش» كېرەك دەپ جاكارلىدى. كېننانىنىڭ تېلېگراممىسى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» قوزغاش سىياسىتىنى نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ترۇمېن چېرچىلغا ھەمراھ بولۇپ مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى فۇلتۇنغا بېرىپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى نۇتۇق ئېلان قىلىشىغا يول قويىدى. چېرچىل: «بالتىق دېڭىز بويىدىكى ستېتتىن (شچېتسىن) دىن ئادرىئاتىك دېڭىز بويىدىكى ترىئېستقىچە بولغان ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بىر تۆمۈر پەردە چۈشۈرۈلدى». «تۆمۈر پەردە» نىڭ كەينىدە تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىن «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن... موسكۋانىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىۋاتقان يۇقىرى بېسىملىق تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ دۆلەت يوق» دېدى. ئۇ سوۋېت

ئىتتىپاقنى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت سالدى، دەپ سۆكۈپ، ئەنگلىيىدە سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى «بىرلىشىش» كە قۇترىتىپ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ «پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئورنىتىش» ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى تەكىتلىدى. چېرچىلنىڭ فۇلتۇندىكى نۇتقى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نىڭ دەر پەردىسىنى ئاچتى.

فۇلتون نۇتقىدىن كېيىن ئامېرىكا 1946 ـ يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىران، تۈركىيەنىڭ تالاش ـ تارتىشىدىن پايدىلىنىپ، ئىران، تۈركىيەلىكلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقىشىنى قوللىدى. 5 ـ ئايدا ئامېرىكا گېرمانىيەدىكى ئامېرىكا ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتقان رايونلاردىن چۇۋۇۋېتىلىدىغان سانائەت مۇئەسسەسەلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۆلەم ھېسابىدا بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ 7 ـ ئايدا ئامېرىكا ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايوننىڭ قوشۇۋېتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1947 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ترۇمېن دۆلەت مەجلىسىدە بىر پارچە ئاللاقنى ئوقۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى «ھاكىممۇتلەق دۆلەت» دەپ سۆكتى، دۆلەت مەجلىسىدىن گىرېتسىيە، تۈركىيەلەرنى 400 مىليون دوللارلىق جىددىي ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، «ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەت ئۇلارغا تاڭغان تۈرلۈك دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇش»نى تەلەپ قىلدى. ترۇمېن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سىياسەتلەر كېيىن «ترۇمېنىزم» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى بىر چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىتتىپاقداش دۆلەت دەپ، بەزى كونكرېت مەسىلىلەردىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى سۆكەتتى. ھازىر ترۇمېن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى، دەپ ئاشكارا جاكارلىغاچقا ئامېرىكىنىڭ

تاشقى سىياسىتىنىڭ نىشانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «كېڭەيمىچىلىكى» نى «چەكلەش» بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ترۇمېن «ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ھەرقايسى ئەللەردىكى ھۆر خەلقلەرنى قوللاشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، ئۇلار قوراللىق ئاز ساندىكى گۇرۇھلار ياكى تاشقى بېسىمنىڭ بويسۇندۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ». «قايسى جايدا تىنچلىققا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تاجاۋۇز قىلىنىشىدىن، تەھدىت سېلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ خەۋپسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»، يەنى ئامېرىكا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىشى كېرەك، دەپ جاكارلىدى. «ترۇمېنىزم» ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى.

**ياۋروپادىكى ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھ تىركىشىدىغان ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى** «ترۇمېنىزم» قەپەستىن چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، يەنى 1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مارشال خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلان قىلغان نۇتقىدا، ياۋروپا غايەت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ، «ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى، زور مىقداردا ھەقسىز ياردەم بېرىش كېرەك، بولمىسا ئىنتايىن خەۋپلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ» دەپ قاراپ، «ياۋروپانى قايتا گۈللەندۈرۈش پىلانى» — مارشال پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ترۇمېن دۆلەت مەجلىسىگە بۇ پىلاننى تېزدىن ماقۇللاش يۈزىسىدىن ھەيدەكچىلىك قىلىپ يوللىغان ئالاقىدە: «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى بىر قاتار دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە دېموكراتىيەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دەل مۇشۇ دەھشەتلىك ھەرىكەت فاڭجېنى ھەم ئۇنى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيتىش يولىدىكى روشەن ئۇرۇنۇشلار بۈگۈنكى ياۋروپانى



www.uyghurkitap.com

ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچار قىلدى» دېدى. ئۇ مارشال پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ ياۋروپا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى «ئىنتايىن تەخىرسىز» ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇ پىلاننىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئورتاق ئىسكەنجىگە ئېلىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەكلىپكە بىنائەن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا مارشال پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشقانىدى، بىراق ياۋروپانىڭ بىر تۇتاش ئىقتىسادىي پىلانىنى تۈزۈش مەسىلىسىدە، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر بىلەن ئېغىر ئىختىلاپى بولغاچقا، يىغىندىن چېكىنىپ چىققانىدى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پارىژ ئىقتىسادىي يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە يىغىنغا ياۋروپادىكى 16 دۆلەت قاتناشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. پارىژ يىغىنى 9 ـ ئايدا بىر تۈرلۈك دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكىدىن ياۋروپانىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۆت يىلدا 22 مىليارد 400 مىليون دوللار ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 12 ـ ئايدا ترۇمېن دۆلەت مەجلىسىگە «ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانىڭ قايتا گۈللىنىشىنى قوللاش پىلانى» نى سۇندى، دۆلەت مەجلىسى 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، مارشال پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1947 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا ـ ئارقىدىن شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتار سودا كېلىشىملىرى ياكى دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىلىرىنى تۈزۈپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بۇ كېلىشىم ياكى شەرتنامىلەر غەربتە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «مولوتوف پىلانى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنكى

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى.

ئامېرىكا مارشال پىلانى ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە غەربىي ياۋروپانى ئۆزىگە تارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە غەربىي ياۋروپانى ھەربىي جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. ئامېرىكا 1948 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ ۋاشىنگتوندا ئەنگلىيە، كانادا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا تەييارلىغان «بەش بۇرجەكلىك بىنا ھۆججىتى» نى ماقۇللاپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان مۇداپىئە ئىشلىرى شەرتنامىسىنى ئىمزالاشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىدى. بىر يىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، ئىتالىيەدىن ئىبارەت 12 دۆلەت ۋاشىنگتوندا «شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدىنامىسى» نى ئىمزالىدى. ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەر «بارلىق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپ مۇداپىئە كۆرۈش ھەم تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاشنى قارار قىلدى»؛ «ئەھدىلەشكەن بىر ياكى بىرقانچە دۆلەتكە قىلىنغان قوراللىق ھۇجۇمنى ئەھدىلەشكەن بارلىق دۆلەتلەرگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قاراپ»، ئەھدىلەشكەن ھەربىر دۆلەت قورال كۈچى ئىشلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زۆرۈر ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان دۆلەتكە ھەمكارلىشىپ «شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان رايونىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەم ساقلىشى كېرەك» دەپ ھېسابلىدى. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەر تەستىقلاش رەسمىيىتىنى تاماملاپ، ئەھدىنامىنى رەسمىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆزگەنلىك،

دەپ ئەيىبلەپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بەش دۆلەتنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق تىنچلىقنى كۈچەيتىدىغان ئەھدىنامىلەرنى تۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى. غەربتىكى ئۈچ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايتا - قايتا ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە پەرۋا قىلماي، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي تەشكىلى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتتى. چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئامېرىكا فېدېراتىپ گېرمانىيەنى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇندى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكا قاتناشقان يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ، «ياۋروپا كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك سىستېمىسى ئورنىتىش» مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 1955 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «پارىژ كېلىشىمى» تەستىقلىنىپ كۈچكە ئىگە بولۇپ، فېدېراتىپ گېرمانىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا رەسمىي ئەزا بولدى. 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ئالبانىيە ۋە دېموكراتىك گېرمانىيەلەر ۋارشاۋادا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزدى، بۇ شەرتنامە قىسقارتىلىپ «ۋارشاۋا شەرتنامىسى» دەپ ئاتالدى. شەرتنامىدە: شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر «خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش خەلقئارا ھەرىكىتى» گە قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆرۈشى؛ شەرتنامە تۈزۈشكەن ھەرقانداق بىر دۆلەت قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا، شەرتنامە تۈزۈشكەن باشقا دۆلەتلەر بارلىق زۆرۈر شەكىللەر بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شەرتنامە

تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئارىسىدا ھەربىي، سىياسىي ئىتتىپاق ئورنىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھ تىركىشىدىغان ۋەزىيەت رەسمىي شەكىللەندى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى كەسكىنلەشتى، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى ئارقىلىق دۇنيا مىقياسىدا تىركىشىپ تۇرغاچقا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت بىر ـ بىرىدىن زومىگەرلىك تالىشىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيا بارغانسېرى روشەن گەۋدىلەندى.

ئىككىنچى باب

# ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشى ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپا بىلەن ياپونىيە

## 1 ـ بۆلۈم ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشى

ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورىيىشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئەمەلىي كۈچى ئاشقان بىردىنبىر دۆلەتكە ئايلىنىپ، پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ 2/3 سىدىن كۆپرەكى ئامېرىكىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. 1944 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1939 ـ يىلدىكىدىن 132% ئاشتى. بۇ مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40% ئاشتى، پۈتكۈل سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 118% ئاشتى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كېمىيىپ، ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېزلىكتە تۆۋەنلىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يۇقىرى پەللە بولغان 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايغا سېلىشتۇرغاندا 35.6% كېمەيدى. بىراق، ئامېرىكا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئېگىلىكتىن تىنچلىق

مەزگىلدىكى ئىگىلىككە تېزلا بۇرۇلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇقىم كاپىتالنىڭ كەڭ كۆلەمدە يېڭىلىنىشى، ئۇرۇش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان زور ئېھتىياج، ئىشلەپچىقىرىشى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەن غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەمىناتىغا تايىنىپ قېلىشى ۋە يۇقىرى سوممىلىق ھەربىي خىراجەت چىقىمى قاتارلىق تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا ئىقتىسادى كۈنسايىن يۈكسىلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىلدىكى سانائەتتە تۇنجى قېتىم يۇقىرى دەرىجىدە ئېشىش كۆرۈلدى. 1948 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 53.9% ىنى ئىگىلەپ، باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. 1945 ـ يىلى ئېلېكتىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 44.9% ىنى ئىگىلىگەن بولسا، 1950 ـ يىلى 82.2% كە يەتتى. شۇ مەزگىلدە تىراكتور سانى 2 مىليون 354 مىڭدىن 3 مىليون 394 مىڭغا يەتتى، كومبايىن ۋە ئېغىر تىپلىق يۈك ئاپتوموبىللىرى بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1930 ـ يىلى ھەربىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى 10 ئادەمنى باقالايتتى، 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە 15 ئادەمنى باقالايدىغان بولدى. يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى زور دەرىجىدە ئازايدى. 1940 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 30 مىليون 540 مىڭ ئىدى، 1955 ـ يىلى 19 مىليون 70 مىڭغا كېمەيدى.

ئامېرىكىنىڭ ئالتۇن زاپىسى قىممىتى 1939 ـ يىلى 12 مىليارد 790 مىليون دوللار ئىدى، 1949 ـ يىلى 24 مىليارد 560 مىليون دوللارغا كۆپىيىپ، پۈتكۈل كاپىتالىزم

دۇنياسىدىكى ئالتۇن زاپىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 50.5% ىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتتىن 74.3% ىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە يەتتى. ئامېرىكا «برېتتون ئورمانلىقى كېلىشىمى» ئارقىلىق دوللىرى تايانچ قىلىنغان كاپىتالىستىك خەلقئارا پۇل سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئامېرىكا دوللارنى ئالتۇن بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ پۇلىنى ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مۇقىم سېلىشتۇرما باھا بويىچە ئايرىۋاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئامېرىكا ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ تاشقى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىكنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى.

چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش ئامېرىكىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يولغا قويغان ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كاپىتال ياكى تاۋارنى بىر خىل ئالاھىدە شەكىلدە ئېكسپورت قىلىپ، ياردەم ئالغۇچى دۆلەتنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىجارە قانۇن لايىھەسى بويىچە تەمىنلەنگەن بىر تۈرلۈك ماددىي ئەشيادىلا 1946 ـ يىلىغا كەلگەندە، باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئامېرىكىغا 46 مىليارد دوللار قەرز بولۇپ قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش، قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسىگە تەمىن ئەتكەن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى ۋە غەربىي ياۋروپاغا بەرگەن قەرز كۆپىنچە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئېشىنچا ماددىي ئەشيا ۋە سېتىلماي تۇرۇپ قالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىدى. ئامېرىكا گوۋۋېيۈەنى بارلىق ياردەمنىڭ 75% تىن كۆپرەكىگە ئامېرىكا تاۋارلىرى بېرىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. 1946 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا ئىلگىرى ـ كېيىن 70 تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا 38 مىليارد دوللار ياردەم بەرگەن، بۇنىڭ

ئەچىدە ياۋروپاغا بېرىلگەن ياردەم 28 مىليارد 600 مىليون دوللار بولۇپ، 74% نى ئىگىلىگەن. چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىش مۇھىم نۇقتىسى ئاسىياغا بۇرالدى. ياردەم ئالغان دۆلەتلەر ئامېرىكىغا تېخىمۇ تايىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەسىدە ئامېرىكىنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ قۇرۇلۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تايانچ پوزىتسىيەلىرى كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەرگە سالغان مەبلىغى ئەنگلىيەنىڭكىنىڭ يېرىمىچىلىك چىقاتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ئەڭ چوڭ كاپىتال ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ قالدى. 1943 - يىلى ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەرگە سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليارد 200 مىليون دوللار ئىدى، 1948 - يىلى 29 مىليارد 400 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. 1946 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە چەت ئەللەرگە سالغان مەبلەغ 50% كە يېقىن كۆپەيدى. 1970 - يىلىغا كەلگەندە كاپىتال ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 166 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يېتىپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى كاپىتال ئېكسپورتىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورت سودىسى شىددەت بىلەن ئاشتى، 1947 - يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 1/3 ىنى ئاران ئىگىلەيتتى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى 1937 - يىلى بولسا 14.2% ىنىلا ئىگىلەيتتى. 1946 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە تاشقى سودىدىكى ئاكتىپ بالانس يىلىغا ئوتتۇرىچە 6 مىليارد 110 مىليون دوللارغا يەتتى. ئېكسپورت تېز ئېشىش بىلەن بىللە ئامېرىكىنىڭ ئىمپورت سودىسى 1947 - يىلى دۇنيا ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ پەقەت 12.9% ىنىلا ئىگىلەپ، ئەينى چاغدىكى كاپىتالىزم

دۇنياسىدا «دوللار قەھەتچىلىكى» نى پەيدا قىلدى. 1950 ـ يىلى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئامېرىكا چەت ئەللەردىن ئىستىراتېگىيەلىك خام ئەشيالارنى كۆپلەپ سېتىۋالغاچقا، ئىمپورت ئېشىپ تاشقى سودىدىكى ئاكتىپ بالانس تۆۋەنلىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئەمەلىي كۈچىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. 1939 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ قوراللىق قوشۇندىكى ئادەم سانى 335 مىڭ، ھەربىي خىراجەت چىقىمى ئاران 1 مىليارد 200 مىليون دوللار ئىدى. 1945 ـ يىلىغا كەلگەندە قوراللىق قوشۇندىكى ئادەم سانى 12 مىليوندىن ئېشىپ، ھەربىي خىراجەت چىقىمى 9 مىليارد دوللارغا يەتتى. ئامېرىكا ئەڭ قۇدرەتلىك دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ھەربىي بازىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئۇ ئاتوم بومبىسىنى مونوپول قىلىپ، دۇنيادا ھەربىي جەھەتتە 1 ـ نومۇرلۇق كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە سىياسىي ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندىن ھالقىپ، ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كىرىپ، پۈتۈن يەر شارىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۆتمۈشتە قۇدرەت تاپقان ئاسىيا، ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەر ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىدە پۈتۈنلەي ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوغدىشىغا تايىنىپ قالدى. مانا بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىغا چىقىپ قېلىشىنىڭ ئاساسى.

**ترۇمېننىڭ «ئادىل سىياستى» ۋە ماك كارتىئىزم** 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى روزۋېلت ۋاپات بولۇپ، مۇئاۋىن پرېزىدېنت ترۇمېن (1884 ــ 1972 ـ يىللار) ئۇنىڭ ئورنىغا ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكىدىكى ئىچكى سىياسىي كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. خەلق ئاممىسى سىياسىي دېموكراتىيە

ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقى تەلەپ قىلدى، ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىش تاشلاش كۈرىشىنى سىجىل قانات يايدۇردى. 1945 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە يىلىغا 3000 ـ 5000 قېتىمچە ئىش تاشلاندى. 1946 ـ يىلى 4985 قېتىمغا يېتىپ، ئىش تاشلاشقا 4 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى قاتناشتى، 116 مىليون كۈن ئىش تاشلىنىپ، ئامېرىكا تارىخىدا 1919 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئەڭ كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش ھەركىتىنىڭ كۆلىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

ترۇمېن رادىكال ئوڭ قانات ئۇنسۇرلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئاساسەن يېڭى سىياسەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىك ئەنئەنىسىنى ساقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى كۆككە كۆتۈردى؛ ئىشچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە يېڭىچە پۇقرالار ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىشنى قوللاش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى سىياسەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىزچىل مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ترۇمېن دۆلەت مەجلىسىگە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىچكى ئىشلارغا ئائىت تۈنجى ئالاقىنى سۇندى، ئالاقىنىڭ مەزمۇنى «21 نۇقتا» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاساسلىقى مال باھاسى ۋە ئۆي ئىجارە ھەققىنى داۋاملىق تىزگىنلەش، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىقتىسادنى تىزگىنلەش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇش؛ ئەڭ تۆۋەن مائاشنى كۆپەيتىپ، ئىشچىلارنى ئادىل ياللاپ ئىشلىتىش، ئىشسىزلىق قوشۇمچە ياردىمىنى قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇش؛ تەبىئىي بايلىقلارنى كەڭ ئېچىپ، تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قانۇنى تۈزۈش؛ خەلق ساقلىق ساقلاش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش؛ ئۆي بىناكارلىق سانائىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ جامائەت تۇرالغۇ



www.uyghurkitap.com

پىلانىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىچكى سىياسەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئادىل سىياسەت» دەپ ئاتالدى. ترۇمېن كېيىن: دەل مۇشۇ ئالاقىدە، «مەن ئەركىنلىك ۋە پروگرېسسىۋىزم (تەرەققىيپەرۋەرلىك) نىڭ تەپسىلىي پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ئاساسى بولۇپ قالاتتى» دەپ يازغانىدى. بىراق، ترۇمېننىڭ «ئادىل سىياسەت» پىروگراممىسى ھەممىشە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن جەنۇبتىكى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مۇتەئەسسىپلىرى ئىتتىپاقى تىزگىنلىۋالغان دۆلەت مەجلىسىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ پاراۋانلىق ۋە خەلق ھوقۇقىغا ئائىت قانۇن چىقىرىش، قوشما ئىشتاتنىڭ ئەمگەكچىلەر سىياسىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئىقتىسادنى تىزگىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن كۆرەشلەردە پىرېزىدېنت ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى.

1946 ـ يىلى مال باھاسىنى تىزگىنلەشنى ئۇزارتىش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قانات يايدۇرۇلغان كەسكىن كۆرەش پۈتكۈل بىر ئەتىياز داۋاملاشتى. ياسىمچىلىق كارخانىلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى ۋە دۆلەت مەجلىسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ داھىيلىرى بىرلىشىۋېلىپ، بارلىق تىزگىنلەشلەرگە خاتىمە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار پارلامېنت ئەزالىرىغا ھە دەپ ۋەز ئېيتىپ: «ناۋادا دۆلەت مەجلىسى ‹ئامېرىكا سودا ـ سانائىتىنىڭ بويۇنتۇرۇقى› نى چېقىۋەتمىسە، ئەركىن كارخانىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دېدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ئىستېمالچىلار تەشكىلاتلىرى، ئائىللار كۇلۇبلىرى مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىككىنچى كۆتۈرۈشۈپ دۆلەت مەجلىسىنىڭ سىرتىدا نامايىش قىلىپ، مال باھاسىنى تىزگىنلەشنى بىر يىل ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئىستېمالچىلار «ئەھلىسەلىپ» نامايىشى دەپ ئاتالدى. ترۇمېن

دۆلەت مەجلىسىدىن مال باھاسىنى تىزگىنلەش قانۇنىنى يولغا قويۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى توختىماي ئىلتىماس قىلدى، ھەم ھەربىر سودا ـ سانائەتچى، ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە يەر ئىگىسىنى ھازىرقى تىزگىنلەش بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىشقا ئۈندىدى. 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ترۇمېن ئاۋام پالاتاسىنىڭ مال باھاسىنى تىزگىنلەش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى رەت قىلدى. بىراق، دۆلەت مەجلىسى مال باھاسىنى تىزگىنلەش قانۇنىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرمىگەچكە، مال باھاسى ئۆرلەۋەردى. 7 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مال باھا كۆرسەتكۈچى 25% ئۆرلىدى، كىرېمنىيلىق پولات ياپراقچە، مىس، قەلەي، كاۋچۇك، كاناپ ۋە قەنت، شېكەر قاتارلىق ھۆكۈمەت باھاسىنى بېكىتىپ بېرىدىغان بىرقانچە خىل تاۋارنىڭ باھاسىدا تەۋرىنىش بولمىغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، 28 خىل تاۋارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 35% ئۆرلىدى. بىر ئايغا بارمايلا ئومۇمىي تۇرمۇش خىراجىتى 75% ئۆسۈپ، 1942 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر پۇل پاخاللىقى يۈز بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۆلەت مەجلىسى كەسكىن مۇنازىرىدىن كېيىن مال باھاسى ۋە ئۆي ئىجارە ھەققىنى تىزگىنلەشنى بىر يىل ئۇزارتىش توغرىسىدىكى يېڭى قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى. بىراق، بۇ قانۇن لايىھەسىدە مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان زۆرۈر چارىلەر كەمچىل بولۇپ، تىزگىنسىز قالغان مال باھاسىنى ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 10 ـ ئايدىن كېيىن ترۇمېن ھۆكۈمىتى تاقابىل تۇرغۇسىز كۈچ ئالدىدا تىز پۈكتى، مال باھاسىنى تىزگىنلەش تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىمۇ ئاخىرلاشتى. ترۇمېننىڭ مال باھاسىنى تىزگىنلەش مەسىلىسىدە قوللانغان يۇمشاق قول، مۇجمەل تەدبىرلىرى كۆپ تەرەپلەرنى رەنجىتكەنلىكتىن، ئەل رايىنى سىناشتا پىرېزىدېنتنىڭ ئىناۋىتى تېزلا چۈشۈپ كەتتى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى 1946 ـ يىلىدىكى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلىمىدا 1928 ـ يىلىدىن بۇيانقى مەملىكەت خاراكتېرلىك تۇنجى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن «تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» 1944 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيەسى سايلام رىقابىتىدە بەرگەن ۋەدىلەرنىڭ بىرى ئىدى، تىرۇمېن ئۇنى «21 نۇقتا» دىكى ئەڭ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر تۈر دەپ قارايتتى. چۈنكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كېمىيىپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇرۇش خىزمىتى تېزلەشسە، بۇ مەسىلە مۇقەررەر يۇز بېرەتتى. ترۇمېننىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۆلەت مەجلىسى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قانۇنى» نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئاساسەن، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بارلىق پىلانلىرى، خىزمەت ھوقۇقى ۋە بايلىقلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى پايدىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ھۆكۈمەت بىلەن دۆلەت مەجلىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، سىياسەت تۈزۈش ۋە قانۇن لايىھەسىنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلەتتى؛ پىرېزىدېنتقا ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىلىك كومىتېتى تەسىس قىلىش ھوقۇقى بېرىلىشى زۆرۈر ئىدى، بۇ كومىتېت پىرېزىدېنتقا ھەمكارلىشىپ سىياسەت تۈزۈپ، مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ ئۇچۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئىقتىسادقا دائىر دوكلاتلارنى دۆلەت مەجلىسىگە سۇنۇشقا تەييارلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قانۇنى ئەڭ زور چەكتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش،

ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سېتىۋېلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويدى، بۇنداق مۇھىم قانۇننىڭ چىقىرىلىشى ئامېرىكا تارىخىدىكى تۇنجى ئىش ئىدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى دۆلەت مەجلىسىدە كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن پارتىيە بولۇشتەك ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، پىرېزىدېنت بىلەن دۆلەت مەجلىسىنىڭ دىپلوماتىيە سىياستى جەھەتتىكى ھەمكارلىقى كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى، بىراق ئىچكى سىياسەت جەھەتتە پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلۈپ، پارتىيە - گۇرۇھلار كۈرىشى ئەۋج ئالدى. 1946 - يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر قوشما ئىشتاتىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى زور كۆلەمدە تۆۋەنلىتىشكە دائىر بىر قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ترۇمېن باجنى كېمەيتىش پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، بۇنىڭدىن ئاساسەن بايلار نەپ ئالىدۇ دېگەن باھانە بىلەن لايىھەنى رەت قىلدى. كېيىنكى يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئوخشاش يوسۇندىكى تىرىشچانلىقى يەنە پىرېزىدېنتنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىدى. 1948 - يىلىنىڭ بېشىدا دۆلەت مەجلىسى باجنى كېمەيتىش قانۇن لايىھەسىنى 3 - قېتىم ماقۇللىدى. ترۇمېن بۇ قانۇن لايىھەسى 5% كىمۇ توشمايدىغان باج تاپشۇرغۇچىلارنى 40% كە يېقىن باج كېمەيتىش پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، باراۋەرلىك يوق، دەپ قاراپ، يەنە رەددىيە بىلەن قايتۇرۇۋەتتى. دۆلەت مەجلىسى ئاخىر پىرېزىدېنتنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باج كېمەيتىش قانۇنىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر يەنە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا قوشۇمچە ياردىمىنى تەكسە باھانىڭ 90% ى بويىچە بېرىشتەك بىر تۇتاش ئۆلچەمنى تەكسە باھانىڭ 65% - 90% ى بويىچە بېرىشتەك تۇراقسىز ئۆلچەمگە ئۆزگەرتتى. ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشلىرىنىڭ مۇقىم كىرىمىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى



www.uyghurkitap.com

باھاسىنىڭ تەۋرىنىش تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق ئۇچۇن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇللاشقا كۆچىنىڭ پارچە توسقۇنلۇق قىلدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك قانۇننى ماقۇللىشى بىلەن 90% لىك بىر تۇتاش ئۆلچەمنى 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يولغا قويۇش بەلگىلەندى. ترۇمېن ئەمگەكچىلەر، دېھقانچىلىق مەيدان غوجايىنلىرى، نېگىرلار، ئىستېمالچىلار ۋە تۆۋەن كىرىملىك، ئوتتۇرا كىرىملىك باج تاپشۇرغۇچىلار ئۇچۇن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئىناۋىتىنى قايتىدىن تىكلىۋالدى. ئەمما، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان 80 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەرگە تۇتقان قاتمال پوزىتسىيەسى ۋە دىتسىزلىقى، ھېسابتا ترۇمېنغا ياردەم قىلغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1948 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلىپ، ئۇدا پرېزىدېنت بولدى.

ترۇمېن سايلام پىروگراممىسى ۋە پرېزىدېنتلىقتا سايلانغاندىن كېيىن سۇنغان ئالاقىسىدە بىرقاتار ئىجتىمائىي ئىسلاھات پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن جەنۇبتىكى دېموكراتچىلار بىرلىشىپ بۇ پىلانغا قارشى چىقتى. ئەمما، دېموكراتلار پارتىيەسى كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشكەن 81 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسى يەنە «ئادىل سىياسەت» كە ئالاقىدار نۇرغۇن قانۇن لايىھەلىرىنى ماقۇللىدى. 1949 ـ يىلى ماقۇللانغان «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قانۇنى» دا، ئالتە يىل ئىچىدە تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر ئۇچۇن 810 مىڭ يۇرۇش تۇرالغۇ ئۆي سېلىپ بېرىش، نامراتلار كەپىسىنى تۈگىتىش ۋە يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى سېلىشقا قەرز پۇل ھەم ياردەم پۇلى بېرىش، نېگىرلار مەھەللىسىنى رېمونت قىلىپ يېڭىلاش بەلگىلەندى. تۇرالغۇ ئۆي قانۇنىدا تۇزۇكىرەك تۇرالغۇ ئۆيگە ئىگە بولۇش دېموكراتىك

جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شۇ يىلى «ئادىل ئەمگەك ئۆلچىمى قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھەر سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى 40 سېنتتىن 75 سېنتقا ئۆستۈرۈلدى. 1950 ـ يىلى «ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنى» نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، 10 مىليون نەپەر مەنپەئەتلەنگۈچى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، پېنسىيەگە چىققان ئىشچىلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 77.5% كۆپەيدى. ترۇمېننىڭ غەربىي قىسمىغا قارىتىلغان سۇ ئېلېكتىر، سۇ ئىنشائاتلىرىنى تۈزەش ۋە سۇغىرىش ئىشلىرى پىلانى تېنىسسى دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، يېزا ئېلېكترلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە دېھقانلار كىرىدىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ھەل قىلىپ بەردى. ترۇمېن نېفىت مالىيە گۇرۇھى تەشەببۇس قىلغان يېقىن ئەتراپتىكى دېڭىز نېفىتلىكىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ھەرقايسى ئىشتاتلارغا ئايرىپ بېرىشكە دائىر قانۇن چىقىرىشقا قارشى تۇرۇپ، بۇ رايونلارنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ مۈلكى بولۇپلا قالماستىن، قوشنا ئىشتاتقا قاراشلىق باشقا رايونلارغا ئوخشاشلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى قەتئىي ياقلىدى. ترۇمېننىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملاش، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ئىسلاھاتلىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. گەرچە «ئادىل سىياسەت» تە دۆلەت ئىچىگە نىسبەتەن ھېچقانداق يېڭىچە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يېڭى سىياسەت جەھەتتىكى ئىجتىمائىي قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىنى قوغدىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، شۇڭا بۇ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن مۇتەئەسسىپ دېموكراتلارنىڭ ئىتتىپاقى دۆلەت مەجلىسىدە كۆپ سانلىق ئاۋازنى ئىگىلىگەن چاغلاردا، يېڭى سىياسەت دەۋرىدىكى

ئىشچىلار سىنىپى قولىغا كەلتۈرگەن ھوقۇقلارغا تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلدى. 1946 ـ يىلى دۆلەت مەجلىسى 90 تۈرلۈك ئەمگەكچىلەرگە قارشى قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، 1947 ـ يىلى مۇشۇنىڭغا دائىر 100 تۈرلۈكتىن ئارتۇق قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ قانۇن لايىھەلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ماقۇللانمىدى. 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماقۇللانغان «ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانۇنى»، يەنى تافت ـ خارتلىي قانۇنىدا: «مەزكۇر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولمىغانلارنىڭ شۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دائىرىسىدە ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بولمايدىغانلىقى» توغرىسىدىكى «يېپىق زاۋۇت» تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى تالونىدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بەدەل پۇلىنى بىۋاستە تۇتۇپ قېلىشنى چەكلەش؛ ھەرقايسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلىي ئەھۋالى ۋە مالىيە ئەھۋالىنى ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پارتىيەلەرگە پۇل ئىئانە قىلىشىنى چەكلەش؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىست ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان تىلخەت يېزىپ بېرىش؛ ئىشچى ياللىغۇچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈستىدىن توختامنى بۇزدى دەپ شىكايەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى توختامنىڭ بىكار قىلىنىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيانغا نىسبەتەن قانۇنىي جاۋابكارلىقنى زىممىسىگە ئېلىش؛ ئىش تاشلاشتىن ئىلگىرى 60 كۈنلۈك «سوغۇقچىلىق مەزگىلى» بولۇش، ھېسداشلىق يۈزىسىدىن ئىش تاشلاشنى چەكلەش، ئىش تاشلاش دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەندە پىرېزىدېنت مەنئى قىلىش بۇيرۇقى چىقىرىش، دەپ بەلگىلەندى. بۇ قانۇن لايىھەسىدە 1935 ـ يىلى ۋاگنېر قانۇنىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بېرىلگەن ھوقۇقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئىشچى ياللىغۇچىلارنىڭ ھوقۇقى چوڭايتىلدى. ئىشچىلار بۇ قانۇنغا قارشى نامايىش قىلىپ، ئۇنى «قۇللار

ئەمگەك قانۇنى» دېدى. ترۇمېن بۇ چاغدا 1948 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامغا تەييارلىق قىلىۋاتقاچقا، كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ قانۇن لايىھەسىنى بىكار قىلدى. بىراق، دۆلەت مەجلىسىدىكى ئىككى پالاتا قارار ماقۇللاپ رەددىيە بەرگەچكە، بۇ قانۇن لايىھەسى كۈچكە ئىگە بولدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تافت ـ خارتلېي قانۇنىنى ماقۇللىشى ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا مونوپول بۇرژۇئازىيەسى قوزغىغان كوممۇنىزمغا ۋە دېموكراتلارغا قارشى دولقۇنغا ماس كېلەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئامېرىكا مونوپول بۇرژۇئازىيەسى ئاتالمىش «دۆلەت ئىچى خەۋپسىزلىكى مەسىلىسى»، يەنى «دۆلەت ئىچىدىكى كوممۇنىزم تەھدىتى مەسىلىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ سىياسىي پائالىيىتىدىكى بىر مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالدى. 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ترۇمېن مەمۇرىي پەرمان، يەنى «ساداقەتمەنلىكنى تەكشۈرۈش پەرمانى» ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قوشما ئىشتاتتىكى بارلىق ياللانما خادىملارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن مۇلكىي ئەمەلدارلار كومىتېتى قوشما ئىشتاتنىڭ 3 مىليون ياللانما خادىمىنى ئىلغاپ چىقتى، قوشما ئىشتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەخمىنەن 14 مىڭ گۇمانلىق دېلونى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. 2000 دىن ئارتۇق ياللانما خادىم خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى، 212 كىشىنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن گۇمان قىلىنىپ ئىشتىن بوشىتىۋېتىلدى. ساداقەتمەنلىكنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، ئارمىيە، يەرلىك ھۆكۈمەت، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىمۇ ساداقەتمەنلىكنى تەكشۈرۈش ۋە ساداقەتمەنلىك قەسىمى بېرىش قانات يايدۇرۇلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 13 مىليون 500 مىڭ ئادەم، يەنى بارلىق

ئەمگەكچىلەرنىڭ تەخمىنەن 1/5 ى تۇرلۇك شەكىلدىكى ساداقەتمەنلىك تەكشۈرۈش ياكى خەۋپسىزلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى كونتروللۇقىدىكى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەسى پائالىيەت كومىتېتى 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر قاتار «جاسۇسلۇق دېلولىرى» نى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، بۇ دېلولار ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ قوزغىغىنى «خىس دېلوسى» ئىدى. خىس ئەينى چاغدا كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇ 1947 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئامېرىكا گوۋۋېيۇەنىدە ئىزچىل يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ تۇتۇپ، ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە دۇمبارتون دۇبزارلىقى يىغىنى، يالتا يىغىنى، سان فرانسىسكو يىغىنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانىدى، بۇ چاغقا كەلگەندە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسى دەپ ئەيىبلەندى. خىسنى سوراق قىلىش ھۆكۈمەت تەركىبىدە كوممۇنىستلارنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىغا ئىشىنىشتىكى مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «دۆلەت ئىچى خەۋپسىزلىكى مەسىلىسى» دىن تېخىمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ كەتتى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خىسنىڭ جىنايىتى بار دەپ رەسمىي ھۆكۈم چىقىرىلىپ، «نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ئىلگىرىكى بىرقانچە يىلدا ئۆزلىرى دۇچار بولغان قالايمىقانچىلىقلارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى، بۇ دۆلەتنى خىستەك ئادەملەر دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە سېتىۋەتكەن، دەپ قاراشتى». ئامېرىكا مونوپول بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كوممۇنىزمغا ۋە دېموكراتىيەگە قارشى تۇرۇشتەك تەلۋىلەرچە زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا، ئېھتىياج يۈزىسىدىن ماك كارتىئىزم ئوتتۇرىغا چىقتى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان كېڭەش پالاتا ئەزاسى جوسېف ماك كارتى خىس ئۈستىدىن جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم

چىقىرىلىپ، 20 كۈنگە بارمايلا غەربىي ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ ۋىللىڭ شەھىرىدە نۇتۇق ئېلان قىلىپ، قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۆزىنىڭ گوۋۇيۇەنگە سىڭىپ كىرگەن 205 نەپەر كوممۇنىستنىڭ تىزىملىكىنى ئىگىلىگەنلىكى توغرىسىدا جار سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۆھمەتخورلۇق پائالىيىتىمۇ باشلىنىپ كەتتى. ماك كارتى يىراق شەرق مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى، خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئىلگىرى جياڭ جيېشىغا سىياسىي مەسلىھەتچى بولغان ئوۋېن لاتتېمورنى گوۋۇيۇەندىكى جاسۇسلۇق پائالىيىتىنىڭ كاتتىبېشى دەپ ئەيىبلىدى. گەرچە قوشما ئىشتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئۇنىڭ كۆپ قېتىملىق ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئاساسى يوق، دەپ قارىغان، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئالاھىدە كومىتېتى لاتتېمورغا گۇناھسىز دەپ ئىسپات بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ماك كارتى يالغان سۆزلەش ئارقىلىق گېزىتلەرگە نامى چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۆتتۈردى. چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى «قىزىل ۋەھىمە» ۋە كوممۇنىستلارنىڭ پارتىيەگە قارشى كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋەتتى. سىياسەتۋازلار «قىزىل» ياكى «كومپارتىيەگە مايىل» دېگەن بەتناملارغا قېلىشتىن قورقۇپ، ۋىسكونسىن ئىشتاتلىق بۇ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بىلەن روبىرو تۇتۇشۇشنى خالىمىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىگە زەربە بېرىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ماك كارتىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن جامائەتنى قايمۇقتۇرۇشىنى بار كۈچى بىلەن قوللىدى. ترۇمېن ھۆكۈمىتى يولغا قويغان ساداقەتمەنلىكنى تەكشۈرۈش ۋە دۆلەت مەجلىسى ماقۇللىغان كومپارتىيە ۋە ئىلغار تەشكىلاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان «دۆلەت ئىچى خەۋپسىزلىكى قانۇنى» (يەنى ماك كارران قانۇنى) مۇ ماك كارتىزمنىڭ تارقىلىشىغا ھەمدەمدە بولدى. 1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە جۇڭگو

خەلقىنىڭ دوستى سىنوۋ، نېگىرلار ئازادلىقىنىڭ جەڭچىسى دۇ بويىس، نېگىر ناخشىچى روبېرسون، داڭلىق كىنو ئارتىسى چاپلىن قاتارلىقلار سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ماك كارتى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە تەپتارتماستىن ھۇجۇم قىلىپ، دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 20 يىلنى «ساتقۇنلۇق بىلەن تولغان 20 يىل» دېدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى فىللىپ جېسسۇپنى كومپارتىيە بىلەن ئالاقىسى بار دەپ، جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسەتكە بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان ئاچېسوننى «قىزىللارنىڭ مودا ئاتامىنى» دەپ، مارشال ۋە ئېيزىنخاۋېرنى رۇسىيەنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشىگە ياردەم قىلدى دەپ ئەيىبلىدى. بۇ ھال ترۇمېن ھۆكۈمىتىنى ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

1953 - يىلى ئېيزىنخاۋېر پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن، ماك كارتى تىغ ئۇچىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئىش باشقۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتكە قارىتىپ، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي تارماقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا كۆچىنىڭ بارىچە ئارىلىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئاساسىي قانۇننى دەپسەندە قىلىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر قالايمىقانچىلىق قىلىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرلىككە ۋە ئېيزىنخاۋېرنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ، ئۇدا پىرېزىدېنت بولۇشىغا تەھدىت سالدى. شۇڭا، ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مەجلىسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئېيزىنخاۋېر تەرەپدارلىرى دېموكراتچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ماك كارتىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ 1954 - يىلى 12 - ئايدا ماك

كارتىنى ئەيىبلەش قارار لايىھەسىنى ماقۇللىشىغا تۈرتكە بولدى.
شۇنىڭ بىلەن ماك كارتىئىزم پۈتۈنلەي زاۋال تاپتى.

## 2 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە لىيبورىستلار پارتىيەسى هۆكۈمىتى ۋە فىرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتى

**ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى هۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە هەربىي ئىشلاردىكى ئورنىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى هەربىي خىراجىتى 25 مىليارد فوند ستېرلىڭغا يەتتى، دۆلەتنىڭ قەرزى 1939 ـ يىلىدىكى 7 مىليارد 200 مىليون فوند ستېرلىڭدىن 1945 ـ يىلىغا كەلگەندە 21 مىليارد 400 مىليون فوند ستېرلىڭغا كۆپىيىپ، ئامېرىكا بىلەن كاناداغىلا 9 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قەرز بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە هەربىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن، چەت ئەللەرگە سالغان كۆپ قىسىم مەبلىغىنى سېتىۋەتتى، ئالتۇن زاپىسى ئاساسەن قۇرۇقدىلىپ قالدى. 1946 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ سانائەت مەهسۇلات مىقدارى 1937 ـ يىلىدىكىنىڭ 90% ىگە تەڭ بولۇپ، ئېكسپورت سودىسى ئومۇمىي قىممىتى 1938 ـ يىلىدىكى 471 مىليون فوند ستېرلىڭدىن 1944 ـ يىلىغا كەلگەندە 266 مىليون فوند ستېرلىڭغا چۈشۈپ قالدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى خەلقئارالىق كىرىم ـ چىقىمدىكى پاسسىپ بالانس 4 مىليارد فوند ستېرلىڭغا يەتتى. ئەنگلىيە هەتتا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە دومىنىئونلىرىغىمۇ قەرزدار بولۇپ قالدى. دومىنىئون ۋە مۇستەملىكىلەر ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىنىڭ ئۆزىگە زور كۈچ بىلەن سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ هەرقايسى

دومىنىئون ۋە مۇستەملىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە زور ئاجىزلاش كۆرۈلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن داغدۇغىلىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىدە كونا مۇستەملىكە سىستېمىسى كۇنسايىن يىمىرىلدى. ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇپ، مىللىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا ماڭدى. چېرچىل 1947 ـ يىلى تولىمۇ خورسىنغان ھالدا: «بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئابرۇيى قالمايۋاتقانلىقىنى، دۆلەت تەقدىرىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئېغىر قايغۇ ئىچىدە كۆرمەكتىمەن» دېدى.

1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە ئۇمۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، لېيبورىستلار پارتىيەسى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشىپ، كلېمېنت ئاتلي (1883 ــ 1967 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۇنجى نۆۋەتلىك لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئاساسلىق ۋەزىپە ئۇرۇش يارىسىنى ساقايتىپ، ئىگىلىكنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمدا كۆرۈلگەن كىرىزىس 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەنگلىيە ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكا «ئىجارە قانۇنى» بويىچە ياردەم بېرىشنىڭ توختىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ئامېرىكىدىن مال سېتىۋالسا، نەق پۇل تۆلىمىسە بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمدىكى پاسسىپ بالانس مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقتىن، ئەنگلىيەنىڭ ئامېرىكىدىن ياردەم سورىماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا مالىيە كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، ئەنگلىيە

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدىن 3 مىليارد 750 مىليون دوللار قەرز پۇلغا ئېرىشتى، بۇنىڭدا فوند سترلىڭنى دوللارغا ئەركىن ئالماشتۇرۇش ۋە بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاھىدە ئېتىبارلىق تاموژنا بېجى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، قەرزنى 50 يىلدا قايتۇرۇپ بولۇش شەرت قىلىندى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ قەرز پۇل بەش يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ خەلقئارا كىرىم - چىقىمىدىكى پاسسىپ بالانسىنى تولدۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئىقتىسادنى يېڭىباشتىن تەڭشەپ، كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلۇققا يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، 1946 - يىلى يازدا مال باھاسىنى تىزگىنلەشنى بىكار قىلىپ، ئەنگلىيە ئامېرىكىدىن سېتىۋالىدىغان ماللارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەچكە، قەرز پۇلنىڭ ئەمەلىي قىممىتى 28% چۈشۈپ كەتتى. قەرز پۇل بىر يىلدىلا خەجلەپ تۈگىتىلدى. 1947 - يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيەدە ئېغىر مالىيە كرىزىسى پارتلاپ، ئەنگلىيە يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق خەلقئار كىرىم - چىقىم كرىزىسىدىن ئۆتۈۋېلىشنى ئىلتىجا قىلماي تۇرالمىدى.

ئەنگلىيە مارشالنىڭ ياۋروپانى قايتا گۈللەندۈرۈش پىلانىغا ئاكتىپ قاتناشتى. 1948 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئەنگلىيە ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 351 مىليون دوللارلىق ماددىي ئەشيا ياردىمىگە ۋە 337 مىليون دوللار قەرز پۇلغا ئېرىشتى. مارشال پىلانى ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم قىلغاچقا، ئېكسپورتتا سەل - پەل ئېشىش كۆرۈلدى، بىراق سودىدىكى پاسسىپ بالانس يەنىلا تۈگىمىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئالتۇنىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، تاۋار ئېكسپورت شارائىتىنى ياخشىلىدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا فوند سترلىڭ قىممىتىنىڭ 4.03 دوللاردىن 2.8 دوللارغا تۆۋەنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. فوند سترلىڭنىڭ قىممىتى چۈشۈپ، سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىزلاشقان، دۆلەت ئىچىدىكى مال

باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋە ئەمەلىي ئىش ھەققى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ ئېكسپورتقا پايدىسى بولدى؛ دوللار ئەنگلىيە بازارلىرىغا كۆپلەپ كىرىپ، دوللار يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ۋاقتىنچە ياخشىلاندى. چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ئەنگلىيەنىڭ دوللار زاپىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى، 1950 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئالتۇن ۋە دوللار زاپىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

ئەنگلىيەنىڭ ئېكسپورت سودىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى: 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى رىقابەتچىسى گېرمانىيە، ياپونىيەلەرنىڭ رىقابەتلىشىشكە ۋاقتىنچە كۈچى يەتمەيتتى؛ ئەنگلىيەنىڭ دومىنىئونلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە سېتىۋالالمايدىغان ئەنگلىيە سانائەت ماللىرىنى كۆپلەپ سېتىۋالدى؛ نۇرغۇن دۆلەتلەر، بولۇپمۇ فوند ستېرلىڭ رايونىدىكى دۆلەتلەر دوللار قەھەتچىلىكىدىن غەم قىلىپ، ئەنگلىيە ماللىرىنى كۆپرەك سېتىۋېلىشنى خالايدىغان بولدى؛ ئامېرىكىدىمۇ ئەنگلىيەنىڭ بەزى تاۋارلىرىغا بولغان ئېھتىياج ئاز ـ تولا ئاشتى. ئەنگلىيە بۇ شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئېكسپورت سودىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 1951 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 580 مىليون فوند ستېرلىڭغا يەتتى، 1937 ـ يىلى بولسا ئاران 522 مىليون فوند ستېرلىڭ ئىدى. 1951 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 1938 ـ يىلىدىكىدىن 79% ئاشتى. ئەنگلىيەنىڭ كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئېكسپورت سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1945 ـ يىلىدىكى 7.41% تىن 1951 ـ يىلىغا كەلگەندە 9.58% كە يەتتى. ئېكسپورت سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1948 ـ يىلىلا ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 2 ـ

دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى 1939 ـ يىلىدىكى 100 دىن 1951 ـ يىلىغا كەلگەندە 131 گە يەتتى.

لېيبورىستلار پارتىيەسى سايلام رىقابىتى مەزگىلىدە «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭىدىن تەجرىبە قىلىپ بېقىشنى جاكارلاپ، بىرقاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇشقا باشلىدى، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياسىتى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىسلاھات ھېسابلىناتتى. 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئېنگلاند بانكىسىنى، تېلېگرامما ۋە رادىيو ئىشلىرىنى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، كۆمۈر گازى سانائىتى ۋە قىسمەن پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنى ئىلگىرى ـ كېيىن دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. ھۆكۈمەت ھەقسىز مۇسادىرە قىلىۋالماستىن، بەلكى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانىلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىرى ۋە پاي ئىگىلىرىگە رازى بولغۇدەك تۆلەم بەردى. مەسىلەن، ئەنگلىيەنىڭ كۆمۈرچىلىك سانائىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئۈسكۈنىلەر كونىراپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى زىيان تارتىپ كېلىۋاتاتتى، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن كان ئىگىلىرى 400 مىليون فوند ستېرلىڭ تۆلەمگە ئېرىشتى، بۇ تۆلەم كاننىڭ ئەسلىدىكى قىممىتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئېنگلاند بانكىسىنىڭ ئەسلىي كاپىتال ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليون 500 مىڭ فوند ستېرلىڭ ئىدى، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن بۇ بانكىنىڭ پايچىكلىرى ئېرىشكەن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ئاكسىيەسىنىڭ باھاسى بازار باھاسىدىن 10% ئېشىپ كەتتى. دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان سانائەت

تارماقلىرىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە يەنىلا كاپىتالىستلارنىڭ قولىدا بولدى. ئەسلىدىكى ئەڭ چوڭ كۆمۈرچىلىك تىرېستى «پوۋېل دۇففېرىن» نىڭ دىرېكتورى، كۆمۈركان غوجايىنلىرى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لورد ھېيندای كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1949 ـ يىلى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان سانائەت تارماقلىرىنىڭ مەملىكەتلىك باشقۇرۇش كومىتېتى ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن چاغدا، 87 ئەزانىڭ 43 ى چوڭ كاپىتالىستلاردىن، توققۇزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن، تۆتى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېرىدىن، توققۇزى مۇتەخەسسىس ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىدىن بولدى. 1951 ـ يىلى لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشكەن چاغدا، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانىلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 20% نى ئىگىلىدى. كۆمۈر، ئېلېكتىر ـ ئېنېرگىيە، ترانسپورت قاتارلىق سانائەتلەر دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئاز ـ تولا ياخشىلاندى. 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆمۈرچىلىك سانائىتىگە ھۆكۈمەتتىن ياردەم پۇل بېرىلمەيدىغان بولدى، ھەتتا يۇقىرىغا كۆپلەپ پايدا تاپشۇردى. تۆمۈريول ترانسپورتىدا ئىلگىرى يىلىغا 16 مىليون فوند ستېرلىڭدىن ئارتۇق زىيان كۆرۈلەتتى، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ تۆت يىلدىن كېيىن زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتتى ھەمدە يۇقىرىغا 92 مىليون 900 مىڭ فوند ستېرلىڭ پايدا تاپشۇردى.

لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى بىر قاتار سانائەت تارماقلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغاندىن سىرت، جامائەت پاراۋانلىقى دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، «پاراۋان دۆلەت» قۇرماقچى بولدى. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ماقۇللانغان «خەلق سۇغۇرتا قانۇنى» دا بوۋاقلار، بالىلارغا تەربىيەلىنىش ياردەم پۇلى بېرىش، ئىشسىزلار، پېنسىيەگە

چىققانلار، خىزمەت ئۈستىدە يارىلانغانلار، كېسەلمەنلەر، هامىلىدار ئاياللارغا ياردەم پۇلى بېرىش، دەپنە ياردەم پۇلى تارقىتىش، تۇل ئاياللار ۋە ياشانغانلارغا ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى بېرىش بەلگىلىنىپ، «بۆشۈكتىن قەبرىستانغا قەدەر» ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن نەپ ئالىدىغان بولدى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى ئاساسلىقى سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلار ۋە كارخانا ئىگىلىرى قەرەللىك تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققى ھەم دۆلەت خامچوتىدىن ئاجرىتىلغان پۇلدىن ھەل قىلىندى. 1949 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتىكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى جەمئىي 524 مىليون فوند ستېرلىڭ بولۇپ، بۇنىڭ 35.3% نى ئىشچىلار تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققى، 33.4% نى كارخانا ئىلگىرى تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققى، 26% نى دۆلەت خامچوتىدىن ئاجرىتىلغان پۇل، 5.3% نى باشقا يوللاردىن ھەل قىلىنغان پۇل ئىگىلىدى.

1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خەلق داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش تۈزۈمى ماقۇللىنىپ، ھەربىر ئەنگلىيەلىكنى داۋالىنىش، دورا ئېلىش، بالىنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىش ۋە دوختۇرخانا پەرۋىشى قاتارلىق پاراۋانلىقلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن قىلىش بەلگىلەندى. بۇ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشقا كېتىدىغان خىراجەت دۆلەت خامچوتىدىن چىقىم قىلىندى. دۆلەتنىڭ ساقلىق ساقلاش تۈزۈمى خەلقنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىغاچقا، ئامىمىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى يەنە يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، يېمەكلىك ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. 1950 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە بۇ تۈردە 400 مىليون فوند ستېرلىڭ ياردەم پۇلى بېرىلدى. ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياسىتى ئىقتىسادىي

تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ دۆلەتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى، بىراق مالىيە چىقىمى ئېشىپ كېتىش، بەزى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ياخشى باشقۇرۇلماسلىقتەك مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**فرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جۇمھۇرىيەت ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فىرانسىيەنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي زىيان 1 تىرىللىيون 400 مىليارد فىرانكقا يېتىپ، فىرانسىيەنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە توغرا كەلدى. 1944 ـ يىلى كۈزدە فىرانسىيە ئازاد بولغاندا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پەقەت 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1938 ـ يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 20% ىگە، يېزا ئىگىلىكى بولسا 1938 ـ يىلىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 50% ىگە توغرا كېلەتتى، فىرانكنىڭ قىممىتىمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىنىڭ 1/6 ىگە توغرا كەلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيە مالىيە كىرىزىسى، ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە سىياسىي كىرىزىستىن قۇتۇلالمىدى. فىرانسىيە ئىلگىرىكى مۇستەملىكىلىرىنى يېڭىباشتىن تىزگىنلەش ئۈچۈن، چەت ئەلدىكى مۇستەملىكىلىرىدە تۈگىمەس ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ كۆنسايىن زاۋالغا يۈزلىنىشى، مۇستەملىكىلەرگە قارىتىلغان سىياسەتتىكى پىكىر ئىختىلاپى فىرانسىيەنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دېگول فىرانسىيە ئارمىيەسىنى باشلاپ كېلىپ پارىژنى ئازاد قىلدى. 9 ـ ئايدا فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قايتىدىن

www.uyghurkitap.com

تەشكىللەپ، كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، رادىكال سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنى ئىچكى كابىنېتقا قاتناشتۇردى. دېگول يەنە ئىچكى جايلاردىكى ئارمىيەنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەم كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى «ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئەسكەرلىرى» نى تارقىتىۋېتىشنى جاكارلىدى. ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن كومپارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پىكىر ئىختىلاپى بار ئىدى. فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى ماۋرىس تورېز (1900 ــ 1964 ـ يىللار) موسكۋادا دۆلەت ئىچىگە قارىتىلغان رادىيودا نۇتۇق ئېلان قىلىپ، «پۈتۈن مەملىكەتنى ئىتتىپاقلىشىش» ۋە «بىردەك ھەرىكەت قىلىش» قا چاقىردى ھەم دېگولنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تورېز ئارقىدىنلا پارىژغا قايتىپ ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ھەمكارلاشتى. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دېگول سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، فىرانسىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا فىرانسىيەدە ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىپ، 3 ـ جۇمھۇرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇردى. ئارقىدىنلا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، سايلامدا فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە 5 مىليون پارچىدىن ئارتۇق بېلەت چۈشۈپ، كېڭەشتە 152 ئورۇنغا ئېرىشىپ، بىرىنچى چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 142 ئورۇنغا، بىداۋلەتنىڭ خەلق جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى 138 ئورۇنغا ئېرىشتى. 11 ـ ئايدا فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەشتە دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئىچكى ئىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم مىنىستىرلىقنىڭ ھەرقانداق بىر مىنىستىرىنى تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغاندا، دېگولنىڭ رەت

قىلىشىغا ئۆچرىدى. يېڭى ھۆكۈمەتتە تورېز دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى بولدى، فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قالغان تۆت ئەزاسى خەلق ئىگىلىكى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، ئەمگەك ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت فىرانسىيەنىڭ خائىنلىرىنى سوتلىدى ۋە جازالىدى. ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى پېتائىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، كېيىن ئۆمۈرلۈك قاماقتا يېتىشقا ھۆكۈم قىلىندى. لاۋال قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ 14 مىڭ ئەمەلدارى جازالاندى.

يېڭى پارلامېنت دېگولنى فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى. بىراق، ئاساسىي قانۇن چىقىرىشتا، ئۇ كۆپ پارتىيە تۈزۈمىدىكى سىياسىيغا قارشى تۇرۇپ، فىرانسىيەنى پارتىيە، گۇرۇھلاردىن ھالقىغان پرېزىدېنتلىق تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇڭا، دۆلەت تۈزۈمى مەسىلىسىدە دېگولنىڭ پارتىيەلەر بىلەن بولغان ئىختىلاپى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دېگول ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق پارلامېنت سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي ئىشلار خامچوتىنى %20 كېمەيتىش تەكلىپىنى بىردەك ماقۇللىغاچقا، دېگول ئاچچىقىدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇ پارلامېنتتا: «بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىختىلاپ ھۆكۈمەت ھەمدە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ۋەكىللىرى ئاپپاراتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان ئومۇمىي قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقىدا... دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش كېرەكمۇ ياكى مۇتلەق ھوقۇقتا ئىگە پارلامېنت بولۇشى كېرەكمۇ؟... مېنىڭچە 2 ـ لايىھە بىزنىڭ ھازىرقى دۆلەت ئېھتىياجىمىزغا قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېدى. 1 ـ

www.uyghurkitap.com

ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن چىققان گوۋئان ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى، تورېز مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، بىر پالاتالىق پارلامېنت قۇرۇشنى بەلگىلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بۇ لايىھە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويۇلغاندا رەت قىلىنىۋېتىلدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 2 ـ نۆۋەتلىك ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلق جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى پارلامېنتتىكى بىرىنچى چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى، بىداۋلت ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى. يېڭى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى خەلق جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ماس كېلىدىغان ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى فىرانسىيەدە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق بۇ ئاساسىي قانۇن لايىھەسى ماقۇللاندى. 4 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى 3 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، پەنىلا ئىككى پالاتالىق پارلامېنت تۈزۈمى قوللىنىلدى. پرېزىدېنت ئىككى پالاتا (خەلق پارلامېنتى ۋە كېڭەش پالاتاسى) تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدىغان بولۇپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى يەتتە يىل بولدى، پرېزىدېنت ئەمەلىي ھوقۇق تۇتمايتتى. فىرانسىيەدە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان بولۇپ، ھۆكۈمەتكە پارلامېنتتا كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشكەن گۇرۇھ مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى 185 ئورۇنغا ئېرىشىپ، يەنە بىر قېتىم بىرىنچى چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى. بىراق، بۇرژۇئازىيە پارتىيەسى بىرلىشىۋېلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىچكى كابىنېت تەشكىللىشىنى رەت قىلدى: 1947 ـ

يىلى 1 ـ ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان پاۋل رامادىئېر كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بەش نەپەر مىنىستىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 4 ـ ئايدا فىرانسىيەدىكى ئەڭ چوڭ زاۋۇت ـــ رېنالت ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچىسى ئىش تاشلىدى، فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىشچىلارنىڭ تەلىپىنى قوللىدى. رامادىئېر ھۆكۈمىتى ئىشچىلارنى باستۇردى ھەمدە سىياسەتتىكى ئىختىلاپنى باھانە قىلىپ، كوممۇنىستلارنى ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ، ھۆكۈمەت تولا ئالمىشىپ تۇردى. 1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھۆكۈمەت 13 نۆۋەت ئالماشتى. 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رادىكال پارتىيەدىن بولغان مېندېس فرانس باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى. ئۇ ۋېيېتنام بىلەن بولغان توقۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. تۇنىس، ماراكەش بىلەن بولغان زىددىيەتنى پەسەيتتى. 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ موللېت ھۆكۈمىتى تۇنىس، ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقىنى يەنىمۇ ئېتىراپ قىلدى، بىراق ئۇ ئالجىرىيەدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنى تىنچىتالمىدى، يەنە كېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن مۇستەملىكە ئۇرۇشى فىرانسىيەنىڭ خەزىنىسىنى قۇرۇتۇۋەتتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. 4 ـ جۇمھۇرىيەت قاتمۇقات مۇشكۇلات ئىچىدە قالدى.

فىرانسىيە ئازاد بولغاندىن كېيىن فىرانسىيە ھۆكۈمىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فاشىستلار بىلەن ھەمكارلاشقان كارخانىلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. رېنالت ئاپتوموبىل شىركىتى، فىرانسىيە بوياقچىلىق شىركىتى، كىنوچىلىق سانائىتى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گېزىتچىلىك شىركىتى، تۆت چوڭ پۇل ئامانەت بانكىسى ۋە سۇغۇرتا شىركىتى دۆلەت ئىلكىگە

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، كىرىدىت دۆلەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. 1945 - يىلى 12 - ئايدا فىرانسىيە بانكىسى دۆلەت بانكىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. 1946 - يىلى 5 - ئايدا كەڭ كۆلەملىك «دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش» پەرمانى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ، كۆمۈرچىلىك، ئېلېكتىر - ئېنېرگىيە ۋە تىرانسپورت قاتارلىق ئۇل سانائەتلەر دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فىرانسىيە كۆمۈركان شىركىتى، فىرانسىيە كۆمۈر گازى شىركىتى، فىرانسىيە ئېلېكتىر - ئېنېرگىيە شىركىتى، فىرانسىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتى، فىرانسىيە ئاتلانتىك ئوكيان ئاۋىياتسىيە شىركىتى قاتارلىقلار بار ئىدى. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، دۆلەت 50% تىن ئارتۇق پايىنى ئىگىلىگەن شىركەتلەر 130 غا يەتتى. ھۆكۈمەت دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانىلارنىڭ ئەسلىي كاپىتالىستلىرىغا نۇرغۇن تۆلەم بەردى. دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە يەنىلا كاپىتالىستلارنىڭ قولىدا ئىدى. دۆلەت دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانىلارغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1946 - يىلى پىلان باش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، موننېت 1 - يەتتە يىللىق پىلان (1947 — 1953 - يىللار) نى تۈزۈشكە مەسئۇل بولدى، كۆمۈر، ئېلېكتىر - ئېنېرگىيە، سېمونت، قاتناش - تىرانسپورت ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق ئالتە خىل مۇھىم سانائەتنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانلاندى. دۆلەت بۇ ئۇل سانائەت تارماقلىرىنى پىلانلىق تەڭشەپ، يېڭى تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، بۇلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. 1947 - يىلىدىن تارتىپ فىرانسىيە مارشال پىلانىدىكى ئاساسلىق مەنپەئەتدار دۆلەتكە ئايلىنىپ، جەمئىي 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى

ياردەمگە ئېرىشتى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە مونىپت پىلانىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەدبىرنى يولغا قويۇش ھەمدە مارشال پىلانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئارقىلىق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى بىرقەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈردى. 1948 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتكۈل فىرانسىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1938 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە يەتتى.

## 3 ـ بۆلۈم ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

**ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا كىرىپ، مىلاندا ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئەركىن پىدائىيلار قوشۇنى ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، يەرلىك ھاكىمىيەتنى ھەربىي ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىتالىيەگە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسى پارىژدا ئىمزالاندى. 3 ـ ئايدا ھەربىي ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. يىل ئاخىرىدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىتالىيەدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىتالىيە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى قۇرۇلۇشنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويدى. نەتىجىدە 54.3% كىشى پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى قوللىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى پادىشاھ ۋېكتور ئېممانۇئېل III تەختتىن چۈشۈپ، ئوغلى ئۇمبېرتو II پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىتالىيەدىن پورتۇگالىيەگە كېتىپ پىنھان ياشاش نىيىتىگە كەلگەنىدى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمىنىڭ نەتىجىسىدە پارلامېنتتىكى 560 ئورۇننىڭ 207 سىنى كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى، 115 نى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، 120 سىنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئىگىلىدى. كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى دې گاسپېرى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى، كوممۇنىستلار بىلەن سوتسىيالىستلار ئىچكى كابىنېتقا قاتناشتى. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئامېرىكا ئىتالىيەگە 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىشكە قوشۇلدى، بىراق ئۇنىڭ كوممۇنىستلار ئارىلاشقان ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلغۇسى كەلمىدى. 5 ـ ئايدا دې گاسپېرى ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كوممۇنىستلار بىلەن سوتسىيالىستلارنى ھۆكۈمەتتىن قوغلاپ چىقاردى.

1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى يېڭى جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئاساسىي قانۇندا «ئىتالىيە ئەمگەكنى ئاساس قىلغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت»، «قانۇن خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ» دەپ جاكارلىنىپ، ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى، ئەمگەك ھوقۇقى بەلگىلەنگەنىدى، يەر ئىسلاھاتى ۋە قىسمەن سانائەتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق ئىشلار يولغا قويۇلدى. ئاساسىي قانۇندا ئىككى پالاتىلىق پارلامېنت بولۇش، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈش، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولۇش؛ كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرىنى ھەرقايسى رايونلار نوپۇس سانى بويىچە سايلاش، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئالتە يىل بولۇش؛ پرېزىدېنتنى ئىككى پالاتا بىرلەشمە يىغىنىدا سايلاش، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى يەتتە يىل بولۇش بەلگىلەنگەنىدى.

1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىتالىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇمھۇرىيەت پارلامېنتى سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى 48.7% ئاۋازغا ۋە ئاۋام پالاتاسىدىكى 53.5% ئورۇنغا ئېرىشتى. كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن سول قانات سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 31% ئاۋازغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىن چىققان دې گاسپېرى يەنە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدا ئۇزاق مۇددەت تۇردى، بىراق ئۇ پارلامېنتتا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىق كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، ھۆكۈمەت موكىدەك ئالمىشىپ تۇردى. 1945 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە بولغان 15 يىلدا، 16 نۆۋەت ئىچكى كابىنېت تەشكىللەندى. كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى چوڭ بۇرژۇئازىيە، چوڭ پومېشچىك ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ۋاتىكان بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، ئامېرىكىغا مايىل سىياسەت يۈرگۈزەتتى. 1948 ـ يىلى ئىتالىيە بىلەن ئامېرىكا دوستلۇق، سودا، دېڭىز قاتنىشى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئىتالىيە مارشال پىلانىنى قوبۇل قىلدى، 1949 ـ يىلى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا كىردى.

ئىتالىيە ئۇرۇشنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، مىللىي بايلىقنىڭ تەخمىنەن1/9 ى زىيانغا ئۇچرىغانىدى. 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ئاران 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ 70% ىگە تەڭ بولۇپ، تاشقى سودىسى تامامەن ئۆكسۈپ قالدى. ئىتالىيە بارلىق مۇستەملىكىلىرىدىنمۇ قۇرۇق قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىتالىيە ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەچكە، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز

www.uyghurkitap.com

بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئامېرىكا ئىتالىيەگە جەمئىي 5 مىليارد 400 مىليون دوللار ياردەم بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە مارشال پىلانى دائىرىسىدىكى ياردەم 1 مىليارد 317 مىليون دوللار ئىدى، ئىتالىيە ھۆكۈمىتى دۆلەت پېيىنى ئىزگىنلىگەن شىركەت ۋە «دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا» شەكلىنى قوللىنىپ، دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 1950 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ھۆكۈمەت پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا ھەقلىق تەقسىملەپ بەردى. شۇ يىلى 15 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى (1950 — 1965 ـ يىللار) يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ جەنۇبنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى پەرقنى كىچىكلەتتى. بۇ تەدبىرلەر خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە ياردەم بەردى. ئىتالىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 1949 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يېتىپ، 1954 ـ يىلى 1939 ـ يىلدىكىدىن 30% ـ 40% ئېشىپ كەتتى.

**گېرمانىيە فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى** گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر گېرمانىيەنى رايونغا ئايرىپ ئىشغال قىلدى. 1945 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا يەرلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇردى. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە قوش ئىشغالىيىتىدىكى رايون قۇرۇلدى، ئارقىدىنلا بىرلەشمە ئىشتات پارلامېنتى ۋە مەمۇرىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، غەربىي گېرمانىيەدە دۆلەت قۇرۇشنىڭ تەييارلىق شەرتلىرى ھازىرلاندى. 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلار قوشۇۋېتىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غەربىي ئىشغالىيەت رايونى ئۆز ئالدىغا پۇل تۈزۈمى

ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، غەربىي گېرمانىيە ماركىنى تارقاتتى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غەربىي ئىشغالىيەت رايونى پارلامېنت كومىتېتى (ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى) بونندا يىغىن ئاچتى، يىغىنغا خرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قاتارلىق ئالتە پارتىيەنىڭ 65 ۋەكىلى قاتناشتى. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى نېگىزلىك قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلىپ، غەربىي ئىشغالىيەت رايونىدىكى 2/3 قىسىم ئىشتات پارلامېنتلىرى ۋە غەربتىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەربىي باشلىقلىرى تەستىقلىغاندىن كېيىن، 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قانۇن كۈچكە ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى غەربتىكى ئۈچ دۆلەت يەنە ئىشغالىيەت قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، ئىشغالىيەتچى دائىرىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىگەنىدى.

بونن نېگىزلىك قانۇنىدا: غەربىي گېرمانىيە فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت، پرېزىدېنت فېدېراتسىيە پالاتاسىدا بارلىق ئەزالار ۋە ئادەم سانى باراۋەر كېلىدىغان ھەرقايسى ئىشتات پارلامېنتىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. ئىچكى ئىشلار، ساقچى، ئەدلىيە، ئاممىۋى ساقلىق ساقلاش، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلارغا ھەرقايسى ئىشتاتلار ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. پرېزىدېنت ئەمەلىي ھوقۇقى يوق دۆلەت باشلىقى بولۇپ، مەمۇرىي ھوقۇق باش مىنىستىرى ۋە ئىچكى كابىنېتتا بولىدۇ. باش مىنىستىرنى پرېزىدېنت تەۋسىيە قىلىدۇ، فېدېراتسىيە پالاتاسى سايلايدۇ. پارلامېنت ئىككى پالاتادىن تەشكىل تاپىدۇ. فېدېراتسىيە پالاتاسى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم قايتىدىن سايلىنىدۇ، غەربىي بېرلىندا 22 نەپەر سىرتتىن قاتنىشىدىغان پالاتا ئەزاسى بولىدۇ. كېڭەش پالاتاسىنى ھەرقايسى ئىشتاتلار

ۋاستىلىك سايلايدۇ، غەربىي بېرلىندا تۆت تەرەپ سېرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك فېدېراتسىيە پالاتا سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى 139 ئورۇنغا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 131 ئورۇنغا، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى 52 ئورۇنغا، گېرمان پارتىيەسى 17 ئورۇنغا ئېرىشتى. خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە گېرمان پارتىيەسى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى كونراد ئادېناۋېر (1876 ـــ 1967 ـ يىللار) بىرىنچى نۆۋەتلىك باش مىنىستىر بولۇپ تاكى 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان دوكتور تېئودور ھېئۇس پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئالىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ ھەربىي ھۆكۈمەت ئورنىغا دەسسىتىلدى. 1955 ـ يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئىمزالىغان پارىژ كېلىشىمى كۈچكە ئىگە بولۇپ، گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى ئىشغال قىلىنىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتكە ئايلاندى ھەم شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا قاتناشتى.

فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادى ئۇرۇشتا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، زاۋۇتلارنىڭ تەخمىنەن 30% ـ 40% ى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى. ئۇرۇشتا ئادەم ئۆلگەن، يارىلانغان، بايلىق زىيانغا ئۇچرىغان، ئۆي، يېمەكلىك ۋە زۆرۈر بۇيۇملار كېمىيىپ كەتكەندىن تاشقىرى، گېرمانىيە يەنە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەت دېگەن خورلۇققا قالدى، دۆلەت پارچىلىنىپ، بەزى زاۋۇتلارنىڭ

ئۇسكۇنىلىرى چۇۋۇۋېتىلىپ، ماددىي ئەشيالار تۆلەم ھېسابىدا ئېلىپ كېتىلدى، خەلقنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى. ئادېناۋېر ھۆكۈمىتى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئېغىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئىقتىساد مىنىستىرى لۇدۋىگ ئېرخارد «ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى» نى يولغا قويۇپ، ئەركىن رىقابەتلىك بازار ئىگىلىكىدە چىڭ تۇرۇش، قانۇن تۈزۈپ ۋە تەدبىر قوللىنىپ رىقابەتنى قوغداش ئارقىلىق مۇقىم رىقابەت مۇھىتى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسى شەكىللەندۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت يەنە باج، مەبلەغ سېلىش، مالىيە، كىرىدىت، كىرىم تەقسىماتى قاتارلىق سىياسەتلەر ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ پائالىيىتىگە ئارىلىشىپ، «ئىقتىسادىي ئىنسانپەرۋەرلىك» نى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغان چاغدا، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ئىشغالىيەت رايونى ئىقتىساد ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان لۇدۋىگ ئېرخارد نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمىنى ۋە مال باھاسى، ئىش ھەققىگە بولغان تىزگىنلەشنى بىكار قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى. ئىككى خىل تەدبىرنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن بازارنىڭ نورمال فۇنكسىيەسى ئەسلىگە كېلىپ، يېڭى مارك بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ماددىي ئەشيالار ماگىزىنلارغا سېلىندى؛ نورمىلىق تەقسىملەش تۈزۈمى ۋە مال باھاسىغا بولغان تىزگىنلەشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن نورمال تەمىنلەش، تەلەپ پىرىنسىپى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساتقۇچىلار مالنىڭ قىممىتى ۋە قىسلىق دەرىجىسىگە قاراپ سېتىش باھاسىنى تەڭشىيەلەيدىغان بولدى. نەتىجىدە، سودىگەرلەر مال پۇلىغا يېڭى پۇل بېرىدىغان بولدى، غەربىي گېرمانىيە ماركىنىڭ ئىناۋىتىمۇ تىكلەندى. لۇدۋىگ ئېرخارد ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرىدىن پايدىلىنىپ ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ھەربىر كىشىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا

قۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۈرتكە بولغاچقا، شەخسلەر بازار باھاسى بويىچە ئەمگەك كۈچى ياكى مەھسۇلات ساتالايدىغان بولدى. بىراق، نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمى ۋە مال باھاسىغا بولغان تىزگىنلەش بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، يېمەكلىك ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. 1948 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رۇر رايونىدا بىر كۈن ئىش تاشلىنىپ، تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. لۇدۋىگ ئېرخارد تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، غەربتىكى قوشنا ئەللەرنىڭ يېمەكلىك ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرى كۆپلەپ ئىمپورت قىلىندى. ئۇ يەنە كىشىلەرنى ئەرزان باھالىق كىيىم - كېچەك، ئاياغ ۋە باشقا قىس تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. 1949 - يىلى ئەتىيازدا مال باھاسى چۈشۈشكە باشلىدى، غەربىي گېرمانىيە ماركىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىمۇ ئۆستى.

لۇدۋىگ ئېرخارد باج ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشنى ئالغا سىلجىتتى. ھۆكۈمەت سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسىنى تەقسىم قىلىۋەتمەي، يەنە مەبلەغ قىلىپ سالسا، باج ئېلىنمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. كارخانىچىلارنىڭ قىزغىنلىقى باجنى كەچۈرۈم قىلىش تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەسسىلەپ ئاشتى. 1953 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئۇلار رۇخردىكى چوڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنى قۇرۇش ئۈچۈن 2 مىليارد غەربىي گېرمانىيە ماركى مەبلەغ توپلىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 مىليارد 300 مىليون مارك باجسىز پايدىدىن كەلدى. باجنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى يەنە كېمىسازلىق ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىق سانائەتلەرگىمۇ تۈرتكە بولدى. بۇنن ھۆكۈمىتى شەخسلەرنىڭ ئۆي سېلىشىغا زور كۈچ بىلەن ئىلھام بەردى. ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق مەبلەغنىڭ 55% ىدىن كۆپرەكىنى باج كەچۈرۈم قىلىنغان

خۇسۇسـي ئامانـەت پۇل ۋە سېلـىنغـان مـەبلەغ ئـىگىلـىـدى، قالغىنىغا ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىـپ بەردى ياكى مـارشال پىلانـى تـۈرىـدىن ياردەم پـۇل ھـەل قىلـىـندى. ئـۆي قـۇرۇلـۇشـىنـىڭ كـۆپىيىـشـىگە ئـەگىـشـىپ ئۆي جاھازلـىرى، ئائىـلە ئېلـېكتـىر سايمانلىرى، تۇرۇبا، ئەينەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللـىرى قاتارلـىق سانائەتلەرمۇ تەرەققىي قىلدى.

2 ـ دۇنيا ئـۇرۇشـىدىن كـېيىنـكـى دەسلەپكى مەزگـىلـدە ئامېرىكا فېدېراتىپ گېرمانىيەنى زور كۈچ بىـلەن يۆلـىدى. 1951 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكا بەرگەن ياردەم 3 مىليارد 650 مىليون دوللارغا يەتـتى. لۇدۋىـگ ئېرخارد مـارشـال پىلانـى ياردىمـىنـى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ «قايتا گۈللىنىشىدىكى بىرىنچى ھـەل قىلغـۇچ كۈچ» دەپ ئاتـىدى. چاۋشيەن ئـۇرۇشى پارتـلـىغانـدىـن كېيـىـن، غەربتـىـكى ئـىـتـتىـپاقـداش دۆلەتـلـەر فـېدېـراتـىـپ گېـرمانىيـەنىڭ سانـائىتـىـگە بولغـان ئىزگـىنلەشنـى تەدرىجـىي ئەمـەلـدىـن قالـدۇردى. ئـەسلـىـدە پـولات ـ تۆمـۈر مـەھـسۇلات مـىقـدارىـنـىڭ 11 مـىـلـيون 100 مـىـڭ تـونـنـىـدىـن ئېـشـىـپ كەتمەسلـىكـىـنى بەلگـىلـەپ، ئوكـيان پاراخوتـلىرىـنـى ياساشنـى، ئاليومىن، بىرىكمە يېقىلغۇ، بـىرىكـمـە كاۋچۇك، ساقـىلـىق ئـوق قازان، ئېلـېكتـىـر ئۈسكۈنـىلىرى ۋە بـەزى خـىمـىـيەۋى سانائـەت مەھـسۇلاتلـىرى قاتارلـىق ئـىستـراتېگـىـيەلـىك مـەھسۇلاتـلارنـى ئىشلـەپچىقـىرىشنـى چەكلـىگەندى. 1952 ـ يـىلىغـا كەلگەنـدە فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا قويۇلغـان تـۈرلـۈك چەكلـىمىلـەر بـىكار قـىلـىنـدى. چـاۋشيەن ئـۇرۇشـى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ماشىنا، ئىستانوك، پاراخوت قاتارلىق ئېغىر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغـا ئىلھام بېرىپ، فـېدېراتـىـپ گېرمانىيە ئىقتىسـادىنىڭ ئـەسلىگـە كېلىشىگە پـۇختا ئاسـاس سـالدى. 1950 ـ يىلـى فېدېـراتـىپ گېـرمـانىيـەنـىڭ سانـائـەت ئىشلەپچـىقىرىشى ئەسلـىگە كـېلـىپ 2 ـ دۇنـيـا ئۇرۇشـىدىـن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتتى، يېزا ئىگىلىك ئىشـلەپچـىقىرىشـى 2 ـ

www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەدىن 2% ئېشىپ كەتتى. 1951 ـ يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا كىرىم ـ چىقىم سوممىسى مۇقىملىشىپ، ئېشىندى قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن فېدېراتىپ گېرمانىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. پۈتكۈل 50 ـ يىللاردا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يىلىغا ئوتتۇرىچە 9.2% ئېشىپ كېتىپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيەدىن ئېشىپ، ياپونىيەدىنلا كېيىن تۇردى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2.1 ھەسسە ئېشىپ، تاۋار ئېكسپورت سوممىسى دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

## 4 ـ بۆلۈم ياپونىيەنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى ۋە ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كاپالىتى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى

ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىش سىياسىتى ۋە ياپونىيەنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قاھىرە خىتابنامىسى، يالتا كېلىشىمى ۋە پوتسدام ئېلانى ئارقىلىق ياپونىيەگە قارىتىلغان ئاساسىي پرىنسىپنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پوتسدام ئېلانىدىكى بەلگىلىمىلەر ئەڭ ئېنىق ۋە كونكرېت بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىلىتارىزم يوقىتىلىپ، ياپونىيە قورالسىزلاندۇرۇلدى، ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى سوتلىنىپ ياپونىيەنىڭ خەلق دېموكراتىيەسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق توساقلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى، ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خونشۇ، خوككايدو، كيۇ، شىكوكۇ ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بەلگىلىگەن باشقا ئۇششاق ئاراللار بىلەنلا چەكلەندى، تىنچلىق يولىدىكى

سانائىتى تەرەققىي قىلدى، ۋەھاكازا.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىتتىپاقداش ئارمىيە نامىدىن ياپونىيەگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى ماك ئارتۇر ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئالىي قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. 1945 - يىلى 12 - ئايدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر يىراق شەرق كومىتېتى ياپونىيەنى ئىشغال قىلىشتىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچى ئاپپارات بولۇش سۈپىتىدە شەكىل جەھەتتىن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالىي باش قوماندانىدىن يۇقىرى تۇرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قارارلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئىشغالىيەتچى ئارمىيە باش ئىشتابى ئارقىلىق ئىجرا قىلىناتتى. توكيودا تەسىس قىلىنغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەنى باشقۇرۇش كومىتېتىمۇ نامدا بار، ئەمەلدە يوق ئاپپارات بولۇپ، پەقەت ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالىي باش قوماندانىنىڭ مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئالىي باش قوماندان ماك ئارتۇرنىڭ قارارى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىش، باشقۇرۇش ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشى توغرىسىدىكى ئاساسىي يولیورۇق» دېگەن نام بىلەن ئامېرىكىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياپونىيەگە قاراتقان سىياسىتىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: بىرىنچى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى

ئىشغال قىلىشتىكى ئاخىرقى نىشانى ياپونىيەنى ئامېرىكىغا تەھدىت سالالمايدىغان ياكى دۇنيا تىنچلىقى ھەم خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئاخىردا تىنچلىقپەرۋەر ۋە مەسئۇلىيەتچان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش؛ ئىككىنچى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىش مەسىلىسىدىكى ئالىي باش قوماندانلىق ئورنىنى تەكىتلەش، ناۋادا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرسە، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش؛ ئۈچىنچى، ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى قوللىنىش، ئالىي باش قوماندان تېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياپونىيە ھۆكۈمەت ئاپپاراتىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش؛ تۆتىنچى، ياپونىيەنىڭ دېموكراتىيەلىشىشى، مىلىتارىزمسىزلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاپ، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيەنى تەشەببۇس قىلىپ ھەم ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ، تىنچلىق يولىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. بۇ ھۆججەتتە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئۆز ئالدىغا تىزگىنلەپ ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ياپونىيەنى ئۆزىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالى قىلىۋالماقچى ئىكەنلىكى ئىپادىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆججەتتە يەنە ياپونىيە مىلىتارىزمىدىكى فاشىستىك كۈچلەرنى يىلتىزىدىن يوقىتىپ، دېموكراتىيەلىشىش ۋە مىلىتارىزمسىزلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەكىتلەندى، بۇ نۇقتا پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، فاشىزم ۋە مىلىتارىزمغا قارشى تۇرۇشتەك ئىلغارلىققا ئىگە.

يۇقىرىقى فاكىتلارغا ئاساسەن، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە باش ئىشتابى ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە: «سىياسىي، ئاھالە، دىن قاتارلىق جەھەتلەردە ئەركىنلىككە قويۇلىدىغان چەكلىمىنى بىكار قىلىش» ھەققىدە بۇيرۇق

چۈشۈردى. 11 ـ كۈنى يەنە ئايالللارغا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى بېرىش، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش، مائارىپنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، مۇستەبىت سىياسىيىنى بىكار قىلىش، ئىقتىسادنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك چوڭ ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تەرتىپكە سېلىش، تازىلاش كۆرسەتمىسى ئېلان قىلىنىپ، مىلىتارىزم، دۆلەتچىلىك پارتىيەسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى ھەم ئارمىيەدىكى كەسپىي ئوفىتسېرلارنىڭ ۋەزىپىسى بىكار قىلىنىغانلىقى جاكارلاندى. 210 مىڭ ئادەم تەرتىپكە سېلىش، تازىلاشتىن ئۆتكۈزۈلدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يىراق شەرق خەلقئارا ھەربىي سوتى ئاساسلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوتلاشقا باشلىدى. 1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا توجو خېدىكى قاتارلىق يەتتە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى، ئاراكى سادائو قاتارلىق 16 كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مامورۇ شىگېمىتسۇ قاتارلىق ئىككى كىشىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

ياپونىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دېموكراتىيە ھەرىكىتى ۋە ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىجارىگە ئالغان يەرنى تارتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ھەرقايسى ئېقىمدىكى سىياسىي كۈچلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىيە تەشكىللىدى. 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لىبېراللىستلار پارتىيەسى بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىك پارتىيەسى (كېيىن دېموكراتلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتىلدى) ھەم سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ ئاشكارا پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى ھەمدە 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئاۋام پالاتا سايلىمىدا

ئالته ئورۇنغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىدىخارا ئىچكى كابىنېتىدىن كېيىن، لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى يوشىدا شىگېرۇ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى يولغا قويغان دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ئىچىدە، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مالىيە ماگناتلىرىنى تارقىتىۋېتىش ۋە تېرىلغۇ يەر ئىسلاھاتى ئەڭ مۇھىم ئۈچ قېتىملىق ئىسلاھات ھېسابلىنىدۇ.

1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە باش ئىشتابى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە باشلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا يېڭى ئاساسىي قانۇن ياپونىيە دۆلەت مەجلىسىدە ماقۇللاندى ھەمدە 1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كۈچكە ئىگە بولدى. يېڭى ئاساسىي قانۇندا: «ئىگىلىك ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ»، تېننونىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بىكار قىلىنىپ، پەقەت ياپونىيەنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ ياپونىيە پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دۆلەت، ئىچكى كابىنېت پارلامېنت ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ، مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىچكى كابىنېت يۈرگۈزىدۇ؛ خەلقنىڭ ئاساسىي پۇقرالىق ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ دۆلەت ئۇرۇشقا دائىر سىياسەتلەرنى مەڭگۈ چىقارمايدۇ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەسى ۋە باشقا قوراللىق كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى مېيجى يېڭىلىقىدىن كېيىن تۇرغۇزۇلغان قويۇق مۇستەبىتلىك تۈسكە ئىگە يېقىنقى زامان تېننولۇق تۈزۈمىنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك تېننولۇق تۈزۈمگە، يەنى بۇرژۇئا پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ياپونىيە سىياسىي تۈزۈمىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىساد-

نىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ياپونىيە مالىيە ماگناتلىرى جەمەتىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، فېئوداللىق ۋە بېكىنمىلىك تۇسىگە ئىگە ئىدى. مالىيە ماگنات جەمەتلىرى باش شىركەت ۋە ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ نۇرغۇن پاي ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، جەمەت ئەزالىرىنى ھەرقايسى شىركەتلەردىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويىتتى ھەمدە ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى شىركەتلەردىكى مۇھىم تارماقلارنى ئىزگىنلەشكە ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن باش شىركەت چوققا بولغان، نۇرغۇن يېقىن تۇغقان، شىرەم تۇغقان ۋە بالا شىركەت، نەۋرە شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «پىرامىداسىمان» جەمەت ھۆكۈمرانلىقى شەكىللىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ «مالىيە ماگناتلىرىنى تارقىتىۋېتىش» تىكى تۈنجى باسقۇچلۇق تەدبىرى مىتسۇئى باش شىركىتى ۋە مىتسۇبىشى باش شىركىتى قاتارلىق 83 شىركەتنى پاي ئىگىلىگۈچى شىركەت، مىتسۇئى، مىتسۇبىشى، ياسۇدا سۇمىتومو قاتارلىق 10 چوڭ مالىيە ماگناتىدىكى 56 كىشىنى مالىيە ماگنات جەمەتى، بۇ مالىيە ماگناتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 625 شىركەتنى «چەكلىنىدىغان شىركەت» دەپ كۆرسىتىپ، يۇقىرىقىلارنىڭ قولىدىكى پاي چەكلىرىنى پاي ئىگىلىگۈچى شىركەت تەرتىپكە سېلىش ھەيئىتىنىڭ ئاشكارا سېتىشىغا تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئاندىن پاي ئىگىلىگۈچى شىركەتنى تارقىتىۋېتىپ، مالىيە ماگنات جەمەتلىرى ۋە مالىيە ماگنات شىركەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى بىردەك ئىستېپا بېرىشكە بۇيرۇدى. ئىككىنچى باسقۇچتا «شەخسلەرنىڭ مونوپول قىلىشىنى چەكلەش قانۇنى» ۋە «ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ زىيادە مەركەزلىشىپ كېتىشىنى توسۇش قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىپ، تارقىتىۋېتىلگەن مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قايتا تىرىلىشىدىن ساقلاندى.

مالىيە ماگناتلىرىنى تارقىتىۋېتىش بىر يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى، بۇ ئارىلىقتا تارقىتىۋېتىلگەن ئاساسلىق مالىيە ماگناتلىرىنىڭ ئىگىلىكى پارچىلاندى، ئۇلار تاپشۇرغان 7 مىليارد 500 مىليون ياپونىيە يىنىدىن ئارتۇق پاي چېكىمۇ سېتىۋېتىلدى، مالىيە ماگنات جەمەتىنىڭ ئەزالىرى بىردەك ۋەزىپىلىرىدىن بوشىتىلدى. بىراق، مالىيە ماگناتلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارقىتىۋەتكىلى بولمىدى، مەسىلەن، تارقىتىۋېتىشكە بەلگىلەنگەن پاي ئىگىلىگەن 83 شىركەتتىن ئاران 28 ى تارقىتىۋېتىلدى. ئەسلىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش بەلگىلەنگەن 325 مالىيە ماگنات شىركىتىدىن ئەمەلىيەتتە پەقەت 11 ىلا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. شۇنداق بولسىمۇ مالىيە ماگنات باش شىركەتلىرىنى تارقىتىۋېتىش ئارقىلىق مالىيە ماگنات جەمەتىنىڭ كارخانىلارغا بولغان تىزگىنلىشى تۈگىتىلىپ، فېئوداللىق «پىرامىداسىمان» تىجارەت تۈزۈلمىسى يىمىرىلدى، مالىيە ماگناتلىرىنىڭ فېئوداللىق ۋە بېكىنمىلىك تۈسىمۇ تۈگىتىلدى. مالىيە ماگنات جەمەتى بىلەن شىركىتىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلغان شىركەتلەر كارخانا باشقۇرۇشتا خېلى چوڭ مۇستەقىللىق ۋە جانلىقلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تېخنىكا يېڭىلاش تەرەققىياتى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزۈكسىز ئۆزگىرىشىگە تېزلىكتە ماسلاشتى. يەنە كېلىپ ئەمەلىي تەجرىبىگە ۋە مول ئىجادكارلىققا ئىگە بىر تۈركۈم ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلىرى مالىيە ماگنات جەمەتى ئەزالىرىنىڭ ئورنىدا كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققانلىقتىن، كارخانىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشىلاندى ۋە كۈچەيدى. قىسقىسى، ياپونىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ بۇ قېتىملىق ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە كارخانا باشقۇرۇشنىڭ زامانىۋىلىشىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە

ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

تېرىلغۇ يەر ئىسلاھاتى 1947 - يىلى باشلاندى. ئاساسلىق مەزمۇنى: پومېشچىكلار ئىجارە بەرگەن يەرنىڭ بىر تىڭبۇدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ھۆكۈمەت مەجبۇرىي سېتىۋېلىش ھەم «تېرىلغۇ يەر ھەيئىتى» (ئىككى پومېشچىك، ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيدىغان ئىككى دېھقان، بەش ئىجارىكەش دېھقاندىن تەشكىللەنگەن) ئارقىلىق يەرسىز دېھقانلارغا سېتىپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىلگەن قالغان يەرلەردىن ئېلىنىدىغان يەر ئىجارە نىسبىتى سۇلۇق ئېتىزلارنىڭ 25% تىن، بىنەم يەرنىڭ 15% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ئىسلاھات 1949 - يىلى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. بۇ ئارىلىقتا 1 مىليون 930 مىڭ تىڭبۇ (ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى بارلىق ئىجارە بېرىلگەن يەرنىڭ 8% ىگە توغرا كېلىدۇ) يەر سېتىۋېلىندى، يەر سېتىۋالغان دېھقان ئائىلىلىرى 4 مىليون 740 مىڭ ئائىلە (تەخمىنەن دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 80% ىگە تەڭ)گە يەتتى. نەتىجىدە يېزىلاردىكى يەرنىڭ 90% ى دېھقانلار ئۆزى تېرىيدىغان يەرگە ئايلاندى، 90% كە يېقىن دېھقان ئائىلىلىرى ئۆز يېرىنى تېرىيدىغان دېھقان ياكى يېرىم ئۆز يېرىنى تېرىيدىغان دېھقان بولۇپ قالدى، ئىجارىكەشلىك مۇناسىۋىتى ئاساسەن يىمىرىلىپ، تەييارتاپ پومېشچىكلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلار يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى دەسسىتىلدى.

تېرىلغۇ يەر ئىسلاھاتى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ تاغلاردىكى ئورمانلىق ۋە داللاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان پومېشچىكلار يەر ئىگىدارلىقى تۈزۈمىگە ئاساسەن چېقىلمىدى. بىراق، ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك سانائەت بىلەن تەييارتاپ پومېشچىكلار يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمى ئاستىدىكى قالاق يېزا ئىگىلىكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرىدىغان بىنورمال ھالەت ئۆزگەرتىلدى، پەۋقۇلئاددە قۇرۇلما، يەنى فېئوداللىق ئاملى ئىنتايىن قويۇق بولغان ياپونىيە كاپىتالىزمى ئۆزگەرتىلدى. تېرىلغۇ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تەييارتاپ پومېشچىكلار يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئېشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى ياخشىلىنىپ، تاۋارلارنىڭ بازىرى چىقىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى ھەم يېزا ئىگىلىك تاۋار ئىقتىسادى روناق تاپتى. بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سېلىپلا قالماي، بەلكى كاپىتالىستىك سانائەتنى زور بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولغان تېرىلغۇ يەر ئىسلاھاتى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھەل قىلغۇچ شەرت ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تېرىلغۇ يەر ئىسلاھاتى ۋە مالىيە ماگناتلىرىنى تارقىتىۋېتىش قاتارلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتلار پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىسلاھاتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مېيجى يېڭىلىقىدىن كېيىن سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلەردە قېلىپ قالغان فېئوداللىق ئامىللارنى تۈگىتىپ، مېيجى يېڭىلىقىدىن ئىبارەت ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغان بۇ بىر مەيدان بۇرژۇئا ئىنقىلابى قالدۇرۇپ كەتكەن بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات مېيجى يېڭىلىقىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مېيجى يېڭىلىقىدىن

بۇيانقى ياپونىيەنىڭ يېقىنقى زامانلىشىش تارىخىي مۇساپىسىنى تاماملىدى، ئۇ ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. دېمەك، دېموكراتىك ئىسلاھات ياپونىيەنى ھەربىي فېئوداللىق جاھانگىر دۆلەتتىن بۇرژۇئا دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان پۈتلىكاشاڭنى چۆرۈپ تاشلاپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىك ئىسلاھات 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

**سان فرانسىسكو سۈلھى كېلىشىمى ۋە ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كاپالىتى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى** 1948 ـ يىلىدىن تارتىپ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئىشغال قىلىش مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا، يەنى ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىغا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تىكلىنىشىگە، بولۇپمۇ جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بارغان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قەدەممۇ قەدەم غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نۇقتىسى جۇڭگودىن ياپونىيەگە يۆتكەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە قارىتىلغان سىياسىتىمۇ ئۆزگىرىپ، ياپونىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇشتىن ياپونىيەنى يۆلەشكە ئۆتتى. دېمەك، ياپونىيەنىڭ ئىگىلىكىنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىپ، ياپونىيەنى «يىراق شەرقتىكى ھەربىي قورال ـ ياراغ زاۋۇتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى كومپارتىيەگە قارشى بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى.

1948 ـ يىلىدىن كېيىن ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى پائال قوللاپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇپ، كوممۇنىستلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. 1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاشىدا خىتوشى باشچىلىقىدىكى

دېموكراتلار پارتىيەسى بىرلەشمە ئىچكى كابىنېتى ماك ئارتورنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «201 ـ نومۇرلۇق پەرمان» نى ئېلان قىلىپ دۆلەت ئورگىنى، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئىش تاشلاش ھوقۇقى ۋە كوللېكتىپ كېلىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يوشىدا ئىچكى كابىنېتى يەنە ئىتتىپاقداش ئارمىيە باش ئىشتابىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «كوللېكتىپ تەشكىلات قائىدىلىرى توغرىسىدا پەرمان» نى ئېلان قىلىپ «زوراۋانلىق شەكىللىرىگە ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنى قوللىغان» كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى باستۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماك ئارتۇر ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قانۇنسىز، دەپ جاكارلىدى. 7 ـ ئايدا ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە قارىتا «تەرتىپكە سېلىش، تازىلاش» ئېلىپ بېرىلىپ، رادىيو، ئاخبارات ساھەسىدىكى ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى تازىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتتىپاقداش ئارمىيە باش ئىشتابى تۈرمىگە قامالغان 1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قويۇپ بېرىپ مىلىتارىزمچىلارغا بولغان تازىلاشنى بىكار قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، 1951 ـ يىلى 8 ـ ئايغا قەدەر تازىلاشتىن ئۆتكۈزۈلگەن مىلىتارىزمچىلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بالدۇرراق ئۆزىنى قامدىشى ئۈچۈن 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ توققۇز پىرىنسىپى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇمىي خامچوت تەڭپۇڭلۇقى، باج ئېلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئىش ھەققىنى توڭگىتىش ئاساس قىلىنغان پۇل قىسلىقى سىياسىتىنى كۈچەپ يولغا قويدى. شۇڭا، 1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دېترويت بانكىسىنىڭ باش مۇدىرى دوجنى ئەلچى سۈپىتىدە ياپونىيەگە ئەۋەتىپ، ياپونىيە ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش، 1949 ـ

يىللىق ھۆكۈمەت خامچوتىنى تۈزۈشكە مەسئۇل قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي شوپنى ياپونىيەگە ئەۋەتىپ، ياپونىيەنىڭ باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ماللارنىڭ بازىرى كاساتلىشىش، ئوتتۇرا، ئۇششاق كارخانىلار ۋەيران بولۇش ۋە ئىشسىزلار تېزلىكتە كۆپىيىپ كېتىشتەك پاسسىپ ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق يىل - يىللاپ زور سوممىلىق قىزىل رەقەمدىن قۇتۇلالمايۋاتقان ياپونىيە مالىيە خامچوتىدا 1949 - يىلىدىن تارتىپ قارا رەقەم كۆرۈلۈپ، يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقى ئاساسەن تۈگىتىلدى. ياپونىيە ئىقتىسادى شۇنىڭدىن باشلاپ مۇقىملىشىش ۋە ئەسلىگە كېلىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

ئامېرىكا بولسا ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇقىملىشىپ قالغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1951 - يىلى 9 - ئايدا سان فرانسىسكودا 52 دۆلەت قاتناشقان ياپونىيەگە قارىتىلغان سۈلھى كېڭىشىنى چاقىردى. جۇڭگو، چاۋشيەن ۋە ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت قاتناشتۇرۇلمىدى، ھىندىستان بىلەن بىرما قاتنىشىشنى رەت قىلدى. يىغىندا بىر تەرەپلىمە «سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە ۋە پولشادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى.

«سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا يەنە «ياپونىيە - ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كاپالىتى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەرتنامىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ يەنە «ياپونىيە - ئامېرىكا مەمۇرىي كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. خەۋپسىزلىك كاپالىتى شەرتنامىسى ۋە مەمۇرىي كېلىشىمدە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ياپونىيە تېررىتورىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا تۇرۇشتا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، ياپونىيەدە

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يىراق شەرقنىڭ «تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكى» نى «ساقلىسا» بولىدىغانلىقى، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ياپونىيەدىكى «ئىچكى قالايمىقانچىلىق» نى باستۇرۇشقا قوشۇن چىقارسا بولىدىغانلىقى، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىنى ھەربىي بازا بىلەن شەرتسىز تەمىنلىشى كېرەكلىكى، ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بازا ئىچى ـ سىرتىدا ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى قانۇنلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار بەلگىلەندى. 1952 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسى»، «ياپونىيە ـ ئامېرىكا مەمۇرىي كېلىشىمى» تەڭلا كۈچكە ئىگە بولدى. ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى ئاشكارا ئىشغال قىلىشىغا خاتىمە بېرىلىپ ياپونىيەنى يېرىم ئىشغال قىلىش دەۋرى باشلاندى. بۇنداق يېرىم مۇستەقىل، يېرىم ئىشغالىيەت تۈزۈلمىسى ئاتالمىش «سان فرانسىسكو تۈزۈلمىسى» نىڭ نەق ئۆزىدۇر.

ئۈچىنچى باب

# ياۋروپا، ئاسىيادا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## 1 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قاتتىق سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارمىيەسى فاشىستلارنى مەغلۇپ قىلىشتىكى ئاساسىي كۈچىنىڭ بىرى بولۇپ، 11 مىليون 360 مىڭ ئەسكىرى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئايروپىلانى ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق تانكىسى غەربتە گېرمانىيەنىڭ بېرلىندىن تارتىپ شەرقتە چاۋشيەننىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرۇۋاتقاچقا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان تەھدىت كۈچى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان سىياسىي چوڭ دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى مۇھىم خەلقئارا مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادا 1 ـ قاتاردا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلاتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك

مۇشەققەتلىك ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. ئۇرۇشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلتۈرگەن زىيىنى غەربنىڭ زىيىنىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەخمىنەن 30 مىليون ئارمىيە ـ خەلقى هاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ سان ئامېرىكىنىڭ ئادەم كۈچى جەھەتتىكى زىيىنىنىڭ 100 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ماددىي بايلىق جەھەتتىكى زىيىنى كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ. ئۇرۇشتا 1700 دىن ئارتۇق شەھەر ۋە 70 مىڭدىن ئارتۇق كەنت تالان ـ تاراجغا ئۇچرىدى، 30 مىڭدىن ئارتۇق زاۋۇت ۋە 90 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ۋەيران قىلىندى، ئومۇمىي زىيان 679 مىليارد رۇبلىغا يېتىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1/4 ىگە توغرا كەلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نەچچە 10 مىليون ئاھالە ئۆي ـ ماكانسىز قالدى. كىشىلەرنىڭ كۈن كەچۈرۈشى بەكلا تەسلىشىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە قاتتىق تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بەزى بۇرژۇئازلار غەربنىڭ ياردىمى بولمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىكى تەس، دەپ قارىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتى ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، 1943 ـ يىلىلا بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەتتە يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى غەربنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، بەلكى زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا دۇچ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا ستالىن يېڭى ئۇرۇش تەھدىتىنى پەۋقۇلئاددە تەكىتلەپ، يۇقىرى مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى داۋاملىق قوللىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە

تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قارار قىلىپ، ئېغىر سانائەت ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يەنىلا بىرىنچى ئورۇنغا قويدى.

1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى 4 ـ بەش يىللىق پىلان (1945 ـــ 1950 ـ يىللار) نى ماقۇللىدى. پىلاننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلىرىنى يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، ئاندىن بۇ سەۋىيەدىن زور دەرىجىدە ھالقىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بەش يىللىق پىلاننىڭ يېتەكچىلىكىدە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، بەش يىللىق پىلاننى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلىدى. 1950 ـ يىلغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىي 6200 چوڭ كارخانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە يېڭىباشتىن قۇرۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1940 ـ يىلدىكىدىن 73% ئاشۇردى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى. 1946 ـ يىلى ئاتوم ئېنېرگىيە رېئاكتورىنى قۇرۇپ چىقتى. 1949 ـ يىلى تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىپ، ئامېرىكىنىڭ يادرو مونوپولىنى بۇزۇپ تاشلىدى. يېنىك سانائەتنىڭ ئېشىشى ئېغىر سانائەتكە قارىغاندا خېلىلا ئاستا بولدى. 1950 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مەھسۇلات قىممىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. ئەمما، يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئاران 22% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك سانائىتى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يېتەلمىدى. يېزىلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كولخوز تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارار ماقۇللاپ، ئىدارە ـ ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭ يېزىلاردىكى ئىگىلىۋالغان يەر ۋە مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش ۋە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى تەقىدلەندى. 1950 ـ يىلى ئۇششاق كولخوزلارنى قوشۇپ چوڭ كولخوز قىلىش قارارى چىقىرىلدى. ئوكرائىنادا 33 مىڭ كولخوز قوشۇپ 19 مىڭ چوڭ كولخوز قىلىندى. بۇ تەدبىرلەردىن كۆزلىگەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىنمىدى. 1950 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1940 ـ يىلىدىكىنىڭ 99% ىگە توغرا كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە كېۋەز، قىزىلچا ۋە گۆش مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدىن ئاشتى. بىراق، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى پەقەت 81 مىليون 200 مىڭ توننا بولۇپ، 1940 ـ يىلىدىكى 95 مىليون 600 مىڭ توننىدىن 14 مىليون 400 مىڭ توننا ئازىيىپ كەتتى، پىلاندىكى 127 مىليون توننىدىن 45 مىليون 800 مىڭ توننا كەم قالدى.

4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەت كۆندىلىك بۇيۇملارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنى ئۈچ قېتىم تۆۋەنلەتتى. دۆلەت شەھەر ۋە ئىشچىلار كەنتلىرىدە كۆلىمى 100 مىليون كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق تۇرالغۇ ئۆي سالدى. ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆسۈپ، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 1940 ـ يىلىدىكى 810 مىڭدىن 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 240 مىڭغا كۆپەيدى.

شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ئەۋج ئېلىشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى جىددىي ھالەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، نورمال سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە

كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي سوۋېت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 3 ـ ئايدا خەلق كومىتېتى مىنىستىرلار سوۋېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ستالىن مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى بولدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ستالىنغا چوقۇنۇش ئەۋجگە چىقىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى نورمال بولماي قالدى. 1945 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە «لېنىنگراد دېلوسى» يۈز بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوز نېسېنسىرېكىي، لېنىنگرادنى قوغدىغان رەھبەر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى كۇزنېتسوف قاتارلىقلار مەخپىي قولغا ئېلىنىپ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇرۇلغان يەھۇدىيلار فاشىزمغا قارشى كومىتېتىغا دۈشمەن بىلەن ئالاقىدە بولغان دەپ بوھتان چاپلىنىپ، ئەزالىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قولغا ئېلىندى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دېپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لوزوۋسكىي قاتارلىقلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. 1953 ـ يىلى كرېمىل سارىيىدىكى بەزى داڭلىق دوختۇرلار قولغا ئېلىندى. ئۇلار قىلچە ئاساسسىزلا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە داۋالاش ۋاستىسى ئارقىلىق قەست قىلىشقا ئۇرۇنغان دەپ ئەيىبلەندى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئىلگىرى ـ كېيىن 5 مىليون ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ تۇرتكىسىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت

سېكرېتارى ژدانوف 1946 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە ئىدېئولوگىيە مەسىلىسىگە ئائىت بىر قاتار نۇتۇقلارنى ئېلان قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىدىيەۋى تەنقىد ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كوسموپولىتىزم (جاھانچىلىق) ۋە چەت ئەلگە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇلدى. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «‹يۇلتۇز› ۋە ‹لېنىنگراد› دېگەن ئىككى ژۇرنال توغرىسىدا»، «دىراما تىزىملىكى ۋە ئۇرلانى ياخشىلاش چارىسى توغرىسىدا» دېگەن ئىككى قارارنى ماقۇللاپ، ژۇرناللارغا سوتسىيالىزمنى سۇندۇرىدىغان ۋە ئېستېتىزملىق (گۈزەلچىلىك)، دېكادېنتلىق (چۈشكۈنلۈك) تۈسىنى ئالغان ئەسەرلەرنى بېسىشنى تەنقىدلىدى، تىياتىرخانىلاردا چەت ئەلنىڭ بەزى پەسكەش سېنارىيەلىرىنى سەھنىگە ئاچىقىشنى تەنقىدلىدى. 1948 ـ يىلى كومپوزىتور شوستاكوۋىچ، پروكوفىيېفلار «شەكىلۋازلىقنى ئەۋجىگە چىقىرىپ، دېموكراتىيەگە قارشى چىققان» ئاتامانلار دەپ ئەيىبلەندى. ئۇزاق ئۆتمەي تەنقىدچىلىك ھەرىكىتى تىلشۇناسلىق، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە بىيولوگىيە ساھەلىرىگە كېڭەيدى. ھەرىكەتتە بەزى ئىدىيەلەرگە ئادىل باھا بېرىلمەي، نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر سىياسىي مەسىلە سۈپىتىدە تەنقىدلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر تۈركۈم كىنو، تىياتىرلارنى قويۇش چەكلەندى، بىر تۈركۈم ژۇرناللار پېچەتلەندى، مىڭلىغان كىشىلەر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، يەنە بەزىلەر قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيەنىڭ ئالىي ئورگىنى — قۇرۇلتاي ئون نەچچە يىلغىچە ئۆتكۈزۈلمىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى ھەر تۆت ئايدا بىر ئېچىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 8 ـ

ئايغىچە بىر قېتىممۇ ئېچىلمىدى. نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەر ستالىننىڭ داچىسىدىكى كەچلىك زىياپەتتىلا قارار قىلىنىدى. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسىنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى مالېنكوف مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە دوكلاتى بەردى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يەنە بىر سېكرېتارى خرۇششېف پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي 5 ـ بەش يىللىق پىلان (1951 — 1955 ـ يىللار) توغرىسىدىكى يوليورۇقنى تەستىقلىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى دەپلا ئاتاشنى قارار قىلدى. قۇرۇلتايدا پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بىيۇروكراتلىق، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەر پاش قىلىندى، بىراق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىنورمال ھادىسىلەر تىلغا ئېلىنمىدى.

## 2 ـ بۆلۈم شەرقىي ياۋروپادا خەلق دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات

شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى گېرمانىيە، ئىتالىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەلىرى ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى ئەكسىيەتچىلەرگە زەربە بەردى، ئۇلارنىڭ دېموكراتىك كۈچى ئۈزۈكسىز زورايدى. 1944 ـ، 1945 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسى فاشىستلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ،

www.uyghurkitap.com

شەرقىي ياۋروپاغا كىردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيە، چېخوسلوۋاكىيە، پولشا، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق سەككىز دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئالبانىيەنىڭ ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىككى دۆلەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە فاشىزمغا قارشى كۆرەشتىكى بىردىنبىر رەھبەرلىك كۈچ ئىدى. 1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گېرمانىيە ئارمىيەسى يۇگوسلاۋىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. پادىشاھ پېتىر II بىلەن ھۆكۈمەت چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. تىتو (1892 ـــ 1980 ـ يىللار) ۋە يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاجاۋۇزچىلارغا قورallىق زەربە بەردى. كۈرەش داۋامىدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى ۋە پارتىزانلىق رايونى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيەنىڭ فاشىزمغا قارشى يىغىنى يايايتسېدا ئېچىلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. تىتو خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە خەلق ئارمىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە مۇرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، پايتەخت بېلگرادنى ئازاد قىلدى. ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ۋېنگرىيەگە كىرىپ، يۇگوسلاۋىيە تۇپرىقىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى. يۇگوسلاۋىيە خەلق ئارمىيەسى دۆلەت ئىچىدە داۋاملىق جەڭ قىلىپ، 1945 ـ يىلى 800 مىڭ كىشىلىك قوراللىق كۈچكە ئايلاندى. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەرنىڭ يالتادىكى كېلىشىمىگە ئاساسەن، يۇگوسلاۋىيە 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېڭى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى،

بۇنىڭغا سەرگەردان ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋەكىلى قاتناشتى. 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق فىرونتى غەلىبە قىلىپ، %90.48 سايلام بېلىتىنى قولغا كەلتۈردى. 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېڭى خەلق پارلامېنتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، پادشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتىپ خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. تىتو مىنىستىرلار مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

ئالبانىيە 1939 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىتالىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، پادشاھ زوگۇ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 1941 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالبانىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، كوممۇنىستىك پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىتالىيەگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىتالىيە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيەسى ئالبانىيەگە كىردى. ئالبانىيە خەلقى يېڭى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تېخىمۇ كەسكىن كۈرەش قىلدى. 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فېرمېتتا فاشىزمغا قارشى مىللىي ئازادلىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، فاشىزمغا قارشى مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. 10 ـ ئايدا ۋاقىتلىق دېموكراتىك ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلدى. 1944 ـ يىلى كۈزدە ئالبانىيە مىللىي ئازادلىق ئارمىيەسى تەرەققىي قىلىپ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئايلاندى، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پايتەخت تىرانانى ئازاد قىلدى، 29 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلدى. 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشى سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق فىرونتى %93.13 سايلام بېلىتىنى قولغا كەلتۈردى. 1946 ـ

يىلى 1 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئالبانىيەنى خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ جاكارلىدى، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى ئەنۋەر خوجا (1908 ــ 1985 ـ يىللار) مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولدى.

پولشا ۋە چېخوسلوۋاكىيەدە بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچى بىرقەدەر زور بولغاچقا، كوممۇنىستلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە قوللىشى ئارقىسىدا خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى قۇردى. پولشا 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن بۇرژۇئا ھۆكۈمىتى لوندوندا سەرگەردان بولۇپ، غەرب ئەللىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سەرگەردان ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قوراللىق كۈچى بولۇپ، بىر قىسمى غەربىي سەپتە ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى بىلەن بىللە جەڭ قىلدى، يەنە بىر قىسمى دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت ئارمىيەسى ئىدى. كوممۇنىستلار 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋارشاۋادا پولشا ئىشچىلار پارتىيەسىنى مەخپىي قۇردى. ئۇلار خەلق ئارمىيەسى تەشكىللەپ، گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى، فاشىزمغا قارشى مىللىي فرونت قۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پولشا مۇھاجىرلىرى پولشا 1 ـ دېۋىزىيەسىنى تەشكىللەپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن بىللە مۇرنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. بۇلاردىن سىرت، پولشا دېھقانلار پارتىيەسى يەنە ئۆز ئالدىغا دېھقانلار يىغى تەشكىللىدى. شۇنداق قىلىپ پولشا خەلقى ئوخشىمىغان پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە فاشىزمغا قارشى كۆپلىگەن قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللىدى، قوشۇندىكى ئومۇمىي ئادەم سانى 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. 1944 ـ يىلى يازدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى پولشاغا بېسىپ كىردى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئازاد بولغان لۇبېلىندا پولشا مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلىپ،

شۇھامانلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەر لۇبلىن ھۆكۈمىتى بىلەن سەرگەردان ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە كېڭىشىشكە كىرىشتى. ئاخىردا يالتا يىغىنىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، پولشا 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لۇبلىن ھۆكۈمىتى ئاساس قىلىنغان يېڭى ھۆكۈمەتنى تەشكىللىدى. ھۆكۈمەتنىڭ 21 ئەزاسى ئىچىدە 14 ئەزا سابىق لۇبلىن ھۆكۈمىتىدىن، قالغانلىرى لوندوندىكى سەرگەردان ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ۋە جەمئىيەتتىكى داڭلىق شەخسلەردىن بولدى. يېڭى ھۆكۈمەتتە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان موراۋسكىي باش مىنىستىر، ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى گومۇلكا (1905 — 1982 - يىللار) بىلەن سەرگەردان ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى مىكولايچىك مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى.

چېخوسلوۋاكىيە 1939 - يىلى گېرمانىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. سابىق پرېزىدېنت بېنېس لوندوندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. 1943 - يىلى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۆلەت ئىچىدە تۇنجى پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇردى. 1944 - يىلى كۈزدە سلوۋاكىيەدە ئومۇمىي خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ باستۇرۇۋېتىلدى. فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىد تۇغۇلغان چاغدا، بېنېس ھۆكۈمىتى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كوشىتسېدا مىللىي ئازادلىق فرونتى ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پايتەخت پىراگادا قوزغىلاڭ پارتلىدى. 9 - كۈنى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ تانكا قىسمى پىراگاغا كىرىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن چېخوسلوۋاكىيە تولۇق ئازاد بولدى. 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە 38% سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە 1 ـ چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى. بېنېس پىرېزىدېنت بولدى. كومپارتىيە رەھبىرى گوتۋالد (1896 ـــ 1953 ـ يىللار) يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ھۆكۈمەتنىڭ 26 ئەزاسى ئىچىدە توققۇز كىشى كومپارتىيەدىن، ئۈچ كىشى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن، تۆت كىشى دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، خەلق پارتىيەسى ۋە سلوۋاكىيە دېموكراتىك پارتىيەسىدىن ئىدى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى پارتىيە گۇرۇھسىز زاتلار ئارىسىدىن تەيىنلەندى.

رۇمىنىيە، بۇلغارىيە ۋە ۋېنگرىيەلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيەگە بېقىنغان دۆلەت ئىدى، شۇڭا ئۈچ دۆلەتنىڭ خەلقى بۇنىڭغا بەك نارازى ئىدى. رۇمىنىيەدە كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، دېھقانلار فىرونتى قاتارلىقلار فاشىزمغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك فىرونتىنى تەشكىللىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى رۇمىنىيەگە كىرگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئارمىيە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئانتونىسكۇ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. «23 ـ ئاۋغۇست» قوزغىلىڭىدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گېنېرال ساناتېسكۇ ۋە رادېسكۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى رۇمىنىيە پادىشاھى مىخايىغا ئۇلتىماتۇم چىقىرىپ، ھۆكۈمەتنى دەرھال ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇلتىماتۇمنى قوبۇل قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دېھقانلار فىرونتىنىڭ

رەھبەرى گروزا يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى، ھۆكۈمەتتە دېموكراتىك كۈچلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1947 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پادىشاھ تەختتىن چۈشتى. رۇمىنىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

بۇلغارىيەدە ئىشچىلار پارتىيەسى، دېھقانلار ئىتتىپاقى، تۇگۇن ئىتتىپاقى فاشىزمغا قارشى ۋەتەن فىرونتىنى تەشكىللىدى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بۇلغارىيەگە كىردى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋەتەن فىرونتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. تۇگۇن ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى گېئورگىيېف ۋەتەن فىرونتى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىكار قىلىنىپ، بۇلغارىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 10 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبىرى دىمىتروف مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولدى.

ۋېنگرىيە 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال پائالىيىتىنى توختاتقاندىن كېيىن بىر مەھەل تارقىتىۋېتىلگەنىدى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، شۇڭا كۈچى سەل ئاجىز ئىدى. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋېنگرىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسى قاتارلىقلار مىللىي مۇستەقىللىق فىرونتىنى تەشكىللىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئازاد قىلغان دېبرېتسېنىدا مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى پۈتۈن ۋېنگرىيەنى ئازاد قىلدى. 11 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسى 57% سايلام بېلىتىگە، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار

پارتىيەسى 17% سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۆلەت مەجلىسى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىپ، خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ناگى فېرېنس ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى.

گېرمانىيە 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شەرتسىز تەسلىم بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر تەرىپىدىن رايونغا ئايرىپ ئىشغال قىلىنىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلدى. گەرچە تۆت دۆلەت ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر باشقۇرۇش كومىتېتىنى تەشكىللىگەن، سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇپ ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشتا يەڭگەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز مەيلىچە ئىش قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئۆزى ئىشغال قىلغان رايوندا فاشىستلارنى پائال تازىلاپ، يۇنكېر (پومېشچىك) لار ۋە ئەكسىيەتچى كاپىتالىستلارغا زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېموكراتىك كۈچلەرنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، خىرىستىيان دىنى دېموكراتلار ئىتتىپاقى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئاشكارا پائالىيەت قىلىشىغا يول قويدى. 1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا بەش ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 8 ـ ئايدا يەنە بىر تۈركۈم مەركىزىي ئورگانلار — سانائەت، قاتناش، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، سودا قاتارلىق باش باشقۇرۇش مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قوش ئىشغالىيەت رايونى پارلامېنت ۋە مەمۇرىي كومىتېت قۇرغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھەرقايسى باش باشقۇرۇش مەھكىمىلىرىنى قوشۇپ ئىقتىسادىي كومىتېت قىلدى. كومىتېت سېكرېتارىياتى ئەمەلىيەتتە

گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيەت رايونىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئوينىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنى غەربنىڭ تەسەۋۋۇر ئەندىزىسى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇردى، 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېرلىندا گېرمانىيە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. غەرب ئەللىرى ئىشغالىيەت رايونىدىن پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيەلا قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىل قاتناشتۇردى. قۇرۇلتاي گېرمانىيە خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى ھەم بۇ كومىتېتقا پۈتۈن گېرمانىيە ئۈچۈن بىر ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى بەردى. 1949 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گېرمانىيە خەلق كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنى ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى ھەمدە پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك گېرمانىيە خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىشنى قارار قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر بۇ قارارغا قارشى چىقىپ، غەرب ئەللىرى ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا سايلام ئۆتكۈزۈشنى چەكلىدى. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا خەلق ۋەكىللىرى سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 3 ـ نۆۋەتلىك گېرمانىيە خەلق قۇرۇلتىيى بېرلىندا ئېچىلدى. قۇرۇلتاي خەلق كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلاپ، گېرمانىيەدە بىرلىك ۋە ھەققانىي تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر گېرمانىيە خەلقىنىڭ بىرلىككە كېلىش ئارزۇسى بىلەن ھېسابلاشماي، غەرب ئەللىرى ئىشغالىيەت رايونىدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى پائال قوللىدى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا گېرمانىيە خەلق كومىتېتى 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ خەلق پالاتاسى

ئىكەنلىكىنى، ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنى سوۋېتىدە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى جاكارلاپ شۇ كۈنى گېرمانىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ۋىلھېلىم پىئېك پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. گروتېۋوفىل كۆپ پارتىيەلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ھەمدە ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى فاشىزمغا قارشى قوراللىق كۈرەش ئاساسىدا ئىشقا ئاشتى، ئۇ ھەرقايسى ئەل كوممۇنىستىك پارتىيەلىرى رەھبەرلىكىدىكى خەلق كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى. بىراق، ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىپ شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى فاشىستىك كۈچلەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە تۇرۇشى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ پۇت ـ قولىنى خېلى ئوبدانلا چۇشەپ قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا يىغىنلاردا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ تالاش ـ تارتىش قىلىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىگە توسقۇنلۇق، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى توستى. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، بەزى دۆلەتلەردە ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

**شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى** شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولۇپ، يېزىلاردا فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى. ھەرقايسى ئەللەر 1945 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە ئومۇميۈزلۈك يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى، ئۇسۇلىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن چەت ئەل ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى فاشىستلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى ھەقسىز يوسۇندا مۇسادىرە قىلدى، ئاندىن يەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى نورمىسىنى بەلگىلەپ، نورمىدىن ئاشقان يەرنى دۆلەت تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نورما ئۆلچىمى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيەدە 10 ـ 30 گېكتار، چېخوسلوۋاكىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، دېموكراتىك گېرمانىيەدە 50 ـ 100 گېكتار يەرنى ساقلاپ قىلىشقا يول قويۇلدى. دۆلەت مۇسادىرە قىلىۋالغان يەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى، ئاز قىسمىنى دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش ياكى ئومۇم پايدىلىنىدىغان ئورمانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىشقا ئىشلەتتى. دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەر كۆپىنچە بەش گېكتاردىن ئاشمايتتى، ئۇلار بۇنىڭغا ئازراق يەر ھەققى تاپشۇرىدىغان بولۇپ، ئادەتتە 5 – 10 يىلدا تاپشۇرۇپ بولۇش بەلگىلەندى. ھەرقايسى ئەللەر يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغىغاندىن كېيىن، يەر ھەققى تاپشۇرۇش ئىشى توختاپ قالدى. يەرلەر مۇسادىرە قىلىنىش بىلەن بىللە ھۆكۈمەت يەنە پومېشچىكلارنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق، چارۋا ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەتلىرىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن مۇسادىرە قىلىپ، ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى

ۋە ئىمارەتلەر دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ھۆكۈمەت يەر ئىسلاھاتىنى تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىپ، پائال ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈردى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق ۋېنگىرىيە پومېشچىكلارنىڭ 3 مىليون گېكتاردىن ئارتۇق يېرىنى مۇسادىرە قىلدى، يۇگوسلاۋىيە 1 مىليون 570 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى مۇسادىرە قىلدى، رۇمىنىيە 1 مىليون 470 مىڭ گېكتار يەرنى مۇسادىرە قىلدى، ئالبانىيە 170 مىڭ گېكتار يەرنى مۇسادىرە قىلدى. پولشا 6 مىليون گېكتار يەرنى، چېخوسلوۋاكىيە 1 مىليون 750 مىڭ گېكتار يەرنى، بۇلغارىيە 230 مىڭ گېكتار يەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى. يەر ئىسلاھاتىنى دېھقانلار چىن دىلىدىن ھىمايە قىلغاچقا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە پائال رول ئوينىدى.

شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر يەنە بانكا ۋە سانائەتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كەڭ يولغا قويدى. ھەرقايسى ئەللەر ئالدى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ۋە ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ بانكا، كارخانىلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. 1946 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە يەنە كۆپ تۈرلۈك پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى بانكا ۋە چوڭ كارخانىلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە شۇ ئاساستا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىنى قۇردى.

ھەرقايسى ئەللەر ئىقتىسادىي ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. پولشا 6 مىليون ئاھالىدىن ئايرىلىپ قالدى، 70% زاۋۇت ۋە 1/3 قىسىم تېرىلغۇ يەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ۋارشاۋا شەھىرى خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. يۇگوسلاۋىيەدە 1 مىليون 700 مىڭ ئارمىيە ـ خەلق جېنىدىن ئايرىلدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى زىيانغا

ئۆچۈردى. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى كومپارتىيە ۋە دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە بىرقانچە يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق 50 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئاساسەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئارقىدىنلا ھەرقايسى ئەللەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر تۇتاش ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ، مەركەزنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا سانائەتلەشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. يۇگوسلاۋىيە ئالدى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۇنجى بەش يىللىق پىلانى (1948 ــ 1952 ـ يىللار) نى تۈزۈپ چىقىپ، بەش يىلدىن كېيىن سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 1939 ـ يىلدىكىدىن بەش ھەسسە ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. پولشا 1950 ـ يىلدىن باشلاپ ئالتە يىللىق پىلان (1950 ــ 1955 ـ يىللار) نى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ، ئېغىر سانائەتنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇردى. 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش 1949 ـ يىلدىكىنىڭ 236% ىگە توغرا كەلدى، يېمەكلىك ۋە گۆش ئىشلەپچىقىرىشتا پىلاننىڭ 75% ىنى ئورۇنلىدى، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1949 ـ يىلدىكىدىن ئاران 5% ئاشتى. چېخوسلوۋاكىيە ئۆتمۈشتىكى غەرب بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان (1949 ــ 1953 ـ يىللار) ئاخىرلاشقاندا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان 1929 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى، بىراق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى

سەۋىيەدە توختاپ قالدى. بۇلغارىيە 1 ـ بەش يىللىق پىلان (1949 ـــ 1953 ـ يىللار) مەزگىلىدە 700 دىن ئوشۇق زاۋۇت، كارخانىنى يېڭىدىن قۇردى. سانائەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئۆرلەپ 55.9% كە يەتتى. دېموكراتىك گېرمانىيە بىلەن ئالبانىيە ئۆزلىرىنىڭ 1951 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىللىق پىلانى ئارقىلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. رۇمىنىيە 1 ـ بەش يىللىق پىلاندا نېفىت، كۆمۈر، پولات، تۆمۈر ۋە ئېلېكتىر ئېنېرگىيە قاتارلىق ئېغىر سانائەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلدى. ھۆكۈمەت ئېلېكتىر ـ ئېنېرگىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئون يىللىق ئېلېكتىرلەشتۈرۈش پىلانى (1951 ـــ 1960 ـ يىللار) دا ئوت ئېلېكتىر ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن يېڭىدىن 37 نى قۇرۇپ چىقىشنى بەلگىلىدى. ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتى ۋېنگرىيەنى «پولات ـ تۆمۈر دۆلىتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن 1ـ بەش يىللىق پىلان (1950 ـــ 1954 ـ يىللار) مەزگىلىدە ھۆكۈمەت سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ باردى. ئەسلىدە 28 مىليارد فورىنت مەبلەغ سېلىشنى بەلگىلىگەنىدى، 1951 ـ يىلى مەبلەغ سوممىسىنى 85 مىليارد فورىنتقا كۆپەيتتى ھەم ئۇنىڭ 90% نى ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتتى. بۇ چارە ۋېنگرىيە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات نىسبىتىدە ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئېغىر سانائەت ھەسسىلەپ ئاشقىنى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1952 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1949 ـ يىلىدىكىدىن 20% تۆۋەنلىدى.

يېزىلاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى پائال يولغا قويدى. بۇلغارىيەدە

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلدى. 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن 2747 سى بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى تېرىلغۇ يەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 52.37% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭغا دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى قوشقاندا، بارلىق تېرىلغۇ يەرنىڭ 75% نى ئىگىلىدى. چېخوسلوۋاكىيەدە 1ـ بەش يىللىق پىلان ئاخىرلاشقاندا، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1/2نى ئىگىلىدى. ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، 1949 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت تېرىلغۇ يېرىنىڭ 2.7% نى ئىگىلەيتتى، 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە 32.5% نى ئىگىلىدى. رۇمىنىيە 1949 ـ يىلىدىن تارتىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇشقا كىرىشتى، 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بۇ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق كوپېراتسىيە تەشكىللىگە قاتناشتى. پولشادا كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر ئاستا بولدى، 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە پەقەت 8000 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى پۈتۈن مەملىكەت تېرىلغۇ يېرىنىڭ ئاران 9% نى ئىگىلىدى.

**شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى** شەرقىي ياروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسى ئاساسىدا قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ پارتىيە تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىدى. ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات

ۋە ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتتىكى پىكرىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشمۇ كۈنسايىن ئەۋج ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىستىقبالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەچكە، ئۆز ئارمىيەسىنىڭ كۆپ سانلىق دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى ئەل كومپارتىيەلىرىنىڭ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشىگە پائال ياردەم بەردى.

شەرقىي ياۋروپادىكى يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئالبانىيەدىن باشقا ئەللەردە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ياكى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى مەۋجۇت ئىدى. بۇ پارتىيەلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەرقايسى ئەللەردىكى فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپكە قاتنىشىپ، كومپارتىيە بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەردە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، كىشىلەر ئىشچىلار سىنىپى پارتىيەلىرىنىڭ بۆلۈنۈش ھالىتىنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىشتى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى ئوڭ قاناتلارنىڭ داھىيلىرى ئىشچىلار پارتىيەلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغاچقا، پارتىيەدىن چىقىرىۋېتىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى سول قاناتلار داھىيلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئىشچىلار پارتىيەلىرى ئومۇميۈزلۈك قوشۇۋېتىلدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا گېرمانىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن گروتېۋول باشچىلىقىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قوشۇۋېتىلىپ، گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بولۇپ تەشكىللەندى، بۇ پارتىيەگە پىئېك رەئىس،

ئۇلبىرخت مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا رۇمىنىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، رۇمىنىيە ئىشچىلار پارتىيەسى بولۇپ تەشكىللەندى (1965 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتالدى)، گېئورگخىيۇ دېج باش سېكرېتارى بولدى. 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى فېرىنگ باشچىلىقىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەشكىللەندى، گوتۋالد بۇ پارتىيەنىڭ رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالدى. 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋېنگرىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ماروسان باشچىلىقىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، ۋېنگرىيە ئەمگەكچى خەلق پارتىيەسى تەشكىللەندى، راكوسى پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى بولدى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پولشا ئىشچىلار پارتىيەسى سرانكىئېۋىز باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى تەشكىللەندى، بىئېرۇت پارتىيەنىڭ رەئىسى بولدى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەشكىللەندى، كورالوف پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى بولدى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كورالوف ئالەمدىن ئۆتتى. چېرۋېنكوف پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋە مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى. شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە كومپارتىيە بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قوشۇۋېتىلىشى بۇ دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىككە كېلىشىدە ئىجابىي رول ئوينىدى، بىراق بۇ بەزى پارتىيەلەرگە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە،

شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلەر بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بىلەن كەسكىن كۈرەشنى قانات يايدۇردى. پولشادا ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىكى ۋە يەر ئىسلاھاتى مىنىستىرى مىكولايچىك بىلەن دېھقانلار پارتىيەسىدىكى ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار يەر ئىسلاھاتىغا كۈچىنىڭ بارىچە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پولشانىڭ يېڭى چېگرا پاسىلىغا قارشى چىقتى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھۆكۈمەت پۈتۈن مەملىكەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئۈچ مۇھىم مەسىلىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى. نەتىجىدە كۆپ سانلىق ئاھالىلەر ھۆكۈمەتنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىنى قوللاپ كېڭەش پالاتاسى تەشكىللەشكە قارشى چىقتى؛ يەر ئىسلاھاتىنى قوللاپ، غەربىي قىسمىدىكى چېگرانى ئايرىشنى قۇۋۋەتلىدى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر مەغلۇپ بولدى. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. مىكولايچىكنىڭ دېھقانلار پارتىيەسى پارلامېنتتىكى 444 ئورۇننىڭ ئاران 44 ىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مىكولايچىك يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پولشادىن كەتتى. يېڭى پارلامېنت پولشا ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى، بىئېرۇت پرېزىدېنتلىققا سايلاندى، سرانكىئېۋىز باش مىنىستىر، گومۇلكا مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى.

ۋېنگىرىيەدە ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسى زور سىياسىي تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى. پارتىيەدىكى ئوڭ قاناتلار يەر ئىسلاھاتىغا ئاشكارا قارشى چىقىپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق قىلدى. 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، مەملىكەتلىك دېھقانلار پارتىيەسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلار «سول قانات ئىتتىپاقى» نى تەشكىللەپ، ئۇزۇل ـ كېسىل دېموكراتىك

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى ئەكسىيەتچى خادىملارنى تازىلاشنى تەلەپ قىلدى. 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پايتەختتە بۇداپېشتتا 400 مىڭ ئاھالە نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن سول قانات ئىتتىپاقىنىڭ پىروگراممىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ناگى فېرېنس ھۆكۈمىتى يەرنىڭ «يېڭى ئوجايىنى» قانۇنلۇق يەر ئىگىلىرىدۇر، يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىگە ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى رەسۋا بولغان 21 نەپەر ئوڭچى پارلامېنت ئەزاسىنى ئىلاجسىز پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئىلگىدىكى ئامانلىق ساقلاش ئورگىنى بىر قېتىملىق قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولۇش دېلوسىنى پاش قىلدى، بۇ ئىش ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرىگە چېتىلاتتى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى دائىرىلىرى ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى كوۋاچ بېرلانى قولغا ئالدى. ئۇششاق دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى، ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى ناگى فېرېنس ۋە پارلامېنت باشلىقى ۋانگا بېرلا چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 3 ـ ئايدا ۋېنگىرىيەدە تۇرۇشلۇق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر نازارەتچىلىك كومىتېتى قارىمىقىدىكى ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ سۇيىقەست دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىش خىزمىتىگە قول تىقىماقچى بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 6 ـ ئايدا ئامېرىكا ۋېنگىرىيەگە پۇل قەرز بېرىشنى توختىتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشى ۋېنگىرىيەدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارلامېنتتا يېڭى سايلام ئۆتكۈزۈلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە 100 ئورۇنغا،

ئۆششاق دېھقانلار پارتىيەسى 68 ئورۇنغا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 67 ئورۇنغا ئېرىشتى. ئۆششاق دېھقانلار پارتىيەسىدىن دىنېش ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆششاق دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈرەش بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى كومپارتىيەگە قارشى ئۇنسۇرلار تازىلاندى. 1948 - يىلى 2 - ئايدا دىنېش ئىلاجسىز ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۆششاق دېھقانلار پارتىيەسىدىكى سول قاناتلارنىڭ رەھبىرى دوبى ئىستۋان باش مىنىستىر، راكوسى مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگرىيەدە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى.

چېخوسلوۋاكىيەدە پرېزىدېنت بېنېس تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ھۆكۈمەتتىكى 26 نەپەر ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ئىچىدە، ئىشچىلار سىنىپى پارتىيەسى ۋە بۇرژۇئا پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرى 12 دىن نامزاتنى ئىگىلىدى، قالغان ئىككى نەپىرى پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلاردىن بولدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، بۇ سىياسەتنى يولغا قويۇش بارغانسېرى قىيىنلاشتى. 1948 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇرژۇئازىيەدىن بولغان 12 نەپەر مىنىستىر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى كوممۇنىستلارنى ئۆز مەيلىچە پراگادىكى سەككىز ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى دېگەن باھانە بىلەن پرېزىدېنتتىن كوللېكتىپ ئىستېپا سوراپ، ھۆكۈمەتتە كرىزىس پەيدا قىلدى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى شۇ كۈنى كېچىدە خەلققە مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، بۇرژۇئازىيە مىنىستىرلىرىنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، خەلقنى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى مەركەز قىلغان مىللىي فرونت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا چاقىردى. 21 - كۈنى پراگادا 100 مىڭ

ئامما يىغىلىش ئۆتكۈزدى، باش مىنىستىر گوتۋالد ھۆكۈمەتتە كىرىزىس يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانىنى دوكلات قىلدى. يىغىن قارار ماقۇللاپ، پرېزىدېنتتىن بۇرژۇئا مىنىستىرلىرىنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 2 مىليون 500 مىڭ ئىشچى بىر سائەت ئىش تاشلاپ، خەلق ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولۇشتەك جىنايى پاكىتلىرىنى ئېلان قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان ئوفىتسېرلارنى قولغا ئالدى. پرېزىدېنت بېنېس ئامىنىڭ بېسىمىدا 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 12 مىنىستىرنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلدى ھەم گوتۋالدنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت تىزىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا قوشۇلدى. يېڭى ھۆكۈمەت 12 نەپەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، تۆت نەپەر سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە ئەزاسى، ئىككى نەپەر دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيە ئەزاسى ۋە ئىككى نەپەر خەلق پارتىيەسى ئەزاسى سىلوۋاكىيە دېموكراتلار پارتىيە ئەزاسىدىن تەشكىللەندى. دۆلەت مۇداپىئە ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى يەنىلا پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار زىممىسىگە ئالدى. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە زور غەلىبىگە ئېرىشتى. 6 ـ ئايدا بېنېس ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، گوتۋالد پرېزىدېنت بولدى. كوممۇنىستلاردىن زاپوتوسكى باش مىنىستىر بولدى. فېۋرال ۋەقەسى پرولېتارىياتنىڭ زور غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇلغارىيە ھۆكۈمىتى دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ باشلىقى پېتكوفنى قولغا ئالدى، 9 ـ ئايدا ئۇنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە مەھكۇم

www.uyghurkitap.com

قىلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا رۇمىنىيە ھۆكۈمىتى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى مانىئۇنى قولغا ئېلىپ، ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتى باش كاردىنال مىنتىزېنتىنى قولغا ئالدى ھەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۇنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئالاھازەل شۇ مەزگىلدە يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيەلەرمۇ بەزى كاتولىك دىنى ئېپىسكوپلىرىنى سوتلىدى.

شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەتلىرى 1947 ـ، 1948 ـ يىللىدىكى كۈرەشلەر ئارقىلىق يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىك ئورنى ئاخىر تىكلەندى.

## 3 ـ بۆلۈم كومپارتىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە توقۇنۇشى

**ياۋروپادا كومپارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيەسى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەلقئارا ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 1943 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلگەنلىكى جاكارلاندى. بۇ دۇنيادا بىرلىككە كەلگەن كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالمىغانلىقىنى، بۇنداق ئاپپاراتنى قايتا قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1945 ـ يىلى ئىتو ستالىنغا ھەرقايسى ئەل كومپارتىيەلىرى ئارىسىدا كېڭىشىش خاراكتېرىنى ئالغان بىر خەلقئارا مەجلىس

تەشكىللى قوزغىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ستالىن بۇ تەكلىپنى قۇۋۋەتلىدى. 1947 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. يازدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پولشا ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى گومۇلكاغا خەت يېزىپ، پولشا پارتىيەسىگە ياۋروپادىكى بەزى پارتىيەلەر يىغىنىنى چاقىرىش ئارقىلىق ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل پارتىيەلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپىنى بەردى. گومۇلكا بۇنداق يىغىننى ئېچىشنى خالىمىسىمۇ، بىراق پولشا ئىشچىلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

1947 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە پولشانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىلېسىيەگە جايلاشقان سكلارسكا ـ پورېبادىكى كىچىك ئارىشالىڭ مەيدانىدا ياۋروپادىكى توققۇز دۆلەت كومپارتىيەلىرى ۋە ئىشچىلار پارتىيەلىرىنىڭ ئاخبارات ئىدارىسىنى قۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى ژدانوف بىلەن مالېنكوف، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى كادېر، پولشا ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى گومۇلكا، رۇمىنىيە كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى گېئورگخيۇ دېج، بۇلغارىيە ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى چېرۋېنكوف، ۋېنگىرىيە كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى دۇككېرو، ئىتالىيە كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى فاركاش، چېخوسلوۋاكىيە كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى سلانسكى، فىرانسىيە كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى كىلونگو قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا ژدانوف «خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، ھەرقايسى ئەل پارتىيەلىرى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى. يىغىندا

ئاخبارات ئىدارىسى قۇرۇش قارار قىلىندى، ئىدارىگە توققۇز دۆلەتتىكى پارتىيەلەر ئىككىدىن ۋەكىل ئەۋەتمىدىغان، باش ئىشتابى بېلگرادتا تەسىس قىلىنىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى ۋەكىللىرى قەرەللىك پىكىر ئالماشتۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پولشا، ۋېنگرىيە ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قارشى چىققاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەۋسىيەسى قوللىنىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىسى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزئارا كېلىشىش ئاساسىدا ھەرقايسى ئەل پارتىيەلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرىدىغان بولدى. 1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاخبارات ئىدارىسى ئۆزىنىڭ «ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان تىنچلىقنى، خەلق دېموكراتىيەسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى نەشر ئەپكارىنى نەشر قىلدى.

ئاخبارات ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيە پارتىيەلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. ئاخبارات ئىدارىسى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغان چاغدىكى مەقسىتىگە خىلاپ ھالدا ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئەيىبلەپ، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە يامان تەسىر كۆرسەتتى. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاخبارات ئىدارىسى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

**سوۋېت ئىتتىپاقى ـ يۇگوسلاۋىيە توقۇنۇشى** سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەلىرى ئارىسىدا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا بەزى پىكىر ـ ئىختىلاپلار بار ئىدى. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى بىلەن كېڭەشمەيلا، يالتا يىغىنىدا يۇگوسلاۋىيەنىڭ

هاكىمىيەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارنى چىقارغىنىدىن خاپا ئىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنى چوڭ دۆلەت دەپ چاغلىغاچقا، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە باراۋەرلىك يوق، دەپ قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى بولسا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دېگەندەك دوستانە بولمايۋاتىدۇ، بەزىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ، دەپ قارىدى.

1948 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى توساتتىنلا يۇگوسلاۋىيەدىكى بارلىق ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. ئەتىسى بارلىق مۇلكىي مۇتەخەسسىسلەرنى قايتۇرۇپ كەتتى. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1948 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن ستالىن ۋە مولوتوف ئىمزاسىدىكى جاۋاب خەت كەلدى. خەتتە يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىيات مەۋجۇت، دەپ ئەيىبلىنىپ، يۇگوسلاۋىيەدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى دۈشمەنلىك قىلىش نىيىتىدىكى مۇھاسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇلارنىڭ يۇگوسلاۋىيەگە ئائىت ئاخباراتلارنى توپلىشى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ كۈچ تەرەپلىمە توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان دېيىلگەنىدى. خەتتە يەنە يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىكى بەزى رەھبەرلەر ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ «گۇمانلىق ماركسىزمچى» دەپ كۆرسىتىلگەن، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېموكراتىك كەيپىيات يوق

دېيىلگەنىدى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋاب خېتىنى مۇزاكىرە قىلدى، ئايرىم كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەيىبلىشىنى رەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ماھىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىغا چېتىلىدىغان مەسىلە، دەپ قارىدى. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا جاۋاب ئالاقە يوللاپ، خەتنىڭ «ئىنتوناتسىيەسى ۋە مەزمۇنىدىن ھەيران قالغان» لىقىنى بىلدۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۇگوسلاۋىيەگە ۋەكىللەر ئەۋەتىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككىنچى پارچە جاۋاب خەت كەلدى، خەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى يۇگوسلاۋىيەنىڭ ھەرقانداق پۇقراسىدىن ئاخبارات توپلاشقا ھوقۇقلۇق دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇلغان ھەم جاسۇسلار، ئىچكى خائىنلار «يۇگوسلاۋىيەدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان»، «ئامېرىكىنىڭ بېلگرادتا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ يۇگوسلاۋىيەنىڭ غوجايىنىدىن پەرقى يوق» دېيىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يۇگوسلاۋىيەنىڭ مەسىلىسىنى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇش تەكلىپىنى بەردى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ياقلايدىغان زۇيوۋىچ بىلەن خېبرووۋنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە

تاشلاندى.

1948 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە سەككىز دۆلەت كوممۇنىستىك پارتىيەلىرى ۋە ئىشچىلار پارتىيەلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بۇخارېستتا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى قاتناشمىغان ئەھۋالدا «يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا» دېگەن قارار ماقۇللىنىپ، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى «دۆلەت ئىچىدىكى كاپىتالىزم تەركىبلىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلدى»، «يېزىلاردا سىنىپىنىڭ ئايرىلىشىغا سەل قارىدى»، «دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي رەھبەرلىك كۈچىنى كومپارتىيە ئەمەس، بەلكى خەلق فىرونتى دەپ قارىدى» دەپ تەنقىد قىلىندى، شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى «ئاخبارات ئىدارىسى قوشۇنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتىدۇ» دېيىلدى.

1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قارارى «توغرا ئەمەس، ئادىل بولمىغان» دەپ قارالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تىرىشىپ ياخشىلاش لازىملىقى بىلدۈرۈلدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى 1949 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا يۇگوسلاۋىيە بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، يۇگوسلاۋىيەگە بارغانسېرى كۈچلۈك بېسىم قىلدى. 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاخبارات ئىدارىسى ۋېنگرىيەدە يىغىن ئېچىپ، «يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى قاتىل ۋە جاسۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى» دېگەن قارارنى چىقىرىپ، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى جاھانگىرلىكنىڭ قۇلى دەپ تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىلەپ ئەيىبلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئاشكارا توقۇنۇشى يۇگوسلاۋىيەگە زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپلا قالماي، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگىمۇ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئاخبارات ئىدارىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن «تىتوچىلار» غا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن ھەقىقىي كوممۇنىستلارغا ئۇۋال قىلدى. 1949 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالبانىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى كوچى زوزە يۇگوسلاۋىيە جاسۇسى دەپ ئەيىبلىنىپ، 6 ـ ئايدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ۋېنگىرىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى، ۋېنگىرىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ رەھبىرى رايك قولغا ئېلىندى، 1950 ـ يىلى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. 1951 ـ يىلى ۋېنگىرىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى كادار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇلغارىيە ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى، مۇئاۋىن باش مىنىستىر كوستوف قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. پولشا ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى گومۇلكا پولشانىڭ ئۆز يولىدا مېڭىشى كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنلىكتىن 1948 ـ يىلى «ئوڭچىل مىللەتچى» دەپ ئەيىبلەندى. شۇ يىلى باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، 1951 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى سلانسكى 1952 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى

ئەل پارتىيەلىرى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئەيىبلەش ۋە «تىتوچىلار» غا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ھەرقايسى ئەل پارتىيەلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 50 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە تەقىدكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن «تىتوچىلار» نى ئاقلىدى.

# 4 - بۆلۈم  ئاسىيادا خەلق دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى

**چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى** 1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيە تەسلىم بولۇش هارپىسىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىمالىي كەڭلىك 38 گىرادۇسلۇق سىزىقنى پاسىل قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم چاۋشيەننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغان ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشنى كېڭەشتى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ياپونىيەنىڭ چاۋشيەنگە قاراتقان 36 يىللىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ كۈن چاۋشيەننىڭ مىللىي ئازادلىق كۈنى بولۇپ قالدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ئارمىيەلىرى ئىلگىرى - كېيىن 38 - پاراللېلنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارغا يېتىپ كەلدى.

قاھىرە خىتابنامىسى ۋە پوتسدام ئاخباراتىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر چاۋشيەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىشقانىدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن چاۋشيەندىكى پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار سىيئۇلدا «دۆلەت

قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى» قۇردى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا سېئۇلدا خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، «چاۋشيەن خەلق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق قوزغىلىپ، ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، خەلق كومىتېتىنى قۇردى.

شىمالدا چاۋشيەن كوممۇنىستلىرىنى يادرو قىلغان ھالدا، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىرلەشتۈرۈلۈپ تېزلىكتە يەرلىك خەلق كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا كىم ئىرسىن① سېكرېتارلىقىدىكى چاۋشيەن كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىمالىي چاۋشيەن كومىتېتى قۇرۇلدى. 1946 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پىيوڭياڭدا شىمالىي چاۋشيەندىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ۋىلايەتلەرنىڭ خەلق كومىتېتى ۋەكىللىرى قاتناشقان كېڭىشىش يىغىنى ئېچىلىپ، شىمالىي چاۋشيەندە مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇش قارارى ماقۇللىنىپ، شىمالىي چاۋشيەن ۋاقىتلىق خەلق كومىتېتى قۇرۇلدى. 1946 - يىلى 8 - ئايدا شىمالىي چاۋشيەن كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن يېڭى خەلق پارتىيەسى قوشۇلۇپ

① كىم ئىرسىن (1912 — 1994 - يىللار)، ئەسلىي ئىسمى كىم چېڭجۇ، 1912 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پىيوڭيان نامدونىنىڭ تايدوڭ ۋىلايىتى (بۈگۈنكى پىيوڭياڭ شەھىرىنىڭ ماڭيوڭداي رايونى) دىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1915 - يىلى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقان. 1931 - يىلى كومپارتىيەگە كىرگەن. كېيىنكى يىلى 4 - ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئەترىتىنى تەشكىللەپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ۋە چاۋشيەنىنىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايونلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قورallıق كۆرەشنى قانات يايدۇرغان. 1934 - يىلى چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنى قۇرغان. 1936 - يىلى 5 - ئايدا ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئۇيۇشمىغا باشلىق بولغان. 1948 - يىلى 9 - ئايدا چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارى، ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەزىرى، دۆلەت رەئىسى بولغان.



www.uyghurkitap.com

شىمالىي چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى بولدى. پارتىيە ۋە ۋاقىتلىق خەلق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «يەر ئىسلاھاتى پەرمانى» ئېلان قىلىنىپ، ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى، مىللىي خائىنلار ۋە ئىگىلىگەن يېرى بەش تىڭبۇ[①] دىن ئېشىپ كەتكەن چاۋشيەن پومېشچىكلىرىنىڭ جەمئىي 1 مىليون 50 مىڭ تىڭبۇ يېرى مۇسادىرە قىلىندى. بۇلاردىن 980 مىڭ تىڭبۇ يەر 720 مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق دېھقانغا ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 8 ـ ئايدا يەنە سانائەت، تۆمۈريول، پوچتا ـ تېلېگراف، بانكا قاتارلىقلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش پەرمانى ئېلان قىلىندى ھەمدە يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدلىيە، مائارىپ قاتارلىق تارماقلاردا دېموكراتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلدى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن سايلام ئاساسىدا، شىمالىي چاۋشيەننىڭ ئۆلكە، شەھەر، ۋىلايەتلىرىدە خەلق كومىتېتى قۇرۇلتايلىرى چاقىرىلىپ، شىمالىي چاۋشيەن خەلق كېڭەشىدىن ئىبارەت ئالىي ھاكىمىيەت ئاپپاراتى قۇرۇلدى ھەم كىم ئىرسىن كومىتېت باشلىقلىقىدىكى شىمالىي چاۋشيەن خەلق كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى.

ئامېرىكا جەنۇبىي چاۋشيەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، بارلىق ھوقۇقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جەنۇبنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق كومىتېتلىرىنى تارقىتىۋەتتى، 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا لى چېڭۋەن[②] باشچىلىقىدىكى «دېموكراتىك پالاتا» مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتى سۈپىتىدە قۇرۇلدى.

---

① بىر تىڭبۇ تەخمىنەن بىر گېكتارغا تەڭ.

② لى چېڭۋەن (1875 ــ 1965 ـ يىللار)، چاۋشيەننىڭ خۇاڭخايدۇدىكى پيوڭسان ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان. ياپونىيەگە قارشى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1919 ـ يىلى شاڭخەيدە قۇرۇلغان «بۈيۈك كورېيە مىللىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» نىڭ پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت ئامېرىكىدا تۇرغان. 1945 ـ يىلى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتقان.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چاۋشيەن مەسىلىسى توغرىسىدا ھاسىل قىلغان كېلىشىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى موسكۋادا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە كومىتېتنىڭ چاۋشيەندىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن كېڭىشىپ، ۋاقىتلىق دېموكراتىك ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، چاۋشيەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى. بىراق، بىرلەشمە كومىتېت ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلمىدى. 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكا بىر تەرەپلىمە ھالدا چاۋشيەن مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشنى قارار قىلدى. 11 ـ ئايدا 2 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنىدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چاۋشيەن ۋاقىتلىق كومىتېتى» نى تەشكىللەش قارار قىلىندى ھەمدە بۇ كومىتېت ۋەكىللىرىنىڭ چاۋشيەن ئومۇمىي سايلىمىنى نازارەت قىلىش، پۈتكۈل چاۋشيەن ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. بۇ قارار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە چاۋشيەندىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

1948 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چاۋشيەن ۋاقىتلىق كومىتېتى» نىڭ «نازارەتچىلىكى» دە، جەنۇبىي چاۋشيەندە ئايرىم سايلام ئۆتكۈزۈلدى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كورىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، لى چېڭۋەن پرېزىدېنت بولدى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە، شىمالىي چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى جەنۇب، شىمالدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ، دېموكراتىك

ھاكىمىيەت قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پۇتۇن چاۋشيەن بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پىيوڭياڭدا چاۋشيەن ئالىي خەلق كېڭىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاساسىي قانۇن ماقۇللىنىپ، كىم ئىرسىن باش ۋەزىرلىكىدىكى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەندى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن چاۋشيەندە جەنۇب، شىمال بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، يىراق ئىككىلا تەرەپ پۈتكۈل چاۋشيەنگە نىسبەتەن ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى چېكىنىپ كەتتى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جەنۇبىي، شىمالىي چاۋشيەندىكى ئەمگەك پارتىيەلىرى قوشۇلۇپ چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى قۇرۇلدى ھەمدە شىمال ھاكىمىيىتى ۋە خەلق ئارمىيەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

كورېيە ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھۆكۈمىتىگە خاتىمە بېرىلدى. 1949 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا كورېيەدىن قوشۇن چېكىندۈرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، 500 كىشىلىك ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىلا ساقلاپ قالدى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا كورېيە بىلەن «ئورتاق مۇداپىئە كېلىشىمى» ئىمزالاپ، كورېيەگە بولغان ھەربىي ياردەمنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا گوۋۇيۇەننىڭ مەسلىھەتچىسى دۇللېس سېئۇلغا يېتىپ كەلدى، 19 ـ كۈنى كورېيە مىللىي پارلامېنتىدا نۇتۇق ئېلان قىلىپ، «ئامېرىكىنىڭ كوممۇنىزم بىلەن مۇشۇنداق باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان جەنۇبىي چاۋشيەنگە بارلىق زۆرۈر مەنىۋى ۋە ماددىي ياردەملەرنى بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى» توغرىسىدا باياناتنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ، 38 ـ پاراللېلدا توقۇنۇش كۆپەيدى.

1950 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە چاۋشيەن

ئۇرۇشى پارتلىدى. شۇ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەنگلىيەنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى قاتناشمىغان ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنى تارتىۋېلىنغان ئەھۋالدا، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قىسمىلىرىنى كورېيەگە ھۇجۇم قوزغىدى، دەپ ئەيىبلەيدىغان قارارنى ماقۇللىدى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېن ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە بايانات ئېلان قىلىپ، 7 ـ فىلوتىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىغا كىرىشىگە بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىچىنىدىكى فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسىگە بولغان ھەربىي ياردەمنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا يەنە خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىن پايدىلىنىپ قارار ماقۇللىدى، ئامېرىكىغا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارمىيەسى» تەشكىللەپ، چاۋشيەن ئۇرۇشىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بېرىلدى. ماك ئارتۇر «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارمىيەسى» نىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق 15 دۆلەت① ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوشۇن چىقىرىپ، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چاۋشيەن خەلق ئارمىيەسى كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئىككى ئايغا بارمايلا جەنۇبىتىكى 90% تىن ئارتۇق زېمىننى ھەمدە 92% تىن ئارتۇق ئاھالىنى تىزگىنلەپ، ئامېرىكا ۋە كورېيە ئارمىيەسىنى تايگۇ، پۇسانىنى مەركەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى تارچۇققا

① بۇ 15 دۆلەت ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، يېڭى زېلاندىيە، جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى، گىرېتسىيە، گوللاندىيە، كولومبىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، تايلاند، فىلىپپىن، توركىيە، ئېفىيوپىيە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

قىستاپ قويدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى چاۋشيەن خەلق ئارمىيەسى ئاساسىي كۈچىنىڭ ناگدوڭ گاڭ ئالدىنقى سېپىگە مەركەزلىشىپ قالغانلىقى، ئارقا سېپىنىڭ بوش قالغانلىقىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 300 دىن ئارتۇق ھەربىي پاراخوت، 500 دىن ئارتۇق ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىنچوندا قۇرۇقلۇققا چىقاردى. 30 - كۈنى سېئۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە 38 - پاراللېلدىن ئۆتتى. چاۋشيەن خەلق ئارمىيەسى ئىلاجسىز ئىستراتېگىيەلىك چېكىندى. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پيوڭياڭ ئىشغال قىلىندى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا ئۇرۇش ئوتىنى يالۇجياڭ دەرياسى بويىغا تۇتاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى.

چاۋشيەن بىلەن جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي پەيتتە، جۇڭگو چاۋشيەندە ئۇرۇش قىلىدىغان پىدائىيلار قىسمى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. 1950 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1953 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە چاۋشيەن، جۇڭگو خەلق ئارمىيەلىرى مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئۇدا بەش قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق جۇڭگو، چاۋشيەن چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلغان ئامېرىكا، كورېيە ئارمىيەسىنى چېكىندۇرۇپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى بۇراپ، ئۇرۇش سېپىنى 38 - پاراللېلنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى رايونلاردا مۇقىملاشتۇردى ھەمدە ئامېرىكىنى ئولتۇرۇپ ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

1951 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چاۋشيەننىڭ ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى كائېسوڭ (10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پانمۇنجومغا يۆتكەلدى) دا باشلاندى. شۇنىڭدىن تارتىپ چاۋشيەن ئۇرۇشى ئۇرۇشقاچ سۆھبەتلىشىش، ھەربىي كۈرەش ۋە دىپلوماتىيە كۈرىشى گىرەلىشىپ كەتكەن باسقۇچقا قەدەم

www.uyghurkitap.com

قويدى. ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن ئوتتۇرىسىغا قويغان دەرھال ئۇرۇش توختىتىش، 38 - پاراللېلنى پاسىل قىلىشتەك مۇۋاپىق تەشەببۇسنى رەت قىلىپ، ھاۋا ئارمىيە ئۈستۈنلۈكىنى پەش قىلىپ، ھەربىي بېسىم ئارقىلىق كۆپرەك زېمىن ئىگىلەش كويىدا بولدى. 1951 - يىلى ئامېرىكا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ياز پەسىللىك ھۇجۇم» ۋە «كۈز پەسىللىك ھۇجۇم» قوزغىدى. چاۋشيەن، جۇڭگو ئارمىيەلىرى چاۋشيەننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن 250 كىلومېتىرلىق ئۇرۇش سېپىدە «ئاكوپ ئۇرۇشى» نى قانات يايدۇرۇپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىنى توستى. 1952 - يىلى 10 - ئايدا ساڭگامريوڭ جېڭىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 1953 - يىلى 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە چاۋشيەن، جۇڭگو ئارمىيەلىرى ياز پەسىللىك قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنى قوزغاپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، پوزىتسىيەنى جەنۇبقا 230 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېڭەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاخىر ئىلاجسىزلىقتىن «چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

«چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» دە شىمالىي كەڭلىك 38 گرادۇس ئەتراپىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئۈچرىشىش لىنىيەسىنى ھەربىي پاسىل سىزىقى قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇشۇ پاسىلدىن ئىككى كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىپ، ھەربىي ئىشلاردىن خالىي رايون شەكىللەندۈرۈشى بېكىتىلدى؛ چاۋشيەننىڭ چېگرا سىرتىدىن ياردەمچى ھەربىي خادىم ۋە ھەربىي قورال - ياراغ، ئوق - دورا يۆتكەپ كېلىشى مەنئى قىلىندى؛ كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇپ 60 كۈن ئىچىدە ئىككى تەرەپ قايتۇرۇلىدىغان بارلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تۇركۈمگە بۆلۈپ بىۋاسىتە قايتۇرۇش، قالغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى بىر دەك بىتەرەپ دۆلەتنىڭ قايتۇرۇش كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ

قىلىشىغا تاپشۇرۇش؛ كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىككى تەرەپ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سىياسىي كېڭىشى چاقىرىپ، چاۋشيەندىن بارلىق چەت ئەل ئارمىيەلىرىنى چېكىندۈرۈش ۋە چاۋشيەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى يۈتۈشۈش؛ كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ئۇرۇش توختىتىش كومىتېتى ۋە بىتەرەپ دۆلەت تەپتىش كومىتېتى قۇرۇش بەلگىلەندى.

چاۋشيەن ئۇرۇشى كۆلىمى زور بولغان بىر قېتىملىق قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇش، ئۇرۇش بولغان ئۈچ يىل مابەينىدە جۇڭگو ۋە چاۋشيەن ئارمىيەلىرى جەمئىي 1 مىليون 90 مىڭ دۈشمەننى يوقاتتى، ئۆزلىرىنىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى چىقىم بولدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ 1/3نى، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ 1/5نى ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ يېرىمىنى ئىشقا سالدى، ئاتوم بومبىسىدىن باشقا بارلىق زامانىۋى قوراللىرىنى ئىشلەتتى، ئەۋزەل تېخنىكىلىق قورال ـ ياراغلارغا ئىگە بولغىنى بىلەن، ئاخىرىدا يەنىلا مەغلۇپ بولدى. چاۋشيەن ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى دېموكراتىك چاۋشيەن ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداپ، ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئىلھام بەردى ۋە تۈرتكە بولدى.

**ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە فرانسىيەگە قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى** ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ۋيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى باش ئىشتابى دەرھال ئومۇمىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى تۈيېن كۇاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىنچودا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ،

www.uyghurkitap.com

مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دېموكراتىك ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئون بۈيۈك سىياسەتنى ماقۇللاپ، خۇجى مىنڭ①رەئىسلىكىدىكى مەركىزىي مىللىي ئازادلىق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى ھەمدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسى دۆلەت ئىچىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ قولىدىن پۈتۈن مەملىكەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى.

ئاۋغۇست ئىنقىلابى پارتلىدى. خاتېنخ، كۋاڭ گاي ئۆلكىلىرىدىكى خەلق ئالدى بىلەن قوزغالدى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋىيېتنام ئازادلىق ئارمىيەسى تخاي نگۇيېننى ئالدى. 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە خانوي خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا 23 - كۈنى خۇئې قوزغىلىڭى، 25 - كۈنى سايگون قوزغىلىڭى ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. رۇەن جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى باۋدا ئىلاجسىز تەختتىن چۈشتى. ئومۇمىي قوزغىلاڭ پۈتۈن

---

① خۇجى مىنڭ (1890 — 1969 - يىللار)، ئەسلىي ئىسمى رۇەن بىچىڭ، ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن ئىسمىنى رۇەن ئەيگو دەپ ئۆزگەرتكەن ھەمدە لى رۇي، خۇگۇاڭ قاتارلىق ئۆزگەرتكەن ئىسىملارنى قوللانغان، 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خۇجى مىنڭ دېگەن ئىسىمنى قوللانغان. 1920 - يىلى فىرانسىيەدە كومپارتىيەگە كىرگەن، كېيىن سوۋېت رۇسىيەسىگە بېرىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان، 1924 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ گۇاڭجوۋغا كېلىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان. 1945 - يىلى ۋىيېتنام ياش ئىنقىلابىي يولداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرغان. 1930 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋىيېتنامدىكى ئۈچ كوممۇنىزم تەشكىلاتى بىرلىككە كېلىپ ۋىيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تەشكىللىگەن (شۇ يىلى 10 - ئايدا ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئۆزگەرتىلگەن). 1941 - يىلى ئۇ ۋىيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، رەئىسلىككە سايلىنىپ، ۋىيېتنامنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، فىرانسىيەگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1945 - يىلى ۋىيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت رەئىسى بولغان. 1951 - يىلى ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نامى ۋىيېتنام ئەمگەك پارتىيەسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن تاكى ۋاپات بولغۇچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان.

مەملىكەت مىقياسىدا تېزلىكتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى رەئىس خۇجى مىڭ خانويدىكى بادىن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى چوڭ يىغىندا، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى ئوقۇپ ئۆتتى. ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو گومىنداڭ ئارمىيەسى شىمالىي كەڭلىك 16 گىرادۇسنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا كىرىپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى؛ ئەنگلىيە ئارمىيەسى ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىغا كىردى. ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن فىرانسىيە ۋيېتنامنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلماي، فىرانسىيەگە قاراشلىق «ھىندىچىنى ئىتتىپاقى» نى قايتىدىن قۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى بىلەن، فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى سايگوننى ئىشغال قىلدى ھەم مۇستەملىكە ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەرھال تۇتۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشى باشلاندى.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسى «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، دۆلەت قۇرۇش» يوليورۇقىنى چىقىرىپ، «ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، ئىچكى ئاپەتنى تۈگىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» تىن ئىبارەت جىددىي ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا تۇردى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋيېتنامدا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى. 3 ـ ئايدا مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، خۇجى مىڭ باشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى، ئارقىدىنلا تۇنجى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت

ھۆكۈمىتى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كارخانىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، «ئىجارە ھەققىنى 25% كېمەيتىش» نى يولغا قويدى، ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئەمگەك پەرمانىنى ئېلان قىلدى ھەم «ۋەتەننى قوغداش ئارمىيەسى» نى قۇردى.

ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، فىرانسىيەگە قارشى كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋيېتنام بىلەن فىرانسىيە «ۋيېتنام ـ فىرانسىيە دەسلەپكى كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن فىرانسىيە ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى ئەركىن دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان، ۋيېتنامنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمىتى، دۆلەت مەجلىسى، ئارمىيەسى ۋە خەزىنىسى بولىدىغان، بىراق فىرانسىيە ئىتتىپاقى ۋە ھىندىچىنى ئىتتىپاقىغا تەۋە بولىدىغان بولدى؛ ۋيېتنام 15 مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ۋيېتنامنىڭ شىمالىي قىسمىدا بەش يىل تۇرۇشىغا قوشۇلدى. جۇڭگو گومىنداڭ ئارمىيەسى چېكىنگەندىن كېيىن شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە فىرانسىيە ئارمىيەسى خاي پخوڭ، خانۇيلارغا كىردى. 1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋيېتنام بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا يەنە ۋاقىتلىق كېلىشىم ئىمزالىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ بارلىق دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشى ھەمدە قارشى تەرەپ مۇھاجىرلىرىنىڭ شۇ دۆلەت پۇقرالىرىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى بەلگىلەندى. بىراق، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى كېلىشىمنى ئادا قىلماي، ۋيېتنامدا فىرانسىيەگە مايىل ھاكىمىيەتنى يۆلىدى ھەمدە ئىگىلىۋالغان يەر كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بارلىق كېلىشىملەرنى يىرتىپ تاشلاپ،

خانويغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋيېتنامدا فىرانسىيەگە قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فىرانسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى «تېز جەڭ قىلىپ، مەسىلىنى تېز ھەل قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ۋيېتنام ئارمىيەسى خانوي قاتارلىق شەھەرلەرنى قوغداش ئۇرۇشى قىلغاندىن كېيىن، شەھەرلەردىن چېكىنىپ، تاغلىق رايون، يېزىلارنى بازا قىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ قانات يايدۇردى. 1947 - يىلى 10 - ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى 20 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ، ۋيېتنامنىڭ شىمالىدىكى ئازاد رايونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ۋيېتنام ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلىش بازىلىرىنى بىتچىت قىلىشقا ئۇرۇندى. ۋيېتنام ئارمىيەسى دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ، ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈش، پارچىلاپ قورشاش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ئىككى ئاي جەڭ قىلىش ئارقىلىق فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قىش پەسىللىك ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى. ۋيېتنامنىڭ شىمالىدىكى جەڭ غەلىبىسى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ «تېز جەڭ قىلىپ، مەسىلىنى تېز ھەل قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، ئۇرۇش ئىركىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

جاپا - مۇشەققەتلىك ئىركىشىش باسقۇچىدا، ۋيېتنام ئارمىيەسى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، 1948 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە تازىلاشقا قارشى جەڭدە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1949 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋيېتنامنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق خەلقئارا شارائىت يارىتىپ بەردى. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ۋيېتنام بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋيېتنام ئۇرۇشىغا ھە دەپ قول تىققىلى تۇردى. 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا باۋدا باشچىلىقىدىكى سايگون ھاكىمىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. 5 ـ ئايدا فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكا «ھەربىي، مالىيە ياردەم كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

بىراق، ئامېرىكىنىڭ ياردىمى فىرانسىيە ئارمىيەسىنى خاراب ھالدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋيېتنام خەلق ئارمىيەسى جۇڭگونىڭ ياردىمىدە شىمالىي قىسمىدا «چېگرا ئۇرۇشى» نى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ 10 مىڭغا يېقىن ئادىمىنى يوقىتىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ گاۋ باڭدىن لاڭ سونغىچە بولغان بازىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ۋيېتنامنىڭ شىمالىدىكى ئازاد رايونلارنى مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لائوس ۋە كامبودژا خەلقىمۇ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشنى كەڭ قانات يايدۇردى. 1950 ـ يىلى لائوستا شاھزادە سۇفانۇۋوڭ باش مىنىستىرلىقىدىكى لائوس دۆلىتى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. كامبودژادىمۇ «كخمېر ئەركىنلىك فىرونتى» قۇرۇلدى، يەنە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇلدى.

1951 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئومۇمىي قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 2 ـ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايدا يېڭى پارتىيە پىروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسى ماقۇللىنىپ، پارتىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتىكى توپ سىياسىتى بەلگىلەندى، پارتىيەنىڭ نامىنى ۋيېتنام ئەمگەك پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى ھەمدە خۇجى مىڭ باشچىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئازاد رايونلاردا دېموكراتىك ئىسلاھات ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ،

ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋىيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مەجلىسى «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى» نى ماقۇللىدى، ئازاد رايونلاردا يەر ئىسلاھاتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چاۋشيەندە ئۇرۇش توختىتىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھىندىچىنى ئۇرۇشىنى ئۇزارتىش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن فىرانسىيەگە بېرىلىدىغان ياردەمنى كۆپەيتتى. 1953 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ 3/4 قىسمىدىن كۆپرەك خىراجىتىنى ئامېرىكا ئۈستىگە ئالدى. 1953 ـ يىلى كۈزدە ئامېرىكىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسى قوماندانلىق ئىشتابى «ناۋار پىلانى» نى تۈزۈپ، ۋىيېتنامنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈچلىرىنى 18 ئايدا تەلتۆكۈس يوقىتىشقا ئۇرۇندى. 1953 ـ يىلى 11 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى بىر قىسىم ھەرىكەتچان ئەسكىرىي كۈچلەرنى ۋىيېتنامنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ھەربىي بازا ــ يېن بىيېن فۇغا ھاۋادىن چۈشۈردى ھەم بۇ يەرنى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇم بازىسى قىلدى. 1954 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ۋىيېتنام خەلق ئارمىيەسى «دىيەن بيېن فۇ ئۇرۇشى» نى ئېلىپ باردى. ئۇلار 55 كۈن كەسكىن ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق «يېمىرىلمەس» دەپ تەرىپلەنگەن دىيەن بيېن فۇ ئىستىھكاملىرىنى ئېلىپ، فىرانسىيەنىڭ سەرخىل قىسىمىدىكى 16 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يوقىتىپ، فىرانسىيەنىڭ دېيېن بېيىن فۇدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى برىگادا گېنېرالى دېكاستېلىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ غەلىبە «ناۋار پىلانى» نى تارمار قىلىپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

www.uyghurkitap.com

1954 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جەنۋە خەلقئارا يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ۋېيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، جەنۇبىي ۋېيېتنام، كامبودژا، ۋە لائوس ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا ئالدى بىلەن چاۋشيەن مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، ئەمما كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھىندىچىنى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. فىرانسىيەنىڭ ئۇرۇشنى ياقىلىغۇچى لانىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى يىغىندا جاھىل پوزىتسىيە تۇتتى، دېيىن بيېن فۇ ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتى فىرانسىيەدىكى ئۇرۇشنى ياقىلىغۇچىلارغا ئېغىر زەربە بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇرۇش توختىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مېندېس فىرانس لانىيېلنىڭ ئورنىغا چىقىپ، ھاكىمىيەت تۇتتى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جەنۋە يىغىنىدا ئاخىر قاتمۇقات توسالغۇلار بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، يىغىننىڭ ئاخىرقى خىتابنامىسىمۇ ئېلان قىلىندى.

كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتمۇ دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرىگە خاتىمە بېرىش؛ يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەللەر ۋېيېتنام، لائوس ۋە كامبودژانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش؛ شىمالىي كەڭلىك 17 گىرادۇسنىڭ جەنۇبى، 9 ـ نومۇرلۇق تاشيولنىڭ سەل شىمالىدىن ۋاقىتلىق ھەربىي پاسىل ئايرىپ، ھەربىيسىز رايون قۇرۇش، ۋېيېتنام ئارمىيەسى ھەربىي پاسىلنىڭ شىمالىغا، فىرانسىيە ئارمىيەسى بۇ پاسىلنىڭ جەنۇبىغا يىغىلىش؛ ئۇرۇش توختىتىلغاندىن كېيىن ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەت ھەرقانداق ھەربىي گۇرۇھقا قاتناشماسلىق ھەم چەت ئەللەرنىڭ ئۆز زېمىنىدا ھەرقانداق ھەربىي بازا قۇرۇشىغا يول قويماسلىق؛ ئىككى تەرەپنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى

ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە كومىتېت قۇرۇپ، ئۇرۇش توختىتىشقا ئالاقىدار تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىش ھەمدە ھىندىستان، پولشا، كانادا ۋەكىللىرىدىن خەلقئارا كومىتېت تەشكىللەپ كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل قىلىش؛ ئۈچ دۆلەت دېموكراتىيە ئاساسىدىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش (ۋيېتنامنىڭ 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈشى بەلگىلەندى).

ئامېرىكا ۋەكىلى ئاخىرقى خىتابنامىگە ئىمزا قويمىدى، بىراق ئامېرىكا ۋەكىلى ئۆز ئالدىغا بىر باياناتت ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ جەنۋە كېلىشىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قورال كۈچى ئىشلىتىلىپ ياكى قورال كۈچى تەھدىتى ئارقىلىق دەخلى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1954 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ھىندىچىنىدا ئۇرۇش توختاپ، ھىندىچىنى رايونىدا تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى. فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋيېتنام خەلقى جۇڭگو خەلقىنىڭ زور ياردىمى ۋە لائوس، كامبودژا خەلقىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، ۋيېتنامنىڭ شىمالىنى ئازاد قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

**موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى** موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىختا تاشقى موڭغۇل ياكى خالخا موڭغۇل دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەسلىدە جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1911 ـ يىلى چار رۇسىيەنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا تاشقى موڭغۇلدىكى بەگ بىلەن چوڭ لاما چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1917 ـ يىلى قايتىدىن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە سوخې باتۇر بىلەن چويبالسان 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۇلۇن (ھازىرقى

ئۇلانباتور) دا مەخپىي ئىنقىلابى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1921 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سوۋېت روسىيەسىنىڭ كىياختا دېگەن يېرىدە موڭغۇل خەلق پارتىيەسى (1925 - يىلى موڭغۇل خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلۇپ، خەلق ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلدى. سوۋېت روسىيەسى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىدە 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كولون ئازاد قىلىندى، 11 - كۈنى خەلق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. يېڭى ھۆكۈمەتكە فېئودالار ۋە يوقىرى قاتلام لامالىرى قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بوغدو گېگەننىڭ خانلىق تەختى ساقلاپ قېلىندى. 1922 - يىلى خەلق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قانۇن ئېلان قىلىپ، دېھقان، چارۋىچى يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، فېئودالارنىڭ ئىمتىيازىنى يوققا چىقاردى. ئەكسىيەتچى چوڭ فېئودالار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، 1923 - يىلى 2 - ئايدا سوخې باتورنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. چويبالسان خەلقنىڭ فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. 1924 - يىلى 5 - ئايدا بوغدو گېگەن كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلاندى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك بۈيۈك خەلق خورال يىغىنى چاقىرىلدى. 26 - كۈنى تۇنجى ئاساسىي قانۇن ماقۇللىنىپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

ئىنقىلابتىن ئىلگىرى تاشقى موڭغۇلنىڭ ئىقتىسادى خېلىلا قالاق ئىدى. ئىپتىدائىي كۆچمەن چارۋىچىلىق موڭغۇلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئىدى، چارۋىچى (ئارات) لار فېئودال ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايتتى. 1921 - يىلدىن 1924 - يىلىغىچە فېئودال ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك تۈزۈمگە قارشى بىر قاتار دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق

تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلىپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسى تىكلەندى. 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ «3 ـ قۇرۇلتىيى» دا «غەيرىي كاپىتالىزم تەرەققىيات يولى» دىن ئىبارەت ئومۇمىي لۇشيەن بېكىتىلدى. 30 ـ يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە چارۋىچىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سانائەت، سودا، قاتناش، پوچتا، تېلېگراف ئىشلىرى كۈچەيتىلدى. 1940 ـ يىلىغا قەدەر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ سانائەت، كانچىلىق تارماقلىرىنى روياپقا چىقاردى، تاشيول، تۆمۈر يوللارمۇ ياسىلىشقا باشلىدى ھەمدە بانكا قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۇلىنى تارقاتتى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئىشچى، تېخنىك ۋە زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. 1940 ـ يىلى ئىشچىلارنىڭ سانى 13 مىڭدىن ئاشتى.

موڭغۇلىيە خەلقى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىدە خالغا دەرياسى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپونىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياپونىيەگە رەسمىي جەڭ ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىگە ماسلىشىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا ئەسكەر چىقىرىپ، ياپونىيەنىڭ شەنخەيگۇەنىنىڭ شەرقىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىشقا تۆھپە قوشتى.

1924 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىروگراما كېلىشىمى» دە: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلنىڭ پۈتۈنلەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھەم جۇڭگونىڭ بۇ زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بىراق، 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېچىلغان يالتا يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت

باشلىقلىرى ياپونىيە توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغاندا، «تاشقى موڭغۇل (موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى) نىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ساقلاپ قېلىش» نى مەخپىي كېلىشىپ بېكىتتى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارىتىلغان ئۇرۇشقا قاتنىشىشىدىكى بىرىنچى شەرتى بولۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، تاشقى موڭغۇلدا پۇقرالارنىڭ ئاۋازىغا قويۇش ئارقىلىق «تاشقى موڭغۇلنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى دەلىللەش» كە قوشۇلدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا تاشقى موڭغۇلدا ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، 1946 - يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن موڭغۇلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. 1946 - يىلى 2 - ئايدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇددىتى 20 يىللىق «دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تېخىمۇ يېقىن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. 1949 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن موڭغۇلىيە سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1948 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە ئىككى قېتىملىق بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويدى. 1985 - يىلىغا قەدەر جەمئىي يەتتە قېتىم بەش يىللىق پىلاننى ئىجرا قىلدى. 1960 - يىلىدىن ئىلگىرى موڭغۇلىيە «چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش» تەك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، چارۋا ماللارنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە

كۆپەيتتى. 1961 ـ يىلىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بۇرىدى ھەمدە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق — سانائەت دۆلىتى قۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، 4 ـ بەش يىللىق پىلان دا يەنە «سانائەت — يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق دۆلىتى» قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، نىشانغا يېتەلمىدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئىقتىسادى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. نارىخا كۆمۈر-كېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر تۈركۈم سانائەت، كان، كارخانىلار روياپقا چىقتى. 1959 ـ يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنى تاماملىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك خەلق ئىگىلىكىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، موڭغۇلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن تاشقىرى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە ئاسىيا، ياۋروپادىكى باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەنمۇ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى. 1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ، ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر بىلەن تاشقى سودىنى قانات يايدۇردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن موڭغۇلىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. 1990 ـ يىلى موڭغۇلىيە كۆپ پارتىيەلىك تۈزۈمنى يولغا قويدى ھەم پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىۋەتتى. موڭغۇلىيە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى پىروگراممىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پارتىيەنىڭ ئالىي نىشانى «ئىنسانپەرۋەر، دېموكراتىك سوتسىيالىزم قۇرۇش» دەپ بەلگىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادا مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى

## 1 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيادا بۈيۈك مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئالدى بىلەن باش كۆتۈرۈپ، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسىغا زەربە بەردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قاتار دۆلەتلەر غەرب مۇستەملىكىچى ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئاسىيانىڭ سىياسىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، ئاساسەن ياۋروپا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە ھامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىدى. تايلاند سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنىڭ تىزگىنى ئاستىدا تۇراتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپون جاھانگىرلىكى پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنى

بېسىۋېلىپ، «بۈيۈك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا يېڭى تەرتىپى» دېگەن بايراق ئاستىدا، غەربىي فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئوتى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارغا تۇتاشتى. مالايا، سىنگاپور، فىلىپپىن، بىرما، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەردە كوممۇنىستلار بىلەن فاشىزمغا قارشى دېموكراتىك زاتلار مىللىي بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇپ خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش دۇنيا فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا قىممەتلىك تۆھپە قوشتى ھەمدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچى ئەللىرىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى مىسلىسىز ئەۋج ئالدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ياپونىيە فاشىزمىنىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەنلا ۋيېتنام ۋە ھىندونېزىيەلەر ئاۋغۇست ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ۋە ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. فىلىپپىن، بىرما، مالايا قاتارلىق دۆلەتلەر خەلقلىرىمۇ مۇستەقىللىق يولىدىكى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

فىلىپپىننىڭ مۇستەقىل بولۇشى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن فىلىپپىننى ياپونىيە ئىشغال قىلىۋالدى.

www.uighurkitap.com

1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە فىلىپپىندا «مەمۇرىي كومىتېت» قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يەنە بىر مەيدان ساختا مۇستەقىللىق ئويۇنىغا رېژىسسورلۇق قىلىپ، «مۇستەقىل»، «فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ياپونىيە ئىشغال قىلىۋالغان مەزگىلدە فىلىپپىن كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن دېموكراتىك تەشكىلاتلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. فىلىپپىن كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئاساس قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق ئارمىيەسى 1945 ـ يىلىغا كەلگەندە 100 مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوشۇنغا تەرەققىي قىلدى ھەمدە لۇزون ئارىلىدىكى كەڭ رايونلارنى تىزگىنلىدى. ئازاد رايوندا دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ باردى. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق ئارمىيەسى بىلەن يەرلىك پارتىزانلار ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ماسلىشىپ ياپون ئارمىيەسىگە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، مۇھىم تۆھپە قوشتى.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا فىلىپپىنغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، فىلىپپىندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق ئارمىيەسىنى قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى ھەم ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنى تىنتىپ تۇتتى. بۇ ئىش فىلىپپىن خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى فىلىپپىندىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى، دېھقان مانىلادا نامايىش قىلىپ، مۇستەقىللىق، دېموكراتىيە ۋە يەر تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مانىلادا 65 مىڭ ئادەم قاتناشقان چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئامېرىكىنىڭ

«تىدىڭس ـ ماك دۇففىئې قانۇنى»①غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاشنى كېچىكتۈرۈش سۈيىقەستىگە قارشى تۇردى. فىلىپپىن كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشچىلار ئىش تاشلىدى، دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىلىرى قوللىرىغا قايتىدىن قورال ئېلىپ، ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە ئامېرىكا «تىدىڭس ـ ماك دۇففىئې قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆز قەرەلىدە جاكارلىماقتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مانىلادا فىلىپپىن مۇستەقىللىقى ۋە فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا فىلىپپىننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىنىڭ فىلىپپىندا تۇرۇشلۇق ئالىي ۋالىي مەھكىمىسى فىلىپپىندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىغا ئۆزگەرتىلدى. فىلىپپىن لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ باشلىقى روكاس فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولدى.

فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقى فىلىپپىن خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ فىلىپپىننىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم بىر قەدەم. بىراق، ئامېرىكا فىلىپپىن مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئامېرىكا

---

① «تىدىڭس ـ ماك دۇففىئې قانۇنى» نى ئامېرىكا 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ فىلىپپىندا تۇرۇشلۇق ئالىي ۋالىيسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە فىلىپپىن ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، 10 يىلدىن كېيىن فىلىپپىننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش بەلگىلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

«ئامېرىكا ـ فىلىپپىن ئومۇمىي مۇناسىۋەت شەرتنامىسى»، «سودا كېلىشىمى»، «ھەربىي بازا كېلىشىمى» ۋە «ئورتاق مۇداپىئە شەرتنامىسى» قاتارلىقلارنى ئىمزالاش ئارقىلىق فىلىپپىننىڭ مۇستەملىكە ئىقتىسادىي ئىمتىيازىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى ھەم داۋاملىق ئارمىيە تۇرغۇزدى ۋە ھەربىي بازا تەسىس قىلدى. 1954 ـ يىلى ئامېرىكا يەنە فىلىپپىننى «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا كوللېكتىپ مۇداپىئە تەشكىلاتى» غا ئەكىرىۋالدى.

**بىرما فېدېراتسىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ياپونىيە بىرمىغا سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى، بىرمىنى بازا قىلىپ، ھىندىستانغا يول ئېچىشقا ئۇرۇندى. ياپونىيە بىرمىلىقلارنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، بىرمىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش باھانىسىدە بىرما مىللەتچىلىرىنىڭ داھىيسى ئائۇڭ سان (1915 — 1947 ـ يىللار) نىڭ 1941 ـ يىلى تايلاندتا «بىرما مۇستەقىللىق ئارمىيەسى» نى تەشكىللىشىگە ياردەم بېرىپ، بىرمىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قول تىقتى.

1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئارمىيەسى تايلاندتىن بىرمىغا تاجاۋۇز قىلدى. مۇستەقىللىق ئارمىيەسىمۇ ياپونىيە ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ دۆلىتىگە قايتتى. 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياپونىيە بىرمىنى ئىشغال قىلدى. ياپونىيەنىڭ ھەربىي فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىدا بىرما كوممۇنىستلىرى خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلدى. قوراللىق كۈرەش غەربىي قىسمىدىكى ئاراكان تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماندالاي، جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىرراۋاددى دەرياسى دېلتىسى ۋە تېناسسېرىم ئەتراپلىرىنى قاپلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى كۈنسايىن پايدىسىز بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ياپونىيە فاشىستلىرى 1943 ـ

يىلى 8 ـ ئايدا ساختىلىق بىلەن بىرمىنى «مۇستەقىل» دەپ جاكارلاپ، «مىللىي ھۆكۈمەت» قۇردى ھەمدە بىرما «دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى» (مۇستەقىللىق ئارمىيەسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن) نى «مىللىي ئارمىيە» دەپ ئۆزگەرتتى. بىراق، بىرما يەنىلا ياپونىيەنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرىۋەردى. ئا ئۇڭ سان قاتارلىق بىرما مىللەتچىلىرى ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىياپىتىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى فىرونتقا قېتىلدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىرما خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى (بىرما سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئاساسى)، ئائۇڭ سان رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئارمىيە ۋە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەم ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى مەخپىي بىرلەشتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ــ بىرما فاشىزمغا قارشى خەلق لىبېراللىستلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللىدى. ئائۇڭ سان لىبېراللىستلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولدى. بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ داھىيسى تخاكىن تخان تۇن (1911 ــ 1968 ـ يىللار) باش سېكرېتارى بولدى. لىبېراللىستلار ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئائۇڭ سان بىرما مىللىي ئارمىيەسى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ ياپون ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. 5 ـ ئايدا پايتەخت رانگون ئازاد قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن زېمىنى قايتۇرۇۋېلىنىپ، ياپون قاراقچىلىرى بىرمىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ياپونىيە فاشىستلىرى بىرمىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان چاغدا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسى» سالاھىيىتى بىلەن بىرمىغا قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ

مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلەشكە ئۇرۇندى. ئەنگلىيە لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 5 - ئايدا بىر سىياسىتى توغرىسىدىكى ئاق تاشلىق كىتابىنى ئېلان قىلىپ، بىرمىدا باش ۋالىي ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭىباشتىن تىكلەيدىغانلىقىنى، ئۈچ يىلدىن كېيىن 1935 - يىلىدىكى «بىرما ھۆكۈمىتى تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى؛ بىرما ئاخىرىدا ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىقلا دومىنىئونلۇق ئورنىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى؛ شان ئىشتاتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە رايون قىلىنىپ، يەنىلا ئەنگلىيە باش ۋالىيسىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە «ئاپتونومىيە» نامى بىلەن بىرمىنى پارچىلاش پىلانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە يەنە لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن مۇرەسسەلىشىپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتەك خام خىيالىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئادمىرالى موۋنتباتتېن بىلەن لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئائۇڭ سان قاتارلىقلار سەيلۇن (ھازىرقى سىرى لانكا) نىڭ كاندىدا «ياپونىيە ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇش مەسىلىسى كېلىشىمى» (يەنە «كاندى كېلىشىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە بىرمىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيەسىنى ئەنگلىيە كونترۇللۇقىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئادەم سانىنى ئەسلىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن 5000 كىشىگە قىسقارتىش ھەم خەلقنىڭ قولىدىكى قوراللارنى يىغىۋېلىش بەلگىلەندى. 10 - ئايدا ئۇرۇش مەزگىلىدە ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن ئەنگلىيە باش ۋالىيسى سىممىت بىرمىغا قايتىپ كەلدى. ئەنگلىيەنىڭ

ھەربىي ھۆكۈمىتى ھوقۇقنى باش ۋالىي كونتروللۇقىدىكى بىرما «مەمۇرىي كومىتېتى» غا ئۆتكۈزۈپ بەردى. سىمىت فاشىزمغا قارشى خەلق لىبېراللىستلار ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە لىبېراللىستلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلىنى باش ۋالىي مەمۇرىي كومىتېتىغا قاتناشتۇرمىدى، سىرتىدا قالدۇردى.

1946 - يىلى 1 - ئايدا لىبېراللىستلار ئىتتىپاقى رانگوندا مەملىكەتلىك 1 - قۇرۇلتاينى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتاي ئەنگلىيەنىڭ بىرمىنى قول قىلىش پىلانىنى سۆكۈپ، بىرمىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى ھەمدە مۇستەملىكە «مەمۇرىي ئورگان» نى بىكار قىلىپ، پۈتكۈل بىرمىنىڭ بارلىق دېموكراتىك كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن يەنە يەر مەسىلىسى ۋە ئىقتىسادىي سىياسەت توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 2 -، 3 - ئايدا بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن چاقىرىپ، تخاكىن تخان تۈن رەھبەرلىكىدە تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلىشنى ياقلايدىغان ئوڭچىل ئاغمىچىلىقنى تەنقىد قىلىپ، قورال تاشلاشنى رەت قىلدى. 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا بىرما دېھقانلىرى كۈرەشنى باشلىۋەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ئىش تاشلاش بولدى. زاۋۇت، تۆمۈريول، پىرىستان ئىشچىلىرىدىن سىرت، مەمۇرلار ۋە ساقچىلارمۇ ئىش تاشلاشقا قاتناشتى. چوڭ شەھەرلەردە ئامما نامايىش قىلىپ، «تولۇق مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش»، «ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈش» شوئارلىرىنى توۋلاشتى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جايلاردىكى دېھقانلارمۇ ئومۇمىي ئىش تاشلاشقا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن نامايىش قىلدى. بۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىرما مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىكى «سىنتەبىر دولقۇنى» بولۇپ، بىرما خەلقى ئەنگلىيەنىڭ

مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچىنى ئۆبدانلا بىر كۆرسىتىپ قويدى. مەملىكەت بويىچە كەڭ كۆلەملىك سىياسىي ئىش تاشلاش تۇپەيلىدىن، بىرمىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئاساسەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەنگلىيە يۆلىگەن مەمۇرىي كومىتېتمۇ تارقىتىۋېتىلدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئالدىدا، بىر تەرەپتىن باستۇرۇشقا قوشۇن يۆتكەپ، سابىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن خەلق پىدائىيلار قوشۇنىنى قورشاپ يوقىتىپ، ھەربىي، ساقچىلارنى ئىلغار ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە گېزىتخانىلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، مىللىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىنى قولغا ئالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ يىمىرىش ۋاستىلىرىنى قوللاندى. 1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئەنگلىيەنىڭ يېڭى باش ۋالىيسى لانس يېڭى مەمۇرىي كومىتېت تەشكىللەپ، ئائۇڭ ساننى مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا تەكلىپ قىلدى. لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە 10 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيەنى لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىدىن چىقىرىۋەتتى. لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن بىرمىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى سۇسلاشتى. بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى لىبېرالىستلار ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىقتى.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئائۇڭ سان قاتارلىقلار ئەنگلىيەگە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باردى. 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «ئائۇڭ سان ـ ئاتلي كېلىشىمى» ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمدە بىرما «ئەنگلىيە ئىتتىپاقى ئىچى ياكى سىرتىدا تېزدىن

مۇستەقىللىققا ئېرىشىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق مۇستەقىل بولۇش ۋاقتى بەلگىلەنمىدى. ئوتتۇرىدا مەزگىلدە بىرما يەنىلا ئەنگلىيەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، باش ۋالىي ۋە مەمۇرىي كومىتېتنىڭ هوقۇقى ئۆزگەرمىدى. ئەنگلىيە 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنى سايلاپ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئاساسىي قانۇننى ئەنگلىيە دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. بىرمىنىڭ چېگرا رايونلىرى يەنىلا ئەنگلىيە باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. «ئائۇڭ سان - ئاتلى كېلىشىمى» گە ئاساسەن بىرما مەمۇرىي كومىتېتى ئوتتۇرىچى هۆكۈمەت قۇردى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئەنگلىيە بىلەن بىرما مەمۇرىي كومىتېتى «ئەنگلىيە - بىرما ئىقتىسادى كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە، بىرما مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئەنگلىيە شىركەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئىمتىيازىنى داۋاملىق ئېتىراپ قىلىدۇ، كېلىشىم هاسىل قىلىنماي ۋە تۆلەم بېرىلمەي تۇرۇپ، ئەنگلىيە شىركەتلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بولمايدۇ؛ بىرما مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن فوند ستېرلىڭ رايونىدا قالىدۇ، بىرما قەغەز پۇلنى ئەنگلىيە بېسىپ تارقىتىپ بېرىدۇ؛ بىرما هۆكۈمىتى بىرمىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىغا ياشانغاندا كۆتۈنۈش سومممىسى تارقىتىپ بېرىدۇ هەم مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى بىرما مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ قەرزىنى زىممىسىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىرما خەلقى مۇرەسسە خاراكتېرىگە ئىگە يۇقىرىقى كېلىشىمگە قارشى تۇرۇپ، تولۇق مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلدى. 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىش تاشلاش كۈرىشى يېڭىباشتىن ئەۋجگە چىقتى. ئاراكان تاغلىق رايونى ۋە ئىرراۋاددى دەرياسى دېلتا رايونىدىكى دېهقانلارنىڭ قوراللىق كۈرىشىمۇ ئەۋج ئالدى.

ئامىمىۋى كۈرەشنىڭ تۇرتكىسىدە، ئائۇڭ سان بىر يىلدا

مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تولۇق ھوقۇقلۇق مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى قاتارلىق سولچىل تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشگە تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئائۇڭ سان باش مىنىستىرلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىلىپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەدىن ئايرىلىش، بىرمىنىڭ مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان جۇمھۇرىيەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاش مەزمۇن قىلىنغان «بىرما فېدېراتسىيەسى ئاساسىي قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاندى. كېڭەشتىن كېيىن ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ باشلىقى ئۇنۇ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە بارغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئائۇڭ سان ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىدىن كېيىن كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ، تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىرادىسىنى بىلدۈردى. ئۇ: «بىز زوراۋانلىق تۈسىنى ئالمىغان شەكىلدە مۇستەقىل بولۇشنى خالايمىز، بۇنداق ئۇسۇل ئۈنۈم بەرمىگەندە ئۇرۇش قىلىش توغرا كەلسە ئۇرۇش قىلىۋېرىمىز» دېدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئائۇڭ ساننىڭ پوزىتسىيەسىدىكى ئۆزگىرىشتىن ۋە ئۇنىڭ بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن يېڭىباشتىن يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، پەسكەشلەرچە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللاندى. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئائۇڭ سان بىلەن ئالتە نەپەر مىنىستىر مەمۇرىي كېڭەشنىڭ كاتىبات زالىدا يىغىن ئېچىۋاتقاندا، «ۋەتەنپەرۋەرلەر پارتىيەسى»نىڭ ئەنگلىيە تەرىپىدىن كۈشكۈرتۈلگەن باشلىقى ئۇساۋ تەشكىللىگەن بىر توپ قوراللىق قارانىيەتلەر تەرىپىدىن

ئۆلتۈرۈلدى. گېنېرال ئائۇڭ سان قەستكە ئۇچرىغان چېغىدا ئاران 32 ياشتا ئىدى. ئۇ قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن خەلق قەھرىمانى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. بىرما مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن رانگوندا ئائۇڭ سان قاتارلىق يەتتە ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەبرىستانلىقى ياسالدى ھەمدە 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىنقىلابىي قۇربانلار بايرىمى دەپ بېكىتىلدى.

ئائۇڭ سان قاتارلىقلارنىڭ قەستكە ئۇچرىشى بىرما خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئائۇڭ سان قاتارلىقلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى 100 مىڭ ئادەم قاتناشقان سىياسىي نامايىشقا ئايلاندى. بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن باشقا ۋەتەنپەرۋەر پارتىيەلەر، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ئاممىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن يېڭى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا چاقىردى. بىرما مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە دېھقانلار تەشكىلاتى مەملىكەت بويىچە يېڭى ھەرىكەت قوزغاشقا تەييارلاندى.

بىرما خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئەنگلىيە بىرما بىلەن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇنۇ باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەندى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەنگلىيە بىلەن بىرما رانگوندا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىرما ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى «بىرما فېدېراتسىيەسىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نى ماقۇللاپ، بىرمىنىڭ ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى سىرتىدىكى مۇستەقىل، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ئاتلى بىلەن بىرما ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى ئۇنۇ لوندوندا «ئەنگلىيە ـ بىرما شەرتنامىسى» نى

www.uyghurkitap.com

ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئەنگلىيەنىڭ بىرما فېدېراتسىيەسىنى مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولىدىغان دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىشى بەلگىلەندى، بىراق ئەنگلىيەنىڭ بىرمىدىكى بارلىق ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازى ساقلاپ قېلىندى. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىرما فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بىرمىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدى. 1953 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىرما فېدېراتسىيەسى ھۆكۈمىتى «ئەنگلىيە ـ بىرما مۇداپىئە كېلىشىمى» نىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، 10 ـ ئايدا يەنە ئەنگلىيە تاۋارلىرى بەھرىمەن بولغان تاموژنا بېجىدا ئېتىبار قىلىش ھوقۇقى بىكار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرمىنىڭ مۇستەقىللىقى كۈنسايىن مۇستەھكەملەندى.

**مالايا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە مالاي يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلارنى تەدرىجىي بېسىۋالدى. 1896 ـ يىلى «مالاي فېدېراتسىيەسى» قۇرۇلۇپ، پېراك، سېلانگور، سېمبىلان ۋە پاخاڭنى ئىزگىنلىدى. 1909 ـ يىلدىن كېيىن يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن كېلانتان، كېداخ، پرلىس، تېرىڭگانۇ ۋە جوخور ئىشتاتلىرىنى ئىزگىنلىدى ھەمدە 1914 ـ يىلى «مالاي بېقىندى ئىشتاتلىرى» تەشكىللىنىپ، ئەنگلىيە مەسلىھەتچى ئەمەلدارىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ مالايا پۈتۈنلەي ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، مالايا ۋە سىنگاپورنى ئىشغال قىلدى. ياپونىيە ئىشغالىيىتىدىكى مەزگىلدە مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى (1930 ـ يىلى قۇرۇلغان) خەلقنى ياپونىيە ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا تەشكىللىدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا مالايا خەلقى ياپونىيە ئارمىيەسىگە قارشى 340 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ

قىلىپ، دۈشمەننىڭ 5500 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا خەلقنىڭ ياپونىيە ئارمىيەسىگە قارشى قوراللىق كۈچى تەرەققىي قىلىپ 7000 كىشىگە يەتتى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندا، مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۆلەتتىكى قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، 15 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوراللىق كۈچى ۋە 500 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار ئاممىۋى تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلدى ھەم نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلاردا خەلق كومىتېتلىرىنى قۇردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيەسى «تەسلىمنى قوبۇل قىلىش» نامى بىلەن 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سىنگاپوردا قۇرۇقلۇققا چىقتى ھەمدە مالايانى يېڭىباشتىن ئىشغال قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھەربىي دائىرىلىرى خەلقنىڭ ياپونىيە ئارمىيەسىگە قارشى قوراللىق كۈچىنى ۋە خەلق كومىتېتلىرىنى تارقىتىۋەتتى.

مالايادا مۇستەملىكە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى «ئاق تاشلىق كىتاب» ئېلان قىلىپ، «مالايا فېدېراتسىيەسى» قۇرۇشنى قارار قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھەرقايىسى ئىشتات سۇلتانلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، مالايا فېدېراتسىيەسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ھاكىمىيەتنى مۇلكىي ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. مالايا فېدېراتسىيەسى ئەسلىدىكى مالاي فېدېراتسىيەسى ۋە مالاي بېقىندى ئىشتاتلىرىغا تەۋە توققۇز ئىشتات ھەم ئىلگىرىكى دېڭىز بوغۇزى مۇستەملىكىسى بولغان پىناڭ ۋە مالاككانى ئۆز ئىچىگە ئالدى، سىنگاپور خان جەمەتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەملىكە بولۇپ قالدى. فېدېراتسىيەگە ئەنگلىيە پادشاھى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن باش ۋالىي باشلىق بولدى، ھەرقايىسى ئىشتاتلارنىڭ سۇلتانلىق ھۆكۈمىتى باش ۋالىي

باشچىلىقىدىكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بولدى. فېدېراتسىيە قانۇن چىقىرىش كېڭىشى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ قارار چىقىرىشتا سۇلتانلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. شۇنداق قىلىپ مالايا فېدېراتسىيەسىنىڭ بارلىق چوڭ ھوقۇقلىرى ئەنگلىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەمما، بۇ قېتىملىق «ھاكىمىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى» مالايادىكى پارتىيەلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن سىرت، «ئاق تاشلىق كىتاب» تىكى بەلگىلىمىلەر مالايا ۋە سىنگاپوردا تۇغۇلغان كىشىلەر، 1942 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇنقى 15 يىلدا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا 10 يىل بولغان كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە پۇقرالىق ھوقۇقى بەرگەن بولۇپ، بۇ نۇرغۇن مالايلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. «ئاق تاشلىق كىتاب» نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن جاي ـ جايلاردا ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. 1946 ـ يىلى مالايادا 2000 قېتىم ئىش تاشلاش يۈز بەردى. ھەرقايسى ئىشتات سۇلتانلىرىمۇ ئاممىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىشتات سۇلتانلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ھەم مالايلارنىڭ ئەڭ چوڭ پارتىيەسى — مالاي مىللىي بىرلىك ئاپپاراتى (1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان، قىسقارتىلىپ «مالاي بىرلىكى» دېيىلىدۇ) ۋە باشقا مالايلارنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن مالايا فېدېراتسىيەسى ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ھەم ئەنگلىيە ۋەكىللىرى، ئىشتات سۇلتانلىرى، مالاي بىرلىكى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر خىزمەت كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇلارنى ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاشقا مەسئۇل قىلىشقا قوشۇلدى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مالايا فېدېراتسىيەسى مالايا قوشما ئىشتاتلىرىغا ئۆزگەرتىلىدىغان يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان

قىلىندى، شۇ يىلى 12 - ئايدا ئەنگلىيە دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. كېيىنكى يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مالايا قوشما ئىشتاتلىرى رەسمىي قۇرۇلدى.

مالايا قوشما ئىشتاتلىرى ھۆكۈمىتى سۇلتانلارغا خېلى كۆپ ھوقۇق بەردى، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئىشتات سۇلتانلىرى ۋە ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ نامىدىن خىزمەتلەرگە ئورتاق رىياسەتچىلىك قىلدى، باش ۋالىي ئورنىغا ئالىي ۋالىي قويۇلدى؛ سۇلتانلار كېڭىشى قۇرۇلۇپ، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىلدى؛ قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتىدا مالايلارنىڭ ئورنى كۆپەيتىلدى. بىراق، ئەنگلىيە پادىشاھى يەنىلا ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئالىي ۋالىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىغا ھەمدە قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ تەكلىپ - لايىھەلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى، سىنگاپور يەنىلا ئەنگلىيە پادىشاھىغا بىۋاستە قاراشلىق مۇستەملىكە سۈپىتىدە قېلىۋەردى.

مالايا قوشما ئىشتاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە مالايادىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش ئەۋج ئالدى. پىناڭ ھەتتا بىر مەھەل قوشما ئىشتاتتىن چىقىپ كېتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىر ھەپتىلىك ئومۇمىي ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىش تاشلىدى، ھەرقايسى جايلاردىكى سودا - سانائەت ۋە قاتناش پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى «جىددىي ھالەت» پەرمانىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇپ، مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە باشقا سولچىل تەشكىلاتلارنى «قانۇنسىز» دەپ جاكارلاپ، ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئالدى ھەم ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق

www.uyghurkitap.com

باستۇردى. 12 ـ ئايدا مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرەش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. كوممۇنىستىك پارتىيە مەخپىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۇزاق مۇددەت پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالاي بىرلىكى قاتارلىق پارتىيەلەر پارلامېنت پائالىيىتىگە قاتناشتى. 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مالايا قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى دۆلەت مەجلىسى تەسىس قىلدى، ئالىي ۋالىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ باشلىقى بولدى. مالاي بىرلىكىنىڭ رەئىسى داتو ئوئېن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. 8 ـ ئايدا تۇنكۇ ئابدۇل راخمان (1903 ـ يىلى تۇغۇلغان) مالاي بىرلىكىنىڭ رەئىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ چوڭ جۇڭگولۇقلار پارتىيەسى بولغان «مالاي جۇڭگولۇقلار ئۇيۇشمىسى»[①] بىلەن ھەمكارلىشىش فاكتېنى يولغا قويۇلۇپ، «مالايلار، جۇڭگولۇقلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مالايا ھىندىستانلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى (1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان) مۇ ئىتتىپاققا كىردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىتتىپاق «مالايلار، جۇڭگولۇقلار، ھىندىستانلىقلار ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالدى. ئۇلار بىرلىكتە پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىپ، قانۇنلۇق كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى مالايا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى

① مالايا جۇڭگولۇقلار ئۇيۇشمىسى 1949 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مالايادىكى جۇڭگولۇقلار. دەسلەپتە ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ پاراۋانلىق تەشكىلاتى ئىدى، 1952 ـ يىلى جەمئىيەت باشلىقى چېن جېنلۇ ئۇنى ئۇيۇشما خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىپ، سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلاندۇرغان، بۇ ئۇيۇشما مالاي بىرلىكى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۆھبەت يولى ئارقىلىق مالايانىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئىلگىرى سۈردى.

1955 - يىلى 7 - ئايدا مالايا قوشما ئىشتاتلىرى قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزدى. مالايلار، جۇڭگولۇقلار، ھىندىستانلىقلار ئىتتىپاقى 52 ئورۇننىڭ 51 نگە ئېرىشتى. ئىتتىپاق رەئىسى راخمان قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولدى. مالايلار، جۇڭگولۇقلار، ھىندىستانلىقلار ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا راخمان ئەنگلىيەلىكلەرگە نوتا تاپشۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت يىل ئىچىدە قوشما ئىشتاتنىڭ ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى دائىرىسىدە مۇستەقىل بولۇشىنى، ئەنگلىيە ئالىي ۋالىيسىنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، مالىيە ۋە مۇداپىئە ھوقۇقىنى خەلق سايلىغان قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1956 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە راخمان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ لوندونغا بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئەنگلىيەنىڭ بۇ چاغدا مالاياغا قارىتىلغان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە، مالايانىڭ 1957 - يىلى 8 - ئايدا مۇستەقىل بولۇشىغا ئىلاجسىز قوشۇلدى.

1957 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۇئالا لۇمپۇردا قوشما ئىشتاتنىڭ مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىندى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قوشما ئىشتات ئالىي باشلىقى تەسىس قىلىندى، بۇ ئالىي باشلىق ھۆكۈمرانلار كېڭىشى (سۇلتانلار كېڭىشىگە باراۋەر) دە توققۇز ئىشتات سۇلتانى ئىچىدىن سايلىنىدىغان بولدى؛ يۇقىرى، تۆۋەن پالاتادىن تەركىب تاپقان دۆلەت مەجلىسى تەسىس قىلىندى؛ ئىچكى كابىنېت ئىككى پالاتالىق پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولدى، ئالىي باشلىق ئىچكى كابىنېتنىڭ پىكرى

بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى؛ ھەرقايسى ئىشتاتلاردا ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت ۋە ئىشتاتلىق پارلامېنت تەسىس قىلىندى، سۇلتان ئىشتات رەھبىرى بولدى، پىناڭ بىلەن مالاككانىڭ باشلىقى ئىشتات باشلىقى دەپ ئاتالدى؛ مالايلاردىن باشقىلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىنى چوڭايتىش ئۈچۈن مۇستەقىللىق جاكارلانغان كۈندىن ئېتىبارەن مالايا قوشما ئىشتاتلىرىدا تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن قوشما ئىشتات پۇقراسىغا ئايلىنىدىغان بولدى. ئاساسىي قانۇندا يەنە مالاي تىلى دۆلەت تىلى بولىدۇ، 10 يىلغىچە ئىنگلىز تىلى يەنىلا ھۆكۈمەت تىلى بولىدۇ؛ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا دىنلارنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1957 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مالايا قوشما ئىشتاتلىرى ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى ئىچىدە مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سېمبىلاننىڭ سۇلتانى تۇئانكۇ ئابدۇل راخمان 1 - نۆۋەتلىك ئالىي دۆلەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئارقىدىنلا تۇئانكۇ ئابدۇل راخمان باش مىنىستىر 1 - نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېت ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى. مالايا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئەنگلىيەنىڭ مالايادىكى 171 يىللىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن، مالايا تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

## 2 - بۆلۈم ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

**ھىندونېزىيەدىكى ئاۋغۇست ئىنقىلابى ۋە ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيە تەسلىم بولدى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كوممۇنىستلار بىلەن ياشلار ئىنقىلابىي

تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى جاكارتاغا مەخپىي يىغىلىپ، دەرھال مۇستەقىللىق جاكارلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى ھەمدە مىللەتچىلەرنىڭ داھىيسى سۇكارنو، خاتتا بىلەن كېڭىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇستەقىللىق جاكارلىشىنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سۇكارنو، خاتتالار مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ئىمزالاپ، ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن چوڭ شەھەرلەردە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى، ئامما «مۇستەقىل بولساق مەڭگۈ مۇستەقىل بولىمىز!» دەپ شوئار توۋلاشتى. ئىنقىلابىي خەلق ئەسكەرلىرى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ قورال زاۋۇتىنى تارتىۋالدى، زاۋۇت، رادىيو ئىستانسىسىلىرىنى ئىشغال قىلدى. جايلاردا جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھىندونېزىيەدىكى پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ داھىيلىرى «ھىندونېزىيە مۇستەقىللىققا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى» نىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى. سۇكارنو پىرېزىدېنت، خاتتا مۇئاۋىن پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ئارقىدىنلا ئوڭ قانات سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن سىئاخرىر باش مىنىستىرلىقىدىكى دۆلەت مەجلىسى تۈزۈمىدىكى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەندى.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ئۇزاققا بارماي، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش باھانىسىدە ھىندونېزىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ، جاكارتا، باندۇڭ، سېماراڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ياپونىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن جازا لاگېرىغا قامىلىپ قويۇلغان گوللاندىيە ـ ھىندونېزىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى ئەنگلىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، «گوللاندىيە، ھىندونېزىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى» بولۇپ تەشكىللەندى،

www.uyghurkitap.com

ئاۋستىرالىيەگە قېچىپ كەتكەن گوللاندىيە، ھىندونېزىيە مۇستەملىكچى ئەمەلدارلىرىمۇ يېڭىباشتىن بېسىپ كەلدى، ئۇلار ياۋروپادىن كەلگەن گوللاندىيە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، سۇرابايانى تاجاۋۇز قىلغان ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئايروپىلان، تانكا ۋە پاراخوتلارنى ئىشقا سېلىپ، كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. سۇرابايادىكى ئارمىيە ـ خەلق، شۇنداقلا شۇ جايدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، 21 كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلدى. سۇرابايانى قوغداش جېڭى ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش يولىدىكى باتۇرانە جاسارىتىنى نامايان قىلىپ بەردى، شۇڭا بۇ كۈن قەھرىمانلار بايرىمى، دەپ بېكىتىلدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئەيىبلىشى ئارقىسىدا 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھىندونېزىيەدىن چېكىنىپ چىقتى، بىراق ئىشغالىيەت رايونىنى گوللاندىيە مۇستەملىكچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

**ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيەگە قارشى ئۇرۇشى** گوللاندىيە ھىندونېزىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلماي، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭىباشتىن تىكلەشكە ئۇرۇندى. ئۇ بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە ئۇرۇشىغا تەييارلىق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندونېزىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سىئاخرىر ھۆكۈمىتى گوللاندىيە بىلەن «لىڭگاجاتى① كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە

① لىڭگاجاتى ياۋادىكى سىربېبون شەھىرىگە يېقىن بىر كەنت.

گوللاندىيەنىڭ ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋا، مادۇلا ۋە سۇماتېرادا «ئەمەلىي ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشى» نى ئېتىراپ قىلىشى بەلگىلەندى، ئەمما ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى گوللاندىيە يۆلىگەن فېدېراتسىيە رايونى بىلەن بىرلىكتە ھىندونېزىيە فېدېراتسىيەسىنى تەشكىللىشى ھەم گوللاندىيە ئايال پادىشاھى دۆلەت باشلىقى بولغان گوللاندىيە ـ ھىندونېزىيە ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە چەت ئەل كاپىتالىنىڭ مۈلكى ۋە ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەم تۆلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ مۇرەسسەچىلىك، تەسلىمچىلىك تۈسىنى ئالغان كېلىشىم ئىدى. خەلق قارشى تۇرغاچقا، 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سىئاخرىر تەختتىن چۈشۈپ، 7 ـ ئايدا كوممۇنىستلاردىن شەرىفىددىن باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەندى.

گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «بىرىنچى قېتىملىق مۇھاپىزەت ھەرىكىتى»، يەنى مۇستەملىكە ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا گوللاندىيە 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئاجرىتىپ، ئوتتۇرا ياۋا ۋە شەرقىي ياۋادا قۇرۇقلۇقتا چىقىپ، كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. شەرىفىددىن ھۆكۈمىتى گوللاندىيەگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. بىراق، كۈچ پەرقى بەك چوڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ھەم جەڭ تاكتىكىسىنىڭ نوقۇل بولغانلىقى تۈپەيلىدىن قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى ئىككى ئايلا داۋاملاشتى.

1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئامېرىكا، بېلگىيە، ئاۋستىرالىيەدىن تەشكىللەنگەن «سالا ـ سۇلھى كومىتېتى» ئارقىلىق ياراشتۇرۇشنى قارار قىلدى. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكا قاتارلىقلارنىڭ

«سالا ـ سۇلھى» سى بىلەن ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى خاتا ھالدا پرىنسىپال يول قويۇپ، ئامېرىكىنىڭ «رېنۋىل» ناملىق ھەربىي كېمىسىدە گوللاندىيە بىلەن «رېنۋىل كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، «موك لىنىيەسى»[1] نى پاسىل قىلىپ، ئۇرۇش توختىتىش؛ ئىككىنچى، ياۋا، سۇماتېرا، مادۇرادىكى گوللاندىيە ئىشغالىيەت رايونىدا پۇقرالار ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، بۇ رايونلارنىڭ ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈش ياكى ھىندونېزىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەكىرىشنى بەلگىلەش؛ ئۈچىنچى، فېدېراتسىيە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى گوللاندىيە داۋاملىق ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈش. بۇ كېلىشىم «لىڭگاجاتى كېلىشىمى» گە قارىغاندا ھىندونېزىيەگە تېخىمۇ پايدىسىز ئىدى. ئۇ ھىندونېزىيەدىكى ياۋا ئارىلىنىڭ 2/3 قىسمىنى، مادۇرانىڭ ھەممىسىنى ۋە سۇماتېرانىڭ بىر قىسمىنى گوللاندىيە ئىشغالىيىتىگە تاشلاپ بەردى ھەم گوللاندىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرىفىددىن ھۆكۈمىتى ئۆزلۈكىدىن ئىستېپا بەردى، خاتتا بىلەن مۇسۇلمانلار پارتىيەسىدىكىلەر[2] ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

خاتتا ھۆكۈمىتى ئامېرىكىغا مايىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، سىرتقا نىسبەتەن «رېنۋىل كېلىشىمى» گە تامامەن بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىچكى قىسمىدا ئىش تاشلاش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈشنى قەتئىي چەكلىدى ھەمدە ئىشچى –

---

① «موك لىنىيەسى» 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گوللاندىيە تەرىپىدىن بىر تەرەپلىمە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ ھىندونېزىيە زېمىنىدىكى بەزى ئەڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىلىرىنى تۇتاشتۇرغان، بۇ لىنىيەنىڭ گوللاندىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىكى يەرلەرنى گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىشغالىيەت زېمىنىغا ئايلاندۇرغان.

② مۇسۇلمانلار پارتىيەسىنىڭ تولۇق نامى «ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار بىرلەشمىسى» بولۇپ، 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قۇرۇلغان، چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوڭ قانات پارتىيە.

دېھقانلار ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنى باستۇرۇش يولىغا ماڭدى. خاتتانىڭ سىياسىتى خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە باشقا ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار خەلق دېموكراتىك فىرونتىنى تەشكىللەپ، «مىللىي پىروگرامما» تۈزۈپ، خاتتا ئىچكى كابىنېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، تامامەن مۇستەقىل بولغان ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا، گوللاندىيە جاھانگىرلىكى ۋە ھىندونېزىيەدىكى ئوڭچىلار خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ زورىيىشىدىن قورقاتتى. 1948 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئامېرىكا ۋەكىلى خاۋكىنس، كوچران بىلەن ھىندونېزىيە ۋەكىلى خاتتا قاتارلىقلار مادىئۇمدا يىغىن ئېچىپ، «قىزىل ئۇنسۇرلارنى يوقىتىش» پىلانىنى مەخپىي كېڭەشتى. ئامېرىكا قورال ـ ياراغ ۋە 65 مىليون دوللار خىراجەت بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

ھىندونېزىيە ئىنقىلابى خەۋپلىك پەيتتە تۇرۇۋاتقاندا، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چەت ئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ داھىيسى مۇسو ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى يوگياكارتاردا ئېچىلغان ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا، مۇسو «ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى يولى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. مۇسونىڭ رەھبەرلىكىدە ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، «لىنگگاجاتى كېلىشىمى» ۋە «رېنۋېل كېلىشىمى» نى بىكار قىلىش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ ئۈچ ئىشچىلار سىنىپى پارتىيەسى (كوممۇنىستىك پارتىيە، ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى ۋە سول قانات سوتسىيالىستلار پارتىيەسى) نى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇش؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقنى ئاساس قىلغان مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇپ چىقىش؛ فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىپ، يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش؛ ئارمىيەدىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت يېڭى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ ، 27 ـ كۈنلىرى ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مۇسونى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا سايلىدى ھەمدە «ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى يولى» دېگەن قارارنى ماقۇللىدى. يىغىندىن كېيىن مۇسو ھەرقايسى جايلارنى زىيارەت قىلىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىنى تەرغىب قىلدى.

خاتتا ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى تەرەققىياتىنى توسۇش ئۈچۈن ئامېرىكا، گوللاندىيەنىڭ قوللىشىدا، كوممۇنىستلار «ھاكىمىيەت تارتىۋالماقچى»، «سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرماقچى» دېگەننى باھانە قىلىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قوشۇن ئەۋەتىپ، 1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «مادىئۇم ۋەقەسى» نى پەيدا قىلىپ، كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قوغلاپ تۇتتى ۋە قىرغىن قىلدى. ھىندونېزىيە كوممۇنىستلىرى ۋە خەلق دېموكراتىك فرونتىنىڭ ئەزالىرى ئىلاجسىز قوراللىنىپ، ئۆزىنى قوغدىدى. بۇ ۋەقەدە مۇسو، شەرىفىددىن قاتارلىق پارتىيە رەھبەرلىرى قۇربان بولدى. تەخمىنەن 36 مىڭ كوممۇنىست ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زاتلار قولغا ئېلىنىپ، ئۇلاردىن 10 مىڭچە ئادەم ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

خاتتا ھۆكۈمىتى ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 2 ـ قېتىملىق مۇستەملىكە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق پايتەختى

يۇگياكارتانى بېسىۋېلىپ، سۇكارنو قاتارلىق ھىندونېزىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ھىندونېزىيە خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. كوممۇنىستلار بىلەن ۋەتەنپەرۋەر ئارمىيە ـ خەلق پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ قانات يايدۇردى. گوللاندىيەنىڭ 150 مىڭ كىشىلىك مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى چوڭ شەھەرلەردە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، 1949 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شەرقىي ياۋانىڭ 1/3 قىسمىنى ۋە غەربىي ياۋانىڭ يېرىمىنى ئاران تىزگىنلەپ تۇرالىدى. گوللاندىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئاسىيا ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەچكە، گوللاندىيە ئارمىيەسىدىن يارىلانغان، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپىيىپ باردى، ھەربىي خىراجەت چىقىممۇ زورايدى. ئامېرىكا گوللاندىيە مۇشكۈل ھالغا چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئارقىلىق گوللاندىيەگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختىتىشىنى ھەم سۇكارنو قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا يەنە «سالا ـ سۇلھى كومىتېتى» (1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نامى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھىندونېزىيە كومىتېتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نى ئىشقا سېلىپ ياراشتۇردى. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گوللاندىيە بىلەن ھىندونېزىيە جاكارتادا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، گوللاندىيە، ھىندونېزىيە قورچاق ئىشتاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھىندونېزىيە كومىتېتىدىكى ئامېرىكا ۋەكىللىرى قاتناشقان يۇملاق ئۈستەل يىغىنى گائاگادا ئۆتكۈزۈلدى. 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «يۇملاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» ئىمزالاندى. كېلىشىمدە: ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە 15 قورچاق ئىشتاتتىن

«ھىندونېزىيە فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، گوللاندىيە ئايال پادىشاھى دۆلەت باشلىقى بولغان گوللاندىيە ــ ھىندونېزىيە ئىتتىپاقىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ؛ ھىندونېزىيە دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئە، مالىيە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە گوللاندىيە بىلەن «مەڭگۈلۈك ھەمكارلىق» نى يولغا قويىدۇ؛ غەربىي ئىرىئاننى داۋاملىق گوللاندىيە ئىشغال قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى كېيىن ئىككى تەرەپ «كېڭىشىپ» ھەل قىلىدۇ؛ ھىندونېزىيە يەنە مۇستەملىكە ھۆكۈمەتنىڭ 40 مىليارد گىلدېر قەرزىنى تۆلەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

**«يۇملاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» نىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە غەربىي ئىرىئاننىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى** «يۇملاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، گوللاندىيە ئارمىيەسى ھىندونېزىيەدىن چېكىندى. 1949 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى ھىندونېزىيە فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. سۇكارنو يەنىلا پرېزىدېنت، خاتتا باش مىنىستىر بولدى. 12 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى گوللاندىيە غەربىي ئىرىئاندىن باشقا ھىندونېزىيە زېمىنلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ گوللاندىيەنىڭ 340 نەچچە يىلغا سوزۇلغان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. بىراق، تەڭسىز «يۇملاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» يەنىلا كۈچكە ئىگە بولۇپ، ھىندونېزىيە زېمىنىنىڭ20% نى ئىگىلەيدىغان غەربىي ئىرىئان يەنىلا گوللاندىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتاتتى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندونېزىيەدىكى ھەرقايسى قورچاق ئىشتاتلاردا يەنىلا غايەت زور سىياسىي، ئىقتىسادىي تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇپ، يېزىلاردا فېئوداللىق يەر تۈزۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ھالەت تېخى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىندونېزىيەگە سىڭىپ

كىردى. ئامېرىكا، گوللاندىيە جاھانگىرلىكى يەنە ۋاكالەتچىلىرى ئارقىلىق «ئىسلام ھەرىكىتى»، «ھىندونېزىيە ئىسلام ئارمىيەسى» قاتارلىق ئەكسىيەتچى دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتلىرىنى تەشكىللەپ، بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا، ھىندونېزىيە خەلقى يەنىلا ئاۋغۇست ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى ھەم زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش كۈرىشىگە دۇچ كەلدى.

1950 ـ يىلى ھىندونېزىيە مەملىكەت بويىچە قورچاق ئىشتاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت تەشكىللەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. قورچاق ئىشتاتلار ئىلاجسىز ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىلىپ كەتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىرلىككە كەلگەن ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئوڭ قانات گۇرۇھلار ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەدە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇلار «يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» نى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلدى ھەم ئامېرىكا بىلەن «ئورتاق خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، يېڭى جۇڭگوغا قامال ۋە ئىمبارگو يۈرگۈزۈشكە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى چەكلەش پەرمانى ئېلان قىلىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستى. بىراق بۇ مەزگىلدە، ھىندونېزىيە كومپارتىيەسى ۋە دېموكراتىك تەشكىلاتلارنىڭ كۈچى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1951 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئايدىت (1923 — 1967 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېت تەشكىللىدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىمۇ يېڭىباشتىن قۇرۇلۇپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى تەرەققىي

قىلدى.

ئوڭ قانات گۇرۇھلار قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1951 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سۇكىمان ئىچكى كابىنېتى «ئاۋغۇستىنىكى كىچىك كۆلەملىك قولغا ئېلىش» نى قوزغاپ، 3000دىن ئارتۇق تەرەققىيپەرۋەر زاتنى تۈرمىگە تاشلىدى. ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە دېموكراتىك تەشكىلاتلار سۇكىمان ئىچكى كابىنېتىغا قارشى بىرلىك سەپ تەشكىللەپ، ئاممىنى قوزغاپ، سۇكىمان ئىچكى كابىنېتىنى ئىستېپا بېرىشكە قىستىدى. مىللەت پارتىيەسىدىكىلەر ئاساس قىلىنغان ۋىلوپو ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلار قويۇپ بېرىلدى. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كوممۇنىستلار بىلەن دېموكراتىك كۈچلەر ماسلىشىپ، ئوڭ قانات سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىكىلەر قۇتراتقان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوڭ قاناتلارنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى يېتىم قالدى. كوممۇنىستىك پارتىيە، مىللەت پارتىيەسى ۋە سۇكارنو ۋەكىللىكىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە يېقىنلاشتىن بىرلىك سەپ تەشكىللەپ، تەسىرىنى كۈنسايىن زورايتتى.

1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مىللەت پارتىيەسىدىن ئەلى ساستروئامىدىيويو (1903 ـــ 1975 ـ يىللار) ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. بۇ نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېت جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇستەقىللىقنى قوغداش ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى. ئەلى ئىچكى كابىنېتى سۆھبەت كۆرۈشى ئارقىلىق 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گوللاندىيە بىلەن «گوللاندىيە ـ ھىندونېزىيە ئىتتىپاقى» نى بىكار قىلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ، گوللاندىيەگە ئالاقىدار دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى كېلىشىم ماددىلىرىنى يوققا چىقاردى. 1955 ـ يىلى ھىندونېزىيە باندۇڭ يىغىنىدىكى ساھىبخانا دۆلەتكە

ئايلىنىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. يىغىن مەزگىلىدە ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ۋەكىللىرى ئۆمىكى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا شەرتنامە» ئىمزالاپ، ھىندونېزىيەدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ تارىختا شەكىللەنگەن قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھىندونېزىيەدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق دۆلەت مەجلىسى قۇرۇلدى. ئەلى ساستروئامىدىيويو يەنە بىر نۆۋەت ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەلى ئىچكى كابىنېتى «يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى كېلىشىمى» نىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئۆز ئالدىغا جاكارلاپ، گوللاندىيەگە «قەرز» ى يوقلۇقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ مۇستەقىللىق ئورنى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

باندۇڭ يىغىنىدىن كېيىنكى ئاسىيا، ئافرىقا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋجگە چىققان ۋەزىيەتتە، 1956 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى سۇماتېرا، سۇلاۋېسى ۋە جەنۇبىي موللۇككا تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردا ئامېرىكا، گوللاندىيەلەرنىڭ قوللىشىدا يۈز بەرگەن ھەربىي توپىلاڭنى تارمار قىلدى. 1960 ـ يىلى پىرېزىدېنت سۇكارنو توپىلاڭ پىلانلاشقا قاتناشقان ئەكسىيەتچى پارتىيەلەرنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1961 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىپ، پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، غەربىي ئىرىئاننى ئازاد قىلىشقا تەييارلاندى. كېيىنكى يىلى غەربىي ئىرىئاننى ئازاد قىلىش يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بىر تۈركۈم پىدائىيلار غەربىي ئىرىئاندىكى ئىككى ئارالدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى گوللاندىيەنىڭ ھىندونېزىيەدىكى كارخانىلىرى ۋە ئېكىنزارلىرىنى مۇسادىرە قىلغانلىقىنى

جاكارلىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، گوللاندىيە 1963 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىلاجسىز غەربىي ئىرىئاننى ھىندونېزىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى جەھەتتىكى ھوقۇقى ئىشقا ئاشتى.

## 3 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىلىشى

**2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە بومباي ماتروسلار قوزغىلىڭى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى باش ۋالىيسى ھىندىستاننى ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى دۆلەت دەپ جاكارلىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى «ھىندىستان دۆلەت مۇداپىئە نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، ھىندىستاننىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى، ھىندىستان خەلقىنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئەنگلىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا قەدەممۇ قەدەم مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى ئەنگلىيەگە قاراشلىق بىرمىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇرۇش ئوتىنى ھىندىستاننىڭ دەرۋازىسىغا تۇتاشتۇردى. ئامېرىكا ھىندىستاننىڭ ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشى ئۈچۈن، تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن

ئەنگلىيەگە ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش توغرىسىدا ۋەزخانلىق قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ھىندىستانغا تېزلىكتە سىڭىپ كىردى ھەمدە ھىندىستانغا 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھىندىستاندىكى تەسىرى زورايدى.

ئەنگلىيە ھىندىستاننىڭ ئۇرۇشنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەم ئامېرىكىنىڭ ھىندىستان ئىشلىرىغا قول تىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن، 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۆۋەن پالاتانىڭ داھىيسى كرىپپسنى ھىندىستانغا ئەۋەتتى. ئۇ ھىندىستاننىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بىر پارچە (يەنە كرىپپس لايىھەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئېلىپ كېلىپ، ھىندىستاندىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن كېڭەشتى. لايىھەدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېڭى بىر ھىندىستان فېدېراتسىيەسى قۇرۇلۇپ، ھىندىستانغا دومىنىئونلۇق ئورنى بېرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. بىراق، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە يەنىلا «تىزگىنلەش ۋە يېتەكلەش ھالىتىنى ساقلاپ قالدى» ھەم ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ دەرھال ھىندىستان مىللىي ھۆكۈمىتى قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى.

كرىپپس لايىھەسى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى قارار ماقۇللاپ، دەرھال مۇستەقىل بولۇش ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە گەندىگە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى بەردى. مۇستەملىكە دائىرىلىرى باستۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ گەندى قاتارلىق رەھبەرلىرىنى دەرھال قولغا ئالدى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۈب قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ۋە شەرقىي

قىسمىدىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا «پاكىستان» دۆلىتى قۇرۇش تەلىپىنى قويۇپ، كرىپسىنىڭ لايىھەسىدە بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار يوق، دەپ قاراپ لايىھەنى رەت قىلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە ھىندىستاننى ىىراق شەرقتىكى بازا قىلىۋالدى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مال زاكازى تېز ئاشقاچقا، ھىندىستاننىڭ سانائەت ۋە تاشقى سودىسى تەرەققىي قىلدى. بىراق، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مال زاكازى توختاپ قالغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش تېزلا چېكىنىپ، ھىندىستان ئىقتىسادى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالدى. تۈركۈم ـ تۈركۈم ئىشچىلار ئىشسىز قالدى، يېزىلاردا قەھەتچىلىك كۆرۈلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش باھانىسىدە ئەنگلىيە، ھىندىستان ئارمىيەسىنى ھىندىچىنىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ھىندونېزىيەگە ئەۋەتىپ، فىرانسىيە، گوللاندىيەلەرنىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللىغاچقا، بۇ ئىش ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشى ئەۋجگە چىقىپ، ئەنگلىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەردە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ياش كۆتۈردى، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەۋج ئالدى. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى قوغداش كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەنگلىيەنىڭ ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن دەرھال قوشۇن چېكىندۈرۈشى تەلەپ قىلىندى، ھىندىستان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇستەمىكىچىلىككە قارشى كۈرىشىنى قوللىدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ يەنە ئەنگلىيە

مۇستەملىكىچى دائىرىلەرنىڭ «ھىندىستان مىللىي ئارمىيەسى»[1]نىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سوراق قىلىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئاممىۋى ھەرىكەت پارتلىدى. كالكۇتتا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھەربىي، ساقچىلار بىلەن قانلىق توقۇنۇشتى. 1946 - يىلى ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئىش تاشلاش كۈرىشى 1945 - يىلىدىكى 848 قېتىمدىن 1946 - يىلىغا كەلگەندە 1629 قېتىمغا كۆپەيدى، قاتناشقان ئادەم سانى 750 مىڭدىن 1 مىليون 960 مىڭغا كۆپەيدى. دېھقانلار ھەرىكىتى بېنگال، پەنجاپ، كەشمىر ۋە ھەيدەرئاباد بەگلىكىنىڭ تېلىنگانە رايونىنى قاپلىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش دولقۇنىدا، بومباي ماتروسلىرىنىڭ قوزغىلىڭى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 1946 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بومباي مەشىق لاگېرىدىكى ھىندىستانلىق ماتروسلار ئەنگلىيە ئوفىتسېرىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بومباي پورتىدىكى 20 ھەربىي كېمە ۋە شەھەر ئىچىدىكى قىسىملاردىن چىققان 20 مىڭ ئەسكەر قوزغىلاڭغا قاتناشتى. قوزغىلاڭچى

① ھىندىستان مىللىي ئارمىيەسىنى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ داھىيلىرىدىن بىرى بولغان سۇبھاس چاندىرا بوسى (1897 — 1945 - يىللار) 1945 - يىلى بىرمىدىكى ھىندىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ياپونىيە ئىشغالىيەت رايونىدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىدىن تەشكىللىگەن. 1944 - يىلى بۇ ئارمىيە ياپونىيە ئارمىيەسىگە ھەمكارلىشىپ بىرما چېگراسىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان. 1945 - يىلى 5 - ئايدا بىرمىدىكى ياپونىيە ئارمىيەسى مەغلۇپ بولۇپ، ھىندىستان مىللىي ئارمىيەسى پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشكەن، پەقەت سۇبھاس چاندىرا بوسى قاتارلىق ئازلا كىشىلەر قېچىپ كەتكەن. ھىندىستان خەلقى ھىندىستان مىللىي ئارمىيەسى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش روھىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى سوراق قىلىشقا قارشى چىققان.

ئەسكەرلەر ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت بايرىقىنى يىرتىپ تاشلاپ، كوچىلارغا چىقىپ: «ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى»، «ياشىسۇن ئىنقىلاب» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى. قوزغىلاڭچى ماتروسلار ئىش تاشلاش كومىتېتى تەشكىللەپ، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى ھەمدە بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش، ھىندىستان قوشۇنىنى ھىندونېزىيەدىن چېكىندۈرۈپ چىقىش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويدى. قوزغىلاڭ تېزلىكتە مادراس، كاراچى قاتارلىق پورتلاردىكى ماتروسلار ئارىسىغا كېڭەيدى. 21 ـ كۈنى ھىندىستان دېڭىز ئارمىيەسىدىكى بارلىق خادىملار كۆرەشكە قاتناشتى. بومبايدا 200 مىڭ ئىشچى، ئوقۇغۇچىلار ئىش ۋە دەرس تاشلاپ، ماتروسلار قوزغىلىڭىغا مەدەت بەردى.

داغدۇغىلىق ماتروسلار قوزغىلىڭى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. ئۇلار تانكا، بىرونېۋىكلارنى ئىشقا سېلىپ، قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ باستۇردى. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن ماتروسلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى بىلەن ئالاقە باغلىغان بولسىمۇ، بىراق ھىندىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بۇرژۇئا پارتىيەسى ــ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى قوزغىلاڭنى قوللىماستىن، ئەكسىچە قوزغىلاڭنى ئەيىبلىدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئەسەد قوزغىلاڭنى «يولدىن چىققان» ھەرىكەت دەپ قارىدى؛ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى جىنناھ مۇھەممەد ئەلىمۇ ئەسكەرلەردىن قورالنى تاشلاپ، «قانۇنلۇق، تىنچلىق شەكلى» نى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرى پارلامېنت سايلىمىغا سادىق بولسىمۇ، قوزغىلاڭ

كۆتۈرگەن ماتروسلارنى كۈچلۈك قوللىمىدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى.پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، كۈچلۈك رەھبەرلىك كەمچىل بولغان قوزغىلاڭچى ماتروسلار قورال تاشلىدى. 23 ـ كۈنى ماتروسلار مەركىزىي ئىش تاشلاش كومىتېتى ئاۋامغا مۇراجىئەت چىقىرىپ، كۈرەشنى توختىتىشنى قارار قىلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى قوزغىلاڭ داھىيسىنى قولغا ئالدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەۋج ئالدى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىق قارشىلىقى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى.

**ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھىندىستاندىكى چوڭ پارتىيەلەرنىڭ تەشەببۇسى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستان ۋە ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ ھىندىستاندا يۈز بەرگەن مىسلىسىز كۆلەمدىكى ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، يەنى ماتروسلار قوزغىلىڭىنىڭ 2 ـ كۈنى ئەنگلىيە لىبېبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەزىرى ئاتلى ئالدىراپ ـ تېنەپ ھىندىستانغا ئىچكى كابىنېت پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ھىندىستانغا مەلۇم شەكىلدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش مەسىلىسىدە كېڭەشمەكچى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاتلى ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ھىندىستاندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي خەلق تۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەنگلىيە «ھازىرقى زاماندىكى ۋەزىيەتكە كونا

www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىسا بولمايتتى. 1946 ـ يىلىدىكى ئەھۋال 1920 ـ يىلى، 1930 ـ يىلى، ھەتتا 1942 ـ يىلىدىكى ئەھۋالغا ئوخشىمايتتى». ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئەمدى كونا ئۇسۇل بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ھىندىستانغا كۆپرەك يول قويغاندىلا ھىندىستاندىكى مۇستەملىكە ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھىندىستان ئىشلىرى ۋەزىرى لاۋرېنسې، سودا ۋەزىرى كرىپپىس ۋە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ئالېكساندىردىن تەشكىللەنگەن ئىچكى كابىنېت پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىستانغا يېتىپ كېلىپ، ھىندىستان باش ۋالىيسى ۋاۋېل بىلەن بىرلىكتە ھىندىستاندىكى پارتىيەلەرنىڭ داھىيلىرى ۋە بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى. ئەينى چاغدا ھىندىستاندىكى ئىككى چوڭ پارتىيە ئارىسىدىكى قارشىلىشىش تېخىمۇ كەسكىن بولۇپ، ھەرقايسىسى ھىندىستاننىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئۆز ئالدىغا لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئۆز رەھبەرلىكىدىكى بىرلىككە كەلگەن ھىندىستان قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بولسا ئايرىپ ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل پاكىستان قۇرماقچى بولدى؛ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بولسا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ «ئايرىپ ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن كېتىشى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىككى پارتىيە ۋەكىللىرىنى سىملاغا يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن (5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە) دە ئىككى تەرەپنىڭ بىرقاتار مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىختىلاپى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى.

1946 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىچكى كابىنېتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاننىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى لايىھەسىنى ئېلان قىلىپ، مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئۆلكىلەر ۋە بەگلىكلەردىن تەشكىللەنگەن فېدېراتسىيە قۇرۇپ، دومىنىئونلۇق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش؛ ئىككىنچى، ئۆلكە ۋە بەگلىكلەرنى كەڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش؛ ئۈچىنچى، دىنىي پرىنسىپ بويىچە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن ئىككى رايون ۋە بىر ھىندى دىنى رايونى ئۆلكىلەر گۇرۇھى قۇرۇش؛ تۆتىنچى، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى قۇرۇپ، يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىش ھەمدە باش ۋالىي ئەسلىدىكى مەمۇرىي كېڭەشنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن ئاساستا ئاساسلىق پارتىيەلەر ھىمايە قىلىدىغان ھىندىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش، ۋەھاكازا. ئىچكى كابىنېت پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتى ھىندىستاندىكى ئىككى چوڭ پارتىيە ۋە ئىككى چوڭ دىن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكى دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ھىندىستان ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھىندىستاندا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى 209 ئورۇنغا، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى 75 ئورۇنغا، باشقا پارتىيەلەر 14 ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باش ۋالىي ۋاۋېل ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى ئورۇننى ئېلان قىلغاندا، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە ئالتە ئورۇن، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىغا بەش ئورۇن، باشقا تەرەپلەرگە ئۈچ ئورۇن بەردى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىنى پاكىستان قۇرۇشتىكى «بىۋاسىتە ھەرىكەت كۈنى» قىلىشنى قارار قىلدى.

بۇ كۈنى كالكۇتتادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىككى دىنىنىڭ ئۆچمەنلىك قىلىپ كەڭ كۆلەملىك ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى كۆرۈلدى. ۋەقەدە نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى ھەم ئۆلدى. دىنىي قانلىق توقۇنۇش بىخار، بومباي قاتارلىق جايلارنىمۇ قاپلىدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە باش ۋالىيسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، باش ۋالىي باش مىنىستىرلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان، نېھرۇ مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولغان ھىندىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن ھۆكۈمەتكە قاتناشتى، بىراق جىنناھ مۇھەممەد ئەلى ئىچكى كابىنېتقا كىرىشنى رەت قىلدى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى يەنە 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا ھىندىستاندىكى پارتىيەلەر، دىنلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالاي دېگەنىدى.

**موۋنتباتتېن لايىھەسى ۋە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىلىشى** 1946 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1947 - يىلىنىڭ بېشىغىچە ھىندىستاندا ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش يەنىمۇ ئەۋجگە چىقتى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە بەگلىكلەردىكى خەلقلەرنىڭ فېئودال بەگلەرگە قارشى قوزغىلىڭى ئۈزۈلمەي يۈز بەردى. 1947 - يىلى 1 - ئايدا كانپۇردا 100 مىڭ ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىشچىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىپتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىش ۋە دەرس تاشلىدى، بۇ ئىش «ئومۇمىي بايقۇت قىلىش» ھەرىكىتىگە تەرەققىي قىلدى. 2 - ئايدا كالكۇتتادىكى 400 مىڭ ئىشچى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «ئومۇمىي بايقۇت قىلىش» ھەرىكىتىگە قاتناشتى. بېنگالنىڭ يېزىلىرىدا 500 مىڭ دېھقان «يەر ئىجارىسىنى 1/3



www.uyghurkitap.com

ئۆلۈش بويىچە ئىلىش» ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، يەر ئىجارىسىنى 1/2 ئۈلۈشتىن 1/3 ئۈلۈشكە كېمەيتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم بېنگال ھۆكۈمىتىنى يېڭى يەر ئىجارە قانۇنى چىقىرىشقا مەجبۇر قىلدى. 1947 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھەيدەرئاباد بەگلىكىنىڭ تېلىنگەنە رايونىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەۋج ئالدى. ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى ۋە مىللىي تەشكىلات «ئاندىرا قۇرۇلتىيى» نىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭچى دېھقانلار پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، خەلق ھاكىمىيىتى قۇردى ھەمدە پومېشچىك، بەگلەرنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى. ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى قىل ئۇستىدە قالدى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىنىڭ ئىشتاب باشلىقى ئىسماي: «1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى ھىندىستان ئىچكى ئىشلىرى ئوتتۇرا دېڭىزدا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوت كەتكەن كېمىگە ئوخشاپ قالدى» دېدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي گۇمران بولۇشىدىن ساقلىنىش ھەمدە ھىندىستان خەلق ئىنقىلابىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېڭى تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاتلى ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىدا ھىندىستان سىياسىتى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، ھىندىستان ۋەزىيىتى خەۋپ ـ خەتەر كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، بۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە بولمايدۇ، دەپ جار سالدى. ئۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن بۇرۇن ھاكىمىيەتنى مەسئۇلىيەتچان ھىندىستانلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا موۋنتباتتېن ۋاۋېلنىڭ ئورنىغا ھىندىستان باش ۋالىيسى

بولدى، ئۇ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زاتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئاتلى ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى موۋنتباتتېن «ھىندىستان مۇستەقىللىق لايىھەسى»، يەنى ئاتالمىش «موۋنتباتتېن لايىھەسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ لايىھەدە دىنىي پرىنسىپ بويىچە ھىندىستاننى ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككى دومىنىئونغا ئايرىش قارار قىلىنغانىدى. بۇنداقتا ھىندىستان ئاسسام، بېنگالنىڭ غەربىي قىسمى، پەنجاپنىڭ شەرقىي قىسمى، بىخار، بىرلەشمە ئۆلكە، بومباي، مادراس قاتارلىق رايونلارنى؛ پاكىستان بولسا غەربىي پاكىستان (پەنجاپنىڭ غەربىي قىسمى، سىند ئۆلكىسى، بىلوجىستان ئۆلكىسى، غەربىي شىمال چېگرادىكى ئۆلكىلەر) ۋە شەرقىي پاكىستان (بېنگالنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە ئاسسامنىڭ سىلخېت رايونى) نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەرقايسى بەگلىكلەر ھاكىمىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن مۇستەقىل ئورۇنغا ئېرىشىپ، قايسى دومىنىئونغا كىرىشنى ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ قارار قىلسا بولاتتى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بۇ لايىھەدىن تەشۋىشلەنگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا موۋنتباتتېن بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، لايىھەنى قوبۇل قىلدى. ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھىندىستاننى پارچىلىۋېتىدىغان بۇ لايىھەگە قارشى تۇرسىمۇ، بىراق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمىدى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە پارلامېنتى «ھىندىستان مۇستەقىللىق لايىھەسى» نى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پاكىستان مۇستەقىللىق جاكارلىدى، 15 ـ كۈنى ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئىككى دۆلەت ئەنگلىيە

ئىتتىپاقى ئىچىدىكى دومىنىئونغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى 190 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى. بۇ ھىندىستان خەلقىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئاسىيا، ئافرىقا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ زور غەلبىسى، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىم مۇستەقىل بولۇشى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋال تېپىشى ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى.

ھىندىستان بىلەن پاكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھىندىستاندا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ داھىيسى نېھرۇ باش مىنىستىرلىقىدىكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، پاكىستاندا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى لىئاقۇت ئەلىخان باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت تەشكىللەندى.

مۇستەقىللىق قانۇن لايىھەسىگە ئاساسەن ئىككى دۆلەت ئايرىم ـ ئايرىم ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىر دومىنىئونغا يەنىلا ئەنگلىيە پادىشاھى تەيىنلەنگەن بىر باش ۋالىي قويۇلدى. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا موۋنتباتتېن ھىندىستان باش ۋالىيسىلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەۋەردى، 1948 ـ يىلى ھىندىستانلىق راجاگور پالاچارى كارىل باش ۋالىيلىق ئورنىغا چىقتى. جىنناھ مۇھەممەد ئەلى پاكىستان باش ۋالىيسى بولدى.

ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىش پىلانى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بۇ ئىككى دۆلەتكە بىرمۇنچە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىش جەريانىدا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئەسلىدە تۇرۇۋاتقان يەرلىرىدىن كۆچۈپ كەتتى. 1948 ـ يىلىغا كەلگەندە،

www.uyghurkitap.com

ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ ھەر جايلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن مۇساپىرلار 8 مىليوندىن ئاشتى، دىنىي ماجىرا ۋە ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پەنجاپتا يۈز بەرگەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زور قىرغىندا 500 مىڭ ئادەم ئۆلدى. گەندى دىنىي ئۆچمەنلىكنى ئەيىبلەپ، دىنىي مەزھەپلەرنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىردى. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دېھلىدا ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەسەبىي ئۇنسۇرلار گەندىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىش تۈپەيلىدىن بىرلىككە كەلگەن ئىگىلىك بىر مەھەل پارچىلىنىپ كەتتى. سېرىق كەندىر سانائىتى ھىندىستاندا بولغىنى بىلەن سېرىق كەندىرنىڭ كۆپ قىسمى پاكىستاندىن چىقاتتى؛ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھىندىستانغا مەركەزلەشكىنى بىلەن ئۇزۇن تالالىق پاختا غەربىي پاكىستاندىن چىقاتتى. بەگلىكلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى، بولۇپمۇ كەشمىرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئۇزاق مۇددەت تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

كەشمىر بەگلىكى (يەنە جاممۇ ۋە كەشمىر بەگلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ يەر مەيدانى 220 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئاھالىسى تەخمىنەن 5 مىليون بولۇپ، ئاھالىنىڭ 77% ى مۇسۇلمان، 22% ى ھىندى دىنى مۇرىتى ئىدى. ئۇرنى جەنۇبىي ئاسىيا سۇب قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو ۋە ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىناتتى، شىمال تەرىپىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاران 14.5 كىلومېتىر بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم ئىدى. مۇۋەققەتلىك لايىھەسىگە ئاساسەن كەشمىر بەگلىكى ھىندىستان ياكى پاكىستانغا قوشۇلۇشنى ياكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلسا بولاتتى. ئايرىپ ئىدارە

قىلغاندىن كېيىن ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەگ بەگلىكلىنىڭ پارلامېنتىنى چاقىرىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، كەشمىرنىڭ ھىندىستان فېدېراتسىيەسىگە قوشۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىردە قوراللىق توقۇنۇشتى، كېيىنكى يىلى 8 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھىندىستان، پاكىستان كومىتېتى كەشمىردە ئۇرۇش توختىتىش، ھەربىيسىزلەشتۈرۈش ۋە پۇقرالار ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى، ئەينى چاغدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۇ قارارنى قوبۇل قىلدى. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختاتتى. 7 ـ ئايدا ئۇرۇش توختىتىش پاسىلى ئايرىلدى. ھىندىستان تەخمىنەن يەر كۆلىمىنىڭ 3/5 قىسمىنى، تەخمىنەن 4 مىليون ئاھالە جايلاشقان رايوننى ئىگىلىدى، پاكىستان يەر كۆلىمىنىڭ 2/5 قىسمىنى، تەخمىنەن 1 مىليون ئاھالىلەر جايلاشقان رايوننى تىزگىنلىدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىر مەسىلىسى توغرىسىدا كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1953 ـ يىلىدىن بېرى پاكىستان ئىزچىل كەشمىردە پۇقرالار ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى، ئەمما ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلدى. كەشمىر مەسىلىسى ئۇزاققىچە ھەل بولمىدى. 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدا 2 ـ قېتىملىق كەشمىر ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇش 17 كۈن داۋاملاشتى. 1966 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ «تاشكەنت خىتابنامىسى» نى ئىمزالاپ، ئۇرۇش توختىتىپ قوشۇن چېكىندۈرۈشكە قوشۇلدى ھەمدە قورال كۈچى ئىشلەتمەي، تالاش ـ تارتىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ماقۇل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بەشىنچى باب

# 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بەرگەن مىللىي دېموكراتىيە ھەرىكىتى

## 1 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىراننىڭ نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى

**2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى** غەربىي ئاسىيا شەرقتە ئافغانىستان، ئىراندىن غەربتە تۈركىيەگىچە، شىمالدا كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن جەنۇبتا ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، سىپرۇستىن باشقىلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئەرەب دۆلەتلىرىدۇر. غەرب ئەللىرى غەربىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئافرىقىنى قوشۇپ «ئوتتۇرا يېقىن شەرق» ياكى «ئوتتۇرا شەرق» رايونى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئورنى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ تۇتىشىش بەلبېغىغا جايلاشقانلىقى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى تىزگىنلەيدىغان تۈگۈن بولغىنى ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. غەربىي ئاسىيا رايونىنىڭ بايلىقى مول، بولۇپمۇ نېفىت

بايلىقى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نېفىت بايلىقىنىڭ ئۈزۈكسىز بايقىلىشى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۈچقاندەك يۇقىرى ئۆرلىشى تۈپەيلىدىن، غەربىي ئاسىيا ئىقتىسادىي جەھەتتە بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى غەربىي ئاسىيا، ئاساسلىقى ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە تەسىر كۈچ دائىرىسى ئىدى. بولۇپمۇ ئەنگلىيە بۇ يەردە غايەت زور مۇستەملىكە ھوقۇقىغا ئىگە بولدى ھەم كۆپ قىسىم نېفىتلىكنى ئىگىلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى بۇ رايونغا بارغانسېرى سىڭىپ كىردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە يەنىلا غەربىي ئاسىيادا ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن «بۈيۈك سۈرىيە» پىلانى ۋە «مۇنبەت ھىلال ئاي» پىلانى①نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزى ئەرەب ئەللىرىنى فېدېراتسىيە شەكلىدە ئۆزىنىڭ تىزگىنى ئاستىغا قويۇش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى تىزگىنلەش ۋە ئۆزىنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش كويىدا بولدى. بىراق ئۆزىنىڭ قۇربى يەتمىگەنلىكى ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەرەب خەلقىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە ھەربىي ياردەم بېرىش ۋاستىسى بىلەن غەربىي ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ،

---

① «بۈيۈك سۈرىيە» پىلانى سۈرىيە، لىۋان، ئىيوردانىيە ۋە پەلەستىنىنىڭ بىر قىسمىنى بىر فېدېراتسىيە قىلىپ بىرىكتۈرۈشتىن ئىبارەت؛ «مۇنبەت ھىلال ئاي» پىلانى سۈرىيە، لىۋان، ئىيوردانىيە ۋە ئىراقنى بىر فېدېراتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچىنى چەتكە قاقتى ھەم ئۆزى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئامېرىكىنىڭ غەربىي ئاسىيا سىياسىتى بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا شەرقنىڭ بايلىقىنى، بولۇپمۇ نېفىتىنى تىزگىنلەش؛ ئىككىنچىدىن، غەربىي ئاسىيانى سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنىڭ سىرتقا كېڭىيىشىنى تىزگىنلەشتىكى ئالدىنقى پوزىتسىيەسىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېن دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان ئالاقىسىدە 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «ترۇمېنىزم» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن تۈركىيە بىر قاتار ئىقتىسادىي، ھەربىي كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ۋە ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى تۈركىيەگە كەلدى ھەمدە تۈركىيەنى «شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى گۇرۇھى» غا سۆرەپ كىردى، تۈركىيە زېمىنىدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىسى قۇرۇلدى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ترۇمېن يەنە «قالاق رايونلارغا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش پىلانى»[①]نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مالىيە، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش كېلىشىمى تۈزۈش ئارقىلىق ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىگە سىڭىپ كىردى. ئىران، سەئۇدى ئەرەبىستانى، لىۋان قاتارلىق غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئامېرىكا بىلەن مۇشۇنداق كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى.

ئامېرىكا غەربىي ئاسىيادىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ رايوندا بىر ھەربىي گۇرۇھ قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە تۈركىيە بىرلىكتە مىسىرغا «ئوتتۇرا شەرق

① بۇ 1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ترۇمېن پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغان تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك پىلانىنىڭ 4 ـ نۇقتىسى بولغاچقا، «4 ـ نۇقتا پىلانى» دەپمۇ ئاتالغان.

قوماندانلىق ئىشتابى» تەسىس قىلىش تەكلىپىنى بەردى، ئارقىدىنلا، ئەرەب ئەللىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تىزگىنى ئاستىدىكى «بىرلەشمە قوماندانلىق ئىشتابى» قۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپ، ھەرقايسى ئەللەردىن قۇراللىق قىسىملىرىنى مۇشۇ قوماندانلىق ئىشتابىغا تەئەللۇق قىلىش ھەم ئامېرىكا، ئەنگلىيە قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ ھەرقايسى دۆلەت زېمىنلىرىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ پىلان ئوتتۇرا شەرقتىكى كۆپ سانلىق ئەرەب ئەللىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىلاننىڭ سۇغا چىلاشقانلىقى جاكارلاندى. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا يەنە «ئوتتۇرا شەرق مۇداپىئە ئىشلىرى تەشكىلاتى» پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، بىراق پىلان تېخى ئوتتۇرىغا چىقمايلا، ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ جامائەت پىكرى تەنقىدىگە ئۇچراپ، بىرمۇ ئەرەب دۆلىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئايلىنىپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، غەربكە مايىل ئىسلام دۆلىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىللەشكە قويدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى پەردە ئارقىسىدا تىزگىنلەشكە كىرىشتى، قوش تەرەپلىك ھەربىي كېلىشىم شەكلىنى قوللىنىپ، 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتى»①نى

① 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۈركىيە بىلەن ئىراق «ئۆزئارا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق ئەھدىنامىسى»، يەنى «باغداد شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان. شۇ يىلى 4 ـ ئاي، 9 ـ ئاي ۋە 10 ـ ئايلاردا ئەنگلىيە، پاكىستان، ئىران ئەزا بولغان. 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىراق پايتەختى باغدادتا «باغداد شەرتنامىسى تەشكىلاتى» رەسمىي قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى ئىراق ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىراق بۇ تەشكىلاتتىن چېكىنىپ چىققان. 1959 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى «مەركىزىي شەرتنامە تەشكىلاتى» غا ئۆزگەرتىلىپ، باش ئىشتابى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە كۆچۈرۈلگەن. 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن ئىران، پاكىستان، تۈركىيە ئارقا ـ ئارقىدىن تەشكىلاتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىغان؛ 4 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، تۈركىيە، پاكىستاندىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ۋەكىللىرى يىغىن ئېچىپ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 1979 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋەزىپىسى ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا قارار چىقارغان.

www.uyghurkitap.com

قۇردى، ئۇنىڭغا ئەنگلىيە، ئىران، تۈركىيە، ئىراق، پاكىستان ئەزا بولدى. ئامېرىكا بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ كومىتېتىغا قاتنىشىپ، تەشكىلاتتا مۇھىم رول ئوينىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىدىكى مونوپول تەشكىلاتلار غەربىي ئاسىياغا يەنىمۇ سىڭىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىقتىسادىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىنىڭ نېفىت مالىيە گۇرۇھى ئەنگلىيەنىڭ ئەۋزەل ئورنىنى ئالدى. 1956 ـ يىلى ئامېرىكا كاپىتالى ئوتتۇرا شەرقتىكى مەلۇم بولغان نېفىت زاپىسىنىڭ 59.4% نى، قېزىلغان نېفىتنىڭ 58.7% نى ئىگىلىدى. ئامېرىكىنىڭ تاۋارلىرىمۇ ئوتتۇرا شەرقتە تۆكمە قىلىپ سېتىلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى ۋە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، غەربىي ئاسىيانىڭ سانائىتى ۋە قاتناش ـ ترانسپورت كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى. ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى زورىيىپ، ئادەم سانى كۆپەيدى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىشچىلار سىنىپى يوق دېيەرلىك بەزى رايونلاردىمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئىشچىلار سىنىپى شەكىللەندى. سەئۇدى ئەرەبىستان، كۇۋەيت، بەھرەين تاقىم ئاراللىرى ۋە قاتاردىكى نېفىت ۋە ترانسپورت ئىشچىلىرى نەچچە ئون مىڭغا يەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى يەنىلا قالاق بولۇپ، ئاشلىقنى ئىمپورت قىلاتتى، فېئوداللىق، يېرىم فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتى كەڭ ئاساسقا ئىگە ئىدى. پومېشچىك، مەسچىت ۋە خان جەمەتىدىكىلەر نۇرغۇن يەرنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى يەر ئىنتايىن ئاز ئىدى. سۈرىيەدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 5 مىليون 500 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەرنىڭ 85% نى پومېشچىكلار

ئىگىلىۋالغان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ قولىدا ئاران 15% يەر بار ئىدى. 500 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ 2/3 قىسمى يېرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ قولىدىكى يەرمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. يەردىن چىققان ھوسۇلنى ئۈلۈش بويىچە ئايرىش تۈزۈمى يەنىلا غەربىي ئاسىيادا ئەڭ كەڭ تارقالغان ئىجارە شەكلى ھېسابلىناتتى. يەر ئىجارىسىنى ئەمگەك، ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل بىلەن تۆلەش تۈزۈملىرى تەڭ مەۋجۇت ئىدى. دېھقانلار ئىنتايىن نامرات ئىدى.

دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئاسىيادا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋجگە چىقىپ، غەربىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مىللىي دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەردى ۋە تۈرتكە بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە غەربىي ئاسىيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشى، ئاساسلىقى چەت ئەلنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇش، تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش، نېفىت قاتارلىق بايلىقلارغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. كۈرەش جەريانىدا ئەرەب ئەللىرى بىرلىشىشنى كۈچەيتىشكە ئۈزلۈكسىز ئەھمىيەت بېرىپ، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەشكىللەنگەن ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى[①]نى كۈنسايىن زورايتتى. 1950 ـ يىلى «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئەللەرنىڭ بىرلىشىپ مۇداپىئە

① ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇش مىسىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەرەب ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى مىسىرنىڭ ئىسكەندىرىيە پورتىدا ئاچقان يىغىنىدا قارار قىلىنغان. 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەرەب ئەللىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاھىرەدە يىغىن ئېچىپ، «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەھدىنامىسى» («ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى خارتىيەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ماقۇللىغاندىن كېيىن ئىتتىپاق رەسمىي قۇرۇلغان. ئىتتىپاققا جەمئىي 22 دۆلەت ئەزا بولغان، ئىجرائىيە كېڭىشى ئۇنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتىدۇر.

كۆرۈش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. كۆپ ساندىكى ئەرەب ئەللىرى مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي گۇرۇھلارغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەسى سۇرىيە ۋە لىۋانغا كىردى. دېگولچىلار رەھبەرلىكىدىكى فىرانسىيە مىللىي پارلامېنتى 1941 - يىلى 9 - ئايدا سۇرىيە بىلەن لىۋاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىككى دۆلەتتە پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن فىرانسىيە يەنە 1943 - يىلى 12 - ئايدا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1945 - يىلى 2 - ئايدا سۇرىيە بىلەن لىۋان گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى ھەم قۇرغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى. ئەمما، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيە قوشۇنى چېكىنىپ كەتمىدى. فىرانسىيە تېخى قوشۇننى كۆپەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى باستۇردى. ئىككى دۆلەت خەلقى پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، چەت ئەل ئىشغالىيەتچى قوشۇنىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1945 - يىلى كۈزدە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى رەسمىي تەلەپ قىلدى. 1946 - يىلى 2 - ئايدا يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەرز قىلدى. خەۋپسىزلىك كېڭىشى قارار چىقىرىپ، چەت ئەل قوشۇنلىرىنىڭ سۇرىيە، لىۋاندىن تېزلىكتە چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى دۆلەتتە ئېتىراز بىلدۈرۈپ نامايىش قىلىش ۋە فىرانسىيەنىڭ ھەربىي، خەلق ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆتۈرۈلدى. خەلق كۈرىشىنىڭ بېسىمى ۋە

ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۇپەيلىدىن فىرانسىيە، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سۇرىيەدىن، 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لىۋاندىن چېكىنىپ چىقتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىراق خەلقى «ئەنگلىيە ـ ئىراق ئىتتىپاقى شەرتنامىسى» نى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. 1930 ـ يىلى ئىمزالانغان بۇ شەرتنامە ئەنگلىيەگە ئىراق زېمىنىدا ھەربىي بازا قۇرۇش قاتارلىق ئىمتىيازلارنى بەرگەنىدى. 1932 ـ يىلى خەلقئارا ئىتتىپاق ئەنگلىيەنىڭ ئىراققا بولغان ماندانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ، ئىراقنى مۇئەييەن مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيە ـ ئىراق شەرتنامىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى ئىراق يەنىلا ئەنگلىيەگە بېقىندى ھالەتتە ئىدى. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىراق ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە يېڭىدىن 20 يىللىق مۆھلەتكە ئىگە «پورتسمۇت شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىدە يەنىلا ئەنگلىيەنىڭ ئىراقتا قوشۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەم بىر قاتار ھەربىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىراقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى ۋە ئىش تالاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. باغداد ۋە بەزى شەھەرلەردە نامايىشچى ئاممىا بىلەن ھەربىي، ساقچىلار قانلىق توقۇنۇشتى. شەرتنامە ئىمزالاشقا مەسئۇل بولغان باش ۋەزىر جەبۇر ئاممىۋى كۈرەشنىڭ قۇدرەتلىك بېسىمى ئالدىدا تەختتىن چۈشۈپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىيوردانىيە ئەسلىدە پەلەستىننىڭ بىر قىسمى ئىدى، 1920 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ماندانلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايغا ئايلىنىپ قالدى. 1921 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىيوردان دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، پەلەستىننى ئىككى قىسىمغا ئايرىۋەتتى. غەربىي قىسىم

www.uyghurkitap.com

يەنىلا پەلەستىن دەپ ئاتالدى. شەرقىي قىسمى تاشقى ئىيوردانىيە دەپ ئاتالدى. 1923 ـ يىلى تاشقى ئىيوردانىيە ئەنگلىيەنىڭ ماندااتلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەمىرلىك بولۇپ قالدى. 1928 ـ يىلى ئەنگلىيە تاشقى ئىيوردانىيەنى 20 يىللىق مۆھلەتكە ئەنگلىيە ـ ئىيوردانىيە كېلىشىمىنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ تاشقى ئىيوردانىيەنى تىزگىنلىشىنى قانۇنلاشتۇردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تاشقى ئىيوردانىيە خەلقىنىڭ ماندااتلىق ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرىشى ئەۋج ئالدى. 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ئىيوردانىيە لوندون شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقنى بىكار قىلىپ، تاشقى ئىيوردانىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئابدۇللا تەختكە چىقىپ پادىشاھ بولدى. دۆلەت نامى تاشقى ئىيوردانىيە ھاشىمىت پادىشاھلىقى، دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1948 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ئىيوردانىيە يەنە 20 يىللىق ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئەنگلىيە تاشقى ئىيوردانىيەدە قوشۇن تۇرغۇزۇش ۋە بازىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. 1952 ـ يىلى ھۈسەيىن تەختكە چىقتى. ئۇ مۇستەقىل دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھەرقانداق ھەربىي گۇرۇھقا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ئەنگلىيە ـ ئىيوردانىيە ئىتتىپاق شەرتنامىسى» بىكار قىلىندى، 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئامىيوسى ئىلاجسىز چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىيوردانىيە مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭدى.

ئىراننىڭ نېفتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىغا، پارس قولتۇقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئىران مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە ھەمدە نېفىت بايلىقى مول دۆلەت. 1954 ـ يىلى ئۇنىڭ نېفىت زاپىسى 1 مىليارد 995 مىليون توننىغا يېتىپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى

نېفىت ئومۇمىي زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 1/10 نى ئىگىلىدى. ئىراق، ئىراننىڭ نېفىت بايلىقىنى ئەنگلىيە تىزگىنلىۋالدى. 1909 - يىلى قۇرۇلغان ئەنگلىيە - ئىران نېفىت شىركىتى ئىراندىكى نېفىت قېزىش ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. 1933 - يىلى ئىمزالانغان «ئەنگلىيە - ئىران نېفىت كېلىشىمى» دە بۇ شىركەتنىڭ ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى 260 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق نېفىتلىك رايوننى 1993 - يىلىغا قەدەر ئىجارە ئالىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ، ئىران ھۆكۈمىتى پەقەت بۇ شىركەتنىڭ نېفىتتىن كىرىدىغان 20% پايدىسىغىلا ئېرىشەلەيدىغان بولدى. ئەنگلىيە - ئىران نېفىت شىركىتىنىڭ ئىجارە ئالغان يېرى ئىراندا «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» نى شەكىللەندۇردى. ئۇ ئەنگلىيە ھەربىي، ساقچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئىراننىڭ قانۇنى بۇ يەردە ئۆتمەيتتى. ئىران ئىشچىلىرى ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش تاشلاش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئىران «بىتەرەپ» لىك جاكارلىدى، بىراق پادىشاھ رىزاخان پەھلىۋى گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈردى. 1941 - يىلى 8 - ئايدا ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئىلگىرى - كېيىن ئىرانغا كەلدى. رىزاخان پەھلىۋى ئافرىقىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى[①] تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1946 - يىلى 5 - ئايدىن ئىلگىرى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى ئىلگىرى - كېيىن ئىراندىن

---

① مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى (1919 — 1980 - يىللار) 1941 - يىلى 1 - ئايدا پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 1967 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاج كىيگەن. 1979 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھۆمەينى قوزغىغان پادىشاھقا قارشى ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ زەربىسىدە ئىلاجسىز چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن پەھلىۋى خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغان. مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى 1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل بىلەن قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

چىكىنىپ چىقتى. ئىراق ئەنگلىيە يەنىلا ئىراندا ناھايىتى زور ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولدى، ئامېرىكا كۈچلىرىمۇ ئىرانغا كۆچىنىڭ بارىچە سىڭىپ كىرىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئىران جاھانگىرلارنىڭ غەربىي ئاسىيادا زومىگەرلىك تالىشىدىغان ۋە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى تالىشىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىران خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، نېفىت بايلىقىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى كۆرەشلىرى كۈنسايىن ئەۋجگە چىقتى. 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىران ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەگە 1933 ـ يىلىدىكى نېفىت كېلىشىمىنى ئۆزگەرتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن ئىران 1933 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ ئىران كېلىشىمىنىڭ تولۇقلىما كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. ئىراق، بۇ كېلىشىمدە بەزى ئىجارە ھوقۇقلىرىنىڭ باج سوممىسى ئاشۇرۇلغان بىلەن ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتىنىڭ ئەسلىدىكى بازلىق ھوقۇقلىرى ئاساسەن ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئىران خەلقى كۈچلۈك ئاممىۋى ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ تولۇقلىما كېلىشىمگە قارشى تۇرۇپ، 1933 ـ يىلىدىكى شەرتنامىنى بىكار قىلىشنى ھەم نېفىتنى دەرھال دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى مۇسەددەق (1880 ـــ 1967 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا زاتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان «مىللىي فىرونت» باياناتى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتىگە، مۇستەبىتلىككە قارشى تۇردى. خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە تۈرتكىسىدە 1951 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىران پارلامېنتى تولۇقلىما كېلىشىمنى ئىنكار قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نېفىت سانائىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قانۇن لايىھەسى توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى.

ئىران پارلامېنتىنىڭ يۇقىرىقى قارارنى چىقارغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دەرھال نوتا ئېلان قىلىپ، قارارنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەمدە ھەربىي پاراخوتلارنى پارس قولتۇقىغا ئەۋەتىپ پوپوزا قىلدى. ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتى يەنە ئىران نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ 30% لىك ياردەم پۇلىنى توختىتىۋېتىش قارارىنى چىقاردى. بۇ ئىش ئىران ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئاممىۋى ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلدى.

1951 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «مىللىي فىرونت» نىڭ داھىيسى مۇسەددەق باش ۋەزىر بولدى. ئۇنىڭ سىياسىي پىروگراممىسى ئاساسلىقى پارلامېنت ماقۇللىغان نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قارارىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. 5 ـ ئايدا نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قارارى ۋە توققۇز لايىھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نېفىت قانۇنى پادىشاھنىڭ ئىمزاسى بىلەن قانۇن سۈپىتىدە رويابقا چىقتى. قانۇن لايىھەسى كەڭ ئاممىنىڭ ھەم ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 6 ـ ئايدا مۇسەددەق ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەم نامىنى «ئىران دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى» دەپ ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئىراننىڭ نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى ئەنگلىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ ئىران نېفىتىنى تالان ـ تاراج قىلىش، يۇقىرى سوممىلىق پايدا شىلىۋېلىشتىكى مۇھىم يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەنگلىيە بۇنىڭغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايتتى. ئەنگلىيەنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش نوتىسى ئىران

هۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە گائاگا خەلقئارا سوتىغا ئەرز سۇنۇپ، ئىراننىڭ قانۇنسىز قىلمىشى ئۈستىدىن «سوت ئېچىش» ۋە «كېسىم چىقىرىش» نى تەلەپ قىلدى. 10 ـ ئايدا يەنە بۇ مەسىلىنى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ ئىراننى يول قويۇشقا قىستىماقچى بولدى.

ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا ئىراننىڭ نېفىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قول تىقىشنى ئەنگلىيەنى سىقىپ چىقىرىش ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ھېسابلىدى. ئىران ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتىگە قارشى تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكا ئىراننى قوللاشنى دەستەك قىلىپ ئىران پارلامېنتىنىڭ ئەنگلىيە ئوتتۇرىغا قويغان نېفىت تولۇقلىما كېلىشىمىنى ئىنكار قىلىشىنى ياقلىدى. ئامېرىكا نېفىت مالىيە گۇرۇھى ئىرانغا كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، ئىراننىڭ نېفىت كارخانىلىرىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالماقچى بولدى. ئىران نېفىت سانائىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن ھەم ئۇنىڭ كۈرىشى ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت خەلقلىرىنى كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىگەن چاغدا، ئامېرىكا بۇ ھەرىكەتنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقۇپ، ئەنگلىيەنى قوللاشقا ئۆتتى ھەم ئىرانغا ئورتاق تاقابىل تۇرماقچى بولدى. 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېن مۇسەددەقكە ئالاقە ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە ـ ئىران سۆھبىتىنى يېڭىباشتىن باشلاشنى تەلەپ قىلدى؛ 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئەلچىسى خاررىمان تېھرانغا يېتىپ كېلىپ، ياراشتۇرغۇچى بولۇۋالدى ھەم «ئىقتىسادىي ياردەم » نى يەمچۈك قىلىپ، ئىراننى باش ئەگدۈرمەكچى بولدى.

خاررىمان ئىرانغا يېتىپ كەلگەن چاغدا تېھراندىكى 100 مىڭ ئامما نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى چىقتى. 8 - ئايدا مۇسەددەق ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ۋاز كېچىش توغرىسىدىكى تەلەپنى رەت قىلدى. 10 - ئايدا ئىران نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئائىت تەدبىرلەرنى ئىشقا سالدى، ئەنگلىيەنىڭ 300 نەپەر تېخنىكا خادىمى ئىلاجسىز ئىراندىن ئايرىلدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا تىل بىرىكتۈرۈپ ئىراننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلدى ھەم ئىراننىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا ئىمبارگو يۈرگۈزۈش، ئىراننىڭ ئەنگلىيە بانكىسىدىكى ئامانەت پۇلىنى توڭلىتىۋېتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللاندى. ئەنگلىيە يەنە ئاغدۇرمىچىلىق سۇيىقەستىنى پىلانلاپ، ئۆكتىچى پارتىيەدىن پايدىلىنىپ مۇسەددەق ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1952 - يىلى 7 - ئايدا مۇسەددەق ۋەزىپىسىدىن بىر مەھەل ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئامېرىكاپەرەس قاۋان سەلتەنەت ئۇنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولدى، بۇ ئىش مەملىكەت خاراكتېرلىك ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشىنى يۇقىرى پەللىگە چىقاردى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېھراندا ئىش تاشلاش، دەرس تاشلاش بولدى، نامايىشچى ئامما بىلەن ھەربىي، ساقچىلار توقۇنۇشتى. سەلتەنەت ئىلاجسىز تەختتىن چۈشتى. مۇسەددەق يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىران ئەنگلىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا مۇسەددەق ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى كەينى - كەينىدىن رەت قىلغاندىن كېيىن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا ئۆرۈندى. مۇسەددەق ھۆكۈمىتى جاھانگىرلىك كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا خەلقنى قوزغىماستىن، ئەكسىچە ئاممىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكىتىنى باستى. 1953 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

www.uygurkitap.com

ئىراندا ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەرنىڭ قولىلىشىدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مۇسەددىق ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇۋېتىلدى، زاھىد تەختكە چىقتى. ئامېرىكا ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى دەرھال ئېتىراپ قىلدى ھەم ياردەم بەردى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا زاھىد ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا زاھىد ھۆكۈمىتى خەلقئارا نېفىت مالىيە گۇرۇھى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئىراننىڭ نېفىت بايلىقىنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە، گوللاندىيە نېفىت شىركەتلىرىگە بېرىۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىدىكى بەش چوڭ نېفىت شىركىتى 40% لىك پايغا ئېرىشتى، ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتىمۇ 40% لىك پايغا ئېرىشتى. ئىراننىڭ نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىدى. بىراق، ئىران خەلقىنىڭ كۈرىشى توختاپ قالمىدى. 1973 ـ يىلى ئىران نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش كۈرىشىنى يېڭىباشتىن قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا نېفىت مالىيە گۇرۇھى بىلەن ئىمزالانغان يۇقىرىقى كېلىشىملەرنى بىكار قىلىپ، ئىجارە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە ئۈسكۈنىلەرگە بولغان ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالدى.

## 2 ـ بۆلۈم پەلەستىن مەسىلىسى ۋە 1 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى پەلەستىن ئوتتۇرا دېڭىز ـ نىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان، سۈۋەيش قانىلىغا يېقىن، ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ مۇھىم قات ـ ناش ئۆتكىلى بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ۋە ئىقتىسادىي ئورنى

ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا تارىختىن بۇيان چوڭ دۆلەتلەر بۇ رايوننى تالىشىپ كەلدى. بۇ رايوننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى كەنئانىلار بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 12 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە يەھۇدىيلار بۇ رايونغا كىلىپ دۆلەت قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن پەلەستىن ئەتراپتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچراپ، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. يەھۇدىي پادىشاھلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى رىم ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، يەھۇدىيلار پەلەستىندىن قوغلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن كېيىن، پەلەستىن ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. پەلەستىننىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئاھالىسى ئەرەبلەر ئىدى. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن پەلەستىن يەنە تاكى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىگە قەدەر ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ زىددىيىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ يەھۇدىي قىساسچىلىقى ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپادا باش كۆتۈرگەن يەھۇدىي قىساسچىلىقى ھەرىكىتى يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە قايتىپ، يەھۇدىي دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ئەنگلىيە قاتارلىقلار بۇ ھەرىكەتنى قوللىدى. ئەنگلىيە پەلەستىنگە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن مەزگىل (1922 ـــ 1948 ـ يىللار) دە، يەھۇدىيلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ پەلەستىنگە كۆچۈپ كەلدى. ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ۋە قانلىق ۋەقەلەر ئۆكسۈمىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا تەدرىجىي ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يەھۇدىي قىساسچىلىقى

ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدىكى رىقابىتى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەرەب، يەھۇدىي زىددىيىتىدىن پايدىلىنىش، يەھۇدىي قىساسچىلىقى كۈچلىرىنى قوللاش، ئەنگلىيەنى سىقىپ چىقىرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، پەلەستىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىغا يەنىمۇ قول تىقتى. ترۇمېن ھۆكۈمىتى «ياۋروپادىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش» نى باھانە قىلىپ، ئەنگلىيەگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئەنگلىيەدىن 100 مىڭ يەھۇدىي مۇساپىرنىڭ دەرھال پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يەھۇدىي قىساسچىلىرى ئامېرىكا بەرگەن پۇل ۋە قورالدىن پايدىلىنىپ، قوراللىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق دائىرىلىرىگە قارشى چىقتى ھەمدە ئەنگلىيەنىڭ چەكلىشىگە قارىماي، كۆچمەنلەرنى تەشكىللەپ، يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى.

ئەنگلىيەنىڭ پەلەستىندىكى ئەھۋالى كۈنسايىن يامانلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىگە ئارىلىشىشىغا ئىلاجسىز يول قويدى. 1946 - يىلى 1 - ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىرلەشمە تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللەندى. شۇ يىلى 4 - ئايدا، بۇ كومىتېت بىر «تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىننى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە 1946 - يىلى ئىچىدە 100 مىڭ يەھۇدىينىڭ پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ لايىھە ئەرەبلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، يەھۇدىيلارمۇ بۇنىڭدىن رازى بولمىدى. 7 - ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى پەلەستىننى تۆت ئۆلكىگە

ئايرىيدىغان «ئۆلكىگە ئايرىش ئاپتونومىيە پىلانى»①نى تەييارلاپ چىقتى. بۇ پىلانغا ئەرەبلەرمۇ، يەھۇدىيلارمۇ قارشى چىقتى. يەھۇدىيلار ئايرىپ ئىدارە قىلىنىغاندىن كېيىن يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەرەبلەر بولسا مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەنگلىيە يەنە بېۋىن پىلانى ②نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلانغىمۇ ئەرەب ۋە يەھۇدىيلار ئوخشاشلا قارشى چىققانلىقتىن پىلان ئىشقا ئاشمىدى.

ئەنگلىيە پەلەستىندىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پەلەستىن مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا سۇنغانلىقىنى جاكارلىدى. 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەخسۇس كومىتېت قۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىش قارارى چىقىرىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يىغىن مەخسۇس كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەنى ئاۋازغا قويدى. ئاخىردا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 33 دۆلەتنىڭ قوشۇلۇشى، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق 13 دۆلەتنىڭ قارشى چىقىشى، ئەنگلىيە قاتارلىق 10 دۆلەتنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن بۇ ئايرىپ ئىدارە قىلىش لايىھەسى، يەنى

① ھېنرى گرادى باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن خېربېرت موررىسون باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەييارلىغان پىلان بولغاچقا، «موررىسون ـ گرادى پىلانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پىلاندا پەلەستىننى يەھۇدىي ئاپتونومىيە ئۆلكىسى (يەر كۆلىمىنىڭ 17% نى ئىگىلەيدۇ)، ئەرەب ئاپتونومىيە ئۆلكىسى (يەر كۆلىمىنىڭ 42% نى ئىگىلەيدۇ)، ئىككى بىۋاستە قاراشلىق ئۆلكە (يېرۇسالېم بىلەن نەجەف) تىن تەشكىللەنگەن فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت قىلىپ، ئەنگلىيە ئالىي دەرىجىلىك ۋالىي ئەۋەتىپ باشقۇرۇش تەكلىپى بېرىلگەن.

② ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى بېۋىن 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لوندون يىغىنىغا قاتناشقان ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلارغا ئەنگلىيەنىڭ پەلەستىندىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بەش يىل ئۇزارتىپ، تەدرىجىي مۇستەقىل دۆلەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. بېۋىننىڭ پىلانىنى ئەرەب ۋە يەھۇدىيلار ئوخشاشلا رەت قىلغان.

«پەلەستىننى كەلگۈسىدە ئىدارە قىلىش (ئايرىپ ئىدارە قىلىش پىلانى) مەسىلىسى توغرىسىدا قارار [2، 181، تومۇرلۇق قارار]» ماقۇللاندى. قاراردا، ئەنگلىيەنىڭ پەلەستىندىكى مانداتلىق هۆكۈمرانلىقى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ئەرەب دۆلىتى ۋە يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلىدۇ، ئەرەب دۆلىتىنىڭ يەر مەيدانى 11 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، شىمالدىكى غالىلىي، ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار ۋە غەززا بىلەن يەففا شەھىرىدىكى ئەرەبلەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ يەر مەيدانى 15 مىڭ 850 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 55% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بەزى ئىشلاردا بىرلىشىدۇ؛ يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار (158 كىۋادرات كىلومېتىر هېسابلانغان) «پەۋقۇلئاددە خەلقئارا هاكىمىيەت ئاستىدىكى مۇستەقىل ئىگىلىك هوقۇقلۇق دۆلەت بولىدۇ ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ لايىھە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھالدا يەھۇدىي قىساسچىلىرىغا پايدىلىق بولدى.

ئايرىپ ئىدارە قىلىش قارارى ماقۇللانغاندىن كېيىن پەلەستىنلىك ئەرەبلەر بىلەن ئەرەب ئەللىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. يېرۇسالېم شەھىرى ۋە ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان كەنت ـ بازارلاردا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا يەتتە دۆلەت① باياناتى ئېلان قىلىپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىننى پارچىلىۋېتىش قارارىغا قارشى جەڭ قىلىش نىيىتىگە كەلگەن» لىكىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە ئەرەب

① بۇ يەتتە دۆلەت ـــ مىسىر، ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستان، يەمەن، ئىيوردانىيە، سۈرىيە ۋە لىۋان.

ئەللىرىنى قوللاپ، ئۆزىنىڭ پەلەستىندىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش كويىدا بولدى.

يەھۇدىي قىساسچىلىرى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدا دۆلەت قۇرۇشنى تېزلەتتى. 1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەنگلىيە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئەينى چاغدا داۋىد بېن كۇرىئون① تېل ئاۋىۋدا «ئىسرائىلىيە دۆلىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا شۇ ھامان ئېتىراپ قىلدى، ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئېتىراپ قىلدى.

**1 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى** ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغان كۈننىڭ ئەتىسىلا مىسىر، ئىيوردانىيە، سۇرىيە، ئىراق ۋە لىۋان بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇ تارىختا 1 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بەش ئەرەب دۆلىتىنىڭ بىرلىكتە ھۇجۇم قوزغىشى ئارقىسىدا، ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى قەدەممۇقەدەم مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. مىسىرنىڭ بىر ئەترىتى تېل ئاۋىۋغا قىستاپ كەلدى، يەنە بىر ئەترىتى نەجەفتىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل يېرۇسالېمنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلدى. ئىراق ئارمىيەسى ئىيوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا 10 مىللا كېلىدىغان تولكەرمگە يېتىپ كەلدى. ئىيوردانىيەدىكى ئەرەب ئارمىيەسى ئوتتۇرا يولدىن ھۇجۇم قوزغاپ، يېرۇسالېمنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئىشغال قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شۇ جايدىكى ئىسرائىلىيە قوشۇنىنى تەسلىم بولۇشقا قىستىدى.

ئىسرائىلىيە قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىگە چۈشۈپ، ھالاكەت

---

① داۋىد بېن كۇرىئون (1886 — 1973 - يىللار)، ئىلگىرىكى ئىسمى داۋىد گىرۈن، 1910 - يىلدىن باشلاپ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان. پولشادا تۇغۇلغان، يەھۇدىي قىساسچىلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى، ياشلىقىدا ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1935 - يىلى دۇنيا يەھۇدىي قىساسچىلىقى تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە پەلەستىن يەھۇدىيلار ۋاكالەتچىلىك ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولغان. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولغان.

www.uyghurkitap.com

گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى داۋىد بېن گۇرىئون بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋەكىلىگە بىرقانچە قېتىم جىددىي تېلېگرامما يوللاپ، ئۇرۇش توختىتىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەم مېيىر خانىمنى ئامېرىكىدىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. ئامېرىكا ئىسرائىلىيەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسرائىلىيەنىڭ قورال - ياراغ سېتىۋېلىشىغا 75 مىليون دوللار ياردەم بەردى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئارقىلىق تۆت ھەپتە ئۇرۇش توختىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسرائىلىيەگە دېمىنى ئېلىۋالغۇدەك ۋاقىت چىقىرىپ بەردى.

ئۇرۇش توختىتىلغان مەزگىل (6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە) دە، ئىسرائىلىيە ئامېرىكا، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىلغار قوراللارغا ئېرىشىپ، ئارمىيەدىكى ئادەم سانىنى 30 مىڭدىن تېزلىكتە 60 مىڭغا كۆپەيتتى. ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئەرەب ئەللىرىنى قورال بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىپ قويغانلىقتىن، ئەرەب ئەللىرى ياۋروپا بازارلىرىدىن كونا، ناچار قوراللارنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمران گۇرۇھلىرى ئارىسىدا ئىچكى ماجىرا كۆرۈلگەنلىكتىن، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشقا ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرەلمىدى. ئۇرۇش توختىتىلغان مەزگىلدە، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئىسرائىلىيەگە پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. ئۇرۇش توختىتىش مۆھلىتى توشقاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە ھۇجۇم قوزغاپ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ، ئون كۈندىلا پەلەستىنىنىڭ 1000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەۋپسىزلىك كېڭىشى «مۇددەتسىز ئۇرۇش توختىتىش» قارارىنى چىقاردى. 2 - قېتىملىق ئۇرۇش

توختىتىش مەزگىلىدە، ئىسرائىلىيە يەنە ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشتى. بەزى دۆلەتلەر تېخى «پىدائىي ئەسكەر» لەرنى ئىسرائىلىيەگە ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. ئىسرائىلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئادەم سانى 79 مىڭدىن ئاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە يەنە ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئەرەب دۆلەتلىرى ئوڭشىسىزلىققا ئۇچرىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى بىر مەھەل مىسىرنىڭ سىناي يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىردى.

1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئامېرىكىلىق بۇنچىنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئىسرائىلىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىسىر، ئىيوردانىيە، لىۋان، سۈرىيە بىلەن «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» ئىمزالاپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئارىلاشما ئۇرۇش توختىتىش كومىتېتى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 15 ئاي داۋاملاشقان پەلەستىن ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

ئىسرائىلىيە ئۇرۇش ئارقىلىق پەلەستىننىڭ 4/5 قىسىم زېمىنىنى تىزگىنلىۋالدى. بۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئايرىپ ئىدارە قىلىش قارارىدا بەلگىلەنگىنىدىن 6770 كىۋادرات كىلومېتىر ئارتۇق. بۇلاردىن سىرت، ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى 4800 كىۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىيوردانىيە باشقۇرىدىغان، غەززادىكى 258 كىۋادرات كىلومېتىر زېمىننى مىسىر باشقۇرىدىغان بولدى. مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنىڭ يېڭى شەھەر رايونىنى ئىسرائىلىيە، كونا شەھەر رايونىنى ئىيوردانىيە تىزگىنلىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئايرىپ ئىدارە قىلىش پىلانىدىكى ئەرەب دۆلىتى قۇرۇلمىدى، پەلەستىندىكى 700 مىڭ ئەرەب يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولدى. 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇساپىرلار 1 مىليوندىن ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب

دۆلەتلىرىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى ئۇزاق مۇددەت جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى.

## 3 ـ بۆلۈم  ئافرىقىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئافرىقىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئافرىقا جەمئىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئافرىقا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، جاھانگىر ھامىي دۆلەتلەر ئۇرۇش ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، ئافرىقىدىكى بەزى رايونلاردا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئافرىقىدا يەنە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تارماقلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇردى. شۇڭا، كانچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە ئېكىنزارلىقلار ئاساس قىلىنغان ئافرىقا ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز ئاشتى. ئافرىقىدىكى ھەر قايسى ئەللەردە ياللانما ئەمگەكچىلەر، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىغۇچىلار كۆپىيىپ، مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە زىيالىيلارنىڭ سانىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ كۆپەيدى. شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 3 مىليوندىن كۆپىيىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن 5 مىليونغا بېرىپ قالدى؛ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا رايونىدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى ئوخشاش مەزگىلدە تەخمىنەن 5 مىليوندىن تەخمىنەن 8 مىليونغا كۆپەيدى. ئافرىقا مىللىي

بۇرژۇئازىيەسى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسى ۋە زىيالىيلىرى ھەر خىل سىياسىي تەشكىلات ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئەۋج ئالغان «پانئافرىقانىزم ھەرىكىتى» ئافرىقا خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى زور ئۆزگىرىش ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئافرىقا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى، خەلقئارادىكى جاھانگىر كۈچلەر، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىككى مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئافرىقا ئەللىرى خەلقىنىڭ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىگە پايدىلىق بولدى. ئاسىيادىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، 1949 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئافرىقىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە غايەت زور ئىلھام بەردى ۋە تۈرتكە بولدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئافرىقىدا ئېفىيوپىيە، مىسىر ۋە لىۋىيەدىن ئىبارەت ئۈچلا مۇستەقىل دۆلەت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ يەر كۆلىمى ئافرىقا يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 7.8% ىنىلا ئىگىلەيتتى. بۇ ئۈچ دۆلەت يەنە جاھانگىرلىكنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى تىزگىنلىشىگە ئۇچرايتتى. باشقا پايان ئافرىقا رايونى يەنىلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتاتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى

مەزگىلدە، ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى شارائىتىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، خەلقئارا ۋەزىيەت پايدىلىق بولغان ئەھۋالدا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئالدى بىلەن باش كۆتۈردى.

شىمالىي ئافرىقىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى خېلى بۇرۇنلا ئەۋج ئالغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، ئالجىرىيە، ماراكەش، تۇنىس، لىۋىيە ۋە سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويدى.

لىۋىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافرىقا بويىچە ئالدى بىلەن مۇستەقىل بولغان دۆلەت. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى لىۋىيە ئىتالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەرنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىدىغان جەڭگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لىۋىيەنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ھەربىي ھۆكۈمەت قۇردى. ئامېرىكا ئارمىيەسىمۇ لىۋىيەگە كېلىپ، ھەربىي بازا قۇردى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىتالىيەگە قارىتىلغان سۈلھى كېلىشىمىگە ئاساسەن، ئىتالىيە لىۋىيەگە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەس بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن لىۋىيەدىكى مىللەتچى تەشكىلاتلار مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ۋە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1949 يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن ئىتالىيە «بېۋىن ـ سفورزا كېلىشىمى» نى مەخپىي ئىمزالاپ، چوڭ دۆلەتلەر ۋاكالىتەن باشقۇرۇش دېگەن نام بىلەن لىۋىيەنى بۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى: ئەنگلىيە سىرېنايكانى، ئىتالىيە تىرىپولىتانىيەنى، فىرانسىيە فەززاننى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش؛ لىۋىيە 10 يىلدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا ماقۇللۇقتىن ئۆتسە، ئاندىن مۇستەقىل

بولۇش، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىش لىۋىيە خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. 11 ـ ئايدا ترىپولىتانىيەدە كەڭ كۆلەملىك نامايىش بولدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى لىۋىيە توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، لىۋىيەنىڭ 1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇستەقىل بولۇشىنى بەلگىلىدى. 1951 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لىۋىيە مۇستەقىللىق جاكارلاپ، لىۋىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى①نى قۇردى.

سۇدان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافرىقىدا 2 ـ بولۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەت. سۇدان ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، 1899 ـ يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەنگلىيە بىلەن ئورتاق باشقۇرۇش دېگەن نام بىلەن سۇدانغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ۋە تالان ـ تاراجىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 1922 ـ يىلى مىسىرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى سۇدان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئىلھام بەردى. سۇدان مىللەتچىلىك سىياسىي تەشكىلاتى بولغان «مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى» 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سۇداندىكى پارتىيەلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ قاھىرەگە ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە، مىسىر سۆھبىتىگە قاتناشقۇچىلارغا ئەنگلىيە بىلەن مىسىرنىڭ سۇداننى ئورتاق باشقۇرۇشىغا خاتىمە بېرىش، سۇدان دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش تەلىپىنى قويدى. 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىسىر 1899 ـ يىلىدىكى «ئەنگلىيە بىلەن مىسىر سۇداننى ئورتاق باشقۇرۇش كېلىشىمى» نىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمما ئەنگلىيە بۇنى ئېتىراپ

① 1969 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كازافىنىڭ رەھبەرلىكىدە لىۋىيە ئىدرىس خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىلىپ، ئەرەب لىۋىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com

قىلمىدى. سۇدان خەلقى ئەنگلىيەگە قارشى نامايىش قوزغىدى. ئەنگلىيە «ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي ئىسلاھات» ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، بىر تەرەپتىن سۇدانغا تولۇق ئاپتونومىيە بېرىشنى بەلگىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھوقۇقنى يەنىلا ئەنگلىيە تۇرغۇزغان باش ۋالىينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. 1952 - يىلى مىسىردا «ئىيۇل ئىنقىلابى» پارتلاپ، فەرۇق خانىدانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. كېيىنكى يىلى 1 - ئايدىكى مىسىر يېڭى ھۆكۈمىتى سۇداندىكى پارتىيەلەر بىلەن سۇداننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. ئەنگلىيە ئىلاجسىز سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، 1953 - يىلى 2 - ئايدا مىسىر ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە، مىسىرنىڭ سۇدان توغرىسىدىكى يېڭى كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، ئۈچ يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىلنى بەلگىلىدى، بۇ مەزگىلدە پارلامېنت ۋە مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلىدىغان بولدى. 1954 - يىلى 1 - ئايدا سۇدان مىللىي بىرلەشمە پارتىيەسى مىللىي ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 1955 - يىلى 12 - ئايدا سۇدان پارلامېنتى سۇداننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە جۇمھۇرىيەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. 1956 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سۇدان رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سۇداندىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇنىس، ماراكەشتىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت مىسلىسىز ئەۋج ئالدى. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككى دۆلەت خەلقلىرى قوراللىق كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاخىر فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى 1956 - يىلى 3 - ئايدا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

تۇنىس فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ تۇنىستا قاراتقان

ھۆكۈمرانلىق شەكلىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1945 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى بەزى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، تۇنىسلىقلارنىڭ مەسلىھەتچىلىك پارلامېنتىدىكى ئورنىنى كۆپەيتتى ھەم تۇنىسلىق مىنىستىرلار بولغان مىنىستىرلار كېڭەشنى تەسىس قىلدى. بىراق، فىرانسىيە قويغان باش ۋالىي يەنىلا مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولدى، مىنىستىرلار كېڭەشنىڭ باش كاتىپلىقىنىمۇ فىرانسىيەلىك ئۈستىگە ئېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. «ئىسلاھات» پەقەت ئازراقلا يول قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇنىس ئىشچىلىرى ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئومۇمىي ئىش تاشلىدى؛ كېيىنكى يىلى 12 ـ ئايدا فىرانسىيەگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى تۇنىس يېڭى ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيەسى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيلىرىنى قولغا ئېلىپ، گېزىت ـ ژۇرناللارنى پېچەتلىۋەتتى. بۇ ئىش تۇپەيلىدىن 1952 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاندى. تۇنىستا يىل بېشىدىن تارتىپ كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن قوراللىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا، تۇنىس يېڭى ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى سالىھ ئىبنى يۇسۇفنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۇنىس مىللىي ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇپ، فىرانسىيەگە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا فىرانسىيە ھۆكۈمىتى تۇنىسنىڭ «ئىچكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى» نى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى جاكارلىدى. 9 ـ ئايدا فىرانسىيە بىلەن تۇنىس سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇنىسقا ئىچكى ئىشلاردا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى فىرانسىيە ـ تۇنىس كېلىشىمى ئىمزالاندى، بىراق 20 يىلدىن كېيىن تۇنىسنىڭ

مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

سالىھ ئىبنى يۇسۇف باشچىلىقىدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيەسىدىكىلەر فىرانسىيە - تۇنىس «ئىچكى ئىشلار ئاپتونومىيەسى» كېلىشىمىگە قارشى چىقىپ، شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا بويلىرىدا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى ھەم ئالجىرىيە، ماراكەش خەلقلىرىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلدى. ھەبىب بۇرغىبە① باشچىلىقىدىكى يەنە بىر بۆلەك يېڭى ئاساسىي قانۇن سىياسىي پارتىيەسىدىكىلەر گەرچە «ئىچكى ئىشلار ئاپتونومىيەسى» بەلگىمىسىنى ياقلىسىمۇ، بىراق تۇنىسنىڭ ئاخىرقى نىشانى تولۇق مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئەمما مۇستەقىللىق تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئېشىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. 1956 - يىلى 1 - ئايدا يېڭى ئاساسىي قانۇن سىياسىي پارتىيەسى مەملىكەتلىك كومىتېتى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. ھەبىب بۇرغۇبە فىرانسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى. فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى تۇنىس خەلقى قەتئىي كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە ئالجىرىيەدىكى قوراللىق كۈرەش ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىلاجسىز فىرانسىيە - تۇنىس بىرلەشمە كېلىشىمى ئىمزالاپ، تۇنىسنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان چاغدا، ماراكەش يەنىلا فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدا

---

① ھەبىب بۇرغۇبە (1903 - يىلى تۇغۇلغان) تۇنىسنىڭ مۇناستىر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1921 - يىلى تۇنىس ئەركىن ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 - يىلى باشقىدىن يېڭى ئاساسىي قانۇن سىياسىي پارتىيەسىنى تەشكىللەپ، باش سېكرېتارلىقنى ئۈستىگە ئالغان. 1956 - يىلى تۇنىس مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن باش ۋەزىر بولغان. كېيىنكى يىلى تۇنىس جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا پىرېزىدېنت بولۇپ، 1958 - يىلىغا قەدەر ۋەزىپە ئۆتىگەن.

تورۋاتاتتى. ئۇ فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە بۆلۈشۈۋالغان «ھامىيلىقتىكى دۆلەت» ياكى «ھامىيلىقتىكى زېمىن» ئىدى. ماراكەش سۇلتانى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قورالى ئىدى. 1912 ـ يىلىدىكى «پارىژ ئەھدىنامىسى» غا ئاساسەن، شىمالدىكى تانگىر رايونى خەلقئارا ئورتاق باشقۇرۇلىدىغان رايون بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن، ئۇرۇشتىن كېيىن ماراكەش زېمىنىدا ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ھەربىي بازىلىرى قۇرۇلدى. مۇستەملىكە، ھامىيلىق تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن، 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيەنىڭ يېڭى باش ۋالىيسى ئېرىك رامىن ماراكەشتە «ئىسلاھات پىلانى» نى يولغا قويۇپ، ماراكەشلىكلەرنىڭ ئورنىنى ياخشىلاشقا ھەم ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمىنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەردى. رامىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئىككى ئايغا بارمايلا گېنېرال شۇۋۇن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇۋۇن قاتتىق مۇستەملىكە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، فىرانسىيەنىڭ ماراكەشكە بولغان «ھامىيلىق» مۇناسىۋىتىنىڭ تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى، ماراكەشنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇستەقىللىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ماراكەش خەلقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، 1912 ـ يىلىدىكى ھامىيلىق شەرتنامىسىنى بىكار قىلىش ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماراكەش مۇستەقىللىق پارتىيەسى قۇرۇلۇپ، ھامىيلىق شەرتنامىسىنى بىكار قىلىش، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتەك كۈرەش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ماراكەش خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش دولقۇنى ئەۋجگە چىقىپ، ماراكەش سۇلتانى مۇھەممەد ئىبنى

يۇسۇف باشچىلىقىدىكى فېئودال يۇقىرى قاتلام زاتلىرىمۇ بۇ كۈرەشكە قاتناشتى. 1948 ـ يىلىنىڭ بېشى ۋە 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماراكەش سۇلتانى فىرانسىيە پىرېزىدېنتىغا ئىككى قېتىم ئالاقە ئەۋەتىپ، هامىيلىق شەرتنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن فىرانسىيە ـ ماراكەش كېلىشىمى تۈزۈش تەلىپىنى قويغاندا، فىرانسىيە هۆكۈمىتى رەت قىلدى. 1951 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى تېررورلۇقنى باستۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ماراكەش مۇستەقىللىق پارتىيەسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ، نەچچە 100 مىڭ ئادەمنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامىدى. 1953 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەنە مۇستەقىللىق هەرىكىتىنى قوللايدىغان سۇلتان يۇسۇف تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، كورسىكا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. كېيىن يەنە ماداغاسقار ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ماراكەش خەلقىنىڭ جاهانگىرلىككە قارشى كۈرىشى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1954 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ، ماراكەشتە قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش هەرىكىتى پارتلىدى. 1955 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئازادلىق ئارمىيەسى تەشكىللەندى. شۇ يىلى كۈزدە قوراللىق كۈرەش پۈتۈن مەملىكەتنى، بولۇپمۇ رىف ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاتلاس تاغلىق رايونىنى قاپلىدى. ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا فىرانسىيە 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، يۇسۇفنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى هەم 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېلىشىمى هاسىل قىلىنىپ، 1912 ـ يىلدىكى هامىيلىق شەرتنامىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. 4 ـ ئايدا ئىسپانىيەمۇ ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلدى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ماراكەشنىڭ دۆلەت نامى 1957 ـ يىلى ماراكەش پادىشاهلىقى دەپ بېكىتىلدى. كېيىنكى

www.uyghurkitap.com

يىلى ئىسپانىيە ئىشغال قىلىۋالغان جەنۇبتىكى «ھامىيلىقتىكى زېمىن» ئىفنى قايتۇرۇۋېلىندى. 1960 ـ يىلى تانگېرغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى قايتۇرۇۋېلىندى.

ئالجىرىيە فىرانسىيەگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇھىم مۇستەملىكە ۋە ئىستراتېگىيەلىك بازا ئىدى. فىرانسىيە ئالجىرىيەگە كۆپلەپ ئاھالە كۆچۈرۈپ، يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئالجىرىيەنى فىرانسىيەنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. تۇنىس، ماراكەش مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن فىرانسىيە بۇ مۇستەملىكە يېرىنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان چاغدا ئالجىرىيەدىمۇ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالجىرىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەر ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر غەلىبىنى تەبرىكلەش ۋە مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن نامايىش ئۆتكۈزدى، فىرانسىيە دائىرىلىرى نامايىشچىلارنى قانلىق باستۇردى. 1947 ـ يىلى ئالجىرىيەدە يەنە بىر قېتىم مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى ئاممىۋى ھەرىكەت پارتلىدى، ھەرىكەتكە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. مۇستەقىللىق كۈرىشى جەريانىدا ئالجىرىيە مىللەتچىلىك تەشكىلاتلىرى دۇنياغا كەلدى، بۇ تەشكىلاتلار ئىچىدە 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان «ئالجىرىيە خىتابنامىسىنى ھىمايە قىلىش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» ۋە 11 ـ ئايدا قۇرۇلغان «دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش پارتىيەسى» مۇ بار ئىدى. 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، ئالجىرىيەدە جاھانگىرلىككە قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، مىللەتچىلىك كۈچلىرى كۈنسايىن زورايدى. 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك غەلىبىسىنى

قولغا كەلتۈرۈش پارتىيەسى» دىكى بىر قەدەر رادىكال ياش پارتىيە ئەزالىرى «ئىتتىپاقلىق ۋە ھەرىكەت ئىنقىلابىي كومىتېتى» نى تەشكىللىدى. ئالجىرىيە خەلقى بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە فىرانسىيەگە قارشى قوراللىق كۈرەش تۈگىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

1954 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالجىرىيەلىك بىر قانچە مىڭ ۋەتەنپەرۋەر ياش يىگىرمە نەچچە شەھەردە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئارقىدىنلا ئۇلار ئورېس ۋە كابىلىيە تاغلىق رايوننى بازا قىلىپ، قوراللىق كۈرەشنى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئالجىرىيەنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكىتى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. كۈرەشنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ، مىللەتچى پارتىيەلەر بىلەن تەشكىلاتلار بىرلىشىپ، «ئالجىرىيە مىللىي ئازادلىق فىرونتى» نى تەشكىللەپ، نەچچە 100 مىڭ فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسىنىڭ قورشاپ يوقىتىش، تازىلاش ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى. 1958 ـ يىلى ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئادەم سانى 130 مىڭغا كۆپىيىپ، قوراللىق كۈرەش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 3/4قىسىم رايونىغا كېڭەيدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئالجىرىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا رايونىدىمۇ جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش تەدرىجىي ئەۋج ئالدى. 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيەگە قاراشلىق ماداغاسقار ئارىلىدا مىللىي قوزغىلاڭ پارتلىدى. پۈتكۈل ئارالنىڭ 70% ئاھالىسىنى ئىگىلىگەن 1 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە كۈرەشكە ئاتلاندى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ئايروپىلان، تانكىلارنى ئىشقا سېلىپ 90 مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى قىرىپ تاشلىدى، دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قامىدى، 1948 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ

قوزغىلاڭنى ئاندىن تولۇق باستۇرالىدى.

1952 ـ يىلى ئەنگلىيەگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە كېنىيەدە ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، زېمىن ۋە ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش يولىدىكى قوراللىق كۈرەش كۆتۈرۈلدى، بۇ يەنە «موۋ ـ موۋ ھەرىكىتى»① دەپمۇ ئاتالدى. بۇ ھەرىكەت شۇ جايدىكى كىكۇيۇ مىللىتىدىن بولغان دېھقانلار ئارىسىدا بۇرۇنلا قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، شوئارى: «ئاق تەنلىكلەر تارتىۋالغان زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش» تىن ئىبارەت ئىدى. قەسەم بېرىشكە قاتناشقان دېھقانلار ۋە شەھەردىكى تۆۋەن قاتلام ئاممىسى 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئابېردارى تېغى ۋە كېنىيە تېغىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 مىڭغا يەتتى. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى پۈتكۈل كېنىيە زېمىنىدا «جىددىي ھالەت» يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، كېنىيە «ئافرىقىلىقلار ئىتتىپاقى» نىڭ جومو كېنياتتا رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى، «موۋ ـ موۋ ھەرىكىتى» گە قاتناشقان دېھقانلارنى كەڭ كۆلەمدە باستۇردى. 1956 ـ يىلى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قوماندان كىماتى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. كېيىنكى يىلى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى كېنىيە خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى قانلىق باستۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيەگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقا ۋە پۈتكۈل ئافرىقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قالالمىدى.

---

① «موۋ ـ موۋ» نىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى قاراش بىردەك ئەمەس. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، يەرلىكلەر ئەنگلىيەگە قارشى مەخپىي قەسەم قىلغاندا، ئىشىك سىرتىغا ئەھۋال كۆزىتىشكە قويغان باللار دۈشمەن شەپىسىنى بايقىغاندا ھەمىشە «موۋ ـ موۋ» (Mau – Mau) دەپ تۇۋلاپ، ئۆيدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان، شۇڭا قوزغىلاڭ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**ئىيۇل ئىنقىلابى ۋە مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** مىسىرنىڭ زېمىنى ئاسىيا بىلەن ئافرىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، مىسىر زېمىنىغا جايلاشقان سۇۋەيش قانىلى ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ۋە ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىگە. مىسىر قەدىمكى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يېقىنقى زاماندىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسى باشقا ئەرەب ئەللىرىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئەرەب دۇنياسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا، ئۇ تارىختىن بېرى جاھانگىرلىك كەسكىن تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن، يەنە غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا رايونىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭمۇ مەركىزى.

1922 - يىلى ئەنگلىيە مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى، بىراق تۆت تۈرلۈك مۇستەملىكە ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى. يەنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى سۇۋەيش قانىلى رايونىدا تۇرۇۋەردى، مىسىرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە دۆلەت مۇداپىئە لىنىيەسىنى قوغداش ھوقۇقى، مىسىر زېمىنىدىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى، ئەنگلىيەنىڭ سۇلتاننى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. 1936 - يىلى ئەنگلىيە مىسىرنى 30 يىللىق «ئەنگلىيە - مىسىر ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك ئىمتىيازنى شەرتنامە شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ مىسىرنى ھەربىي جەھەتتىن تىزگىنلىشىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، مىسىرنىڭ ئەنگلىيەگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە 1936 - يىلىدىكى شەرتنامىگە ئاساسەن مىسىردا زور تۈركۈم قوشۇن تۇرغۇزدى، مىسىر گەرچە 1945 - يىلى ئاران دېگەندە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلالىغان بولسىمۇ، بىراق مىسىر زېمىنىنىڭ بىر قىسمى جەڭگاھ بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە مىسىرنى ھەربىي بازا قىلىۋېلىپ، مىسىرنىڭ ئادەم كۈچى،

ماددىي كۆچىنى ئۆرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، مىسىرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەسىرگە ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ، يىلمۇيىل كەم ھوسۇل ئېلىندى. ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تاۋار ئىمپورتى تېز كېمىيىپ كەتكەچكە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ كىرىپ جايلىشىشى ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى مال زاكازىنىڭ ئېشىشى تۈپەيلىدىن، مىسىرنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىدىكى ئېھتىياج مىقدارى ئېشىپ باردى، بۇ سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. مىللىي كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىسىر مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۈچى ئاشتى، پرولېتارىيات قوشۇنىمۇ زورايدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، مىسىرنىڭ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىدىكى ياللانما ئەمگەكچى 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ سانى 578 مىڭغا يەتتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئارمىيەسى مىسىردىن چېكىنگىلى ئۇنىمىدى، چىرىك فەرۇق خانىدانلىقى يەنە ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىدىن پايدىلىنىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى، شۇڭا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى مىسىر خەلق كۆرىشىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى 1936 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ مىسىر شەرتنامىسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىشىنى، تولۇق مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىسىر ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەگە 1936 ـ يىلىدىكى شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەلىپىنى قويدى، بىراق ئەنگلىيە بۇنى رەت قىلدى. بۇ ئىش مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى دولقۇنىنى قوزغىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قاھىرەدىكى بىر قانچە مىڭ ئوقۇغۇچى

www.uyghurkitap.com

نامايىش قىلغاندا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئابباس كۆۋرۈكىدە ئۆلارنى قانلىق باستۇرۇپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، «ئابباس كۆۋرۈكى پاجىئەسى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىسىر ئىشچىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە «ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتلىك كومىتېتى» نى تەشكىللەپ، ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشكە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى ھەم 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىنى «ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىش كۈرىشى كۈنى» دەپ جاكارلىدى. بۇ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ئىش تاشلاش ۋە ئومۇمىي دەرس تاشلاش كۈرىشى پارتلىدى، قاھىرەدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئامما كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، «ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرايلى» ۋە «فەرۇقنى يوقىتايلى» دەپ شوئار توۋلىدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئازادلىق مەيدانىدا نامايىشچى ئاممىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەنگلىيەگە قارشى يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك نامايىش پارتلىدى. ئەۋجگە چىققان ئاممىۋى كۈرەشنىڭ زەربىسىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسى قاھىرە ۋە ئىسكەندەرىيەدىن ئىلاجسىز چېكىنىپ، قانال رايونىغا كىرىۋالدى.

1948 ـ يىلىدىكى پەلەستىن ئۇرۇشىدا، مىسىر ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇرۇش فەرۇق خانىدانلىقى ئوردىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك، دىتسىزلىقىنى تولۇق ئاشكارىلاپ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىق قوزغىدى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، سايلام ئارقىلىق تەختكە چىققان ئەل ۋافد پارتىيەسى ھۆكۈمىتى يەنە يۇمشاق قول سۆھبەت سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، بىر يېرىم يىل ئىچىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىيە سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، سۆھبەتتىن قىلچە نەتىجە چىقماي، ئاممىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى. سۆھبەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە خەلق كۈرىشىنىڭ بېسىمى

تۆپـەيلىدىـن، 1951 ـ يىلـى 10 ـ ئـايدا، ئەل ۋافـد پـارتىيـەسـى ھۆكۈمـىتى مىسـىر پارلامېـنتى ئـارقىلىـق ئـەنگلـىيە بىلـەن ئىمزالانغان 1936 ـ يىلىدىكى شەرتـنامە ۋە 1899 ـ يىـلىدىكى سۇداننى ئورتاق باشقۇرۇش كېلىشىمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئـەنگلـىيە مىـسـىر پارلامېـنتىـنىڭ قارارىـنى ئېـتىـراپ قىـلمايدىغانلىـقىنى دەرھـال جاكارلـىدى. شۇنىـڭ بىلەن بىـر ۋاقىـتتا قـوشۇن ئەۋەتـىپ، قانال رايـونىـدىكـى ئـەسكەرلـەرنـى كۆپەيتتى ھەمدە مىسىرنىڭ بەزى شەھەر ۋە ئىسـتراتېگىيەلـىك جايلىرىنى ئىشغال قىلدى، بۇ ئىش ئەنگلىيـەگە قارشى تېخىمـۇ زور دولقۇن قوزغىدى. قانال رايونىدىكى مىسىرلىـق نەچچە ئـون مىڭ ئىـشچى ئـومـۇمىي ئىـش تاشـلـىدى. چوڭ شـەھـەرلـەردە داغدۇغىلىق نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئەنگلىيە مالـلىرىنى چەكلـەش ھـەرىكـىتـى قانات يـايـدۇرۇلدى. مىـڭلىـغـان ـ ئـون مىـڭلىغـان ۋەتەنپەرۋەرلـەر پارتىزانـلار ئەترىتـىگە قاتنىشـىپ، ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كـۆرەشنى قانـات يايدۇردى.

1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىـڭ 26 ـ كۈنى قـاھىرەدە 500 مىـڭ ئـاممـا ئەنـگلىيـەگە قارشى نـامايىش ئـۆتكۈزدى، شۇنـىڭ بىـلەن ئەنگلىيە ـ مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كـەسكىنـلـەشتى. بـۇ چاغدا، ئەنـگلىيـە ئامېرىـكىنىـڭ قولـلىشى ئارقىـسىـدا قاھىـرەدە ئوت قويۇش، تـوپىلاڭ كۆتـۈرۈش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ، چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە ئـۇلارنىڭ ئىـش بېجىـرىش ئاپپـاراتلـىرىـنى ئـۆز ئـىچىـگـە ئـالغـان نـۇرغـۇن ئىمـارەتلەرنى ئـوت قويۇپ كۆيـدۈرۈۋەتتى، بۇنـداق قىلىـشتىكـى مەقسەت ئەنگـلىيە ـ مىسىر شـەرتنامىـسىنى بىـكار قىـلىشنـى تەشەببۇس قىلغان ئەل ۋافد پارتىيەسى ھۆكۈمـىتىنى تـەختتىـن چۈشۈشكە مەجبۇرلاش ھەم چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىـڭ ھاياتـى، مـال ـ مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىشنـى باھانە قـىلىپ، مىـسىرنـى

www.uyghurkitap.com

ئۇزاققىچە ئىشغال قىلىپ تۇرۇش ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پادىشاھ فەرۇق ئەل ۋافد پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىپ، ئىلگىرىكى ئوردا ۋەزىرى، ئامېرىكاپەرەس ماھىرنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. ماھىر ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا پۈتۈن مەملىكەتتە جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى جاكارلاپ، ھەربىي سوت تەسىس قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى قولغا ئالدى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، مىسىرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تەۋرىنىپ تۇردى، بەش ئايدا ئىچكى كابىنېت بەش قېتىم ئالماشتى. فەرۇق خانىدانلىقى داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئامالسىز قالدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە مىسىر «ئىيۇل ئىنقىلابى» پارتلىدى.

ئىيۇل ئىنقىلابىغا «ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى» رەھبەرلىك قىلدى. بۇ تەشكىلات 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى كۆپىنچە ياش ئوفىتسېرلار ئىدى. بۇ تەشكىلاتنى تەشەببۇس قىلغان ۋە تەشكىللىگەن كىشى جامال ئابدۇل ناسىر (1918 — 1970 ـ يىللار) ئىدى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاساسلىقى ئارمىيەدە مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلدى ھەم مەخپىي ھالدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇردى. 1946 ـ يىلى ناسىر بۇ تەشكىلاتقا كۆرسەتمە بېرىپ، ئارمىيەدە سىياسىي تەسىرنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئەينى چاغدا تېخى ئېنىق ئىنقىلاب پىروگراممىسى يوق ئىدى. نىشان پادىشاھقا ياردەملىشىپ چەت ئەل كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەنلا چەكلەندى. 1948 ـ يىلى پەلەستىن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پادىشاھ بىلەن ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھ زور بىر تۈركۈم كونا، ئەبجەق قورال ـ ياراغنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ كەلگەنلىكتىن، مىسىر ئارمىيەسى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. ناسىر بىلەن ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى ئاخىر پادىشاھقا بولغان خام خىيالىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئەڭ چوڭ جەڭگاھى يەنىلا مىسىردا»

ئىككەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى خانلىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلىق كۆردى. 1950 ـ يىلى ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ناسىر رەئىس بولدى. 1952 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سانى بىرقانچە يۈزگە يېتىپ، ئارمىيەدىكى ھەرقايسى قوشۇن تۈرلىرىنى قاپلىدى.

1952 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى ئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قاھىرەنى تىزگىنلىدى، ئارقىدىنلا پادىشاھنىڭ ۋاقىتلىق ئوردىسى جايلاشقان ئىسكەندىرىيە پورتىنى ئىشغال قىلىپ، ئوردىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 26 ـ كۈنى پادىشاھ فەرۇق تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئىتالىيەگە قېچىپ كەتتى. مىسىرغا 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان فەرۇق خانىدانلىقى زاۋال تاپتى.

ئىيۇل ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى «ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئارمىيەدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە گېنېرال نەجىب ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىغا قاتناشتى ھەم رەئىسلىكنى زىممىسىگە ئالدى، ناسىر مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 9 ـ ئايدا يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەندى. نەجىب پىرېزىدېنت، قوشۇمچە باش مىنىستىر بولدى، ناسىر مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى. ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئىنقىلابنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىسىنى ئېلان قىلدى. يېڭى ھۆكۈمەت فېئودال خان جەمەتىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە ئاقسۆڭەكلىك نام ـ ئاتاقلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى، فېئودال

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان 1923 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىپ، چىرىك دۆلەت ئاپپاراتىنى تازىلىدى. بارلىق پارتىيەلەرنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەپ، ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇپ، ئۇنى دۆلەت ئىچىدىكى بىردىنبىر قانۇنلۇق سىياسىي تەشكىلات قىلدى.

1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇنجى «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، پومېشچىكلار ئىگىلىگەن يەرنىڭ 200 فەدان①دىن ئاشماسلىقىنى، ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. نامرات يالانما دېھقانلار ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئىككىدىن بەش فەدانغىچە يەر سېتىۋالالايتتى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە يەر ئىجارىسىنى 50% يىغىش بەلگىلەندى. ئىجارە كېلىشىمى مۇددىتى ئۈچ يىلدىن كەم بولمايتتى. بۇ يەر ئىسلاھاتى فېئودال پومېشچىكلارنىڭ كۈچىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم نامرات دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

1953 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىندى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ رەسمىي مەڭگۈلۈككە بىكار قىلىنغانلىقى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. نەجىب پرېزىدېنت، قوشۇمچە باش مىنىستىر، ناسىر مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى. كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناسىر نەجىبنىڭ ئورنىغا باش مىنىستىر بولدى ھەم ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى يېڭىباشتىن زىممىسىگە ئالدى. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈلۈپ، ناسىر مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا رەسمىي سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن مىسىر ئىيۇل ئىنقىلابى ئارقىلىق قۇرۇلغان مىللەتچىلىك ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى.

① فەدان ــ مىسىرنىڭ يەر بىرلىكى، 52 ئارغا تەڭ.

# 4 ـ بۆلۈم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە گىمۋاتېمالا دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

**2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى** 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر فاشىستلىك ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى نۇرغۇن ئىستراتېگىيەلىك خام ئەشيا ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدى، مېكسىكا بىلەن بىرازىلىيە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى خەلقمۇ فاشىزمغا قارشى كۈرەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا لاتىن ئامېرىكىسى خۇددى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىدەكلا ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىدى، ئەكسىچە ئۇرۇش ئوبيېكتىپ جەھەتتىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئېكسپورت سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى. ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ كارخانىلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارنى سېتىۋېلىش، ئۆز دۆلىتىدە سانائەت، كان، كارخانىلارنى يېڭىدىن قۇرۇش ئارقىلىق لاتىن

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىگىلىكى ئېشىپ، مىللىي كاپىتالىنىڭ كۈچى زورايدى. 1939 – يىلىدىن 1945 – يىلىغىچە، پوتكۇل رايونىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 30% – 35% ئاشتى. ئالتۇن ۋە تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 1939 – يىلىدىكى 700 مىليون دوللاردىن 1946 – يىلىغا كەلگەندە 3 مىليارد دوللارغا يەتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۈچى جىددىي تۈردە ئاجىزلاپ كەتتى، گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بارلىق پوزىتسىيەلىرىدىن ئاساسەن دېگۈدەك ئايرىلىپ قالدى، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان كاپىتال ۋە تاۋار ئېكسپورتىمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. ئامېرىكا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «پانئامېرىكا ھەمكارلىقى» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، زور كۈچ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. 1945 – يىلى 3 – ئايدا مېكسىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەرنىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى يىغىنىدا، «چاپۇلتېپېك ئەھدىنامىسى» ماقۇللىنىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەللەرنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىش پرىنسىپى بەلگىلىنىپ، «غەربىي يېرىم شار بىرلەشمە مۇداپىئەسى» يولغا قويۇلۇپ، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنى ھەربىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى كۈچەيتىلىپ، ئامېرىكىنىڭ 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىغا زور كۆلەمدە كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى.

2 – دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئامېرىكا ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار جەھەتتىن لاتىن

ئامېرىكىسىغا سىڭىپ كىردى. ئامېرىكا «كلايتون پىلانى»[1]نى تۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدە ئاتالمىش «ئەركىن سودا»، «ئەركىن مەبلەغ سېلىش»، «ئەركىن كارخانا» پىرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، ئامېرىكا تاۋارلىرىنى ئەركىن تۆكمە قىلىپ سانائەتلىشىشنى، ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا كېڭىيىشىگە يول ئېچىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1947 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى رىئودې ژانېيرودا «پانئامېرىكا ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نى تۈزدى، «ئورتاق مۇداپىئە كۆرۈش» دېگەن نام بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك سىستېمىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. 1948 ـ يىلى بوگاتادا چاقىرىلغان 9 ـ قېتىملىق پانئامېرىكا يىغىنىدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىگە قارىتىلغان سىياسىي، ھەربىي تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، «ئامېرىكا قىتئەسى جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى» يەنە «ئامېرىكا قىتئەسى ئەللىرى تەشكىلاتى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ترۇمېن «قالاق رايونلارغا ياردەم بېرىش» «4 ـ نۇقتا پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ياردەمنى ۋاسىتە قىلىپ، «كوممۇنىزمنىڭ تەھدىتىدىن ساقلىنىش» شوئارى ئاستىدا تەسىر كۈچىنى لاتىن ئامېرىكىسىغا يەنىمۇ كېڭەيتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئامېرىكا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش، ياللانما ئارمىيەنى تاجاۋۇز قىلىشقا تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەردە ئامېرىكاپەرەس ھەربىي مۇستەبىت

---

[1] يەنى «ئامېرىكا قىتئەسى ئىقتىسادىي خارتىيەسى»، 1945 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايدا، ئامېرىكا تەشكىللىگەن ئامېرىكا قىتئەسى ئەللىرىنىڭ 4 ـ قېتىملىق دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى مەسلىھەت كېڭىشىدە ماقۇللانغان.

هاكىمىيەتنى يۆلىدى. بۇ مەزگىلدە، ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدا 400 دىن ئارتۇق ھەربىي بازا قۇردى، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ماكانلاشتى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ئامېرىكىغا بويسۇنغان بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «ئاۋاز بېرىش ماشىنىسى» نىڭ «مۇھىم دېتالى» بولۇپ قالدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يېزىلىرىدا فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يەنىلا كەڭ كۆلەمدە ساقلىنىپ كەلگەنىدى، بۇ جاھانگىرلىكنىڭ خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىشىدىكى تۈۋرۈكى ئىدى. ئامېرىكىنىڭ مونوپول كاپىتالى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى چوڭ قورۇق ئىگىلىرىنى قوللاپلا قالماي، بەلكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نۇرغۇن يېرىنى تالان ـ تاراج قىلدى ۋە زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەردە يەرلەر مەركەزلىشىپ قېلىش ئەھۋالى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئوتتۇرا ئامېرىكىدا، ئامېرىكىنىڭ «بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»① 588 مىڭ 965 ئاكر (ئىنگلىز موسى) تېرىلغۇ يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. بۇ شىركەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قوراللىق كۈچى، مەمۇرىي تەشكىلى، ساقچىسى، سوتى ۋە خەۋەرلىشىش سىستېمىسى بار ئىدى، شىركەت يەنە غوجىلىق زېمىنىدا 2000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا

① بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتى 1898 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، تەدرىجىي لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان چوڭ مونوپول شىركەتكە تەرەققىي قىلغان، ئۇنى بوستون مالىيە گۇرۇھى تىزگىنلىگەن. 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكا ماشىنا شىركىتى بىلەن قوشۇلۇپ نامى «بىرلەشمە تاۋار ماركىسى شىركىتى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ يېمەكلىك شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

تۆمۈريول ياساپ، نۇرغۇن پاراخوتلارنى تىزگىنلەپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا خەلقلىرىنى شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىقىپ، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يەرلىك خەلق بۇ شىركەتنى «يېشىل ئالۋاستى» دەپ ئاتىدى. يەرلەرنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە فېئوداللارنىڭ قول قىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، يېزىلاردىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈردى.

دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ ئامېرىكىغا، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرىشىگە تۈرتكە بولدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئادەم سانى كۆپەيدى. كانچىلىق ۋە قاتناش - ترانسپورت ساھەسىدىكى ئىشچىلار 1940 - يىلىدىكى 6 مىليون 400 مىڭدىن كۆپىيىپ، 1955 - يىلىغا كەلگەندە 11 مىليون 600 مىڭغا يەتتى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئاڭ سەۋىيەسى ئۆسۈپ، مۇستەقىل مۇھىم بىر كۈچ بولۇپ قالدى. دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ئېڭىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈپ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. شەھەرلەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلارمۇ مۇھىم بىر ئىنقىلابىي كۈچكە ئايلاندى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچى ئېشىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى كۈنسايىن كۈچەيدى. مۇشۇ ئاساستا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ تىزگىنلىشىگە ۋە قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، ئەكسىيەتچى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتى كۈنسايىن ئەۋج ئالدى.

**لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەت ۋە گىۋاتېمالا دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىيسى ۋە كېڭەيمىچىلىكى، ئامېرىكا مونوپول مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قۇل قىلىشى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى، شۇنداقلا بەزى دۆلەتلەردىكى ئامېرىكاپەرەس مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئالدىدا، مۇستەقىللىق، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش، ئامېرىكىنىڭ تىزگىنلىشىگە ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسىگە قارشى تۇرۇش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دەسلەپكى مەزگىلدىكى لاتىن ئامېرىكىسى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

چەت ئەل كاپىتالىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەردە دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە، بولىۋىيە، ئېكۋادور، گىۋاتېمالا، ۋېنېزۇئېلا قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت چەت ئەل مەبلىغىدىكى قىسمەن كارخانىلار، مەسىلەن، تۆمۈريول، تېلېفون، كۆمۈر گازى، شەھەر قاتنىشى، كان قاتارلىقلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ھەرىكەتنى كۈچلۈك مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە ھۆكۈمەت قوزغىغانلىقتىن خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ھەم جاھانگىرلىكنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇردى. بەزى دۆلەتلەر يەنە يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. گىۋاتېمالا بىلەن ۋېنېزۇئېلا بىرلەشمە مېۋە ـ چىۋە شىركىتى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان قىسمەن يەر ۋە بەزى كارخانىلارنى مۇسادىرە قىلدى. دېڭىز

تېررىتورىيە ھوقۇقىنى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ دېڭىز - ئوكيان بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر ئالدى بىلەن دېڭىز - ئوكيان ھوقۇقىنى قوغداش كۈرىشىنى باشلىدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا مېكسىكا پىرېزىدېنتى ماتېرىك سۇپىسى توغرىسىدىكى باياناتنى ئېلان قىلىپ، ئوچۇق دېڭىز تەۋەسىدىكى جانلىقلار بايلىقىنى قوغداشتا ئۆز ئالدىغا تەدبىر قوللىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى يىلى ئارگېنتىنا، پاناماللارمۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دېڭىز بويلىرىدىكى ماتېرىك سۇپىسىغا قەدەر كېڭەيتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1947 - يىلى پېرۇ بىلەن چىلى ئالدى بىلەن 200 مىل «دېڭىز - ئوكيان رايونى» دا ئىگىلىك ھوقۇق ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش تەلىپىنى قويدى. ئارقىدىنلا كوستارىكا، سالۋادور، ھوندۇراس قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ 60 -، 70 - يىللاردا دۇنيا مىقياسىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز - ئوكيان زومىگەرلىكىگە قارشى كۈرەشنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ تىزگىنلىشى ۋە ئارىلىشىشىنى توسۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 1946 - يىلى 2 - ئايدا پېرون[①] ئارگېنتىنانىڭ ئومۇمىي سايلىمىدا غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئارگېنتىنا پىرېزىدېنتى بولدى. مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ

① جۇئان دومىنگو پېرون (1895 — 1974 - يىللار) چارۋىدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1911 - يىلى ئارگېنتىنانىڭ ۋېست پوينت ھەربىي مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1941 - يىلى پولكوۋنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ پولك كوماندىرى بولغان، مەخپىي ھالدا «بىر-لەشمە ئوفىتسېرلار پولكى» قۇرغان. 1947 - يىلى ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى «پېرو-نىزم پارتىيەسى» نى قۇرغان. 1946 - يىلى، 1951 - يىلى ۋە 1973 - يىلى ئۈچ قېتىم پىرېزىدېنتلىققا سايلانغان.

www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پېرون ھۆكۈمىتى مىللىي ئىگىلىكنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە «كوممۇنىزم بىلەن كاپىتالىزم ئارىسىدا تۇرۇش» تەك «ئۈچىنچى مەۋقە» سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارگېنتىنانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ئىشلارغا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىقنىڭ ئارگېنتىنانىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مىزانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. پېرون تەختكە چىققاندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش مەقسىتىدە دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. پېرون جاھانگىرلىكنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان تالان ـ تاراجلىرىغا خاتىمە بېرىش پانئامېرىكا روھىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇ پانئامېرىكا يىغىنىدا پات ـ پات ئامېرىكىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكىنىڭ غەربىي يېرىم شاردا ھەربىي ئىتتىپاق تەشكىللەش سىياسىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى. پېرون ھۆكۈمىتى گەرچە 1955 ـ يىلى ئامېرىكا قوللىغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەللەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى كۈنسايىن ئەۋجگە چىقتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى ئاممىۋى كۈرەش ۋە قوراللىق كۈرەشمۇ ئۈزۈكسىز ئەۋج ئالدى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى كۆپ يۈز بەردى، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىش تاشلاش كۆلىمى تەدرىجىي زورايدى. ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ئىشچىلارنىڭ سانى 1954 ـ يىلىدىكى 7 مىليون 400 مىڭدىن 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە 9 مىليون 700 مىڭغا كۆپەيدى.

دېھقانلارنىڭ يەر تەلەپ قىلىش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ، بەزى دۆلەتلەردە دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە توپىلاڭ يۈز بەردى. 1949 ـ يىلى كولومبىيە دېھقانلىرى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، 1950 ـ يىلى پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىدى، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 مىڭغا يېتىپ، بىر مەھەل 700 مىڭغا يېقىن ئاھالە جايلاشقان رايونىنى ئىزگىللىدى. 1952 ـ يىلى ۋېنېزۇئېلا دېھقانلىرىمۇ يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بولىۋىيەدە قەلەي كېنىنىڭ ئىشچىلىرى ئاساسىي كۈچ قىلىنغان قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭدا ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە دېھقانلار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ئۈچ كۈن كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئاخىر ئامېرىكاپەرەس باللىۋىئان ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. «مىللەتچىلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت پارتىيەسى» دىكىلەردىن تەشكىللەنگەن يېڭى ھۆكۈمەت ئاممىۋى كۈرەشنىڭ تۈرتكىسىدە 1952 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئامېرىكا كاپىتالىنى ئاساس قىلغان ئۈچ چوڭ قەلەي كېنى شىركىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى ھەم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «بولىۋىيە كانچىلىق شىركىتى» نى قۇرۇپ، ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىنىڭ تەسىر كۈچىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى ھۆكۈمەت دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە دېھقانلارنىڭ يەر ئىسلاھاتى تەلىپىگە قوشۇلدى.

گىۋاتېمالا ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى مۇھىم دۆلەت بولۇپ، قەھۋە، بانان ۋە پاختا كۆپ چىقىدۇ. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا تەدرىجىي ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، گىۋاتېمالانى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئامېرىكىنىڭ بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتى گىۋاتېمالانىڭ نۇرغۇن يېرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ،

نۇرغۇن چوڭ بانانزارلىقلارنى قۇرۇپ چىقتى. بولۇپمۇ 1931 ـ يىلى ئوڭ قانات ھەربىي ئۇبىكو ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتىنىڭ گىۋاتېمالادىكى تەسىر كۈچى يەنىمۇ ئېشىپ، گىۋاتېمالادا «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» بولۇپ قالدى. 1944 ـ يىلى گىۋاتېمالادا ئامېرىكاپەرەس مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلاپ، ئۇبىكو ھاكىمىيىتى غۇلاپ چۈشتى. ئىنقىلابتىن كېيىنكى ھاكىمىيەت مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، دوكتور ئارېۋالو پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. 1944 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ستارشى لېيتېنانت ئاربېنز دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولدى.

ئارېۋالو ھۆكۈمىتى يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ، بىر قاتار دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى. 1946 ـ يىلى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنى ماقۇللاندى. 1947 ـ يىلى ئەمگەك قانۇنى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، سۆز قىلىش، نەشر قىلىش، يىغىلىش ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيەلەرنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىشىغا يول قويۇلدى (كوممۇنىستىك پارتىيە بۇنىڭ سىرتىدا). سىرتقا نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى ھەم بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتىنىڭ بەزى قانۇنسىز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەشلەر يۈز بەردى. ئارېۋالونىڭ ئىسلاھاتى بىرقەدەر مۆتىدىل بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ مونوپول كاپىتالى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە چېقىلمىدى. بىراق، گىۋاتېمالانىڭ ئىسلاھاتى يەنىلا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زور قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ، ئارېۋالو ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش يولىدا كۆپ قېتىم سۇيىقەست قىلدى.

خەلق ئاممىسى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ قوللىشى

ئارقىسىدا، 1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاربېنز (1913 ــ 1971 ـ يىللار) پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ئاربېنز ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بىرقەدەر رادىكال ئىسلاھاتنى يولغا قويدى. 1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەر ئىسلاھاتى پەرمانى ئېلان قىلىندى. پەرماندا: مەزكۇر دۆلەتنىڭ چوڭ قورۇقدارلىرى ۋە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ بارلىق ئىجارە يېرى 180 گېكتاردىن ئاشقان ياكى 1/3 قىسمى يېرى تېرىلمىغان چوڭ قورۇقلار دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ۋە يېرى يوق، يېرى ئاز دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ھۆكۈمەت يەر كومىتېتى قۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. 1954 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، 550 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەر (بۇنىڭ ئىچىدە بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتىدىن مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان يەر 160 مىڭ گېكتار) مۇسادىرە قىلىنىپ، يەرسىز ۋە يېرى ئاز 55 مىڭ 700 دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ھۆكۈمەت يەنە قەرز پۇل ۋە قوشقا قاتنىدىغان كاللارنى نامرات دېھقانلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاربېنز ھۆكۈمىتى بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتىگە قارشى كۆرەش قىلدى. گىۋاتېمالا دۆلەت مەجلىسى ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەيدىغان پەرمانلارنى ماقۇللىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە تاشيول تورى، پورت ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ تىزگىنلىشىنى يوققا چىقاردى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە، بىرقەدەر مۇستەقىل دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇپ، گىۋاتېمالانىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىدى.

ئاربېنز ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى لاتىن ئامېرىكىسىدا كەڭ تەسىر پەيدا قىلدى. ئامېرىكا بۇ دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىش كويىدا بولدى. 1954 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، مېۋە ـ چىۋە شىركىتىنىڭ سابىق ياللانما خادىمى ئارماس باشچىلىقىدىكى بىر ياللانما قوشۇن ھوندۇراستىن گىۋاتېمالاغا بېسىپ كىرىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئوڭ قانات ھەربىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاربېنز ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. گىۋاتېمالانىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىسلاھاتى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 60 ـ يىللاردا يەنىلا داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ھەم يېڭى يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

ئالتىنچى باب

# يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە تەسىرى

## 1 ـ بۆلۈم يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى شەرتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىيات ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى 3 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىدۇر. 1 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى باشلاندى. ئۇ نيۇتون مېخانىكىسىنى نەزەرىيەۋى ئاساس، پار ماشىنىسىنىڭ قوللىنىلىشىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، توقۇمىچىلىق، خىمىيە سانائىتى، قازمىچىلىق، مېتالچىلىق، ماشىنىسازلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ تېزلىكتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا 2 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى باشلاندى. ئۇ فارادى، ماكسۋېلنىڭ ئېلېكترو ماگنىتىزمىنى نەزەرىيەۋى يېتەكچى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ۋە ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېلنىڭ قوللىنىلىشىنى بەلگە قىلىپ، ئاپتوموبىل، ئايروپىلان ۋە رادىيونىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا تۈرتكە بولدى، پار ماشىنىسى دەۋرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى روياپقا چىقاردى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان 3 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى مەيدانغا كەلدى. ئىلىم ـ پەندىكى تۆت تۈرلۈك مۇھىم بايقاش بۇ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولدى. گەرچە بۇلارنىڭ بەزىلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا بايقالغان بولسىمۇ، بىراق بۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوللىنىش ئۇرۇش تۈپەيلىدىن توسالغۇغا ئۇچرىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئىلىم ـ پەندىكى بۇ بايقاشلارنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئاندىن تولۇق گەۋدىلەندى.

بىرىنچى تۈرلۈك مۇھىم بايقاش ئېينىشتېيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان نىسپىيلىك نەزەرىيەسىدۇر. ئۆتمۈشتە، فىزىكىدا نيۇتوننىڭ نەزەرىيەسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، زامان بىلەن ماكان مۇتلەق، ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق بىۋاستە باغلىنىشى يوق؛ ئالەمدە توختىماي مېڭىپ تۇرىدىغان چوڭ سائەتكە ئوخشاش بىر ھادىسە مەۋجۇت، ئۇنىڭ سۈرئىتى ھەرقانداق ئەھۋالدا مەڭگۈ ئوخشاش، دۇنيادىكى بارلىق ھەرىكەتلەر ۋاقىت جەھەتتىن ئۇنى ئۆلچەم قىلغان، دەپ قارىلاتتى. ئېينىشتېيىن تەجرىبە ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىپ، زامان بىلەن ماكان مۇتلەق ئەمەس، بەلكى نىسپىي، دېدى. ئۇ، نۇر تېزلىكىگە يېقىنلاشقاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان گەز (ئۆلچىگۈچ) قىسقىرايدۇ، ھەرىكەت قىلىۋاتقان سائەت ئاستىلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، نيۇتوننىڭ قانۇنى تېزلىك يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا پۈت تىرەپ تۇرالمىدى، بىراق ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇنىڭ تەسىرى ئانچە بىلىنىپ كەتمىگەچكە توغرا دەپ قارالدى. ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ئاساسىي نەزەرىيە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىكرو ۋە ماكرو ساھەدە نۇر تېزلىكىگە يېقىنلاشقان ھەرىكەت

ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نەزەرىيە ئاتوم ئېنېرگىيە سانائىتى ساھەسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىككىنچى تۇرلۇك مۇھىم بايقاش كىۋانت مېخانىكىسىدۇر. 1900 ـ يىلى گېرمانىيەلىك فىزىك پىلانىك كىۋانت قىياسىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، جىسىم رادىياتسىيە (يەنى ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى) چىقارغان ۋە قوبۇل قىلغاندا ئېنېرگىيە ئۇزۇكسىز ئۆزگەرمەستىن، بەلكى بىر ئۇلۇش، بىر ئۇلۇشتىن ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئۇلۇش ئېنېرگىيەلەر كىۋانتتۇر، دەپ قارىدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيەلىك فىزىك رېزېرفورد بىلەن دانىيەلىك فىزىك بور كىۋانت نەزەرىيەسىنى ئاتوم تۇزۇلۇشى تەتقىقاتىدا قوللىنىپ، ئاتومنىڭ مۇسبەت ئېلېكتىرلىك ئاتوم يادروسى بىلەن مەنپىي ئېلېكتىرلىك ئېلېكتروندىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئېلېكترونىڭ ئوخشىمىغان ئوربىتىدا ئاتوم يادروسىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ئېلېكترون سىرتقى ئوربىتىدىن ئىچكى ئوربىتىغا سەكرىگەندە، مۇناسىپ دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىكى ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى قويۇپ بېرىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتى. 20 ـ يىللاردا گېرمانىيەلىك فىزىك ھېيزېنبېرگ بىلەن ئاۋستىرالىيەلىك فىزىك شرودىنگېر قاتارلىقلار فىزىكىدىكى دولقۇن نەزەرىيەسىنى رويابقا چىقىرىپ، ئېلېكترون ۋە بارلىق ماددىي زەررىچىلەرنىڭ نۇرغا ئوخشاش ئۇزۇكسىز دولقۇن خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەم داۋاملاشمايدىغان زەررىچە خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئېلېكترون قاتارلىق مىكرو ھەرىكەتكە نيۇتون مېخانىكىسى باب كەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئورنىنى كىۋانت ئۇقۇمىدىن تەرەققىي قىلغان كىۋانت مېخانىكىسى ئىگىلىدى. ھېيزېنبېرگ، شرودىنگېرلار رويابقا چىقارغان مۇكەممەل كىۋانت مېخانىكىسى مىكرو دۇنيانىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەردى. ئۇ

ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئاتومدىكى ئېلېكترونلارنىڭ ھەرىكىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇ ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرى قانۇنىيىتىنى فىزىكا نۇقتىسىدىن چۈشەندۈردى. ئۇ ئاتومنىڭ قانداق بىرىكىپ مولېكۇلاغا ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش، مولېكۇلىنىڭ خاراكتېرىنى شەرھلەشنى نەزەرىيەۋى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى. كىۋانت مېخانىكىسىنى خىمىيە ساھەسىدە قوللىنىش ئارقىلىق كىۋانت خىمىيەسى شەكىللەندۈرۈلگەن، بۇ ئارقىلىق خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە مولېكۇلىلارنى لايىھەلىگىلى بولىدۇ. كىۋانت مېخانىكىسى بىلەن تار مەنىدىكى نىسبىيلىك نەزەرىيەسىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن ئاتوم يادرو فىزىكىسى ئاتوم بومبىسى، ۋودوروت بومبىسى ياساش ۋە يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. كىۋانت مېخانىكىسى يەنە ئېلېكترون تېخنىكىسى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسى ۋە لازېر تېخنىكىسىغا نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

ئۈچىنچى تۈرلۈك مۇھىم بايقاش مولېكۇلا بىيولوگىيەسىدۇر. ئۇ فىزىكا بىلەن خىمىيەنىڭ تەسىرىدە ۋە سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلغان يېپيېڭى بىر بىيوپېنىدۇر. ئورگانىزملاردىكى ئاساسلىق ماددا، بولۇپمۇ ئاقسىل، ئېنزىم ۋە يادرو كىسلاتاسى قاتارلىق بىيو چوڭ مولېكۇلىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ھاياتلىق ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۇنىڭ يادروسىدۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئامېرىكىلىق مورگان خىروموسوما تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆجەيرە يادروسىدىكى خىروموسومادا ئىرسىيەت گېنى بولىدىغانلىقىنى ئىپتىقاندى. 1944 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئاۋېرى قاتارلىقلار ئوكسىگېنسىزلانغان رىبو يادرو كىسلاتاسى (DNA) دا ئىرسىيەت ئۇچۇرى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. 1953 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ۋاتسون بىلەن ئەنگلىيەلىك كرىك ئەنگلىيەنىڭ «تەبىئەت» ژۇرنىلىدا «يادرو كىسلاتاسىنىڭ مولېكۇلا قۇرۇلمىسى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ئوكسى-

www.uyghurkitap.com

گېنسىزلانغان رىبو يادرو كىسلاتاسى (DNA) نىڭ قوش سپىرال قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مولېكۇلا بىيولوگىيەسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مولېكۇلا بىيولوگىيەسى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىپ، ئاقسىل بىلەن يادرو كىسلاتاسىنى سۇنئىي بىرىكتۈرۈش، ئاقسىل، ئېنزىم، يادرو كىسلاتاسىنىڭ خىمىيەلىك تۈزۈلۈشى ۋە بوشلۇقتىكى تۈزۈلۈشىنى ئۆلچەپ، بۇ بىيو چوڭ مولېكۇلىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشتە نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى.

تۆتىنچى تۈرلۈك مۇھىم بايقاش سىستېما پېنىدۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بېرى، تەبىئىي پەنلەر جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىپ، پەنلەر بارغانسېرى ئىنچىكە ئايرىلىپ، تارماق پەنلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پەنلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا سىڭىشىش، كىرىشىش تەبىئىي پەنلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇردى. سىستېما پېنى تۈرلۈك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئاساسلىقى تىزگىنلەش نەزەرىيەسى، سىستېما نەزەرىيەسى، ئۇچۇر نەزەرىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر قانچە خىل نەزەرىيە ئاساسەن 40 ـ يىللاردا تەڭلا دېگۈدەك تەرەققىي قىلغان. ئامېرىكىلىق ماتېماتىك ۋىيېنېر بىر سىستېمىنى قانداق قىلىپ ئالدىن بېكىتىلگەن نىشان بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرۇش، مەلۇم بىر سىستېمىنىڭ ھەرىكىتىنى قانداق قىلىپ ئۇچۇر ئىنكاسىغا ئاساسەن ئۆزۈكسىز تەڭشەشنى تەتقىق قىلدى. 1948 ـ يىلى ئۇ «تىزگىنلەش نەزەرىيەسى» دېگەن ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر تىزگىنلەش نەزەرىيەسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئامېرىكىلىق ماتېماتىك شاننون تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قانداق ساقلاش، يەتكۈزۈش ۋە ئالماشتۇرۇش

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ، 1948 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە «خەۋەرلىشىشتىكى ماتېماتىكا نەزەرىيەسى» ۋە «شاۋقۇندىكى خەۋەرلىشىش» دېگەن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇچۇر نەزەرىيەسىگە ئاساس سالدى. ئاۋستىرىيەدە تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىلىق بىيولوگ بېرتالانفىي 1948 ـ يىلى ئادەتتىكى سىستېما نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىستېما پېنىنىڭ مېتودولوگىيەسى ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ ئۈچ نەزەرىيەنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان سىستېمىلار بويسۇنىدىغان ئادەتتىكى نەزەرىيەلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بارلىق سىستېمىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇقۇم، قانۇنىيەت قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلدى. سىستېما پېنىنىڭ تەرەققىياتى تۈرلۈك كونكرېت سىستېما تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىلىم ـ پەندىكى تۆت تۈرلۈك مۇھىم بايقاش ئاساسىدا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ ئاتوم ئېنېرگىيەسى، كومپيۇتېر، ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسى، بىيو تېخنىكا جەھەتلەردە ھەيران قالارلىق كەشپىيات ۋە يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى.

ئالىملار 30 ـ يىللاردىلا ئۇران يادروسىنىڭ پارچىلىنىش ھادىسىسىنى بايقىدى. بىر ئۇراننىڭ ئېغىر ئاتوم يادروسى مۇئەييەن شارائىتتا بىر قەدەر كىچىك كۆپلىگەن ئاتوم يادرولىرىغا پارچىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ. بىر گىرام ئۇران پارچىلانغاندا ھاسىل قىلغان ئېنېرگىيە ئۈچ توننا كۆمۈر ياكى 200 لىتىر بېنزىننى كۆيدۈرگەنگە باراۋەر بولىدۇ، بۇنىڭ پارتلاش كۈچى 20 توننا سېرىق پارتلاتقۇچ دورىغا تەڭ. 1942 ـ يىلى ئامېرىكىلىق فىزىك فېرمى تۇنجى يادرو رېئاكتورىنى ياساشقا رەھبەرلىك قىلىپ، سىجىل پارچىلىنىشقا شارائىت ياراتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ

ئىنسانلارنىڭ ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش دەۋرى باشلاندى. .ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئالدى بىلەن ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلدى. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىزىك ئوپپېنخېيمېرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامېرىكا تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. 1949 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتوم قورالىنى ياساپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، فىرانسىيە 1960 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جۇڭگو 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆزلىرىنىڭ ئاتوم قۇرۇلمىسىنى سىناق قىلىپ پارتلاتتى. بۇ مەزگىلدە ئالىملار يەنە يادرو يىغىلىشىنى بايقىدى. يېنىك ئىككى ئاتوم يادروسى مۇئەييەن شارائىتتا يىغىلىپ بىر ئېغىر ئاتوم يادروسىنى ھاسىل قىلالايتتى. مەسىلەن، ئىككى ئېغىر ھىدروگېن ئاتوم يادروسىنىڭ يىغىلىشىدىن بىر گېلىي يادروسى ھاسىل بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يادرو پارچىلىنىشقا قارىغاندا تېخىمۇ زور ئېنېرگىيە ھاسىل بولاتتى. يادرو يىغىلىش قائىدىسىگە ئاساسەن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ـ كېيىن 1952 ـ يىلى ۋە 1953 ـ يىلى ۋودوروت بومبىسىنى ياساپ چىقتى. ئەنگلىيە 1957 ـ يىلى سىناق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. جۇڭگو بىلەن فىرانسىيە 1967 ـ يىلى ۋە 1968 ـ يىلى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلاتتى. ئاتوم ئېنېرگىيەسى تىنچلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ ئىشلىتىلدى. 1954 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى ئاتوم ئېنېرگىيەلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ قۇرۇپ چىقتى. 1992 ـ يىلى دۇنيانىڭ ئومۇمىي توك تارقىتىش مىقدارىدا، ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش مىقدارى 17% نى ئىگىلىدى. دۇنيادا جەمئىي 424 يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، بۇلار 30 دۆلەتكە تارقالغان. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ توك سەرپىيات ئومۇمىي مىقدارىدا، يادرو ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىر-

رىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرىسى فىرانسىيە بولۇپ، 72.9% نى
ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا لىتۋا بىلەن بېلگىيە بولۇپ، 60%
ۋە 59.9% نى ئىگىلەيدۇ. ئاتوم ئېنېرگىيەسى باشقا ئېنېرگ-
يەلەر ئورنىنى باسالمايدىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ-
سۇنئىي ھەمراھ ۋە پاراخوتلارغا ئېنېرگىيە سۇپىتىدە ئىشلىتى-
لىدۇ. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، تېبابەت قاتارلىق جەھەتلەردە
ئىشلىتىلىپ، نۇقسان تەكشۈرۈش، كان تەكشۈرۈش، ئىرسىيەت
خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى ئۆلتۈرۈش،
يۇقىرى مولېكۇلا ھاسىل قىلىدىغان ماتېرىياللار قاتارلىقلاردا
قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭى-
يىپ، تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتمەكتە.

كومپيۇتېر 20 - ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم تېخنىكا مۇۋەپپە-
قىيەتلىرىنىڭ بىرى. 1946 - يىلى ئامېرىكىلىق ئىنژېنېر
ئېككېرت بىلەن فىزىك ئىنچېرا قاتارلىقلار تۇنجى كومپيۇتېرنى
كەشىپ قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر 40 يىل مابەي-
نىدە ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېز تەرەققىي
قىلدى. تەخمىنەن ھەر 8 - 10 يىلدا كومپيۇتېرنىڭ ئايلىنىش
سۈرئىتى ۋە ئىشەنچلىكلىكى ئىلگىرىكىدىن 10 ھەسسىلەپ
ئېشىپ باردى، ھەجمى ۋە تەننەرخى تۆۋەنلەپ ئىلگىرىكىنىڭ 1/10
نگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان بولدى. كىشىلەر كومپيۇتېرنىڭ تەرەق-
قىيات دەۋرىنى ئېلېكترون دېتاللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ
بەش ئەۋلادقا ئايرىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد — ئېلېكترون لامپا
دەۋرى (1946 — 1956 - يىللار) بولۇپ، كومپيۇتېرنىڭ ئايلى-
نىش سۈرئىتى ئادەتتە ھەر سېكۇنتتا نەچچە مىڭ قېتىمدىن
نەچچە ئون مىڭ قېتىمغىچە ئىدى. ئىككىنچى ئەۋلاد — كىرىس-
تال لامپا دەۋرى (1956 — 1962 - يىللار) بولۇپ، كومپيۇ-
تېرنىڭ ياسىلىش تەننەرخى زور دەرىجىدە چۈشۈپ، كومپيۇ-
تېرنىڭ قوللىنىلىشى ھەربىي ئىشلار تارمىقىدىن سانائەت، يېزا
ئىگىلىكى ۋە سودا تارمىقىغا كېڭەيدى. ئۈچىنچى ئەۋلاد —

تۇپلاشتۇرۇلغان توك يول دەۋرى (1962 — 1970 - يىللار) بولۇپ، بۇ دەۋردە كومپيۇتېردا يەنە يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى مەيدانغا كەلدى، يەنى كومپيۇتېر كىچىكلەپ باردى. تۆتىنچى ئەۋلاد — كەڭ كۆلەملىك تۇپلاشتۇرۇلغان توك يول دەۋرى (1970 - يىلىدىن باشلاپ) بولۇپ، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەر كەڭ كۆلەملىك تۇپلاشتۇرۇلغان توك يولنى قوللىنىپ، سېكۇنتىغا 100 مىليون قېتىم ھېسابلىيالايدىغان كومپيۇتېرنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ھازىر ئاز ساندىكى دۆلەتلەر 5 - ئەۋلاد كومپيۇتېرنى ياساش ئۈچۈن تىرىشماقتا، ئۇلارنىڭ نىشانى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا (ماشىنا ئادەم) ۋە ئايلىنىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا 1 مىليارد قېتىمدىن ئاشىدىغان گىگانت كومپيۇتېرنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا مەركەزلەشكەن. 1982 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن دۇنيادا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن پىروگراممىلىق ماشىنا ئادەم تەخمىنەن 31 مىڭغا يېتىدىكەن، دۇنيادا ياپونىيە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، 13 مىڭ دانە ماشىنا ئادىمى بار ئىكەن، ئامېرىكا 6250، فېدېراتسىپ گېرمانىيە 3500 ماشىنا ئادەمگە ئىگە ئىكەن. كومپيۇتېر سانلىق مەلۇماتلارنى ساقلاش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھېسابلاش سۈرئىتى تېز، ھېسابلاش ئېنىقلىقى يۇقىرى. ئۇ ئاپتوماتىك، تېز، ئېنىق ھېسابلاش، تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇش قورالى بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىدا، ھەتتا ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. كومپيۇتېر ئادەمنىڭ بىر قىسىم ئەقلىي ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئېلېكترونلۇق مېڭە دەپمۇ ئاتايدۇ. كومپيۇتېرنىڭ ئىشلىتىلىشى پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. 1993 - يىلى ئامېرىكا

ئۈچۈر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى قۇرۇپ چىقىپ، زامانىۋى كومپيۇتېر تورىدىن پايدىلىنىپ خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنى ئاساس، ئوپتىكىلىق ئۆتكۈزگۈچ تالا كابېلىنى تايانچ قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتاشقان، قوش يۆنىلىشلىك، سىغىمى چوڭ، سۈرئىتى تېز بولغان ئېلېكترونلۇق ئۈچۈر يوللاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. مەملىكەت خاراكتېرلىك بۇ ئۈچۈر تورىنىڭ قۇرۇلۇشى پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، جەمئىيەت مىزانلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە كەڭ، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يەنە بىر مۇھىم بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ. 1957 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئېغىرلىقى 83.6 كىلوگرام كېلىدىغان دۇنيا بويىچە تۇنجى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى بوشلۇق ئوربىتىسىغا چىقىرىپ، بوشلۇق پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكىمۇ سۈنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيە (1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدا)، ئاۋسترالىيە (1967 ـ يىلى 11 ـ ئايدا)، ياپونىيە (1970 ـ يىلى 2 ـ ئايدا)، جۇڭگو (1970 ـ يىلى 4 ـ ئايدا)، ئەنگلىيە (1970 ـ يىلى 10 ـ ئايدا) لەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەردى. 1961 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىك سۈنئىي ھەمراھنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقاردى. گاگارىن يەر شارىنىڭ بوشلۇقتىكى ئوربىتىسىدا 100 مىنۇت ئايلىنىپ، يەرگە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ چۈشۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالەمگە ئۇچۇش يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. 1962 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئامېرىكىلىق گېخلېن ئالەمدە يەر شارىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا

ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1969 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «ئاپوللو 11 - نومۇر»نى قويۇپ بېرىپ، ئايغا چىقىش قۇرۇلمىسىنى ئاي شارىغا قوندۇردى. ئارمىستروڭ بىلەن ئالدرىن ئەڭ بۇرۇن ئاي شارىدا ماڭغان كىشى بولۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى باشقا بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 1971 - يىلى تۇنجى ئالەم پونكىتىنى قويۇپ بەردى. 1977 - يىلى 9 - ئايدىن 1982 - يىلى 7 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساليۇت 6 - نومۇرلۇق ئالەم پونكىتى يەر شارى ئوربىتىسىدا تۆت يىل 10 ئاي تۇردى ھەم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 31 ئالەم كېمىسى بىلەن تۇتاشتى. ئامېرىكا 1981 - يىلى 4 - ئايدا تەكرار ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئالەم قاتنىشى قورالى — ئالەم ئايروپىلانىنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئالەم ئايروپىلانىنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەر نۇرغۇن ھەربىي سۈنئىي ھەمراھلارنى قويۇپ بېرىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋاللىرىنى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق رازۋېدكا قىلدى. ھەرقايسى ئەللەر يەنە بوشلۇق تېخنىكىسىنى پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. 1960 - يىلى ئامېرىكا تۇنجى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى، فىرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنداق سۈنئىي ھەمراھلارنى قويۇپ بەردى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۇنيا بويىچە 154 دانە مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى قويۇپ بېرىلدى. 1962 - يىلى ئامېرىكا «ماتروس 1 - نومۇر» نى قويۇپ بېرىپ، ۋېنېرانى تەكشۈردى. كېيىن ھەرقايسى ئەللەر نۇرغۇن ئاسترونومىيەلىك تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ۋېنېرا، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن، ئوران ۋە نېپتۇنلارغا ئۇچتى. 1965 - يىلى ئامېرىكا ئامېرىكىنى ياۋروپا بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تۇنجى سودا

خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەردى. 1986 - يىلى ئوربىتىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن، ئاسماندىكى ماس قەدەملىك سۈنئىي ھەمراھ 20 ئەتراپىدا بولدى. بۇ سۈنئىي ھەمراھلار پۈتۈن يەر شارىنىڭ خەۋەرلىشىش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنى يەر شارىنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا بولغان ئىشلاردىن تېزلىكتە خەۋەر تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1972 - يىلىدىن كېيىن ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر يەر شارىدىكى بايلىقلارنى تەكشۈرىدىغان نۇرغۇن سۈنئىي ھەمراھلارنى قويۇپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات مىقدارىنى مۆلچەرلەش، يەر ۋە يېزىلاردىكى بايلىقلارنى تەكشۈرۈش، گېئولوگىيەلىك ئۆزۈلمە قاتلىمىنى تەتقىق قىلىش، ۋولقان پارتلاش ۋە يەر تەۋرەشلەرنى تەكشۈرۈش، يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىنى ئىزدەش، دېڭىز - ئوكيان ۋە بېلىقلارنى تەتقىق قىلىش، بۇلغىنىشنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا قوللاندى. بۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەر ئالەم بوشلۇقىدا ئېغىرلىق كۈچى، باكتېرىيە، چاڭ - توزان بولماسلىق، كونۋېكسىيە ھادىسىسى كۆرۈلمەسلىكتەك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، يەر شارىدا ياساش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان پەۋقۇلئاددە ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقاردى.

بىيو تېخنىكا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىدا باش كۆتۈرگەن يەنە بىر مۇھىم ساھە. بۇ ساھەدە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى ئىرسىيەت تېخنىكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېخنىكىدا ئوخشىمىغان جانلىقلارنىڭ يادرو كىسلاتا مولېكۇلىسى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئېلىنغاندىن كېيىن تەن سىرتىدا كېسىپ، بىر - بىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ، يېڭىباشتىن تىكىۋېتىلىپ، ئاندىن ئۇلارنى جانلىقلار تېنىگە قايتىدىن قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىرسىيەت ماددىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بەزى ئىرسىيەت خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان يېڭى

جانلىقلار تۇرى ۋە تىپى ھاسىل قىلىندى. 1973 - يىلى ئالىملار ئۆكسىگېنسىزلانغان رىبو يادرو كىسلاتاسى (DNA) نى يېڭىباشتىن چېتىپ چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسىگە كىرگۈزۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان ھورمونىنى ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىرسىيەت تېخنىكىسى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. ئالىملارنىڭ مۆلچەرىچە، ئىرسىيەت تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق يېتىشتۈرسە، تەبىئىي تەدرىجىي تەرەققىياتقا سېلىشتۇرغاندا 100 مىليون ھەسسىدىن 1مىليارد ھەسسىگىچە تېز بولىدىكەن، شۇنداقلا جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق نىشانلاپ تۈرۈپ ئۆزگەرتكىلى بولىدىكەن. بىيو تېخنىكا باشقا جەھەتلەر، مەسىلەن، ھۈجەيرە تېخنىكىسى، ئېنزىم تېخنىكىسى ۋە ئېچىتىش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېمەكلىك سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، تېببىي دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

لازېر پەن - تېخنىكىسى يېقىنقى زامان كىۋانت فىزىكىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان يېڭى پەن. لازېر بىر خىل پەۋقۇلئاددە نۇر. ئۇ يورۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قۇياشنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىدىن 20 مىليارد ھەسسە يۇقىرى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يۆنىلىشچانلىقى كۈچلۈك، يەككە رەڭلىك خۇسۇسىيىتى ياخشى. 1960 - يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم مايمان قىزىل ياقۇتتىن پايدىلىنىپ تۇنجى لازېر ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. لازېر تېخنىكىسى كېيىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ھەرقايسى پەن تەتقىقات ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، بەزى يېڭى پەنلەرنى، مەسىلەن، لازېر سپېكتروسكوپىيەسى، لازېر خىمىيەسى، لازېر بىيولوگىيەسى قاتارلىق پەنلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. لازېر تېخنىكىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق، تېبابەت قاتارلىق تارماقلار ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە كەڭ قوللىنىلدى. لازېر

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق خەۋەرلىشىشنىڭ سىغىمى چوڭ بولۇپلا قالماي، مەخپىيەتلىكىمۇ ياخشى. لازېردىن پايدىلىنىپ ياقۇتتىن تۆشۈك ئېچىشتا ئىش ئۈنۈمىنى نەچچە ئون ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لازېردىن پايدىلىنىپ كۆرۈش تور پەردىسىنى يەملىگىلى، دۈشمەننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق قوراللىرىنى ۋەيران قىلغىلى بولىدۇ. لازېر نۇرىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىت ئۆلچىگەندە نەچچە ئون مىڭ يىلنىڭ خاتالىق پەرقى ئاران بىر سېكۇنت بولىدۇ، يەر شارى بىلەن ئاي شارى ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆلچىگەندە خاتالىق پەرقى نەچچە سانتىمېتىرلا چىقىدۇ. زەمبىرەك ئوقىغا لازېرلىق نىشان ئىزدىگۈچ ئورنىتىلسا، نىشانغا تېگىش نىسبىتىنى 100 ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ماتېرىيال پېنى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. سولياۋ (پىلاستماسسا)، بىرىكمە كاۋچۇك، بىرىكمە تالادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بىرىكمە ماتېرىيال گەرچە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇرۇشتىن كېيىن ھەقىقىي كەڭ تۈردە ئىشلىتىلدى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 100 ھەسسىلەپ ئېشىپ، خۇسۇسىيىتى ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يېڭى بىرىكمە ماتېرىياللار ئۈزۈكسىز كۆپەيدى، 1976 ـ يىلى دۇنيادا تۈرلۈك ماتېرىياللار 250 مىڭ خىل بولسا، 1982 ـ يىلى 335 مىڭ خىلغا كۆپەيدى. يېڭى ماتېرىيال ئۇچۇر ماتېرىياللىرى، ئېنېرگىيە ماتېرىياللىرى ۋە يېڭىچە ئىقتىدارلىق ماتېرىياللاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 70 ـ يىللاردا ئۇچۇر يەتكۈزەلەيدىغان، خاتىرىلىيەلەيدىغان، ساقلىيالايدىغان ئۇچۇر ماتېرىياللىرى كەشىپ قىلىنىپ، يېڭى تىپتىكى فارفور، غەيرىي كىرىستال ھالەتتىكى ماتېرىيال، ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيال قاتارلىق يېڭى ئېنېرگىيە ماتېرىياللىرى تەتقىق قىلىپ چىقىلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بېرى يەنە يۇقىرى ئىقتىدارلىق

قۇرۇلما بىرىكمە ماتېرىيالى، يۇقىرى ئىقتىدارلىق قۇرۇلۇش سولياۋسى، يېڭىچە بىرىكمە ماتېرىيال قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئىقتىدارلىق ماتېرىياللار مەيدانغا كەلدى. يېڭى ماتېرىياللارنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى.

دېڭىز - ئوكيان پەن - تېخنىكىسى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھەرقايسى ئەللەر دېڭىز تېگىدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى پائال قازدى. 1950 - يىلى دېڭىزدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 5.5% نى ئىگىلەيتتى، 1980 - يىلى ئۆرلەپ 22% كە، مەھسۇلات مىقدارى 600 مىليون توننىغا يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىنى سۈزۈۋېلىش تېخنىكىسىمۇ زامانىۋىلىشىپ، كىشىلەر سۈزۈۋېلىش مىقدارىغا چەك قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشقا كىرىشتى ھەم دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى يەنە چوڭقۇر دېڭىزدا كان ئېچىش ۋە دېڭىز - ئوكيانلاردىكى دولقۇن، ئېقىم، سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، پەسىيىشى، سۇ تېمپېراتۇرىسى ۋە تۇز تەركىبىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 2 - بۆلۈم يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى

**يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكى** 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى تارىختىكى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، نۇرغۇن يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، ئۇ يەككىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەدرىجىي

كېڭەيمەستىن، بەلكى توپ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى مېخانىكا، ئېلېكتىر ماگنىتىزم ساھەسىدىكى بۆسۈش بولسۇن ياكى پار تېخنىكىسى، ئېلېكتىر تېخنىكىسى ئىنقىلابى بولسۇن، ئاساسەن يەككە تۈر بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاندىن تەدرىجىي باشقا ساھەلەرگە كېڭەيگەنىدى، ئەمما بۇ قېتىم توپ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۈدەك چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، دەۋر بۆلگۈچ ھالقىشلار مەيدانغا كېلىپ، يېڭىدىن بىرمۇنچە پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرى روياپقا چىقتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى پەن ـ تېخنىكا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆتمۈشتىكى 2000 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ بولدى. ئامېرىكىلىق ئالىم جامېس مارتىن 19 ـ ئەسىردە بىلىم 50 يىل ئىچىدە بىر ھەسسە كۆپەيدى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىلىدىن 50 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيدى، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە بەش يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيدى، 80 ـ يىللاردا بولسا ئۈچ يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيدى، دەپ مۆلچەرلىدى. نۆۋەتتە فىزىكا، خىمىيە، قۇرۇلۇش ئىلمى، بىيولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىمنىڭ 90% تىن كۆپرەكى 1950 ـ يىلىدىن كېيىن جۇغلانغان. كونكرېت ئېيتقاندا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن بەش باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. 1945 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە بولغان بىرىنچى 10 يىلدا، يادرو ئېنېرگىيەسى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بەلگە قىلغان ھالدا، يادرو ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش يېڭى دەۋرى باشلاندى. 1955 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككىنچى 10 يىلدا يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىشنى بەلگە قىلغان ھالدا، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن خالاس بولۇش،

ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇشتىن ئىبارەت ھەربىي يۈرۈش باشلاندى. 1965 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بولغان ئۇچىنچى 10 يىلدا ئۇكسىگېنسىزلانغان رىبو يادرو كىسلاتاسى (DNA) نى پېچىۋاشتىن بىرىكتۈرۈش تەجرىبىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھالدا، ئىرسىيەت ۋە ھاياتلىق جەريانىنى تىزگىنلىگىلى بولىدىغانلىقىدەك يېڭى باسقۇچ باشلاندى. 1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تۆتىنچى 10 يىلدا، كومپيۇتېر بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە كەڭ قوللىنىلىشىنى بەلگە قىلغان ھالدا، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. 1985 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بولغان بەشىنچى 10 يىلدا كومپيۇتېر يۇمشاق ماتېرىيالىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە كەڭ كۆلەمدىكى يۇمشاق ماتېرىيال سانائىتىنى بەلگە قىلغان ھالدا جەمئىيەت ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ئىككىنچى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئايرىلىشى ئاساسىدا، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملىشىش يۈزلىنىشى كېلىپ چىقتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە پەنلەر كۆنسايىن ئىنچىكە ئايرىلىپ، پەن تارماقلىرى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى. يەنە بىر جەھەتتىن پەنلەر ئارىسىدىكى باغلىنىش تېخىمۇ كۈچىيىپ، پەنلەر بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، بىر ـ بىرىگە سىڭىپ، بارغانسېرى ئومۇملىشىش يۈزلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئۆزئارا سىڭىشىش، ئومۇملىشىش جەريانىدا نۇرغۇن يېڭى ئارىلىق پەنلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، فىزىكىلىق خىمىيە، مولېكۇلا بىيولوگىيەسى، گېئو خىمىيە، بىيو ئېلېكترونىكا، ۋەھاكازالار. تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ھەرقايسى پەنلەر ئارا سىڭىشىشتىن باشقا، تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش يۈزلىنىشى كېلىپ چىقتى.

ماتېماتىكا بىلەن سىستېما پېنى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە كىرىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر كۈنسايىن سان جەھەتتىن ئېنىقلىققا ئىگە بولدى. نۇرغۇن تەبىئىي پەنلەر، مەسىلەن، مۇھىت پېنى، شەھەر قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق قاتارلىقلارنى تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كەلدى. كەسىپتىن، پەن ئايرىمىسىدىن ھالقىغان بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئىلىم ـ پەن كۈنسايىن بىر پۈتۈنلۈككە يۈزلەندى.

ئۈچىنچى، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش زىچ بىرىكىپ، ئۈچى بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى كېلىپ چىقتى. ئىلگىرى ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى كۆپىنچە ئۆز ئالدىغا ئىدى. پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قوللىنىلىشىغا ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى ياكى بولمىسا تېخنىكا يېڭىلانغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتتا، ئاندىن ئىلمىي نەزەرىيە نۇقتىسىدىن يەكۈنلىنەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىپ ناھايىتى تېزلا قۇدرەتلىك تېخنىكا كۈچىگە ئايلىنىپ، بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇپ قالدى، نۇرغۇن يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تارماقلار مەيدانغا كەلدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ بايقىلىپ روياپقا چىقىشىدىن ئەمەلىي قوللىنىلىشىغىچە كېتىدىغان ئوتتۇرىچە ۋاقىت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 35 يىل، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا 18 يىل، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن توققۇز يىل بولغان. كونكرېت ئېيتقاندا، پار ماشىنىسىغا 80 يىل، ئېلېكتر موتورغا 65 يىل، تېلېفونغا 50 يىل، ئايروپىلانغا 20 يىل، ئاتوم بومبىسىغا ئالتە يىل، تېلېۋىزورغا بەش يىل، كرىستال لامپىغا ئۈچ يىل،

لازىرغا بىر يىل كەتكەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىلمىي نەزەرىيەنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، تېخنىكا جەھەتتىكى بۆسۈش ۋە بۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى قوللىنىلىشى بارغانسېرى بىرلىككە كەلگەن جەريان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ، ئۇچى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولدى. نۆۋەتتە دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلەر ئىقتىسادى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سانائەتلەشكەن دۆلەت بولۇش بىلەن بىللە، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلغار رايون بولۇپ قالدى.

**يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى** بۇ قېتىملىق يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئايرىم ياكى ئاز ساندىكى ساھەلەردىلا بۆسۈش بولماستىن، بەلكى ھەرقايسى پەن ساھەلىرىدىمۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك سەكرەپ ئىلگىرىلەش يولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور ھەم چوڭقۇر.

بىرىنچىدىن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ روشەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر 100 ـ 200 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر خېلى مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساس تىكلىۋالدى. ئادەتتە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلايدۇ، ئەمما سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرقانچە بەش يىللىق پىلانىدىكى تەرەققىياتلار ئارقىلىقمۇ ئەسلىدىكى يۇقىرى سۈرئەتنى ساقلاپ قېلىشى تەسكە چۈشىدۇ، دەپ قارالدى. بىراق، ئەمەلىي ئەھۋال مۆلچەردىكىنىڭ ئەكسىچە بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى. كونكرېت ئەھۋالنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى (%) | سوۋېت ئىتتىپاقى | ئامېرىكا | ئەنگلىيە | فرانسىيە | گېرمانىيە | ياپونىيە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت 1913 — 1938 / 1951 — 1980 | 6.8<br>8.7 | 1.7<br>4.1 | 1.7<br>2.4 | 0.4<br>4.7 | 1.6<br>5.7 | 7.1<br>11.1 |
| يېزا ئىگىلىكى 1913 — 1938 / 1951 — 1980 | 1.0<br>3.2 | 1.1<br>2.0 | 0.9<br>2.4 | –<br>2.3 | 0.0<br>2.0 | 1.1<br>2.0 |
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1913 — 1938 / 1950 — 1972 | 4.7<br>5.4 | 2.0<br>3.8 | 1.1<br>2.5 | 0.9<br>5.2 | 1.6<br>6.0 | 4.7<br>9.9 |
| كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي سوممىسى 1913 — 1938 / 1950 — 1972 | 3.8<br>3.9 | 0.8<br>2.3 | 0.7<br>2.1 | 0.8<br>4.2 | 1.1<br>5.0 | 2.7<br>8.7 |

* 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلەردە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئېشىش نىسبىتىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھەمدە كۆپ ساندىكى تۈرلەرنىڭ بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كىشى بېشى ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەينى چاغدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر بەلگە ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا زېمىن ۋە نوپۇس ئۆزگىرىشلىرىنىڭ تەسىرى چىقىرىۋېتىلگەن ھەم ئومۇمىيۈزلۈك يىغىنچاقلاشقا ئېغىپ كېتىشتەك ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلىنىلغانىدى. دەل مۇشۇ بەلگە ئارقىلىق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىنى



www.uyghurkitap.com

ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1000 دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە تېزلىكتە ئۆرلەپ 10 مىڭ دوللارغا يەتتى. يېرىم ئەسىرگە بارمايلا 5 ـ 10 ھەسسە ئاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1940 ـ يىلى 1886 دوللار ئىدى، 1953 ـ يىلى 13 مىڭ 887 دوللارغا ئۆرلىدى. ئاشۇ دەۋردە، ياپونىيەنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 554 دوللاردىن 8973 دوللارغا كۆپەيدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 510 ـ 542 دوللاردىن 2655 دوللارغا كۆپەيدى.

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تېخنىكىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئەمگەكنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىنى ياخشىلىدى. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1951 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە سانائەت ساھەسىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تېز ئۆسۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.8% ئامېرىكىنىڭ 3.2%، ياپونىيەنىڭ 8.9%، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 4.5%، فىرانسىيەنىڭ 4.5%، ئەنگلىيەنىڭ 2.8% بولدى. يېزا ئىگىلىكىدە بىيو تېخنىكا ۋە كومپيۇتېر قوللىنىلغانلىقتىن، بەزى دۆلەتلەردە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ھەتتا سانائەت ساھەسىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. 1945 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يىلىغا ئوتتۇرىچە 4.5% ئاشتى. 1945 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە بىر ئەمگەك كۈچى 14.6 ئادەمنى باقالايدىغان بولدى، 1977 ـ يىلى 56 ئادەمنى

باقالايدىغان بولدى.

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئاساسلىقى ئەمگەك كۈچىگە ۋە مەبلەغنىڭ ئېشىشىغا تايىنىشتىن ئاساسلىقى تېخنىكىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە تەشكىللەشنىڭ ياخشىلىنىشىغا تايىنىشقا بۇرالدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇجۇپىلىك ئامىل يىرىك ئامىلنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ جەريانى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن:

يىرىك ۋە تۇجۇپىلىك ئامىلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئىگىلىگەن سالمىقى (%)

| | 1909 ـ 1911 ـ يىللار | 1919 ـ 1929 ـ يىللار | 1948 ـ 1953 ـ يىللار | 1953 ـ 1957 ـ يىللار | 1962 ـ 1971 ـ يىللار |
|---|---|---|---|---|---|
| يىرىك ئامىلنىڭ سالمىقى | 60.5 | 54.8 | 48.9 | 31.8 | 24.8 |
| تۇجۇپىلىك ئامىلنىڭ سالمىقى | 39.5 | 45.2 | 51.1 | 68.2 | 75.2 |

ئىككىنچىدىن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە دەسلەپتە 1 ـ كەسىپ، يەنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. سانائەت ئىنقىلابىغا ئەگىشىپ 2 ـ كەسىپ، يەنى سانائەت، قازمىچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىقلار تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 ـ كەسىپنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپىيىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۈچىنى بىۋاسىتە ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقارمايدىغان

ساھەلەرگە، مەسىلەن، سودا، پۇل مۇئامىلە، مۇلازىمەت ساھەلىرىگە قارىتىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. نۆۋەتتە، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە 3 ـ كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 ـ، 2 ـ كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى. 1982 ـ يىلى ئامېرىكىدىلا 1 ـ كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2.5% نى ، 2 ـ كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 31.7% نى ، 3 ـ كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 65.8% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئەنگلىيەدە 3 ـ كەسىپنىڭ سالمىقى 62.8% نى، فىرانسىيەدە 61.6% نى، فېدېراتىپ گېرمانىيەدە تەخمىنەن 60% نى، ياپونىيەدە 53.8% نى ئىگىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 3 ـ كەسىپ يېتەرلىك تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، 1982 ـ يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 23.8% نى ئىگىلىدى.

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى سانائەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە كۆمۈر، پولات، تۆمۈر، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى سانائەت نىسبەتەن چېكىنىپ، ئېلېكترون، خىمىيە سانائىتى، ئاۋىياتسىيە، كومپيۇتېر قاتارلىق يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سانائەتلەر تېز تەرەققىي قىلدى. «ئېغىر، كېلەڭسىز، ئۇزۇن، چوڭ» مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي «يېنىك، ئەپچىل، قىسقا، كىچىك» مەھسۇلاتلار ئالدى. بۇلاردىن سىرت، كارخانىلارنىڭ كۆلىمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. كۆلىمى چوڭ كارخانىلار گەرچە يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق دەۋر ئېقىمىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغان، ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېزلىكتە قوللانغان ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلار تېخىمۇ تېز كۆپەيدى. كارخانىلار كۈنسايىن كىچىكلىشىش، كۆپ خىللىشىش،

www.uyghurkitap.com

تارقاقلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كۆنسايىن زاۋۇتلىشىش، كەسىپلىشىشكە يۈزلەندۇردى. ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە گۆش توخۇلىرى باقمىچىلىق فېرمىلىرىدا بېقىلىدى ھەم ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىلدى. تېرىقچىلىق ساھەسىدە مەخسۇس تېرىقچىلىق، تۇپراق، خىمىيەۋى ئوغۇت، ئوغۇتلاش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئورۇش، ساقلاش، توشۇش تىجارىتى قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك شىركەتلىرى مەيدانغا كەلدى. يېزا ئىگىلىكى، ئاساسلىقى جىسمانىي ئەمگەككە تايىنىپلا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماق بولماستىن، نۇرغۇن جەھەتلەردە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى. ئامېرىكىدا ھەربىر دېھقان ئوتتۇرىچە ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 50 ـ يىللاردىكى 9400 دوللاردىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە 172 مىڭ 600 دوللارغا كۆپەيدى. بۇ سان ئامېرىكا ئىشچىلىرى ئىگىلىگەن ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئۈچىنچىدىن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئاھالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىدا جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئالدى بىلەن شەھەر ئاھالىسى تېزلىكتە كۆپەيدى. 1950 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە، ئامېرىكىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقى 64% تىن 80.6% كە، ئەنگلىيەدە 77.9%تىن 88.4% كە، فېدېراتىپ گېرمانىيەدە 70.9% تىن 84.5% كە كۆپەيدى. فىرانسىيەدە 30 ـ يىللاردىن بېرى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى ئۆزاققىچە تەڭدە ـ تەڭ نىسبەتنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئەھۋال ئۆزگىرىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سالمىقى 1950 ـ يىلىدىكى 55.4% تىن 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە 78.9% كە يەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيەدە شەھەر

ئاھالىلىرىنىڭ سالمىقى 1950 ـ يىلى ئاران 39.5% ۋە 35.8% نى ئىگىلىگەن بولسا، 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە تېزلىكتە كۆپىيىپ 65.4% ۋە 64% كە يەتتى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە شەھەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان يېزىلار قالمىدى. ئاھالىلەرنىڭ تەركىبىدىكى يەنە بىر ئۆزگىرىش شۇكى، ئاددىي جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆك ياقىلىق ئىشچىلار ئازىيىپ، يەن تەتقىقات ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاق ياقىلىق ئىشچىلار كۆپەيدى. ئامېرىكىدا 50 ـ يىللاردىن تارتىپ ئاق ياقىلىق ئىشچىلارنىڭ سانى كۆك ياقىلىق ئىشچىلاردىن ئېشىپ كەتتى. 1981 ـ يىلى كۆك ياقىلىق ئىشچىلار ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاران 31.1% ىنى ئىگىلىدى.

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە خېلى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ھەر قايسى ئەللەردە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئامېرىكىدا خۇسۇسىيلار قۇرغان غەيرىي يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ھەپتىلىك ئوتتۇرىچە مائاشى 1950 ـ يىلى 53.13 دوللار ئىدى، 1980 ـ يىلى 235.1 دوللارغا ئۆسۈپ، 30 يىلدا 3.4 ھەسسە ئاشتى. سوۋېت ئىقتىساقىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشى 1950 ـ يىلى 64.2 رۇبلى ئىدى، 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە 168.9 رۇبلىغا يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئېرىشكىنىنى تېخىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. سوۋېت ئىقتىساقى قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا كۆپ تەرەپلىك ئىجتىمائىي كاپالەتنى يولغا قويدى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر دېموكراتىك سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بەس ـ بەستە «پاراۋان دۆلەت» قۇرۇپ چىقتى. ئامېرىكا 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئاندىن بىرقەدەر مۇكەممەل ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى

يولغا قويدى. ھەرقايسى ئەللەر يولغا قويغان ئىجتىمائىي كاپالەت ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ياشانغانلار، كېسەلمەنلەر، ئىشسىزلارغا ياردەم بېرىلىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئىككىنچى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، نامراتلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي خىزمەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى قوللاش مەقسەت قىلىنغان. ئاھالىلەر بۇ ئۈچ جەھەتتىن كاپالەتكە ئېرىشسە ياكى بەزىلەر ئېيتقاندەك «بۆشۈكتىن گۆرگىچە» كاپالەتكە ئېرىشسە، كېيىنكى، تويۇنۇش مەسىلىسىدىن ئاساسەن غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى زور بىر تەرەققىيات بولۇپ، بۇنداق تەرەققىياتقا ئېرىشىش يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، ماددىي ئەشيالارنىڭ موللۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ئورنى، رولىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئەزەلدىن ئەركىن ئىگىلىك، ئەركىن رىقابەتنى تەشەببۇس قىلىپ، تاشقى جەھەتتىن ھەرقانداق ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى. بىراق، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىگىلىككە قول تىقمىغان بىرەرمۇ دۆلەت قالمىدى. ئەلۋەتتە، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قول تىقىش شەكلى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىدى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر سوتسىيالىستلار پارتىيەلىرىنىڭ دېموكراتىك سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئېنېرگىيە، قاتناش قاتارلىق ئۇل سانائەت تارماقلىرى، ئالەمگە ئۇچۇش قاتارلىق زامانىۋى ئۈتكۈر پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، سانائەتتە دۆلەت



www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئەڭ يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىگىنى فىرانسىيە بولۇپ، 40% كە يەتتى؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىتالىيە بولۇپ، 35% كە يەتتى؛ ئاۋستىرىيە 3 ـ ئورۇندا بولۇپ، 28% كە يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 21%، ئەنگلىيەنىڭ 11% بولدى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئاساسەن دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويمىدى. فىرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر يەنە مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقتى، گەرچە بۇ كۆرسەتمە خاراكتېرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، بىراق يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى.

مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەڭشەش كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىگىلىككە قول تىقىشتا ھەمىشە قوللىنىدىغان ۋاستە ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى ئادەتتە مالىيەنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىگىلىكنىڭ مۇقىملىقى ئارقىلىق ئومۇمىي ئېھتىياج بىلەن ئومۇمىي تەمىنلەشنى ئاساسەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت مالىيە سىياسىتى جەھەتتە باج كىرىمىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش، ھۆكۈمەت چىقىمىنى كۆپەيتىش ياكى قىسىش، زايوم تارقىتىش، مالىيە قالدۇقىنى توڭلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. پۇل مۇئامىلە سىياسىتى جەھەتتە مەركىزىي بانكا سودا بانكىلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەييارلىق فوندىنى ئۆستۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش، ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش، ھۆكۈمەت زايومىنى ئاشكارا بازارغا سېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. يۇقىرىقى ۋاستىلەرنىڭ رولى ئوخشاش بولمىغانلىقى، دۇچ كەلگەن قارشىلىقنىڭ چامىسى بىر دەك بولمىغانلىقى، كۆرسىتىدىغان قوشۇمچە تەسىرىنىڭ ھەر خىللىقى تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئادەتتە مەلۇم بىر تۈرلۈك تەدبىرنىلا قوللىنىپ قالماي، بەلكى كۆپ تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە

www.uyghurkitap.com

شەخسلەرنىڭ ئىستېمالىغا ئىلھام بېرىپ ياكى ئۇنى چەكلەپ، پۇل پاخاللىقى ۋە ئىشسىزلىقنى «بىخەتەر چەك» تە تىزگىنلەيدۇ، تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشىدىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇلاردىن سىرت، ھۆكۈمەت يەنە ئىقتىسادىي قانۇن ـ نىزاملارنى چىقىرىش ئارقىلىق ئىگىلىكنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، چەت ئەل كاپىتالى قانۇنى، ئامورتىزاتسىيەنى تېزلىتىش قانۇنى، تىرىستقا قارشى تۇرۇش قانۇنى، ۋەھاكازا.

سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەمۇرىي جەھەتتىن كۆپ قول تىقىپ كەتمەي، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى جەھەتتە ئۇلار ئىقتىسادنىڭ مۇھىم جان تومۇرلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قوغدىغاندىن سىرت، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇششاق خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويدى. باشقۇرۇش جەھەتتە، مەركەزنىڭ كۆرسەتمە خاراكتېرلىك پىلانىنى بوشاشتۇرۇپ، تاۋار، بازارنىڭ رولىنى كۈچەيتتى. تەقسىمات جەھەتتە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش پىرىنسىپلىرىنى يولغا قويدى. خەلقئارا باردى ـ كەلدى جەھەتتە تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ ۋە تېخنىكىسىنى جەلپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

بەشىنچىدىن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى يەنىمۇ خەلقئارالاشتۇردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە بېقىنىشى كۈنسايىن كۈچەيدى. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا چەت ئەللەرگە سالغان مەبلەغ 1 تىرىللىيون 70 مىليارد دوللار، چەت ئەللەر ئامېرىكىغا سالغان مەبلەغ 1 تىرىللىيون 33 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولدى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭمۇ چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا

ئېھتىياجى چۈشتى. بۇنىڭدىن سىرت، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، پاتېنت سودىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالدى. دۇنيا بازىرىنىڭ رولى كۈنسايىن كۈچەيدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق دۆلەت دۇنيا ئىقتىسادىدىن چەتلەپ بېكىنىۋالالمايدۇ. ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس رۇگېر «بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن پايدىلىنىش - پايدىلانماسلىقىغا باغلىق» دەپ قارىغان. ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ خەلقئارالىشىشىغا ئەگىشىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىلەر مەيدانغا كەلدى ھەم ئۈزۈكسىز بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. رايون ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، ئىقتىسادىي كېلىشىملەرنى ساناپ بولماقمۇ تەس. ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە①، ئىتالىيە، ياپونىيەدىن ئىبارەت يەتتە دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى ۋە مالىيە مىنىستىرلىرى قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، سىياسەتلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ تۇردى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈكسىز كۈچىيىپ باردى. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ بىر دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى ھەرقانداق ئىشتا ئەكس ئەتتى.

ئالتىنچىدىن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئىجتىمائىي سىياسىيغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ئىقتىسادىي جەھەتتىكىدەك بىۋاسىتە، روشەن بولمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا

① 1990 - يىلى شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيە بىرلىشىشتىن ئىلگىرىكى فېدېراتىپ گېرمانىيە نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

قارىتا ئوخشىمىغان تونۇش ۋە قاراشتا بولدى. بىراق ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. كونا مۇستەملىكە سىستېمىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يىمىرىلدى. بۇ ئاسىيا، ئافرىقىدىكى خەلق كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭمۇ نەتىجىسى. ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمىدى. مىتروپولىيە (ھامىي دۆلەت) لەرنىڭ مەنپەئەتىگە پايدا ئېلىپ كېلەلمىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەلەر نۇرغۇن جايلاردا بىۋاسىتە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلىپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىگە يول قويدى. ئۇنىڭدىن قالسا، يادرو قوراللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىق ۋە يوقىتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ تىنچلىقنى تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئەللەر دۇنيا ئۇرۇشىغا نىسبەتەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى پەسىيىپ، تىركىشىشنىڭ ئورنىنى سۆھبەت، سۆزلىشىش ئالدى. شۇڭا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا يېڭى دۇنياۋى ئۇرۇش پارتلىمىدى. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى يەنە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەبىئىي بايلىقلاردىن تېخىمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىشتا، بىر ياكى بىر قانچىلا دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايانغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىدىن تېخىمۇ كەڭ ھەمكارلىشىشنى، ھەتتا دۇنيا مىقياسىدا ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

يەتتىنچى باب

# 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئامېرىكا

## 1 ـ بۆلۈم ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى

**50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات** 50 ـ، 60 ـ يىللار ئامېرىكا ئىقتىسادى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دەۋر. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 50 ـ يىللاردا 4% ئىدى، 60 ـ يىللاردا 5% كە چىقتى. 1970 ـ يىلىنى 1950 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 1.24 ھەسسە ئاشتى، ئۇنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان ياپونىيە، ئىتالىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، فىرانسىيەلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى، ئەمما ئەنگلىيەنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى سۈرئىتىدىنمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. ئامېرىكىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1945 ـ يىلى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئەڭ يۇقىرى سوممىسى 355 مىليارد 200 مىليون دوللار ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن سەل تۆۋەنلىدى، چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن يەنە ئۆرلىدى، 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 412 مىليارد 800 مىليون دوللارغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان

كىرىم 1883 دوللارغا يەتتى. 60 ـ يىللاردا تېخىمۇ تېز ئۆرلىدى. 1961 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە ئىقتىساد سىجىل ئاشتى. 1965 ـ يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 9.9% كە يەتتى. 1970 ـ يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 974 مىليارد 100 مىليون دوللارغا يەتتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 35.7% ئېشىپ، 2579 دوللارغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىل «گۈللەنگەن ئون يىل» دەپ ئاتالدى. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى بولغان پولات ـ تۆمۈر، ئاپتوموبىل ۋە بىناكارلىق سانائىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. پۈتكۈل 50 ـ يىللاردا ئاپتوموبىلنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرىچە 7 مىليون دانىگە يېقىنلىشىپ، 60 ـ يىللارغا كەلگەندە 9 مىليون دانىدىن ئېشىپ كەتتى. 1940 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە پىكاپ 27 مىليون 500 مىڭ دانىدىن تېزلىكتە 90 مىليون دانىگە كۆپىيىپ، ئوتتۇرىچە ھەر بەش ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدىغان ھالەتكە يەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇش ئۇرۇپ باش كۆتۈرگەن نېفىت، خىمىيە سانائىتى، تەبىئىي گاز، ئېلېكترون، ئاۋىياتسىيە، ئالەمگە ئۇچۇش، ئاتوم ئېنېرگىيەسى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارماقلىرى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. خىمىيەلىك ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان سولياۋ (پىلاستماسسا)، بىرىكمە كاۋچۇك، بىرىكمە تالا، بىرىكمە يۇغۇچ، دورا، ھاشارات يوقىتىش دورىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە خىمىيە سانائىتى ئاشتى. 30 ـ يىللاردا ئېلېكترون سانائىتىدە ئاساسلىقى رادىيو قوبۇللىغۇچ ۋە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقىرىلاتتى، ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1939 ـ يىلى 500 مىليون دوللاردىن ئاشمايتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە

www.uyghurkitap.com

1969 ـ يىلى ئېلېكترون سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد دوللارغا يېقىنلاشتى. 1947 ـ يىلى 7000 دانە تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىلغانىدى، 1971 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئائىلىلەردىكى رەڭسىز تېلېۋىزور 63 مىليون دانىگە، رەڭلىك تېلېۋىزور 27 مىليون دانىدىن ئارتۇقىا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ ئائىلىگە ئىككىدىن تېلېۋىزور توغرا كەلدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1946 ـ يىلىدىكى ئونتدىن 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە 673 كە كۆپەيدى. 1954 ـ يىلى ئامېرىكىدا 200 دانىلا كومپيۇتېر بار ئىدى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە تەخمىنەن 100 مىڭ دانىگە يەتتى. كومپيۇتېر بىلەن سانائەت سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسكۈنىسىنىڭ سېتىلىش سوممىسى جەھەتتە ئۇدا 20 يىل يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، 1969 ـ يىلى 7 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يەتتى. ئائىلە، ئىشخانا ۋە زاۋۇتلاردا سەرپ قىلىنغان تەبىئىي گازنىڭ قىممىتى 1940 ـ يىلىدىكى 800 مىليون دوللاردىن 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە 10 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يەتتى. ئومۇم ئىشلىتىدىغان كۆمۈر گازى كەسپى غايەت زور سانائەتكە ئايلىنىپ، 1969 ـ يىلى مۇلكى 43 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ، 1940 ـ يىلىدىكىدىن سەككىز ھەسسە كۆپەيدى. 1970 ـ يىلى ئامېرىكىدا دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا قەرەللىك ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدىن تەخمىنەن 47 سى بار ئىدى، بۇ لىنىيەلەردىكى ياللانما خادىم 300 مىڭدىن ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىم 8 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى. 1948 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئاۋىياتسىيە ۋە ئالەمگە ئۇچۇش سانائىتىدە سېتىش سوممىسى تۇنجى قېتىم 1 مىليارد دوللارلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1968 ـ يىلىغا كەلگەندە سېتىش سوممىسى 30 مىليارد دوللاردىن، ياللانما خادىملار بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئىنژېنېر ۋە ئالىم ئىدى. 1969 ـ يىلى «ئاپوللو 11 ـ نومۇر» لۇق ئالەم كېمىسى تۇنجى قېتىم

ئادەم ئېلىپ ئاي شارىغا چىقتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكى زور دەرىجىدە گۈللەنگەن دەۋردۇر. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم (1960 ـ يىلىدىكى دوللار بويىچە ھېسابلىغاندا) 1940 ـ يىلى 1714 دوللار ئىدى، 1946 ـ يىلى 3677 دوللارغا، 1970 ـ يىلى 4500 دوللارغا يەتتى. بۇ مەزگىلدىكى يېزا ئىگىلىكىدە يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلىشىش، ئېلېكترونلىشىش، خىمىيەلىشىش، ياخشى سورتلىشىش ئىشقا ئاشتى. ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپلەشتى ۋە ئىجتىمائىيلاشتى. 500 ئىنگلىز موسىدىن كۆپ يېرى بار چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 1940 ـ يىلىدىكى 265 مىڭدىن 1969 ـ يىلىغا كەلگەندە 367 مىڭغا كۆپەيدى. بۇنداق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا ئاران 1/25 نى ئىگىلەيتتى، بۇ چاغدا 1/7 نى ئىگىلەيدىغان بولدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تېز ئۆستى. 1950 ـ يىلى بىر دېھقان 15.5 ئادەمنى باقاتتى، 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە 25.8 ئادەمنى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 47.1 ئادەمنى باقىدىغان بولدى. 1947 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ 2/3 قىسمى ئازىيىپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 1/6 نى ئىگىلەشتىن 1/20 نى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە ئۆزگەردى، ئەمما ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 1970 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان قوناق دۇنيا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 43% نى، سېرىق پۇرچاق 74% نى، ھايۋانات مېيى 57.2%نى ئىگىلىدى. ئامېرىكا دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئاشلىق ئېكسپورت دۆلىتى بولۇپ قالدى.

ئامېرىكىنىڭ تاشقى سودىسى ۋە كاپىتال ئېكسپورتىمۇ تېزلىكتە كېڭەيدى. 1946 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليارد 829 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليارد 659 مىليون دوللار،

www.uyghurkitap.com

ئاكتىپ بالانس 5 مىليارد 170 مىليون دوللار بولدى؛ 1970 ـ يىلى ئېكسپورت سوممىسى 43 مىليارد 224 مىليون دوللارغا، ئىمپورت سوممىسى 39 مىليارد 951 مىليون 600 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاكتىپ بالانس 3 مىليارد 272 مىليون 400 مىڭ دوللار بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورت سودىسى كاپىتالىزم دۇنياسى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 1/3 نى ئىگىلىدى، بىراق شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىپ، 1970 ـ يىلى 15.5% تۆۋەنلىدى. 1971 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سودىسىدا تۇنجى قېتىم پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كاپىتال ئېكسپورت دۆلىتىگە ئايلىنىپ، كاپىتال ئېكسپورتى تېز ئاشتى. كاپىتال ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1938 ـ يىلىدىكى 11 مىليارد 500 مىليون دوللاردىن تېزلىكتە كۆپىيىپ، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 155 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىيلارنىڭ بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى 78 مىليارد 100 مىليون دوللار). 1960 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت بىر تۈردىنلا 62 مىليارد 300 مىليون دوللار زور پايدىغا ئېرىشتى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇنداق: بىرىنچىدىن، دۇنيا 3 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ساھەلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، كونا سانائەت تارماقلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ۋە يېڭى سانائەت تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا بىر قاتار يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇردى. 30 ـ يىللاردا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش

ئۇنۇمى ئاران 20% ئاشقاندى، 1950 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە 94% ئاشتى. 30 ـ يىللاردا يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ھەربىر ئادەمنىڭ سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولمىغانىدى، ئەمما 1940 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە 430% ئاشتى. ئىككىنچىدىن، خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىيلەشتۈرۈش بۇ دەۋردىكى ئامېرىكا ئىگىلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. 50 ـ يىللاردىكى چاۋشيەن ئۇرۇشى ۋە 60 ـ يىللاردىكى ھىندىچىنىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن، دۆلەتنىڭ يۇقىرى سوممىلىق ھەربىي چىقىمىغا ئۇزاق مۇددەت تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلدى، بۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا، بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ئۇنۇمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەت دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كاپىتالنىڭ كۈچى بىلەن دۆلەتنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈردى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ياخشىلىشى ئارقىسىدا، مۇئەييەن مەزگىلدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى رىغبەتلەندۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ ئەۋج ئېلىشى پەسەيتىلدى. تۆتىنچىدىن، بۇ مەزگىلدىكى ئامېرىكىدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشىنى مونوپول كاپىتال پايدىسىنىڭ تېزلىكتە ئېشىشى، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ باجدىن كېيىنكى پايدىسى 1937 ـ يىلى 5 مىليارد 280 مىليون دوللار ئىدى، 1947 ـ يىلى 20 مىليارد 190 مىليون دوللارغا يەتتى. 1972 ـ يىلىغا كەلگەندە 54 مىليارد 620 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. پايدىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەبلەغ سېلىش دائىرىسى كېڭەيدى. ئامېرىكىدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسى 1972 ـ يىلىدىكى باھا بويىچە

ھېسابلىغاندا، 1951 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە 59 مىليارد 700 مىليون دوللار، 1961 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە 92 مىليارد 800 مىليون دوللار بولدى. مەبلەغ سېلىنمىسىنىڭ كۆپىيىشى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇلاردىن سىرت، ئامېرىكا مونوپول كاپىتالى چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش ۋە تاشقى سودا ئارقىلىق تاشقى ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ خام ئەشيا ۋە يېقىلغۇلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئېشىندى تاۋارلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ئىقتىسادىي كرىزىسنى باشقىلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويىدى، بۇمۇ مۇشۇ مەزگىللىك ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

يەنە كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللاردا ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى ئامىللار ئىچكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، كاپىتالىزمغا خاس جاھانگىرلىك تۈزۈمىدە چوڭقۇر زىددىيەتلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىيلەشتۈرۈش بىلەن كىرىزىتنىڭ كۆپىيىشى سانائەتنىڭ ئېشىشىغا يۆلەك بولدى، بىراق سانائەتنىڭ يەنىمۇ ئېشىشىدىكى ئاساسنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كاپىتالىستىك ئىگىلىكتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ئىقتىسادىي كىرىزىس تولا پارتلايدىغان بولدى. مۇشۇ 20 يىلدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەردى. 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە يۈز بەرگەن كىرىزىس ئامېرىكىدا 50 ـ يىللاردا پارتلىغان تۇنجى قېتىملىق ئىقتىسادىي كىرىزىستۇر. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1958 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق كىرىزىس بىلەن 1960 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1961 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان بىر قېتىملىق ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئىككى

يىلغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ قىسقا بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. 60 ـ يىللاردا ھىندىچىنىغا قارىتىلغان ئۇرۇشنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ پارتلىشى بىر مەھەل كېچىكىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان بىر ئىقتىسادىي دەۋر مەيدانغا كەلدى، يەنى 1961 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە بولغان 104 ئايدا ئىقتىساد يۇقىرى نىسبەتتە ئاشتى، بىراق ھىندىچىنى ئۇرۇشى يۇقىرى پەللىگە چىققان 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىقتىسادىي كرىزىس ئاخىر پارتلىدى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ھەر قېتىمدا 8 ـ 14 ئاي داۋاملىشىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش 8.1% ـ 13.5% تۆۋەنلىدى. ئىقتىسادىي كرىزىس ھەمىشە مالىيە ئەھۋالىنىڭ ناچارلىششى ۋە ئامېرىكا دوللىرى كرىزىسى بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. 1960 ـ يىلى 10 ـ ئايدىلا تۇنجى قېتىملىق ئامېرىكا دوللىرى كرىزىسى پارتلىغانىدى. بۇ چاغدا لوندون بازارلىرىدا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، ئالتۇن باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئامېرىكا دوللىرىنى قولدىن چىقىرىۋېتىپ ئالتۇننى تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئامېرىكا ئېنگلاند بانكىسىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ دولقۇننى پەسەيتىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالدى. 1970 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە يەنە بىر مەيدان يېڭى، تېخىمۇ ئېغىر ئامېرىكا دوللىرى كرىزىسى پارتلىدى. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئالتۇن زاپىسى 10 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قېلىپ، تۇراقسىز تاشقى قەرز (51 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى) نىڭ 1/5 ىگىلا توغرا كەلدى. نىكسون ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئەل مەركىزىي بانكىلىرىنىڭ ئامېرىكىدا ئالتۇن ئايرىۋاشلىشىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. يىل ئاخىرىدا ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىنىڭ 7.89% تۆۋەنلىگەنلىكىنى، يەنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئايرىۋاشلاش

نىسبىتىنىڭ بىر ئونسىيە ئالتۇن 35 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولۇشىغا، 38 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولۇشتىن ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەنگلىنىڭ گۈللەنگەن 60 ـ يىللاردىمۇ ئامېرىكىدىكى ئىشسىز ئاھالىلەر 3 مىليون ئەتراپىدا بولدى، 70 ـ يىللاردىن كېيىن 4 ـ 5 مىليونغا كۆپەيدى. كارخانىلارنىڭ ئىش باشلاش نىسبىتىدە ھەمىشە ئېغىر كەمتۈكلۈك كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

**70 ـ يىللاردىكى كرىزىستا كۆرۈلگەن پۇل پاخاللىقى، ئىستېمال تەلپىنىڭ ئاشماسلىقى ۋە 80 ـ يىللاردىكى تەرەققىيات** 1973 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1975 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئامېرىكىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى. بۇ بىر مەيدان دۇنياۋى كرىزىس ئىدى، ئۇ ئەنگلىيەدە باشلىنىپ، كېيىن ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيەگە كېڭەيدى. كرىزىس مەزگىلىدە پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 8.1% تۆۋەنلىدى. ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى13.8% ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7.8% تۆۋەنلىدى، مەملىكەت بويىچە ئىشسىز ئاھالىلەر 8 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى 8.9% بولدى. مال باھاسىنىڭ سىجىل ئۆرلىشى بۇ مەيدان كرىزىسنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. كرىزىس مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى 15.3% ئۆرلىدى.

1975 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، نىسپىي تۇرغۇن ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، پۇل پاخاللىقى يۈز بەردى. غەرب ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە بۇ خىل ھادىسە پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئىگىلىكنىڭ توختاپ قېلىشى، دەپ ئاتالدى.

پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئىگىلىك توختاپ قالغان مەزگىلدە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى 50 ـ، 60 ـ

يىللاردىكىدىن ئاستا بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەگرى ـ توقاي مۇساپىدە ئىقتىسادتا ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىش بولمىدى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1976 ـ يىلى ئىقتىسادىي كىرىزىستىن ئىلگىرىكى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يەتكەن سەۋىيىدە ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى. 1971 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ئارىلىقتا مىللىي دارامەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران %3.1 بولدى. مۇقىم كاپىتال سېلىنما سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ قېلىشى بۇنداق ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى كۆپلەپ ئېشىپ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا، ئاساسەن ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىساد ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەچكە، ئىشلەپچىقىرىشقا كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىش دولقۇنى كۆرۈلمىدى، شۇنداق مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسى ئاشۇرۇلمىغانلىقتىن، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىگە ئېغىر تەسىر يەتتى.

ئىقتىسادنىڭ ئاشماسلىقى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئاھالىلەر ئىشسىز قالدى. 1978 ـ يىلى ئامېرىكىدا پۈتۈنلەي ئىشسىز قالغان ئاھالە 6 مىليون 50 مىڭغا يېتىپ، ئىقتىسادىي كىرىزىستىن ئىلگىرىكى ساندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. يەنە بىر ئېغىر مەسىلە پۇل پاخاللىقى ئىدى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر كېينېس تەلىماتىنى قوللىنىپ، پاخاللىق تۈسىنى ئالغان پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پۇلنى قىسماي، مەبلەغ سېلىشقا ۋە ئىستېمالغا ئىلھام بەردى ھەمدە پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. بۇ ئۇسۇل كىرىزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى. 70 ـ يىللاردا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى تۆۋەنلەپ، ئىشسىزلىق ئېشىپ كېتىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، پۇل پاخاللىقى كۈنسايىن

ئېغىرلىشىپ، تەخمىنەن 7% كە يەتتى. دوللار پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى زومىگەرلىك ئورنىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قالدى. 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ئۇدا سەككىز قېتىم دوللار كىرىزىسى يۈز بەردى. 1979 ـ يىلى ئالتۇننى تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى. يىل بېشىدا ئالتۇننىڭ ھەر ئۇنسىيەسى 218 دوللارغا ئايرىۋاشلانغان بولسا، 1980 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە كەلگەندە 375 دوللار ئايرىۋاشلىنىدىغان بولدى.

1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكىدا يەنە بىر قېتىم ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەردى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 11.8% تۆۋەنلەپ كەتتى، لېكىن بۇنى 1973 — 1975 ـ يىللاردىكى كىرىزىسقا سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەش سالمىقى كىچىك بولدى. شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىملىق ئىقتىسادىي كىرىزىس گۈللىنىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن يۈز بەرگەچكە، يەنە كېلىپ پۇل پاخاللىقى ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئاشماسلىقىدەك شارائىت ئاستىدا كېلىپ چىققاچقا، ئەھۋال يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئىشسىزلىق نىسبىتى 30 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك كىرىزىستىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، 10.8% كە يەتتى، ئىشسىزلار 12 مىليون ئادەمدىن ئاشتى. پۇل پاخاللىق نىسبىتى ئىككى خانىلىق سانغا يەتتى. كىرىزىس ئۈچ يىلچە داۋاملاشتى.

70 ـ يىللاردا ئامېرىكا ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەت كىرىزىس ۋە پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئىگىلىكنىڭ توختاپ قېلىشىدەك ئەھۋالدىن خالىي بولالمىدى، بۇنىڭغا خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلۈك ئامىللار سەۋەب بولدى، بىرىنچىدىن، قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. غەربىي ياۋروپا، ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاشتى، ئامېرىكا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا بازىرىنى 20 يىل چاڭگىلىدا تۇتۇپ

تۆرۈشتەك ئەۋزەللىكىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قالدى. 1948 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىزم دۇنياسى سانائىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 53.9% بولۇپ، بۇ نىسبەت باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبەت يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 40.9% كە تۆۋەنلىدى. 1947 ـ يىلى ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1/3 نى ئىگىلەيتتى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 15.5% كە تۆۋەنلىدى. دۇنيا بازىرىنى تالىشىش كۈرىشىدە ئامېرىكا تەدرىجىي پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. 1965 ـ يىلدىن تارتىپ ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، كانادانىڭ ئامېرىكىغا قاراتقان ئېكسپورتى ئامېرىكىدىن قىلغان ئىمپورتىدىن ئېشىپ باردى. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى تەسىر كۆرسەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىلدىكى تېخنىكا ئىنقىلابى ياراتقان بەزى يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۈزۈكسىز ئاشقانلىقتىن، بازاردا تەدرىجىي تويۇنۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى، مەسىلەن، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى دېگەندەك؛ يەنە بىر جەھەتتىن بەزى يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى مەھسۇلاتنىڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم شەكىللەندۈرۈشكە خېلى ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، چېكىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى سانائەتنىڭ ئورنىنى تېخى ئېلىپ بولالمايتتى. بۇ «چېكىنىۋاتقان» سانائەتنى يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۆزگەرتىشكىمۇ ۋاقىت كېتەتتى. كونا ـ يېڭىنىڭ ئالمىشىشى، ئۆزگىرىشى، تەڭشىلىشى جەريانىدا كېلىپ چىققان «تورمۇزلۇق» ھادىسىسى ئەنئەنىۋى دەۋرىيلىك كرىزىسقا ئوخشىمايتتى، ئۇ بىر خىل خەۋپ بولۇش بىلەن بىللە بىر خىل پۇرسەت ئىدى، كرىزىسنىڭ پۇرسەتكە ئايلىنىشىغا ئىمكان بار ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئەڭ زور چەكتە پايدا قوغلىشىش قانۇنىيىتى ئامېرىكا كاپىتاللىرىنىڭ چەت

ئەللەرگە كېڭىيىپ، ئەرزان خام ئەشيا ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچى ئىزدىشىگە تۇرتكە بولدى. ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى مۈلكى 1950 ـ يىلى 54 مىليارد 400 مىليون دوللار ئىدى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 165 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بىراق دۆلەت ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى سانائەت، مەسىلەن، ئاپتوموبىل، پولات ـ تۆمۈر قاتارلىق سانائەتلەردە ئىش ھەققى يۇقىرى، پايدا تۆۋەن بولغاچقا، كاپىتالىستلار يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش جەھەتتە مەبلەغ سېلىشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن سانائەتتە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئەنئەنىۋى سانائەتنىڭ ئاساسى ۋە رىقابەت كۈچى ئاجىزلىدى. تۆتىنچىدىن، 3 ـ دۇنيا ئەللىرى بىرلىكتە بايلىقنى قوغداپ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1973 ـ يىلى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى «نېفىت ئۇرۇشى» نى قانات يايدۇرغاندىن بېرى، نېفىتنىڭ باھاسى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئۆستى، 1950 ـ يىلى ھەر تۇڭ خام نېفىتنىڭ باھاسى 1.71 دوللار ئىدى، 1973 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 34 ئامېرىكا دوللىرىغا چىقتى. «نېفىت ئۇرۇشى» ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئەرزان باھالىق نېفىت بايلىقى دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئېنېرگىيە كىرىزىسىنى تېزلەشتۈردى. 1970 ـ يىلى ئامېرىكا 1 مىليارد 157 مىليون تۇڭ نېفىت ئىمپورت قىلاتتى، 1977 ـ يىلىغا كەلگەندە 3 مىليارد 103 مىليون تۇڭ نېفىت ئىمپورت قىلدى، بۇ ئىستېمال مىقدارىنىڭ %46.4 نگە تەڭ ئىدى. نېفىت سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغانلىقتىن، نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە پۈتكۈل مال باھاسىمۇ ئۆستى. بەشىنچىدىن، دوللار زومىگەرلىك ئورنىدىن مەھرۇم قىلىندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇتلەق ئەۋزەل ئورنىغا تايىنىپ، دوللار مەركەز قىلىنغان خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ۋە پۇل

سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتى. بىراق، 70 - يىللاردا دوللارنىڭ كۇرسى ئۇدا چۈشۈۋېرىپ كۆپ قېتىم كىرىزىس يۈز بەرگەچكە، بۇ ئىشلار ئىقتىسادنىڭ پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئاشماسلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

شۇنداقتىمۇ 70 - يىللاردىن بېرى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى يەنىلا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 1972 - يىلدىكى دوللار باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 1970 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىللىيون 75 مىليارد دوللار ئىدى، 1980 - يىلى 1 تىرىللىيون 480 مىليارد 700 مىليون دوللارغا يېتىپ، 10 يىلدا 37.7% ئاشتى. مىللىي دارامەت ئەينى يىلدىكى دوللار بويىچە ھېسابلىغاندا، 1970 - يىلى 798 مىليارد 400 مىليون دوللار ئىدى، 1980 - يىلىغا كەلگەندە 2 تىرىللىيون 121 مىليارد 400 مىليون دوللارغا يەتتى.

1983 - يىلى ئامېرىكا ئالدى بىلەن كىرىزىستىن قۇتۇلۇپ، ئىقتىسادنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە يۈكسەلدۈرۈپ، پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئېگىلىكنىڭ توختاپ قېلىشىدەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بەردى. 1984 - يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 6.9% كە يېتىپ، 1951 - يىلىدىن بۇيانقى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېشىش نىسبىتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېشىش نىسبىتى سەل تۆۋەنلىدى، بىراق 1990 - يىلىغا قەدەر ئىقتىساد ئۇدا سەككىز يىل ئاشتى. پۇل پاخاللىق نىسبىتى ۋە ئىشسىزلىق نىسبىتىمۇ سەل تۆۋەنلىدى. دوۋ - جونېس پاي چېكى كۆرسەتكۈچىدىكى ئۆزگىرىشلەردىنمۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىرىزىستىن ئىلگىرىكى 1972 - يىلى دوۋ - جونېس پاي چېكى كۆرسەتكۈچى 1052 ئىدى، 1982 - يىلى 776 گە تۆۋەنلىدى، 1983 - يىلى 1287 گە ئۆرلەپ، كىرىزىستىن ئىلگىرىكى

كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتتى. 1987 ـ يىلى 2000 لىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1972 ـ يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 4 تىرىللىيون 880 مىليارد 600 مىليون دوللارغا يېتىپ، ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى مۇشۇنداق تېز تەرەققىي قىلغاچقا، دۇنيادىكى ئورنى يەنىمۇ كۈچەيدى.

شۇنىسى ئامېرىكا ئىقتىسادىدا مەسىلە يەنىلا كۆپ ئىدى. مالىيەدىكى قىزىل رەقەم، ئىچكى ـ تاشقى قەرز ۋە تاشقى سودىدىكى پاسسىپ بالانس تۆۋەنلەپ باقمىدى. رېگان ھۆكۈمىتى زور تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق قىزىل رەقەمنى ئازايتىپ، بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق 1987 ـ يىلى يەنىلا 147 مىليارد 600 مىليون دوللارلىق قىزىل رەقەم مەۋجۇت ئىدى. ئامېرىكىنىڭ قەرزى ئازىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۆپىيىپ، 2 تىرىللىيون دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. تاشقى سودىدا، 1975 ـ يىلىدىكى ئاكتىپ بالانس 9 مىليارد 100 مىليون دوللار ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يىلمۇيىل پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى. 1980 ـ يىلى پاسسىپ بالانس 25 مىليارد 300 مىليون دوللار ئىدى، 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە 137 مىليارد 400 مىليون دوللارغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئىقتىسادى بارغانسېرى غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيەنىڭ خىرىسىغا ئۇچرايدىغان بولدى.

**مونوپول كاپىتال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچىيىشى** 50 ـ، 60 ـ يىللاردا ئامېرىكىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قېتىملىق كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش ھەرىكىتى يۈز بەردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 20 ـ يىللاردا بىر قېتىملىق قوشۇۋېتىش يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 1920 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە چوڭ شىركەتلەر تەخمىنەن 7000 كارخانىنى قوشۇۋالدى. 1945 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە چوڭ

شىركەتلەر قوشۇۋالغان كارخانا ئاران 2929 بولدى، ئەمما 1965 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا قوشۇۋالغان كارخانا 8213 كە يەتتى. 1947 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە ئەڭ چوڭ 100 شىركەتنىڭ بارلىق ياسىمىچىلىق كەسپىدىكى مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 39.3% ۋە 23% تىن 47.6% ۋە 33% كە ئۆرلىدى. 1970 ـ يىلى ئەڭ چوڭ 50 بانكىنىڭ سودا بانكىلىرى مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 47.8% ، ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 47.4% كە يەتتى. ئۆتمۈشتىكى قوشۇۋېلىش ھەرىكىتى، ئاساسلىقى تىك يۆنىلىشلىك قوشۇۋېلىش ۋە توغرا يۆنىلىشلىك قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئەمما بۇ قېتىم ئارىلاشما خاراكتېرلىك قوشۇۋېلىش تەدرىجىي ئاساسلىق قوشۇۋېلىش شەكلى بولۇپ قالدى، يەنى بىر ساھەگە مەنسۇپ بولمىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن كارخانىلار، ھەتتا كەسىپ جەھەتتىن قىلچە باغلىنىشى بولمىغان كارخانىلارمۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇۋېلىندى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇنداق ئارىلاشما خاراكتېرلىك قوشۇۋېلىش بارلىق قوشۇۋېلىنغان كارخانىلارنىڭ 87.8% نى ئىگىلەپ، ئىگىلىكى كۆپ خىللاشقان تېخىمۇ كۆپ كارخانىلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، خەلقئارا تېلېفون ـ تېلېگراما شىركىتى ئەسلىدە ئاساسەن تېلېگراف كەسپى ۋە تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، 60 ـ يىللاردىن بېرى تېلېگرافقا ئالاقىسى يوق 50 تىن ئارتۇق شىركەتنى قوشۇۋېلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى بولكا، يېمەكلىك، سۇنئىي تالا، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى، مېھمانساراي ـ قاۋاقخانا، سۇغۇرتا، مەبلەغ سېلىش فوندى، ئۆي ـ زېمىن، كومپيۇتېر، خىمىيەلىك ياسالما قاتارلىقلارغا كېڭەيتتى. ھەممىباب ئېلېكتىر شىركىتى نۇرغۇن كارخانىلارنى

قوشۇۋالغاندىن كېيىن مەھسۇلات تۈرى 300 خىلغا يەتتى. ئامېرىكىدا 60 ـ يىللاردىن باشلاپ بارغانسېرى كۆپلىگەن چوڭ شىركەتلەر چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن كارخانىلارنى تېزلىكتە قوشۇۋېلىپ، خەلقئارا مونوپول تەشكىلاتقا، يەنى دۆلەت ھالقىغان شىركەتكە ئايلاندى. 1972 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ مونوپول تەشكىلاتلىرى چەت ئەللەردە تەخمىنەن 8000 سانائەت كارخانىسىغا ئىگە بولدى. خەلقئارا تېلېفون ـ تېلېگرامما شىركىتى دۆلەت ھالقىغان غايەت زور شىركەتكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ 200 دىن ئارتۇق بالا شىركىتى 60 دۆلەتكە تارقالدى. 1969 ـ يىلى بۇ بالا شىركەتلەر شىركەت ئومۇمىي مۈلكىنىڭ يېرىمىنى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 72% نى ئىگىلىدى، 1970 ـ يىلى سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 42% نى ۋە ساپ پايىنىڭ 35% نى ئىگىلىدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ جىددىي مەركەزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىدىكى مونوپول مالىيە گۇرۇھلىرى، يەنى پۇل مۇئامىلە كاپىتال گۇرۇھلىرىنىڭ تەسىر كۈچى يەنىمۇ ئاشتى. ئۇلار ئىلگىرىكىگە بىر تۈركۈم پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى يادرو قىلىپ، قەرز بېرىش، ئۆزئارا مۇدىرىيەت مۇدىرى ئەۋەتىش، پاي چېكى سېتىۋېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق زاۋۇت، كان، قاتناش ـ ترانسپورت، سودا قاتارلىق تارماقلارغا سىڭىپ كىرىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شەرقىي قىسمىدىكى روكېفېللېر ۋە مورگاندىن ئىبارەت كونا ئىككى مالىيە گۇرۇھى ئامېرىكىدىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ قالماي، بەلكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مونوپول مالىيە گۇرۇھىغا ئايلاندى. روكېفېللېر مالىيە گۇرۇھى نېفىتتا تايىنىپ روناق تاپقان بولۇپ، ئىلگىرى ئېكسون قاتارلىق يەتتە چوڭ نېفىت شىركىتى بار ئىدى، مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا نېفىت مەھسۇلات

مىقدارىنىڭ 1/4 ىنى ئىگىلەيتتى. چاس مانھاتتان بانكىسى بۇ مالىيە گۇرۇھىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇپ، ئۇ ھەربىي قورال - ياراغ، خىمىيە، ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئېلېكترون، ئاۋىياتسىيە، ئاتوم ئېنېرگىيەسى، پولات - تۆمۈر، كاۋچۇك، ئومۇم ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلارغا قول تىقىپ، مۈلكى 1 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان چوڭ شىركەتتىن كەم دېگەندىمۇ 20 دىن كۆپرەكنى تىزگىنلىدى. مورگان مالىيە گۇرۇھىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى مورگان ھاۋالە شىركىتى بىلەن بانكىرلار ھاۋالە شىركىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئۇل سانائىتى ۋە ھەربىي قورال - ياراغ سانائىتى تارمىقىدا ئىزچىل مونوپول ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، پولات - تۆمۈر، ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئېلېكترون، ئاپتوموبىل، خىمىيە، رەڭلىك مېتال قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچى تېخىمۇ گەۋدىلەندى. 1970 - يىلى روكېفېللېر مالىيە گۇرۇھى بىلەن مورگان مالىيە گۇرۇھى تىزگىنلىگەن مۈلۈك 374 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇ تەخمىنەن ئامېرىكىدىكى باشقا 16 چوڭ مالىيە گۇرۇھىنىڭ مۈلۈك يىغىندىسىغا باراۋەر بولۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتتىكى پۇل مۇئامىلە مونوپول تەشكىلاتلىرى تىزگىنلىگەن ئومۇمىي مۈلۈكتىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى 10 چوڭ مالىيە گۇرۇھى ئىچىدە، يۇقىرىقى ئىككىسىدىن كېيىنلا تۇرىدىغانلىرىدىن ئامېرىكا قىتئەسى بانكا مالىيە گۇرۇھى، چىكاگو مالىيە گۇرۇھى، 1 - سىتى بانكا مالىيە گۇرۇھى، بوستون مالىيە گۇرۇھى، مىللون مالىيە گۇرۇھى، تېكساس مالىيە گۇرۇھى، دۇپونت مالىيە گۇرۇھى ۋە كلېۋېلاند مالىيە گۇرۇھىدۇر، يەنە نۇرغۇن يەرلىك مالىيە گۇرۇھلىرىمۇ بار. مەسىلەن، سان فىرانسىسكو مالىيە گۇرۇھى قاتارلىقلار.

مونوپول مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن

يېرىكىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك تىزگىنلەيدىغان بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرىدە چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ، يەنى ئالدى بىلەن روكېفېللېر ۋە مورگان مالىيە گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مالىيە گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. 50 ـ يىللاردا ئېيزىنخاۋېرنىڭ تەختكە چىقىشى مورگان مالىيە گۇرۇھى بىلەن روكېفېللېر مالىيە گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ مۇرەسسە قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتى نامى چىققان «بايلار ئىچكى كابىنېتى» دۇر. 1961 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان جون كېنىدېنىڭ تەختكە چىقىشى روكېفېللېر مالىيە گۇرۇھىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاشقانلىقىنىڭ ئىنكاسى. كېيىن جونسون بىلەن نىكسوننىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاقسارايغا خوجايىن بولۇشى جەنۇبىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمدىكى مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانىدى. تارىختىكى ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى كۆپىنچە مونوپول كاپىتال بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەردىن ئىدى. مونوپول تەشكىلاتلار بىلەن ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدىكى خادىملارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى خېلىلا ئومۇملىشىپ قالغان ئىش ئىدى. 1967 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە 1101 نەپەر ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېر خۇسۇسىي ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى ھەربىي سانائەت مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن 232 كىشى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا ئورۇنلاشقان.

ئامېرىكا مونوپول كاپىتالى بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بىرىكىپ

كەتكەنلىكتىن، دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا كەڭ دائىرىدە ئارىلىشىدىغان سىياسەتنى يولغا قويۇپ، مونوپول كاپىتالنىڭ پايدىسىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەرگەن. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋە زاكاز مىقدارىنى ئاشۇرغان. ھۆكۈمەتنىڭ تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت سېتىۋېلىش چىقىمى 1946 ـ يىلىدىكى 27 مىليارد 500 مىليون دوللاردىن 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە 100 مىليارد 300 مىليون دوللارغا كۆپىيىپ شۇ يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 13.1% تىن 19.8% كە كۆپەيدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ھەربىي ئىشلاردىكى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى. ئامېرىكىدىكى چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرى ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كۆپ قىسىم زاكازنى مونوپول قىلىۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مونوپولىيەدىن يۇقىرى پايدا تېپىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئىككىنچىدىن، مەبلەغ سېلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى. دۆلەت تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرت ـ شارائىتىنى چىقىش قىلىپ، مەبلەغ كۆپ كېتىدىغان، مەبلىغىنىڭ ئوبوروت ۋاقتى ئۇزاق، پايدىسى تۆۋەن بولغان بەزى ئۇل سانائەت، قاتناش ـ ترانسپورت ۋە جامائەت ئىشلىرى قاتارلىقلارغا كۆپلەپ پۇل ئاجراتتى. ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە سېلىنغان مەبلەغ دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 60% ىنى ئىگىلىدى. ئاتوم ئېنېرگىيەسى سانائىتى، ئالەمگە ئۇچۇش سانائىتى قاتارلىقلارغا كېتىدىغان كاپىتال سوممىسى غايەت زور، مەبلەغ سېلىش خەۋپ ـ خەتىرى چوڭ بولغانلىقتىن، دەسلەپتىلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىدە ئىدى. 1950 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە ئاتوم ئېنېرگىيە سانائىتىدە زاۋۇت قۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 100 مىليون دوللاردىن 10 مىليارد دوللارغا كۆپەيدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئالەمگە ئۇچۇش سانائىتىگە دۆلەت ھەر يىلى 5 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق خىراجەت سەرپ قىلدى. ئۇچىنچىدىن، دۆلەتنىڭ زور سومىلىق پەن تەتقىقات خىراجىتى ئاجرىتىشى مونوپول كاپىتال گۇرۇھلىرىنىڭ يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشى ۋە زور سومىلىق پايدا ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەربىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەتقىقات خىراجىتىلا 1960 ـ يىلىدىكى 6 مىليارد 600 مىليون دوللاردىن 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە 12 مىليارد 500 مىليون دوللارغا كۆپىيىپ، بۇ مەبلەغنىڭ 95% تىن كۆپرەكى مەبلەغ يېتەرلىك، تېخنىكىسى ئىلغار چوڭ قورال ـ ياراغ شىركەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ شىركەتلەر تەتقىقاتتا مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرسىلا، يېڭى مەھسۇلات پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، بىر تۈركۈم يېڭى ھەربىي قورال ـ ياراغ زاكازلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى ھەم يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايتتى. ناۋادا تەتقىقاتتا مەغلۇپ بولسا، خىراجىتىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرەتتى. تۆتىنچىدىن، دۆلەت مالىيە، باج، كىرېدىت، پۇل مۇئامىلە ۋە ئەمگەك قاتارلىق ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىقتىسادىي كىرىزىسقا تاقابىل تۇردى. ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق، مونوپول بۇرژۇئازىيەنىڭ يۇقىرى سومىلىق پايدىسىغا كاپالەتلىك قىلدى. بەشىنچىدىن، دۆلەت يەنە چەت ئەللەر بىلەن تۈرلۈك كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ۋە چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ كۆچىگە تايىنىپ خۇسۇسىي كاپىتال ۋە تاۋار ئېكسپورتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پايدىلىق سېتىش بازىرى، خام ئەشيا بازىسى ۋە مەبلەغ سېلىش سورۇنىغا ئىگە بولۇپ،

ئامېرىكىدىكى مونوپول كاپىتال گۇرۇھلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا ياردەم بەردى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مونوپولىيەگە قارشى خاھىش ۋە رىقابەت مېخانىزمىمۇ كۈچىيىپ باردى. بۇگۈنكى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا موھتاج، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان، كۆپ خىل ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئاسان قاندۇرالايدىغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا تېخىمۇ موھتاج. خەلقئارا رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشىمۇ ئامېرىكىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھاياتىي كۈچنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1890 ـ يىلى ۋە 1914 ـ يىلى تۈزۈلگەن مونوپولىيەگە قارشى تۇرۇش قانۇنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، تەشكىللىك قارشى رىقابەتنى چەكلەپ، ھەر قانداق بىر كارخانا ياكى مالىيە گۇرۇھىنىڭ مەلۇم بىر تارماقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سېتىشىنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلماي كەلگەنىدى. 1950 ـ يىلى يەنە سايلېر ـــ كېۋىفول قوشۇۋېلىشقا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللاپ، ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قوشۇۋېلىشىنى چەكلىدى. 1970 ـ يىلى تىرېستقا قارشى تۇرۇش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ماقۇللاپ، باشقىلارنىڭ تىرېستقا قارشى تۇرۇش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن زىيان تارتقان شەخس ۋە كارخانىلارنىڭ ئەرز قىلىسا بولىدىغانلىقىنى، سوت مەھكىمىسى ۋە قوشما ئىشتات سودا كومىتېتىنىڭ بۇنداق ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

## 2 ـ بۆلۈم ئېيزېنخاۋېر ھۆكۈمىتى ۋە كېنىېدى ـ جونسون ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىچكى سىياسىتى

**ئېيزېنخاۋېرنىڭ «يېڭى جۇمھۇرىيەتچىلىك»** ى 1952 ـ يىلى ئامېرىكىدا چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قەھرىمان دايىت ئېيزېنخاۋېر زور ئابرۇيى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى ئارقىلىق پرېزىدېنتلىققا سايلىنىپ، دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان ستېۋېنسوننى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى 20 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. 1956 ـ يىلى ئېيزېنخاۋېر ئۇدا سايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتەپ، 1960 ـ يىلىغا قەدەر ئاقسارايغا غوجايىنلىق قىلدى. ئېيزېنخاۋېرنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇتەئەسسىپچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، چىقىمنى ئازايتىش، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ قەرزىنى تۆۋەنلىتىشتەك قىسىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش، ئىشتاتلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، كارخانىلارغا ئەركىنلىك بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بىراق، ئۇ «يېڭى سىياسەت» ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا قوشۇلاتتى. ئېيزېنخاۋېر كەڭ كۆلەملىك قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سىياسىي پىروگراممىسىنى «ئەركىن مۇتەئەسسىپلىك» ياكى «يېڭى جۇمھۇرىيەتچىلىك» دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ «يېڭى سىياسەت» شەكلىدىكى قول تىقىش بىلەن ئەنئەنىۋى ئەركىن قويۇۋېتىش سىياسىتى ئارىسىدىن «ئوتتۇرىلىقتىكى بىر يول» نى تاپماقچى ئىدى، بۇ ئىش «يېڭى سىياسەت»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قانۇن چىقىرىش

ئارزۇسىدا يۈرگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلەرنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. بىراق ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق مۆتىدىل تەدبىرى 50 ـ يىللاردىكى كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئىنتايىن ماس كېلەتتى.

ئېيزىنخاۋېر ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن دېگۈدەك چوڭ شىركەتلەردىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلغانىدى. مەسىلەن، مالىيە مىنىستىرى خامفرى كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان كلېۋېلاند ئۆي ـ زېمىن شىركىتى ۋەخانىا پولات ـ تۆمۈر ياساش شىركىتىنىڭ باش دېرېكتورى بولۇپ، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر كارخانىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاشىنگتونغا چىقىمنى ئازايتىش، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا كەلدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋىلسون ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ باش دېرېكتورى بولۇپ، ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ چوڭ زاۋۇتلارغا زاكاز بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بېنسون سېپى ئۆزىدىن تافتپەرەس بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى كېمەيتىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ قارىدى. پوچتا مىنىستىرى سومېفىيېلد ئاپتوموبىل توپ سېتىش سودىگىرى ئىدى. سودا مىنىستىرى ۋېكس بوستوندىكى سانائەتچى ئىدى. شۇنداق قىلىپ يېڭى ئىچكى كابىنېت جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكى ئورتودوكسال مۇتەئەسسىپچىلىكنىڭ قورغىنىغا ئوخشاپ قالدى، بىراق ئۇلار ھەرىكەت جەھەتتە قابىل سۈيىئىستېمالچىلاردىن ئىدى.

ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن يېڭى مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى چىقىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېجەشنى تەلەپ قىلىپ، مۇلكىي ئەمەلدارلاردىن 100 مىڭنى ئازايتتى. چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ

توختىشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي خىراجەتمۇ زور دەرىجىدە ئازايدى. 1954 ـ يىلى قوشما ئىشتات چىقىمى 10% كە يېقىن ئازىيىپ، 6 مىلىيارد 500 مىلىيون دوللاردەك كېمەيدى، بىراق خامچوت يەنىلا تەڭپۇڭلاشمىدى. فېدېراتسىيە زاپاس بانكىسى ئۆسۈم نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ۋە كىرېدىتنى قىسىش قارارىنى چىقارغانلىقتىن، مەبلەغ سېلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پايدا تۆۋەنلەپ، باج كىرىمى كېمىيىپ، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ تېزلا تۆۋەنلەپ كەتتى. ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۇرتكە بولۇش ئۈچۈن جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، كىرېدىتنى تېزلىكتە قوشۇۋېتىپ، دۆلەت مۇداپىئە ۋە پاراۋانلىققا ئاجرىتىدىغان پۇلنى كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مالىيەدىكى قىزىل رەقەممۇ كۆپەيدى، 1959 ـ يىلىدىكى قىزىل رەقەم 13 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سوممىغا يەتتى. ئەمەلىيەتتە، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش تەشەببۇسى دەسلەپتىلا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىدى. ھۆكۈمەت سايلام رىقابىتىدە بەرگەن باجنى كېمەيتىش ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن 1954 ـ يىلى باج قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى مال بېجىنى تۆۋەنلەتتى، شۇنىڭ بىلەن شەخسلەر ۋە شىركەتلەر 1955 ـ يىلى 1 مىليارد 400 مىليون دوللار تاپاۋەت بېجىنى كەم تاپشۇردى. بىراق، يېڭى تاپاۋەت بېجى قانۇنى كىرىمى بىرقەدەر تۆۋەن كىشىلەرگە ناھايىتى ئاز نەپ يەتكۈزگەچكە، ئۆكتىچىلەر بۇ قانۇننى ئەڭ ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلىدى، دەپ تەنقىدلىدى.

ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى ئىشتاتلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، كارخانىلارغا ئەركىنلىك بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى تەبىئىي بايلىقلارنى بەك كۆپ ئىگىلىۋالسا ئىشتاتلارغا زىيان يېتىدۇ، دەپ قارىدى. ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش مەسىلىسىدە، سانائەتچىلەر بىلەن

شىرىكلىشىشكە توغرا كېلەتتى، بۇنداقتا ھەم ئومۇم مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغىلى، ھەم كارخانىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى كۈچەيتكىلى بولاتتى. قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى بۇ ساھەلەرگە بەك كۆپ قول تىقىۋالسا، ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ ۋە «سوتسىيالىزم يوشۇرۇن بىخ سۈرىدۇ» دەپ قارالدى. ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى باھا، ئىش ھەققى، ئۆي ئىجارىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىزگىنلەشلەرنى بىكار قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى نۇرغۇن زاۋۇتلارنى مونوپول تەشكىلاتلارغا ئەرزان باھادا سېتىپ بەردى. ترومېن تاشقىن كۆپ باسىدىغان رايونلاردىكى نېفىتقا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى دېڭىز بويىدىكى ئىشتاتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەكلىپىنى ئىككى قېتىم ئىنكار قىلغان، ئالىي سوت مەھكىمىسىمۇ كېسىم چىقىرىپ، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى دېڭىزغا يېقىن يەرلەرگە نىسبەتەن «تەڭداشسىز ھوقۇق» قا ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ئېيزىنخاۋېر بولسا «قوشما ئىشتاتنىڭ ئىشتاتلار ھوقۇقى ۋە ئىشتاتلار ئىشلىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشى» غا قارشى تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلىپ، 1953 - يىلى «تاشقىن باسىدىغان يەرلەر قانۇنى» غا ئىمزا قويۇپ، دېڭىز ئاستىدىكى بايلىقلارنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ئىشتاتلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەنىڭ ئومۇم ئىلكىدە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار ھۆكۈمەتتىن ئىداخو ئىشتاتىدىكى سناك دەرياسى خۇل جىلغىسىغا چوڭ تۇغان ياساش ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1955 - يىلى قوشما ئىشتات ئېنېرگىيە كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ جىلغىدا قۇرۇلۇش قىلىش پىلانىنى ئىنكار قىلىپ، ئىداخو شىركىتىگە قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بەردى. ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمەتنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە سانائىتىگە قول تىقىشنى كۈچىنىڭ بارىچە ئازايتتى، ئۇ ئوخشاشلا يەنە تېنېسسى دەريا ۋادىسىنى



www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە قارشى تۇردى. 1953 ـ يىلى تېنىېسسى دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىدە ئىشلىتىلىدىغان توك مىقدارىنى ئۆزۈكسىز ئاشۇرۇشتەك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 100 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، يېڭىدىن بىر ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، دۆلەت مەجلىسىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، پىرېزىدېنت ئاتوم ئېنېرگىيەسى كومىتېتىنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئېلىش تەكلىپىنى قوللىدى. دىكسون ۋە يېتس باشچىلىقىدىكى بىرقانچە ئومۇم ئىشلىرى شىركەتلىرى مېمفىس شەھىرىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ، بۇ شەھەر ۋە ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتىنى توك بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالدى. بەش ئاي تالاش ـ تارتىش قىلغاندىن كېيىن 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتى دىكسون ـ يېتس توختامىنى تەستىقلىدى. دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر ھۆكۈمەت مۇشۇ توختام ئارقىلىق «قىلچە خېيىم ـ خەتىرى يوق» مونوپول ھوقۇقىنى خۇسۇسىي كارخانىغا قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويدى، دەپ ئەيىبلەپ، تېنىېسسى دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى غۇلىتىش كويىدا بولدى. كېيىن ھۆكۈمەتنى خېرىدارنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىگەن ھېلىقى ئالاھىدە مەسلىھەتچىنىڭ ئەسلىدە دىكسون ـ يېتس شىركىتىنىڭ ئاكسىيەسىنى ساتىدىغان مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئىكەنلىكى پاش بولدى. تەختىكە چىققاندىن بېرى قەتئىي نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئېيزىنخاۋېر ئىلاجسىزلىقتىن بۇ توختامنى بىكار قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرمەي تۇرالمىدى. نەتىجىدە مېمفىس شەھىرىدە شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ئېھتىياجلىق ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلىدى. ئېيزىنخاۋېر يەنە

ئامېرىكىنىڭ ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشنى خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئېچىۋېتىشنى، ھۆكۈمەتنىڭ مونوپول قىلىۋېلىشى ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنداقتا خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلاتتى. دۆلەت مەجلىسىدە كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق 1954 - يىلى ئاتوم ئېنېرگىيە قانۇنى ماقۇللىنىپ، ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتىنىڭ قوغداش تەدبىرلىرى ئارقىسىدا، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئاتوم ئېنېرگىيە ئاخباراتى، ماتېرىيالى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلانسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى؛ شۇنداقلا ئاتوم ئېنېرگىيە كومىتېتىغا خۇسۇسىيلارنىڭ يادرو رېئاكتورى قۇرۇشىغا ئىجازەتنامە تارقىتىش ھوقۇقى بەردى.

ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتىمۇ تىزگىنلەشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش، تەكسە باھا ياردەم پۇلىنى تۆۋەنلىتىش، ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمىنى تېجەپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەركىن بازارغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. بىراق دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرى ئەڭ يۇقىرى سوممىدا ياردەم پۇلىغا ئېرىشىشنى ياقلاپ، 1949 - يىلىدىكى يېزا ئىگىلىك قانۇنىدا بەلگىلەنگەن 90% لىك تەكسە باھا ياردەم پۇلىنى كېمەيتىشكە قارشى تۇردى. دۆلەت مەجلىسىدە كەسكىن مۇنازىرىلەر بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان 1954 - يىلىدىكى يېزا ئىگىلىك قانۇنى يەنىلا ماقۇللاندى. بۇ قانۇندا ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، 1955 - يىلى تەكسە باھانىڭ 82.5% ىگە كېمەيتىلدى، 1956 - يىلى يەنە 75% كە كېمەيتىلدى. يېزا ئىگىلىك رايونلىرى بۇنىڭغا نارازى بولغاچقا، بۇ ئىش جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ 1954 - يىلىدىكى ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلامدا مەغلۇپ بولۇشى، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ

دۆلەت مەجلىسىدە يېڭىباشتىن سەل كۆپرەك ئورۇننى ئىگىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1956 ـ يىلى ھۆكۈمەت «قۇرۇلۇش ئورنى بانكىسى» پىلانىنى يولغا قويدى. كارخانىلار دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنىڭ ئاقتارما يېرىگە تۆلەم بېرىش چارىسىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېشىپ قېلىشىنى ئازايتتى. گەرچە دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنىڭ ھەر يىلىدىكى ئاقتارما يېرى نەچچە مىليون ئىنگلىز موسىغا يەتسىمۇ، بىراق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى، بىرلىك كۆلەمدىكى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مول ھوسۇل ئېلىشتا يىلمۇ يىل يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بۇرۇنقىدەكلا كۆپلەپ ئېشىپ قېلىۋەردى. ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك چىقىمى كېمەيمەستىن، ئەكسىچە 1953 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە 3 مىليارد دوللارغىمۇ يەتمەيدىغان ھالەتتىن 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە 5 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى. 1958 ـ يىلى ئېيزىنخاۋېر ئىمزالىغان ئەڭ ئاخىرقى يېزا ئىگىلىك قانۇنىدا، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا ياردەم پۇلىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىش، 1961 ـ، 1962 ـ يىللىرى تەكسە باھانىڭ 65% ىگە توغرا كېلىدىغان ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈش بەلگىلەندى. ئېيزىنخاۋېر ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىدى.

ئېيزىنخاۋېر پۇتكۇل ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە جەمئىيەت ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى مۇقىم ھالدا زورايتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى، گەرچە ئۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا رۇزۋېلت ۋە ترۇمېنلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتىكى قانۇنلىرىنى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساقلاپ قالدى ھەم ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

www.uyghurkitap.com

1954 - يىلى ۋە 1956 - يىلى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، تەتبىقلاش دائىرىسى مۇستەقىل كەسىپكارلارغىچە كېڭەيتىلىپ، ئىلگىرى سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان نەچچە مىليون ئادەم سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولدى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۆلىمىنى 7% ئاشۇرۇشمۇ دۆلەت مەجلىسىدە ماقۇللاندى. 1960 - يىلىغا كەلگەندە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەنلەر تەخمىنەن 58 مىليون كىشىگە يەتتى. پېنسىيە پۇلى ئېلىش ياش چەكلىمىسى 62 ياشقا، مېيىپلارنىڭ 50 ياشقا تۆۋەنلىتىلدى. 1955 - يىلى ئادىل ئەمگەك ئۆلچىمى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھەر سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى 75 سېنتتىن بىر دوللارغا ئۆستۈرۈلدى. گەرچە دۆلەت مەجلىسى پىرېزىدېنتنىڭ قوشما ئىشتاتنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ساغلاملىق سۇغۇرتا پىلانىغا قاتناشتۇرۇش تەلىپىنى ئىككى قېتىم رەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق قوشما ئىشتات ئاممىۋى ساقلىق ساقلاش، مېدىتسىنا تەتقىقاتى، دوختۇرخانا قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەردىكى چىقىمنى يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. 1954 - يىلى 290 مىليون دوللار چىقىم قىلىنغان بولسا، 1961 - يىلى چىقىم 1 مىليارد دوللارغا يەتتى. تۇرالغۇ ئۆي ۋە تاشيول قۇرۇلۇشى جەھەتتە، 1954 - يىلىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قانۇنىدا تۆۋەن كىرىملىكلەر ئۈچۈن يېڭىدىن 35 مىڭ يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېلىش بەلگىلەنگەندى؛ 1955 - يىلى ئېيزېنخاۋېر 140 مىڭ يۈرۈش ئۆي سېلىشنى تەلەپ قىلدى، تۇرالغۇ ئۆي قانۇنىدا پەقەت يەنە 45 مىڭ يۈرۈش ئۆي سېلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدىكى تۇرالغۇ ئۆي قانۇنىدا تۇرالغۇ ئۆيلەرنى يەنىمۇ كۆپلەپ سېلىش بەلگىلەندى، يەنە نامراتلار گەمە ئۆيلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىلدى، رەنە قويۇش چەكلىمىسى قويۇۋېتىلدى، ۋەھاكازا. ئەمما، بۇ تەدبىرلەر مەملىكەت خاراكتېرىنى ئالغان ئېغىر

تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كېتەلمىدى. 1956 ـ يىلى ماقۇللانغان تاشيول قانۇنىدا 33 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 42 مىڭ 500 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئادەتتىن تاشقىرى تاشيول تورى.قۇرۇپ چىقىش بەلگىلەندى. بۇ خىراجەتنىڭ %90 ىنى قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى، %10 ىنى ھەرقايسى ئىشتاتلار زىممىسىگە ئالدى.

ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ ياردەم قىلىش تەدبىرى قوللىنىشتا ئىنتايىن پىخسىقلىق قىلدى، دۆلەت مەجلىسى مائارىپ خىراجىتىگە ياردەم بېرىش قانۇن لايىھەسىنى ئىنكار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىلىقلار يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى ئاسمانغا چىقىرىپ، ئامېرىكىلىقلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان چاغدىلا، دۆلەت مەجلىسى جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا 1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دۆلەت مۇداپىئە مائارىپى قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇندا ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش، ناۋادا قەرز بېرىلگەن ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالىسا، قەرز پۇلنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىش بەلگىلەندى. يەنە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىرادە باغلىغان ئاسپىرانتلارغا 5500 كىشىلىك ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلدى ھەم ئىشتاتلىق مەكتەپلەرگە 280 مىليون دوللار پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، تەبىئىي پەن، ماتېماتىكا ۋە چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش پىلانىنى ياخشىلىدى. ئېيزىنخاۋېر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان سەككىز يىلدا، چاۋشيەن ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ماك كارتېئىزمنى بېسىپ، خرۇشېف بىلەن ئۇچرىشىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىراق، ئېيزىنخاۋېر ھۆكۈمىتى خامچوت تەڭپۇڭلۇقىنى زىيادە تەكىتلەپ، ئىقتىسادقا ئىلھام بېرىدىغان ئۇنۇملۇك چارىنى تېپىپ چىقالمىدى.

ھۆكۈمەت خەلق ھوقۇقى، مائارىپ ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن چىقىرىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتالمىدى، تۆۋەن كىرىملىك سايلىغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش تەدبىرى يېتەرلىك بولمىدى، خەلقئارادا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسىدا ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ كېتىپ، ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ تەسىر كۈچى گەۋدىلەندى.

كېننېدىنىڭ «يېڭى چېگرا رايون» ى ۋە جونسوننىڭ «بۈيۈك جەمئىيەت» ى 1960 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا، ئامېرىكىلىق سايلىغۇچىلار جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتىدىن بارغانسېرى ئۈمىدسىزلەندى. دېموكراتلار پارتىيەسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتىگە «باشقۇرۇلىدىغان بومبا پەرقى» پەيدا قىلىش ئارقىلىق ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى «ئەۋزەل ئورنى» نى يوقىتا چىقاردى. دېموكراتلار پارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان سايلام رىقابىتى سىياسىي پروگراممىسىدا ئامېرىكىنىڭ «ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي كۈچى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش فاكچېنىنى يېڭىباشتىن تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىسادىي ياردەم ۋە خەلقئارا ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پۇل پاخاللىقى بولمىغان ئىقتىسادىي ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ قىسىش سىياسىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە سۇغۇرتا دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار جاكارلاندى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پرېزىدېنت نامزاتى جون كېننېدى (1917 — 1963 ـ يىللار) جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پرېزىدېنت نامزاتى نىكسوننى يېڭىپ، پرېزىدېنتلىققا سايلاندى.

كېننېدى پرېزىدېنتلىققا سايلانغان چېغىدا 43 ياش بولۇپ،

ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ياش پىرېزىدېنت ئىدى. كېنىېدى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا: «مەشئەل يېڭى بىر ئەۋلاد ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى » دېدى. ئۇ «يېڭى چېگرا رايون» ئېچىپ، «بۈيۈك دۇنيا ئىتتىپاقى» قۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى: «زورلۇق سىياسىيسى، نامراتلىق، كېسەللىك ۋە ئۇرۇش» قا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. ئۇ ئەڭ ياش، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئىچكى كابېنېت ۋە ئاقىللار ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ «يېڭى چېگرا رايون» پىلانىنى زور ئىشەنچ بىلەن يولغا قويۇشقا كىرىشتى. ئۇ 87 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسىگە سۇنغان تەكلىپ لايىھە 107 تۈرلۈك بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. بۇلار قوشما ئىشتاتنىڭ خىراجەت بېرىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشى، ئىشسىزلىقنى ئازايتىشى، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشى، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشى، كۆپلەپ پۇل ئاجرىتىپ، شەھەرلەردىكى نامراتلارنىڭ گەمە ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشى، داۋالاش پىلانىنى يولغا قويۇشى، مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشى، بىرقەدەر مۇۋاپىق يېزا ئىگىلىك پىلانىنى يولغا قويۇشى، دۆلەتنىڭ بايلىقىنى ئېچىشى ۋە ئاسرىشى، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە خەلق ھوقۇقىنى ياخشىلىشىغا ئائىت قانۇنلارنى چىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 73 تۈر ماقۇللىنىپ قانۇنغا ئايلاندى. بىراق، كېنىېدىنىڭ دۆلەتنى خارابلىشىشتىن ساقلاش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ نامراتلار قاتلىمىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان «يېڭى چېگرا رايون» پىلانى ھەمىشە مۇتەئەسسىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە جەنۇبتىكى دېموكراتلارنىڭ بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلدى. پىرېزىدېنت بىر تۈرلۈك مائارىپ قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاش ئارقىلىق ئۈچ يىلدا

ھەر قايسى ئىشتاتلارغا 2 مىليارد 300 مىليون دوللار ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بېرىپ، مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى ھەمدە بەش يىلدا قوشما ئىشتات ئوقۇش مۇكاپات سوممىسى ئۈچۈن 3 مىليارد 300 مىليون دوللار ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1961 - يىلى 5 - ئايدا كېڭەش پالاتاسى بۇ قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى، بىراق كاتولىك دىنى چېركاۋ رايونىدىكى مەكتەپلەرمۇ بۇ ياردەم پۇلىدىن ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگە ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن پرېزىدېنت تەرىپىدىن رەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن كاتولىك دىنىدىكى دېموكراتلار مۇتەئەسسىپلەرگە قوشۇلۇپ، كېڭەش پالاتاسى قانۇن - نىزام كومىتېتىدا كېنىېدىنىڭ قانۇن لايىھەسىنى ئىنكار قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق 1961 - يىلى يەنە غەلىبىلىك ھالدا بىرقانچە تۈرلۈك قانۇن چىقىرىلدى؛ يېڭى تۈزۈلگەن ئۆي قانۇنى 5 مىليارد دوللارغا يېقىن پۇل ئاجرىتىپ، تۆت يىل ئىچىدە يەرلىك شەھەرلەرنى يېڭىلاش پىلانىنى يولغا قويۇش ھوقۇقى بەردى؛ ئىشچىلارنىڭ ھەر سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئىككى يىل ئىچىدە بىر دوللاردىن 1.25 دوللارغا ئۆستۈرۈلدى؛ رايونلار يېڭىباشتىن ئېچىلىپ، قوشما ئىشتاتتىن 400 مىليون دوللار قەرز پۇل ۋە خىراجەت ئاجرىتىلىپ، ئىقتىسادى بىر ئىزىدا توختاپ قالغان ۋە ئېغىر ئىشسىزلىق كۆرۈلگەن «نامرات رايون» لارغا ياردەم بېرىلدى.

1962 - يىلى كېنىېدى قانۇن چىقىرىشتا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم نەتىجە سودىنى كېڭەيتىش قانۇنىنى ماقۇللاتقۇزۇش بولدى. قانۇندا پرېزىدېنتنىڭ تاموژنا بېجىنى 50% تۆۋەنلىتىشكە ھوقۇق بېرىلدى، ئاساسلىقى ئامېرىكا ئورتاق بازار بىلەن سودا قىلغان تاۋارلارنىڭ بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بولدى. ئامېرىكا ئاجىز سانائەتنى قوغداشتەك ئەنئەنىۋى قوغدالما تاموژنا بېجى تۈزۈمىدىن ۋاز كەچتى، ھۆكۈمەت

«سودىنى تەڭشەش تولۇقلىمىسى» نى يولغا قويۇپ، ياردەم پۇلى تارقىتىش چارىسى ئارقىلىق تاۋار ئىمپورتىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان كارخانا ۋە ئىشچىلارغا ياردەم قىلدى، بۇ كارخانىلارنىڭ باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا بۇرۇلۇشى ياكى يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىشى ھەمدە ئىشچىلارنى يېڭىباشتىن تەربىيەلىشىگە مەبلەغ بەردى. بۇ چارە بىر خىل جانلىق ۋاسىتە بىلەن تەمىن ئەتكەچكە، ئامېرىكا تېز ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتتە پايدىلىق سودا كېلىشىمى ئۈستىدە كېلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، ياۋروپا ئورتاق بازىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قوغدىۋالالىشتى. كېنېدى بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك باجنى كېمەيتىش ئارقىلىق ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى، بىراق 1962 ـ يىلىدىكى باج قانۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تەكلىپى تامامەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ چىقتى. دۆلەت مەجلىسى پرېزىدېنتنىڭ 900 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، ئىشسىزلىق ئېغىر بولغان رايونلارنىڭ جامائەت قۇرۇلۇشى ئىشلىتىش پىلانىنى يولغا قويۇشىغا ھوقۇق بەردى، بىراق ئۇنىڭ 2 مىليارد دوللار كېتىدىغان جامائەت قۇرۇلۇشىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش پىلانىنى ئىنكار قىلدى. دۆلەت مەجلىسى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ياشانغانلارنى ساغلاملىق سۇغۇرتىسى بىلەن تەمىن ئېتىشتەك داۋالاش، ساقلىق ساقلاش لايىھەسىنى ئىنكار قىلدى. كېنېدىنىڭ ئالدىنقى ئىككى يىلدىكى قانۇن چىقىرىش خىزمىتى «يېڭى چېگرا رايون» پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىدىن خېلىلا يىراق ئىدى. گەرچە، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلامدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق 1963 ـ يىلى پرېزىدېنت 88 ـ نۆۋەتلىك يېڭى دۆلەت مەجلىسى ئالدىدا يەنىلا ھەرقانداق تەلەپنى قانائەتلەندۈرمىسە بولمايتتى. كېنېدى 4 مىليارد 500 مىليون دوللارلىق تاشقى

ياردەمنىڭ 33% نى كېمەيتىش، 5 مىليارد 900 مىليون دوللارلىق ئالەم بوشلۇقى پىلانىنىڭ 10% تىن كۆپرەكىنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ باج كېمەيتىشنىڭ تەپسىلىي بىر قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانغان بولسىمۇ، كېڭەش پالاتاسىدا سۇغا چىلاشتى. بۇ يىلى مائارىپقا ئائىت قانۇن چىقىرىشتا بىرقەدەر گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئالىي مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى قانۇنى ماقۇللىنىپ، پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاشقا 1 مىليارد 200 مىليون دوللار ئاجرىتىلدى، خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ پۇل قەرز بېرىلدى؛ كەسپىي مائارىپنى كۈچەيتىش تەدبىرى تەستىقلىنىپ، ئاھالە زىچ رايونلارنىڭ مائارىپ خىراجىتى ياردىمى كۆپەيتىلدى، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى قانۇنىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى كېڭەيتىلدى؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان جامائەت داۋالاش مەركىزى ئارقىلىق روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلدى، تىببىي مەكتەپ ۋە چىش كېسەللىكلىرى مەكتەپى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. دۆلەت مەجلىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن «1963 ـ يىلىدىكى مائارىپ دۆلەت مەجلىسى» دەپ تەرىپلەندى. 1963 ـ يىلى ئامېرىكا ئىقتىسادى ھاياتىي كۈچكە تولدى. كېنېدى ھۆكۈمىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 5.6% ئاشۇردى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك زور دەرىجىدە پەسىيىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا نىسپىي مۇقىملىق كۆرۈلۈپ، تىنچ ، ئاسايىش يىللارنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئاز قالدى. كېنېدى «يېڭى چېگرا» رايون پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۇدا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا تىرىشتى. شۇڭا، ئۇ 11 ـ ئايدا مۇئاۋىن پرېزىدېنت جونسوننىڭ يۇرتى تېكساستا

پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ ئىختىلاپىنى تۈگىتىش ئارقىلىق كېلەچەكتىكى چوڭ سايلامدا ئۇلارنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئارزۇسىدا بولدى. بىراق، 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتە كېننېدى داللاس شەھىرىدە قەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى، جونسون ئۇنىڭ ئورنىغا پرېزىدېنت بولدى.

جونسون تەختكە چىقىپلا كېننېدى «باشلىغان» ئىشلارنى «داۋاملاشتۇرىدىغان» لىقىنى جاكارلىدى. ئۇ كېننېدىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى تۇيەيلىدىن كىشىلەردە قوزغالغان كۈچلۈك ھاياجاندىن، شۇنداقلا ئۇزاقتىن بېرى كېڭەش پالاتاسىدا كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشكەن پارتىيەنىڭ داھىيسى بولۇش سۈپىتىدە يېتىلدۈرگەن دۆلەت مەجلىسىنى تىزگىنلەش ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت مەجلىسىنىڭ «يېڭى چېگرا رايون» غا دائىر ئاساسلىق قانۇنلارنى ماقۇللىشىغا تۈرتكە بولدى. جونسون: «ۋاپات بولغان پرېزىدېنت ئۇزاقتىن بېرى ماقۇللاتقۇزۇش يولىدا كۈرەش قىلىپ كەلگەن خەلق ھوقۇقى قانۇن لايىھەسىنى بالدۇرراق ماقۇللاشنىڭ ئۇزى ئۇنى ئەڭ ياخشى ياد ئەتكەنلىك ۋە مەدھىيە ئوقۇغانلىق بولىدۇ» دېدى. 89 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۈتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدىكى يىغىن ئارىلىقىدا، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان 89 تۈرلۈك مۇھىم قانۇن لايىھەسىنىڭ يەقەت ئىككىسىلا ئىنكار قىلىندى. جونسون تۇنجى يىلىلا دۆلەت مەجلىسىگە ماقۇللاتقۇزغان كېننېدى تەييارلىغان قانۇن چىقىرىش تۈرلىرى كېننېدى ئۈچ يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا ماقۇللاتقۇزغانلىرىدىنمۇ كۆپ بولدى.

1964 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا، جونسون مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ پرېزىدېنتلىققا سايلاندى، بۇ ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدا ئۆز ئىناۋىتىنى تىكلىگەنلىكىنى، ئەمدى كېننېدىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق دۆلەت مەجلىسىنىڭ «يېڭى

www.uyghurkitap.com

چېگرا رايون» توغرىسىدىكى قانۇنلارنى ماقۇللىشىغا تۈرتكە بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. جونسون 1964 ـ يىلى 5 ـ ئايدىلا «بۈيۈك جەمئىيەت» نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىسى قىلغانىدى. ئۇ 1965 ـ يىلى سۇنغان دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا، «بۈيۈك جەمئىيەت» نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئائىت بىر قاتار لايىھەلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «بۈيۈك جەمئىيەت» ھەممە كىشىنىڭ باي ـ باياشات ۋە ئەركىن ئۆتۈشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، دەيتتى. جونسون ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە دۆلەت مەجلىسى بىر قاتار قانۇن ـ پەرمانلارنى ماقۇللىدى. 1964 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماقۇللانغان باج قانۇنى كېيىنپىدىن قالغان قانۇن لايىھەلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ماقۇللانغان بىر تۈرلۈك مۇھىم قانۇن ـ پەرمان ئىدى. بۇ قانۇندا ئەڭ تۆۋەن كىرىم قاتلىمىدىكىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجىنى 20% تىن 14% كە، ئەڭ يۇقىرى كىرىم قاتلىمىدىكىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجىنى 90% تىن 70% كە تۆۋەنلىتىش بەلگىلەنگەنلىكتىن، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى ئېشىپ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا «ئىقتىسادىي پۇرسەت قانۇنى» ماقۇللىنىپ، 800 مىليون دوللار پۇل ئاجرىتىش ئارقىلىق ئامېرىكا پىدائىيلار ئەترىتى قۇرۇلدى. ئومۇمەن 16 ـ 21 ياشلىق ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا تىزىملىتىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، كەسىپ تەلىم ـ تەربىيەنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلارنى گۈللەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىلەتتى. 1965 ـ يىلى تۇرالغۇ ئۆي قانۇنى ماقۇللىنىپ، ھۆكۈمەت ئۆي سېلىشقا پۇل ئاجراتتى ھەمدە تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئۆلچەمگە لايىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىغا ياردەم پۇل بەردى. ئۆي ئىجارە ھەققى شۇ كىشىنىڭ كىرىمىنىڭ 1/4 ىدىن ئېشىپ كەتسە ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا

دۆلەت ياردەم پۇلى بەردى. 1966 ـ يىلى ئۆلگىلىك شەھەر ۋە مەركىزىي شەھەر تەرەققىيات قانۇنى (ئۆلگىلىك شەھەر قانۇنى)، ئاپپالاچىيە رايونى تەرەققىيات قانۇنى، ئاممىۋى قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنى ماقۇللاندى. بۇ قانۇن ـ پەرمانلار ئارقىلىق نامراتلارنىڭ گەمە ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل رايوننىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. قانۇن ـ پەرمانلاردا ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ تۆمۈريول ياساش، ئاممىۋى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم قىلىش ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىش قارار قىلىندى. 1964 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە دۆلەت مەجلىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۇ ـ تۇپراقنى ساقلاش ۋە دۆلەت ياۋايى جانلىقلار مۇھىتىنى ئاسراش قانۇنى، سۇ سۈپىتى قانۇنى، كېرەكسىز قاتتىق ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىش قانۇنى، ھاۋا سۈپىتى قانۇنى، ئاپتوموبىللاردىن قويۇپ بېرىلگەن گازنى تىزگىنلەش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىت ئاسراش قانۇنلىرىنى ماقۇللىدى. جونسون يەنە دۆلەت مەجلىسىنىڭ ساقلىق ساقلاش ۋە مائارىپ توغرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەت تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ كەلگەن قانۇنلارنى ماقۇللىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. 1965 ـ يىلى ماقۇللانغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش قانۇنىدا 65 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلارغا مەجبۇرىيەت داۋالاش، پەرۋىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى. يەنە بىر تۈرلۈك تولۇقلىما پىلاندا، ھەر ئايدا ئۈچ دوللار سۇغۇرتا سوممىسى تاپشۇرغان كىشى داۋالاش خىراجىتىنىڭ 50% ىنى ئۆزى تاپشۇرغاندىن كېيىن، قالغان قىسمىنىڭ 80% ى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سوممىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1965 ـ يىلى ماقۇللانغان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى قانۇنى، ئالىي مائارىپ قانۇنىدا، دۆلەتنىڭ 1 مىليارد 300 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىغا ياردەم بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىي

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇلاردىن سىرت يەنە خەلق ھوقۇقىغا ئائىت قانۇنلار چىقىرىلىپ ماقۇللاندى. قىسقىسى، جونسون قانۇن چىقىرىشتا ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى روزۋېلتنىڭ يېڭى سىياسەت توغرىسىدىكى قانۇن چىقىرىشتا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قېلىشمايتتى.

ئەمما، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن جونسون ھۆكۈمىتىنىڭ ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمى ئېشىپ، پۇل پاخاللىقى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. جونسون ھۆكۈمىتى ئېغىر قىيىنچىلىقتا دۇچار بولغانلىقتىن، ئابرۇيى چۈشكەن جونسون 1968 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇدا سايلامغا قاتناشمايدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى.

**60 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇش** 60 ـ يىللاردا ئامېرىكا ئىقتىسادى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. جەمئىيەتتە خاتىرجەمسىزلىك كۆرۈلۈپ، نېگىرلارنىڭ خەلق ھوقۇقىغا ئېرىشىش ھەرىكىتى، ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا قارشى ئاممىۋى كۆرەش ۋە ياشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش پائالىيىتى دېگەندەك كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتلەر بولدى.

ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ نوپۇسى 23 مىليوندىن ئاشىدىغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 11% ىنى ئىگىلەيتتى، نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىناتتى. ئۇزاقتىن بۇيانقى ئېغىر ئىرقىي كەمسىتىش تۈپەيلىدىن، نېگىرلار قۇل ئورنىدا ئېزىلىپ، ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاپ كەلگەنىدى. نېگىرلار باراۋەر سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەيتتى. بەزى ئىشتاتلار مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى سىناش، ئاساسىي قانۇن بىلىملىرى سەۋىيەسىنى سىناش ۋە

www.uyghurkitap.com

يۇقىرى سومىلىق جان بېجى ئېلىش قاتارلىق چارىلەردىن پايدىلىنىپ، نېگىرلارنىڭ سايلام هوقۇقىنى تارتىۋالغانىدى. 1954 ـ يىلى سايلام ئۆتكۈزۈلگەندە، مىسسىسسىپپى، لۇئىسىئانا ۋە ئالاباما ئىشتاتىدا سايلام يېشىغا يەتكەن 1 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق نېگىر بولسىمۇ، بىراق ئاران 21 مىڭ كىشى سايلام سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. مەكتەپلەردە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، نېگىرلارنىڭ باراۋەر تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش هوقۇقى يوق ئىدى. نېگىرلار ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىمۇ قاتتىق كەمسىتىلگەچكە، ھەمىشە «ئىشتىن بوشىتىلىشتا ئالدىدا، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا كەينىدە تۇراتتى». 1950 ـ يىللىرى كەلگەندە ئىشسىز نېگىرلار نېگىر ئاھالىسىنىڭ 14.2% ىنى ئىگىلىدى. شەھەرلەردىكى نېگىرلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى ئىدى، ئالىدىغان مائاشىمۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدىن تۆۋەن تۇراتتى. 1952 ـ يىلى نېگىر ئاياللارنىڭ مائاشى ئاق تەنلىك ئاياللارنىڭ مائاشىنىڭ 41% ىگە توغرا كەلدى. تۇرالغۇ ئۆي ۋە شەھەر ئومۇم مۇئەسسەسەلىرى جەھەتتىمۇ ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى پىلانىدا ئاق تەنلىكلەر ياكى نېگىرلار تۇرالغۇسى توغرىسىدا قاتتىق چەكلىمىلەر چىقىرىلدى. جەنۇبتىكى ئىشتاتلار ئامېرىكا نېگىرلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن رايون بولغاچقا، «نېگىرلار رايونى» دەپ ئاتالدى، دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرى ئەمگەك كۈچىنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلىدىغان ئىشلارنى نېگىر يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىغا قىلغۇزاتتى. مائاشىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئامېرىكا نېگىرلىرى مۇشۇنداق ئېغىر بېسىم ئاستىدا ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھېچقاچان توختىتىپ قويمىدى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردا بۇ كۈرەش يېڭى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، كۆلىمى ئەڭ زور،

ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بىر مەيدان خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋجگە چىقىشى، بولۇپمۇ ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇشى ئارقىسىدا، ئامېرىكىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئاق تەنلىكلەر ئامېرىكا ئۆزىدىكى ئاز سانلىق مىللەت نېگىرلارنى خورلىسا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھەمكارلىقىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ شىمالدىكى شەھەر مەركەزلىرىگە كۆنسايىن مەركەزلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ زورىيىشى ئىككى پارتىيە ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئىككى پارتىيەنىڭ خەلق ھوقۇقىغا ئائىت قانۇن چىقىرىش تۈغىنى تاشلىۋەتكۈسى كەلمىدى. 1954 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسى برووۋنىڭ توپېكا يەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش دېلوسىغا تارىخىي خاراكتېرلىك ھۆكۈم چىقىرىپ، جامائەت مائارىپى جەھەتتە «ئايرىش، ئەمما باراۋەر بولۇش» تەك پىرىنسىپ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دەپ جاكارلاپ، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلىشى بىلەن «ھەربىر نېگىر ئۆزىنىڭ ئورنىدىن دەرھال تۇرغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى»، ئۇلار ئەمدى قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيتتى. 1955 ـ يىلى ئالاباما ئىشتاتى مونتگومېرى شەھىرىدىكى نېگىر ئاھالىلەر كوچا ئاپتوبۇسىغا ئايرىم ئولتۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە قارشى چىقتى، ئۇلار باستېر مارتىن لۇتېر كىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، 331 كۈن داۋاملاشقان كوچا ئاپتوبۇسىنى توسۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يەرلىك سوت مەھكىمىسىنى كوچا ئاپتوبۇسىدا

ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قىلىشقا قارشى ھۆكۈم چىقىرىشقا مەجبۇرلىدى، ئالىي سوت مەھكىمىسى 1956 ـ يىلى بۇ ھۆكۈمنى جەزملەشتۈردى. كوچا ئاپتوبۇسىنى توسۇش ھەرىكىتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ خەلق ھوقۇقى كۈرىشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى باشلاپ بەردى. 1957 ـ يىلى ئاركانزاس ئىشتاتىنىڭ كىچىك تاش شەھىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرۋۇن دېلوسى توغرىسىدىكى ھۆكۈمگە پەرۋا قىلماي، ئىشتاتلىق خەلق مۇھاپىزەت ئەترىتىنى ئىشقا سېلىپ، نېگىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئېيزىنخاۋېر قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن، قوشما ئىشتات ئارمىيەسىنى كىچىك تاش شەھىرىگە ئەۋەتىپ، بىرۋۇن دېلوسىدىكى ھۆكۈمنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىپ، نېگىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىنى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلدى. بىراق بەزى ئىشتاتلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى بىكار قىلىشقا يەنىلا جاھىللارچە قارشى تۇردى، ۋىرگىنىيە ئىشتاتى ۋە ئاركانزاس نېگىر ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپلەرنى تاقاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1959 ـ يىلى ئىشتاتلىق ۋە قوشما ئىشتاتلىق سوت مەھكىمىلىرى ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ مەكتەپنى تاقىشى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دەپ جاكارلىدى. 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى بىرۋۇن دېلوسىغا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن جەنۇب تەرەپتە 3 مىليون نېگىر ئوقۇغۇچىدىن پەقەت 180 مىڭى قالدى، جۈملىدىن 6% نېگىر ئوقۇغۇچىلارلا ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇيالىدى. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىمالىي كارولىنا يېزا ئىگىلىكى ۋە تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تۆت نېگىر ئوقۇغۇچىسى بىر ئاشخانىدا غىزالانماقچى بولغاندا، ئاشخانا ئۇلارغا غىزا بەرمىدى، بىراق ئۇلار گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ھەر كۈنى ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈن ـ تىن

www.uyghurkitap.com

قىلماستىن غىزالىنىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەرىكەتكە نېگىر ئاممىسى دەرھال ئاۋاز قوشۇپ «جىم ئولتۇرۇۋېلىش» ئارقىلىق كۈچ كۆرسىتىشتەك ئاممىۋى كۈرەشنى مەيدانغا كەلتۈردى. بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە جەنۇبتىكى باشقا شەھەرلەردىمۇ نەچچە ئون قېتىملىق «جىم ئولتۇرۇۋېلىش» ئارقىلىق كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكىتى يۈز بەردى ھەم بۇ ھەرىكەت يېمەك - ئىچمەك ئورۇنلىرىدىن باشقا ئاممىۋى سورۇنلارغىچە كېڭەيدى. نامايىشچىلار ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەردىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمىگە شىددەتلىك زەربە بەردى. ئەينى چاغدا جەنۇب تەرەپتىكى بارلىق ئىشتاتلار ئارا قاتناش سىستېمىسى، مەسىلەن، ئاپتوموبىل بېكىتى، پويىز ئىستانسىسى، ئايرودرۇملاردىكى دەم ئېلىش ئۆيلىرى ۋە ئاشخانىلاردا ئىرقىي ئايرىمچىلىق يولغا قويۇلاتتى. 1961 - يىلى ئىرقىي باراۋەرلىك قۇرۇلتىيى، ئوقۇغۇچىلار زورلۇق كۈچسىز ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى باستېر مارتىن لۇتېر كىڭنىڭ جەنۇبتىكى خىرىستىيان دىنىي رەھبەرلىك كېڭىشى قاتارلىق خەلق ھوقۇقى تەشكىلاتلىرى «ھۆر يولۇچى» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئىشتاتلار ئارا ئاپتوبۇستىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىققا زەربە بېرىپ، نېگىرلارنىڭ خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتتى. نۇرغۇن ئاق تەنلىكلەرمۇ بۇ كۈرەشنى قوللىدى ۋە كۈرەشكە قاتناشتى. نەتىجىدە ئىشتاتلار ئارا سودا كومىتېتى بارلىق ئاپتوبۇس شىركەتلىرىگە ئىشتاتلار ئارا لىنىيەلەردە ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى بىكار قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بارغانسېرى كۆپ جايلاردىكى بېكەتلەردە «ئاق تەنلىكلەر» ۋە «رەڭلىك ئىرقلار» دېيىلگەن بەلگىلەر ئېلىپ تاشلاندى.

1963 - يىلى 4 - ئايدا باستېر مارتىن لۇتېر كىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر قاتار «جىم ئولتۇرۇۋېلىش» ۋە كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدە، بىرمىڭخامدىكى ماگىزىن، سارايلاردىكى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى ئىرقىي

كەمسىتىشلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى، بېرمىڭخام دائىرىلىرى نامايىشچىلارنى باستۇرۇپ، باستېر مارتىن لۇتېر كىڭ ۋە باشقا رەھبەرلەرنى قولغا ئالدى، ساقچىلار سۇ پۈركۈگۈچ ۋە ساقچى ئاپشاركىلىرىدىن پايدىلىنىپ نامايىشچىلارغا زەربە بەردى. ساقچىلارنىڭ ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكىتى تېزلىكتە كېڭەيدى، ئەتىياز ۋە باش ياز مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە 750 قېتىمدىن ئارتۇق ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى، جەنۇبتىكى 11 ئىشتاتتا 14 مىڭغا يېقىن ئادەم قولغا ئېلىندى. 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدىكى نامايىش — ئىشقا ئورۇنلىنىش، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى «ھۆرلۈك ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش» ھەرىكىتى قوزغالدى. قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، نېگىرلار ۋە ئاق تەنلىكلەر بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇلار خەلق ھوقۇقى، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئادەم سانى 250 مىڭغا يېتەتتى. باستېر مارتىن لۇتېر كىڭ لىنكولىن خاتىرە سارىيى ئالدىدا «مېنىڭ غايەم» دېگەن تېمىدىكى مەشھۇر نۇتقىنى قىزغىن كەيپىياتتا ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن بۇ دۆلەتنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەد كۆتۈرسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن، ‹بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇنىڭدىن بارلىق ئىنسانلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا باراۋەر، دېگەن مەنە ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ›، مانا بۇ ئېتىقادىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېئورگىيىدىكى قىزىل تاغدا ئۆتمۈشتىكى قۇللارنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئۆتمۈشتىكى قۇلدارلارنىڭ ئوغۇللىرى ئاكا ـ ئۇكىلاردەك يېقىن ئۆتىسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن... كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاشۇ گۆدەك تۆت پەرزەنتىم ئادەمنىڭ ئۆڭىنى ئەمەس، بەلكى ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆلچەم قىلىدىغان دۆلەتتە ياشىسىكەن دەيمەن.» ۋاشىنگتونغا يۈرۈش قىلىش نېگىرلارنىڭ

www.uygurkitap.com

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنى يۇقىرى پەللىگە چىقاردى. ئۇ يۇقىرىلارنىڭ باراۋەر ھوقۇق تەلەپ قىلىش كۈرىشىنى ھەقىقىي تۈردە مەملىكەت خاراكتېرلىك بۈيۈك ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. 1964 ـ يىلى ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ كۈرىشى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي تىنچ كۈچ كۆرسىتىشتىن زورلۇق كۈچ ئارقىلىق زورلۇق كۈچىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە تەرەققىي قىلدى. 7 ـ ئايدا نيۇيوركنىڭ خالېم رايونىدا، 8 ـ ئايدا لوس ئانگېلىسنىڭ ۋاتس رايونىدا زورلۇق كۈچىگە قورallıق قارشىلىق كۆرسىتىش باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى شىمال، غەرب ياكى جەنۇب تەرەپتە بولسۇن، مەيلى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ياكى كىچىك شەھەرلەردە بولسۇن، پەقەت نېگىرلار ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك زورلۇق كۈچىگە قارشى كۆرەشلەر قانات يايدۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى 1967 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نېۋارك ۋە دېترويتتا يۈز بەرگەن زورلۇققا قارشى ۋەقەدۇر. بۇ چاغدا نېگىرلار بىرمەھەل دېترويت شەھىرىنىڭ غەربىي رايونىنى ئاساسەن ئىزگىنلىدى، ئاپتوموبىل زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشتىن توختىدى، پۈتۈن شەھەر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. جونسون قوشما ئىشتات ھاۋا ئارمىيەسىدىن 5000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، دېترويتتا «تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ يىلى نېگىرلارنىڭ زورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى 128 شەھەرگە تەرەققىي قىلدى. 1968 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىرقچى زوراۋانلار تېننېسسى ئىشتاتىدىكى مېمفىس دېگەن جايدا ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيسى، زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك تەرەپدارى باستېر مارتىن لۇتېر كىڭنى قەستلەپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى زورلۇققا قارشى كۆرەش پارتلاپ، نېگىرلارنىڭ زورلۇققا قارشى ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى

172 شەھەرنى تېزلىكتە قاپلىدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا ھىندىچىنىغا قارىتىلغان ئۇرۇشنى ئۈزۈكسىز كۆچەيتكەنلىكتىن، نېگىرلارنىڭ زورلۇققا قارشى ھەرىكىتى بىلەن خەلقنىڭ ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكىتى بىرلىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ۋە ئۇرۇش سىياسىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى دۇچ كەلگەن كىرىزىسنى تېخىمۇ كۆچەيتىۋەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ھۆكۈمىتى كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىرقچىلىقنى تۈگىتىشكە ئائىت بىرقاتار قانۇن ـ پەرمانلارنى ماقۇللىدى ۋە جاكارلىدى. 1961 ـ يىلى ۋە 1964 ـ يىلى كۈچكە ئىگە بولغان ئاساسىي قانۇننىڭ 23 ـ، 24 ـ ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەلىرىدە سايلام ھوقۇقى كۈچەيتىلدى. 1964 ـ يىلى ماقۇللانغان خەلق ھوقۇقى قانۇنىدا، نېگىرلار ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاشلا مېھمانساراي، رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئېلىش سورۇنلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى ھەمدە قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىش يولى بىلەن ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر ۋە مەكتەپلەردىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى تۈگىتىش تەلىپىنى قويۇش ھوقۇقى بېرىلدى. 1965 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەنە سايلام قانۇنى ماقۇللىنىپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى سىناش ۋە باشقا تۈردىكى سايلام سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشلەرنى بىكار قىلىش قارار قىلىندى ھەمدە سايلام ھوقۇقىغا قول تىقىش قىلمىشلىرىغا قارىتا جازالاش چارىسى بەلگىلەندى. 1968 ـ يىلىدىكى خەلق ھوقۇقى قانۇنىدا ئۆي ئىجارە بېرىش ۋە سېتىشتا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قىلىشنى چەكلەش بەلگىلىمىسى چىقىرىلدى. ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا، نېگىرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1954 ـ يىلى

جەنۇبتىكى ئىشتاتلارنىڭ تىزىملانغان سايلىغۇچىلىرى ئىچىدە نېگىرلار 1/4 گە يەتمەيتتى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 2/3 قىسىمىدىن ئاشتى. نېگىرلاردىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 1966 ـ يىلى جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردىن تەخمىنەن 100 نېگىر ئىشتات ۋە يەرلىك دەرىجىلىك ئەمەلدارلىققا سايلاندى، 1972 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇلارنىڭ سانى 1000 دىن ئاشتى. 1965 ـ يىلى نېگىرلاردىن شەھەر باشلىقى يوق دېيەرلىك ئىدى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 80 شەھەر، بازارنىڭ باشلىقى نېگىرلاردىن بولدى، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مەجلىسىدىمۇ نېگىرلارغا ئورۇن بېرىلدى. 1957 ـ يىلى جەنۇبتىكى ئىشتاتلاردا ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىللە ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان نېگىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 4% ئىدى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 84.3% كە يەتتى. ئومۇم مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىدىمۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈگىتىلدى. ئەمما، ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ مەسىلىسى بۇنىڭلىق بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولغىنى يوق، ئەمەلىيەتتە تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن يەنە ئۇزاق مۇددەت كۆپ جەھەتتىن تىرىشىشقا توغرا كېلەتتى.

60 ـ يىللاردا ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتكە ئەگىشىپ، مەملىكەت بويىچە داغدۇغىلىق ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكەت كۆتۈرۈلدى. 1965 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3000 نەپەر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىسى ۋيېتنام ئۇرۇشى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇردى. بۇ ئېتىراز بىلدۈرۈش پائالىيىتى تېزلىكتە ھەرقايسى مەكتەپلەرگە كېڭەيدى. شۇ يىلدىن تارتىپ ئۇرۇشقا قارشى نامايىش بولدى. 1966 ـ يىلى دۆلەت مەجلىسى ئىسپات ئاڭلاش

يـىغىنى ئـاچتى. فۇلـبىرايت، روبېـرت كېنـنـېدى، ماك گـوۋېـرن قاتارلىق پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى. بۇ پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. 1967 ـ يىلى ئۇرۇشقا قارشى كۈرەش يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، 4 ـ ئاي ۋە 10 ـ ئايلاردا 100 مىڭ كىشى قاتناشقان ئۇرۇشقا قارشى نامايىش كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەسكەر ئېلىش كارتىسىنى ئاشكارا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى ھەمدە ئەسكەر ئېلىش تارماقلىرىغا زەربە بەردى. 1968 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە كۈرەش سىجىل داۋاملىشىپ، 2000 قېتىمغا يېقىن ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى بولدى. 1970 ـ يىلى نىكسون كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكتىن، يەنە ئۇرۇشقا قارشى دولقۇن كۆتۈرۈلدى، 400 دىن ئارتۇق مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار دەرس تاشلاپ ئېتىراز بىلدۈردى، 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاقسارايدا نامايىش قىلدى. ئۇرۇشقا قارشى كۈرەش تاكى ئامېرىكىنىڭ ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋاملاشتى.

60 ـ يىللاردا ئامېرىكىدا ياشلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1964 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كالىفورنىيە ئىشتاتى بېركلېي شۆبە مەكتىپىنىڭ تەخمىنەن 1000 نەپەر ئوقۇغۇچىسى مەكتەپنىڭ مەمۇرىيەت بىناسىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، سىياسىي پائالىيەت ئەركىنلىكى بېرىش، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەكتەپ ساقچىلاردىن ياردەم سوراپ، نەچچە 100 ئوقۇغۇچىنى قولغا ئالدى، بۇ ئىش ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. مەكتەپ ئىلاجسىز ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى تېز باش كۆتۈردى ھەمدە نېگىرلارنىڭ خەلق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى، ئۇرۇشقا قارشى ھەرىكىتى بىلەن بىرلىكتە زور

داغدۇغا پەيدا قىلدى. ياشلار يەنە ئاساسىي ئېقىمغا قارشى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئۇلار بىئاللىقتىن نارازى بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىغا قەستەن خىلاپلىق قىلاتتى، غەلىتە ياسىناتتى، قوپال گەپ - سۆزلەرنى قىلاتتى، پۇلنى كۆزگە ئىلمايتتى، زەھەر چېكەتتى ھەم كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلاتتى. كېيىن بەزىلىرى ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەش يولىغا مېڭىپ، شەرقنىڭ دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلدى، بەزىلىرى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يېڭىدىن قۇرۇلغان قارا قاپلان پارتىيەسى، ھاۋا رايىچىلار شەھەرلەردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا چاقىردى. 70 - يىللاردا ياشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكىتى تەدرىجىي يوقىلىشقا يۈزلەندى.

## 3 - بۆلۈم نىكسون ھۆكۈمىتىدىن رېگان ھۆكۈمىتىگىچە

**نىكسون ۋە فورد ھۆكۈمىتى** 1968 - يىلى ئامېرىكىدا 37 - نۆۋەتلىك پرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇئاۋىن پرېزىدېنت خامفرى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى نىكسوننى ئۆزىنىڭ پرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. سايلام رىقابىتىدە دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پايدىلىق ئورۇندا تۇرسىمۇ، بىراق ئىچكى قىسمىدىكى بىرقانچە گۇرۇھ ئۆزئارا كۈرەشكە چۈشۈپ كەتتى، يەنە كېلىپ ۋيېتنام ئۇرۇشى مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولغانلىقتىن، كۈچى ئاجىزراق كېلىپ قالدى. نىكسون ۋيېتنام ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىپ، تىنچلىق ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما ئۇنىڭ تەشەببۇسى ھەرقانداق بەدەل تۆلەش بىلەن ھېسابلاشماسلىقتىن دېرەك

بەرمەيتتى. سايلام نەتىجىسىدە نىكسون 43.4% ئاۋازغا، خامفرى 42.7% ئاۋازغا ئېرىشتى، نىكسون پەقەت 0.7% كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىش ئارقىلىق، ئازراقلا ئەۋزەل ئورۇنغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلدى.

رىچارد نىكسون 1913 ـ يىلى كالىفورنىيە ئىشتاتى لوس ئانگېلېس ئەتراپىدىكى يوربالىدادا تۇغۇلغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئادۋوكات بولغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دېڭىز ئارمىيە ھەربىي تەمىنات ئەمەلدارى بولغان. 1946 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسىلىققا سايلانغان، 1950 ـ يىلى كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغان. 1952 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولغان. 1960 ـ يىلى پىرېزىدېنت سايلىمى رىقابىتىدە كېنىدىغا ئۇتتۇرۇپ قويغان. 1962 ـ يىلى كالىفورنىيە ئىشتاتى باشلىقلىقىنى تاللىش سايلىمىدا مەغلۇپ بولغان. بىراق، 1968 ـ يىلى يەنە باش كۆتۈرگەن.

نىكسون تەختكە چىققان مەزگىل ئامېرىكا ۋيېتنام ئۇرۇشىدا مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چاغ ئىدى، يەنە كېلىپ ۋيېتنام مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى، بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، نىكسون بىرىنچى قارارلىق ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى دېپلوماتىيە جەھەتكە قاراتتى. 1971 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گوۋۇيۇەن ۋە بەش بۇرجەكلىك بىناغا ئۇقتۇرماستىن، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى بويىچە پەۋقۇلئاددە ياردەمچى كىسسىنگېرنى ئىنتايىن مەخپىي يوسۇندا بېيجىڭغا ئەۋەتتى، كىسسىنگېر جۇئېنلەي بىلەن ئىككى كۈن مەخپىي سۆھبەتلەشتى. 1972 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نىكسون جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. 27 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا شاڭخەي ئاخباراتىنى ئىمزالاپ، جۇڭگو ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشىنى ياقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا ئامېرىكا «تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» ئىكەنلىكىگە «باشقىچە پىكىردە ئەمەس» لىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. 1973 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا ۋىيېتنام بىلەن «ۋىيېتنامدا ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. نىكسون ھۆكۈمىتى ۋىيېتنامغا تاجاۋۇز قىلغان 500 كىشىلىك ئامېرىكا ئارمىيەسىنى دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونىيە، كورېيە، تايلاند، فىلىپپىن ۋە تەيۋەن رايونىدىن زور تۈركۈم قوشۇننى چېكىندۈردى. ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئومۇمىي ئەسكەر سانى 900 مىڭدىن 240 مىڭغا ئازايتىلدى. ئامېرىكا ئارمىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بارلىق ھەربىيلەرمۇ 3 مىليون 540 مىڭدىن 2 مىليون 160 مىڭغا ئازايتىلدى. نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ئومۇميۈزلۈك قوللاشقا ئېرىشتى.

ئىچكى ئىشلار جەھەتتە، نىكسون ھۆكۈمىتى مۇتەئەسسىپلىكنى ياقلىدى. ھۆكۈمەت جونسون ھۆكۈمىتىنىڭ نامراتلىققا جەڭ ئېلان قىلىش ۋەزىيىتىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇراپ، بۇ ئىشقا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلانى بىكار قىلىپ، كۆپ قىسىم كەسپىي قوشۇن مەشىق مەركەزلىرىنى تاقىدى. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالىغۇدەك بىرەر تەكلىپ لايىھەسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنىڭ بىرقەدەر مۇھىملىرى 1972 ـ يىلىدىن تارتىپ سايلام ھوقۇقى يېشىنى 18 ياشقا تۆۋەنلىتىش تەكلىپ لايىھەسى، ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى لايىھەسى ۋە قوشما ئىشتات تاشيول ياساشقا ياردەم بېرىش قانۇن لايىھەسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

نىكسون ھۆكۈمىتى ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلىگە دۇچ كەلدى. 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دۆلەت مەجلىسى ئىقتىسادنى

مۇقىملاشتۇرۇش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، پىرىزىدېنتقا ھەرىكەت قوللىنىپ، مال باھاسى، ئۆي ئىجارە ھەققى ۋە مائاشنى مۇقىملاشتۇرۇش ھوقۇقى بەردى. نىكسون دەسلەپتە ئىقتىسادقا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرغانىدى، بىراق بىر يىلدىن كېيىن ئۇ «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت» نى يۈرگۈزىدىغانلىقى، ئىشسىزلىق، پۇل پاخاللىقى ۋە دوللار كىرىزىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسىلىنى مەمۇرىي كۈچتىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1971 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نىكسون مال باھاسى ۋە مائاشنى 90 كۈن توڭلىتىشنى جاكارلىدى. بۇ بەلگىلىمىنىڭ پايدىسىنى بايلار كۆردى، چۈنكى مائاشنى توڭلاتماق ئاسان بولغىنى بىلەن مال باھاسىنى تىزگىنلەش قىيىن بولغانلىقتىن، كاپىتالىستلار ھەمىشە تاۋارنىڭ نامىنى يەڭگۈشلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، باھانى ئۆستۈرۈۋېرەتتى. 1971 - يىلى 11 - ئايدىن تارتىپ يېڭى سىياسەتنىڭ 2 - باسقۇچى باشلىنىپ، توڭلىتىش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ھۆكۈمەت مال باھاسى ۋە مائاشنىڭ ھەر يىلى 5.5% ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ پىلان بويىچە ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1973 - يىلى 1 - ئايدا ھۆكۈمەت مەجبۇرىي تىزگىنلەشنى بىكار قىلدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا پۇل پاخاللىقى يەنە ئەۋجگە چىقتى. ھۆكۈمەت 1973 - يىلى 6 - ئايدا يەنە بىر قېتىم 60 كۈن توڭلىتىشنى جاكارلىدى. 1974 - يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت ئاندىن مال باھاسى ۋە مائاشقا مەمۇرىي جەھەتتىن قول تىقىشنى توختاتتى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتتە يەنە دوللار كىرىزىسىنى يېڭىش تەدبىرلىرىگە ئائىت مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى. 70 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئالتۇن زاپىسى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 25 مىليارد دوللاردىن 10 مىليارد 500 مىليون دوللارغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، بۇ

چاغدا چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىدىكى دوللار 50 مىلياردقا يېتىپ، ئامېرىكىنىڭ بارلىق ئالتۇن زاپىسىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، نىكسون ھۆكۈمىتى 1971 ــ يىلى 8 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى چەت ئەل مەركىزىي بانكىلىرىنىڭ دوللار ئارقىلىق ئامېرىكىدىن ئالتۇن ئايرىۋاشلىشىنى توختاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمپورت تاۋارلىرىدىن 10% قوشۇمچە باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. غەرب ئەللىرى ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئامېرىكا تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلدى، دەپ ھېسابلىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ياپونىيە، كانادا، ئىتالىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيەلەردىن تەشكىل تاپقان «ئون دۆلەت گۇرۇھى» نىڭ مالىيە مىنىستىرلىرى 9 ــ ئايدىن 12 ــ ئايغىچە تۆت قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مۇرەسسە پىلانى ئۈستىدە كېڭەشتى. ئاخىردا ئامېرىكا يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيان ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ئالتۇن ئايرىۋاشلاش نىسبىتىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. دوللارنىڭ قىممىتى 8.57% چۈشۈپ، بىر ئۇنسىيە ئالتۇننىڭ قىممىتى 35 دوللاردىن 38 دوللارغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي گېرمانىيە ماركى بىلەن ياپونىيە يېنىنىڭ قىممىتى 13% ۋە 17% ئۆستى. نىكسون يەنە 10% لىك قوشۇمچە باجنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. 1973 ــ يىلى يەنە بىر قېتىم دوللار كرىزىسى پارتلىدى. 2 ــ ئايدا نىكسون ھۆكۈمىتى دوللارنىڭ قىممىتىنى يەنە 10% چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ئۇنسىيە ئالتۇن 42.22 دوللارغا ئۆستى.

1972 ــ يىلى ئامېرىكىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك پرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. نىكسون 50 ئىشتاتنىڭ 49 دا غەلىبىگە ئېرىشىپ، 61.3% سايلام بېلىتىگە ئىگە بولدى. نىكسون سايلىغۇچىلارنىڭ 521 بېلىتىگە، دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان گوۋېرن 17 بېلەتكە ئېرىشتى. نىكسون بۇ ئىشتىن

ناھايىتى كۆرەڭلەپ، ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلالايدىغان بولدۇم دەپ ھېسابلىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى.

1973 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا بالتىمور يەرلىك تەپتىش ئەمەلدار ئىشخانىسى مۇئاۋىن پىرېزىدېنت ئاگنېۋنىڭ پارا ئېلىش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، باج ئوغرىلاش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى بايقىدى. ئاگنېۋ جېنىنىڭ بارچە ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، بىراق دەلىل ـ ئىسپات تولۇق بولغانلىقتىن توسۇپ قالالماي، 1973 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئاۋام پالاتاسى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى كېڭەش كومىتېتىنىڭ رەئىسى فورد مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولدى.

«ۋاتېرگېيت ۋەقەسى» نىڭ يۈز بېرىشى نىكسونغا تېخىمۇ چوڭ زەربە بولدى. 1971 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىلا ساقچىلار دېموكراتلار پارتىيەسى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ۋاتېرگېيت ئىش باشقارمىسىدا ئىشىك تۇتقۇچىغا ئېلېكترونلۇق مەخپىي تىڭشىغۇچ ئورنىتىلغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئىشقا دەسلەپتە كىشىلەر ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. كېيىن ئۇ نەرسىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پىرېزىدېنتنى يېڭىباشتىن سايلاش كومىتېتى ئادەم ئەۋەتىپ ئورناتقانلىقى ئېنىقلاندى. 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەكشۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاقسارايغا چېتىلىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. نىكسون بۇ ئىشنى يوشۇرىمەن دەپ، زىددىيەتنى كۆپەيتىۋەتتى. نىكسوننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەر بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ياردەمچىسى خالدېمان، ئېرلىچمان ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى كرانىېست بۇ ئىش بىلەن چېتىشلىق بولغانلىقتىن ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 1974 ـ يىلى سوت مەھكىمىسى نىكسوننىڭ ۋاتېرگېيت ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى 6 ـ كۈنى

ياردەمچىسىگە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنى بىر قېتىملىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى ھەرىكىتى پەيدا قىلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، ۋاتېرگېيت ۋەقەسىنى ياپماقچى بولغانلىقى ھەمدە قوشما ئىشتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماسلىق توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەنلىكىنى ئېنىقلىدى. بۇ دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى ئىدى. سوت مەھكىمىسى نىكسوندىن بۇ ئىشنى دەلىللەش ئۈچۈن ئاقسارايدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق نىكسون تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقتىن جامائەتچىلىكنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى باش سودىيە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ بىردەك ھالدا نىكسوندىن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدلىيە كومىتېتى ئاۋام پالاتاسىغا پىرېزىدېنتنى ئەيىبلەيدىغان ئۈچ ماددا، يەنى پىرېزىدېنت ئەدلىيە خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلاندى، كومىتېتنىڭ چاقىرىق ئالاقىسىگە پەرۋا قىلمىدى، دەپ ئەيىبلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ ماددىنى سۈنۇشنى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىدى. نىكسون بۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قالغاچقا، 1974 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن رەسمىي ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا فورد پىرېزىدېنت بولدى. نېلسون روكېفېللېر مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولدى. ئەمما، بۇ پىرېزىدېنت، مۇئاۋىن پىرېزىدېنتنى خەلق سايلىغان ئەمەس، بۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

گېرالد فورد 1913 ـ يىلى نېبراسكا ئىشتاتىدا تۇغۇلغان. يالې ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئادۋوكاتلىق قىلغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دېڭىز ئارمىيەسىدە مايور بولغان. 1949 ـ يىلدىن تارتىپ ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى

بولغان. 1965 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ داھىيسى بولغان.

فورد مۇتەئەسسىپچىلەردىن. ئۇ 70 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس ئالدىدا كونىلارنىڭ قىلغىنىنى دوراشتىن باشقا كارغا كەلگۈدەك بىرەر ئامال تاپالمىدى. ئۇ مال باھاسى ۋە مائاشنى تىزگىنلەشتىن بىزار بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئازراق قول تىقىشىنى تەشەببۇس قىلدى. فورد ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، دۆلەت مەجلىسى ئانچە مۇھىم ھېسابلانمايدىغان بەزى قانۇن لايىھەلىرىنىلا ماقۇللىدى، مەسىلەن، مەكتەپلەرگە مەبلەغ ياردەم قىلىش قانۇن لايىھەسىدە، 25 مىليارد دوللار ئاجرىتىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىش قارار قىلىندى؛ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى قانۇنىدا 8 مىليارد دوللار ئاجرىتىپ، ئۆي سېلىشقا ۋە ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئۆي ئىجارە ھەققىنى تۆلىشىگە ياردەم بېرىش قارار قىلىندى؛ 1975 ـ يىلى ئىندىيانلارنىڭ ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشى قارار قىلىنىپ، ئىندىيانلارنىڭ ئىشلىرى پايتەختتىكى ئىندىيان ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ھەرقايسى جايلاردىكى قەبىلىلەر كېڭىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

كات ھۆكۈمىتى 1976 ـ يىلى ئامېرىكىدا پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. فورد ئاران دېگەندە رىگان ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. فورد ئوتتۇرىغا قويغان سايلام رىقابىتى پىروگراممىسى يەنىلا كونا مۇقامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دېموكراتلار پارتىيەسىنى قالايمىقان پۇل خەجلىدى، قارىغۇلارچە تىزگىنلىدى دەپ ئەيىبلەپ، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، باج ـ سېلىقنى كېمەيتىش، كارخانىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قوللاشنى تەشەببۇس قىلدى. دېموكراتلار پارتىيەسى كاتنى پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. كات يېقىنقى زاماندىكى «ئازابلىق دەۋر» نىڭ ئورنىغا «خاتىرجەملىك

دەۋر» نى دەسستىشكە چاقىرىق قىلدى. ئاخىردا كات 51% ئاۋازغا ئېرىشىپ، 48% ئاۋازغا ئېرىشكەن فورد ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، 39 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. بۇ 1932 ـ يىلى خوئوۋېر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن بۇيان ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پىرېزىدېنتنىڭ تۇنجى قېتىم سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولۇشى ئىدى.

كىچىك جامېس كات 1924 ـ يىلى گېئورگىيە ئىشتاتىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇغۇلغان. ئۇ زاخارى تايلور (1849 ـ يىلىدىن 1850 ـ يىلىغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن) دىن بۇيان تۇنجى بولۇپ ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن كەلگەن پىرېزىدېنت، ئۇ كۆپ سانلىق نېگىرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. كات يەرلىك داھىي بولۇپ، 1971 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە گېئورگىيە ئىشتاتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئاقسارايىنىڭ غوجىسىغا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى مەملىكەت خاراكتېرلىك سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ باقمىغانىدى.

كات تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە پۇلنىڭ پاخاللىشىشى ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئاشماسلىقىدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقتى. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئېنېرگىيە مەسىلىسى ئىدى. 1977 ـ يىلى ئامېرىكا ئىشلىتىدىغان نېفىتنىڭ يېرىمىنى چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلاتتى. شۇغىنىسى خەلقئارادا نېفىتنىڭ باھاسى توختىماي ئۆرلەپ تۇرغانلىقتىن، ئامېرىكا نېفىت ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇل بىرقانچە يىل ئىچىدىلا 3 ـ 4 ھەسسە ئاشتى. 1973 ـ يىلى نېفىت ئىمپورت قىلىشقا خەجلىگەن پۇل 8 مىليارد 400 مىليون دوللار ئىدى، 1977 ـ يىلى 40 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ئامېرىكىغا نىسبەتەن چوڭ ئىقتىسادىي يۈك بولۇپ قالدى. كات ھۆكۈمىتى يادرو، كۆمۈر قاتارلىق باشقا ئېنېرگىيەلەردىن پايدىلىنىپ، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىستېمالىنى ئازايتماقچى بولدى. بۇ ئىش ئۈچۈن دۆلەت

ئېنېرگىيە قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نېفىت ئىستېمالىغا چەك قويۇپ، نېفىت ئېچىشتىن ئېلىنىدىغان قۇدۇق بېجىنى كۆپەيتتى. دۆلەت مەجلىسىدە مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى قانۇن لايىھەسىنىڭ قىر - گىرۋەكلىرى سىيىلاندى. 1978 - يىلى 10 - ئايدا ماقۇللانغان ئېنېرگىيە قانۇنىنىڭ ئېنېرگىيە ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ئانچە پايدىسى بولمىدى. 1979 - يىلى 3 - ئايدا پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدىكى ئۈچ مىل ئارىلىغا قۇرۇلغان يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا رادىياكتىپ ماددا ئېقىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. كىشىلەر يادرو ئېنېرگىيەسىگە زىيادە تايىنىۋېلىشتىن گۇمان قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېنېرگىيە مەسىلىسى كاتېر ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

يەنە بىر مەسىلە ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ئىدى. ئىشسىزلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت 1977 - يىلى يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا 6 مىليارد دوللار ئاجراتتى، 7 مىليارد 900 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانىلارنىڭ كۆپرەك ئىشچى ياللاپ ئىشلىتىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى كېمەيتتى. ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىرلىرى مۇئەييەن ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، 1976 - يىلى ئىشسىزلىق نىسبىتى 8% ئىدى، 1979 - يىلى 6.4% كە چۈشتى، 1978 - يىلىغا كەلگەندە 6% تىن تۆۋەن بولدى.

پۇل پاخاللىقى مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. 1977 - يىلى پۇل پاخاللىق نىسبىتى 7% ئىدى، 1978 - يىلى 9.6% كە ئۆرلىدى. دوللارنىڭ قىممىتى ئۆزلۈكسىز چۈشتى. 1979 - يىلى 7 - ئايدا ھەر ئۇنسىيە ئالتۇننىڭ باھاسى 300 دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. كاتېر ھۆكۈمىتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، دىسكونت نىسبىتىنى 9.5% كە ئۆستۈرۈپ، يېڭى رېكورت

www.uyghurkitap.com

ياراتتى؛ دوللارنى يىغىۋېلىپ، پۇل ئوبوروت مىقدارىنى ئازايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىششى ئامېرىكىنى بىر مەيدان پۇل مۇئامىلە ئەنسىزلىكىدىن ساقلاپ قالدى. 1979 ـ يىلى خەلقئارادا نېفىت باھاسى يەنە بىر قېتىم شىددەت بىلەن ئۆسۈپ، 1980 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇست ـ ئۇستىلەپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولالمىغان ئامېرىكا ئىقتىسادىنى ئاخىر كرىزىسقا سۆرەپ كىردى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا 1979 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پاناما قانىلى شەرتنامىسى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى. ئامېرىكا 2000 ـ يىلى قانالنى باشقۇرۇش ۋە مۇداپىئە ھوقۇقىنى پاناما ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تاپشۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. بىراق، ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى. 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھۆمەينى ھاكىمىيىتى ئامېرىكىنىڭ ئىراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى 52 خادىمنى تۇتقۇن قىلىۋېلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن سابىق پادىشاھ پەھلەۋىنى ئىرانغا قايتۇرۇپ كېلىپ سوراق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا ئىراننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىران بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئۈزدى. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئامېرىكا ھەربىيلەرنى ئايروپىلان بىلەن بېرىپ تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى. بىراق، ئۇلار قۇم ـ بورانىنىڭ زەربىسىدە ئىلاجسىز قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ئىران بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. بىراق، 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كارتېر تەختتىن چۈشكەندىلا، ئاندىن ئامېرىكىلىق تۇتقۇنلار قويۇپ بېرىلدى. ئامېرىكا بىلەن ئىراننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ياماناشقان پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى 1979 ـ يىلى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلدى. ئامېرىكا جازالاش تەدبىرى

قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشلىق ئىمبارگوسى يۈرگۈزدى، بىراق بۇنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى. كارتېر «كوممۇنىزمغا يۇمشاق قوللۇق قىلدى» دەپ ئەيىبلەندى.

رېگان ھۆكۈمىتى 1980 ـ يىلى كات دېموكراتلار پارتىيەسى تەرىپىدىن پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۇدا ئۆتەشكە كۆرسىتىلدى. بىراق، بۇ چاغدا ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشى ۋە تۇتقۇنلار مەسىلىسى ئۇزاققىچە ھەل بولماسلىق تۈپەيلىدىن، كاتىنىڭ ئوبرازىغا زىيان يېتىپ، ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى رېگاننى پىرېزىدېنتلىق نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. سايلام نەتىجىسىدە رېگان سايلىغۇچىلارنىڭ 489 پارچە بېلەتتىگە ئېرىشىپ، 40 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنت بولدى. كات ئاران سايلىغۇچىلارنىڭ 49 پارچە بېلەتىگە ئېرىشتى. بۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پىرېزىدېنتقا نىسبەتەن كەم ئۇچرايدىغان ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت بولدى.

رونالد رېگان 1911 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىللىنوئىس ئىشتاتىدىكى بىر ئاياغ كىيىم سودىگىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1932 ـ يىلى ئېۋرېكا ئىنىستىتۇتىنىڭ سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) باكلاۋىرلىقى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 26 يىللىق ئارتىسلىق ھاياتىدا 53 كىنودا رول ئالغان. 1966 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ باشلىقى بولغان. رېگان 1968 ـ يىلى ۋە 1976 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پىرېزىدېنتلىق نامزاتىغا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق نىكسون ۋە فوردقا ئۇتتۇرۇپ قويغان.

رېگان 1980 ـ يىلىدىكى سايلام رىقابىتىدە غەلىبە قىلدى، بۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ تەسىرىنىڭ ئاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى لىبېراللىستلار روزۋېلت زامانىدىن باشلاپلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مالىيە چىقىمىنى ئاشۇرۇپ، پاراۋانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتتى. جونسون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مەزگىلدە

ئۇلارنىڭ پائالىيىتى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بىراق، 70 ـ يىللاردا ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەرگەنلىكى، پۇل پاخاللاشقانلىقى ھەم ئىستېمال تەلىپى ئاشمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، لىبېرالىزمنىڭ تەسىرى تۆۋەنلىدى.

رېگان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چاغدا، ئامېرىكا ئىقتىسادىي كرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى. شۇڭا، رېگان 1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈپ، چەت ئەللەرنىڭ ئالدىدا دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى قايتا تىكلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. رېگان مېندېلنىڭ تەمىنلەش ئىلمىي ئېقىمى نەزەرىيەسىنى قوللىنىپ، كرىزىس، پۇل پاخاللىقى ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئاشماسلىقىنى تۈگىتىشتە كېينىسنىڭ ئېھتىياجنى تەڭشەشنى تەمىنلەشنى تەڭشەشكە بۇراش، يەنى ئىستېمال دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى باجنى كېمەيتىشكە بۇراش، مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ قارىدى. رېگان ھۆكۈمىتى 1983 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا باجنى ئۇدا 23% كېمەيتىپ، خۇسۇسىيلار ۋە كارخانىلار تاپاۋەت بېجىنى 350 مىليارد دوللار ئازايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئىقتىسادىدا بازاردىكى سېتىۋېلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئۇزاقىچە ئاشماي كەلگەن خۇسۇسىيلار ئىستېمال چىقىمى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە ئاشتى. 1983 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سودىدىكى پارچە سېتىش سوممىسى 9.3% ئاشتى، 1984 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنىمۇ ئۆرلەپ 13.6% كە يەتتى. 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رېگان يەنە باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسىگە ئىمزا قويۇپ، باج قائىدىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، خۇسۇسىيلار تاپاۋەت بېجىنى 15 خىلدىن ئىككى خىلغا، باج نىسبىتىنى ئەسلىدىكى 11% ـ 50% تىن ھازىرقى 15% ۋە 28% كە ئازايتتى. بۇلاردىن سىرت، مەلۇم تۈردىكى خۇسۇسىيلار ياكى شىركەتلەرگە قارىتىلغان باج

كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارىنى ئازايتتى ياكى چىقاردى. رېگان يەنە پۇلچىلىق تەشەببۇسىنى قوللاپ، پۇل تارقىتىش مىقدارىنى زور كۈچ بىلەن تىزگىنلەپ، پۇلنى قىستى. 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە پۇل پاخاللىق نىسبىتى پەقەت 2.2% بولدى.

رېگان ھۆكۈمىتى يەنە يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىنى ئازايتىشنى قارار قىلدى. كارخانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە، ئۆتمۈشتە ھۆكۈمەت پۇقرالار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى چوڭ كارخانىلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن كارخانىلارنى باشقۇراتتى ۋە تىزگىنلەيتتى. بىراق، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە زىيادە باشقۇرۇش تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتتى. بۇلاردىن سىرت، يۇقىرى تېخنىكا ۋە مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى خادىم سانى 100 گە يەتمەيدىغان ئۇششاق كارخانىلار ياراتتى. ھۆكۈمەت ئۇششاق كارخانىلارنى يۆلىگىنى بىلەن ئۇششاق كارخانىلار ھۆكۈمەتنىڭ زىيادە باشقۇرۇشىغا ماسلىشالمايتتى. شۇڭا، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى بىكار قىلىپ، ئۇششاق كارخانىلارنى بازاردا تېخىمۇ ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە، 30 ـ يىللاردا ھۆكۈمەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلللكەشكە ياردەم قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كاپىتالىستلار بىلەن سۆھبەتلىشىش كۈچىنى ئاشۇردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ئىشچىلار ئۇيۇشما بيۇروكراتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي، مائاش ئۆستۈرۈشنىلا تەلەپ قىلدى. شۇڭا، كىشىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا چەك قويۇشقا مايىل ئىدى.

www.uyghurkitap.com

رېگان ھۆكۈمىتى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قورغىغان ئايرودۇرۇم مۇنار خىزمەتچىلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تارقىتىۋەتتى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتە، ئوتتۇرىدا نامراتلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرقاتار قانۇنلار چىقىرىلغانىدى. ئەمما، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىدە نۇرغۇن نۇقسانلار مەۋجۇت ئىدى. 65 ياشتىن ئاشقان پېنسىيەگە چىققان ئىشچىلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسى، داۋالىنىش ياردەم سوممىسى قاتارلىق كىرىملىرىنى قوشقاندا، پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى كىرىمىدىن كۆپ ئىدى. دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتى چىقىمى 80 ـ يىللاردا 200 مىليارد دوللارغا يەتتى. ھۆكۈمەت زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنى كېمەيتىش مەقسىتىدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىمىنى ئازايتىش، ھۆكۈمەتنىڭ باشقا جەھەتتىكى چىقىملىرىنى ئازايتىشنى قارار قىلدى.

رېگاننىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مۇئەييەن ئۈنۈم بەردى. ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسىدا كىرىزىستىن ئالدى بىلەن قۇتۇلدى. 1984 ـ يىلى پۇل پاخاللىق نىسبىتى ۋە ئىشسىزلىق نىسبىتى تەڭلا تۆۋەنلىدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 6.9% كە يېتىپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، ئامېرىكا ۋېيېتنام ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن بېرى، زومىگەرلىك ئورنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر خىرىسىغا ئۇچراپ، خەلقئارادىكى ئىناۋىتى سەل تۆۋەنلىدى. رېگان ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن «ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلەش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا كونسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى

كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى. 1981 ـ يىلى ھەربىي خىراجەت 156 مىليارد 700 مىليون دوللار ئىدى، 1985 ـ يىلى تېزلىكتە ئېشىپ 264 مىليارد 400 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئېشىش سۈرئىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغانسېرى قاتتىق پوزىتسىيەدە بولدى. 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا يەنە قوشۇن چىقىرىپ گرېناداغا تاجاۋۇز قىلىپ، شۇ جايدىكى قانۇنلۇق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتتى. رېگان ئامېرىكا گېزىتلىرىدە «قابىل پىرېزىدېنت» دەپ تەرىپلەندى.

1984 ـ يىلى يېڭى بىر نۆۋەتلىك پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى موندال سايلام رىقابىتىدە رېگاننى ئەيىبلەپ، «تۇرمۇشىمىز ئىلگىرىكىدىن ياخشىلانغان بولسىمۇ، بىراق ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئالەمگىچە كېڭىيىپ كەتتى، ئەجەبا، ئەۋلادلارغا قىزىل رەقەم قالدۇرىدىغان گەپمۇ؟» دېدى. موندال يەنە سىياسىي ساھەنىڭ 200 يىللىق ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى فېررارو خانىمنى مۇئاۋىن پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. بىراق، رېگان يەنىلا سايلىغۇچىلارنىڭ 518 پارچە بېلەتكە ئېرىشىپ، 20 پارچە بېلەتكە قارشى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبىگە ئېرىشتى.

رېگان 2 ـ قارار ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئامېرىكا ئىقتىسادى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1983 ـ يىلىدىكى 14 مىڭ 110 دوللاردىن 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە 19 مىڭ 766 دوللارغا يەتتى. بىراق، مەسىلە يەنىلا كۆپ ئىدى. مالىيە قىزىل رەقىمى 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى سەل تۆۋەنلىگەندى، ئەمما 1985 ـ، 1986 ـ يىللىرى يەنە يۇقىرىلاپ 200 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى، 1987 ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىلى يەنە تەخمىنەن 150 مىليارد دوللاردىن تۆۋەنلىدى. قوشما

ئىشتاتنىڭ قەرزى سىجىل ئېشىپ، 1988 ـ يىلى 2 تىرىللىيون 400 مىليارد دوللارغا يەتتى. تاشقى سودىدا ئۇدا پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى. تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە رېگان پىلانپەرەسلەرنىڭ ئارا ئۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاتتىق خىرىس قىلدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، گورباچېف بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئۈستىدە ئىزدەندى.

1988 ـ يىلى ئامېرىكىدا پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. جورجى بۇش سايلىغۇچىلارنىڭ 102 پارچە بېلىتىگە قارشى 426 بېلەتكە ئېرىشىشتەك ئۈستۈنلۈك بىلەن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پىرېزىدېنت نامزاتى دۇكاكىسنى يېڭىپ، ئامېرىكىنىڭ 41 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتى بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇش 1836 ـ يىلىدىن بۇيان ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مۇئاۋىن پىرېزىدېنتلىقتىن پىرېزىدېنتلىق سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تۇنجى پىرېزىدېنت بولۇپ قالدى، يەنە كېلىپ شۇ تۈپەيلىدىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ئۇدا ئۈچ نۆۋەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بۇش رېگان ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن پىرېزىدېنت بولغاچقا، ئۇنىڭ سايلام رىقابىتىدە غەلىبە قىلىشىدا يەنە نۇرغۇن سەۋەب بار، بۇ سەۋەبلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە پايدىلىق بولۇشى ئەڭ تۈپ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. رېگان ھۆكۈمىتى سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنى ئىقتىسادى تۇرغۇنلۇق ۋە پۇل پاخاللىقىدىن ئىبارەت قوشلاپ كەلگەن «پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئىگىلىكنىڭ توختاپ قېلىشى» دەك مۇشكۈلاتتىن ئاساسەن قۇتۇلدۇردى، رېگاننىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا ئامېرىكا ئىقتىسادىي سىجىل ئالتە يىل ئېشىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تىنچلىق مەزگىلىدە ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر ئۇزاققىچە داۋاملاشقان بىر

مەزگىل بولۇپ قالدى. پۇل پاخاللىقى 1980 - يىلىدىكى 13.5% تىن 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 4.6% كە تۆۋەنلىدى. ئىشسىزلىق نىسبىتى 5.3% كە تۆۋەنلەپ، 14 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشتى. ئامېرىكا سايلىغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېلەت تاشلايدۇ، يەنە كېلىپ رېگان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىرىمى ئاشتى، بۇ بۇشنىڭ سايلام رىقابىتىگە ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەككىزىنچى باب

# 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە ئارىلىقتىكى غەربىي ياۋروپا ئەللىرى

## 1 ـ بۆلۈم فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى، فېدېراتىپ گېرمانىيەلىكلەر بۇ مەزگىلنى «ئالتۇن 50 ـ يىللار» دەپ ئاتىدى. 1958 ـ يىلى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولۇشتىن ئىلگىرى، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. 1952 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 7.6% ئېشىپ، شۇ دەۋردىكى ئامېرىكىنىڭ 2.2% لىك ئېشىش نىسبىتىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى 6.4% تىن 1.7% كە تۆۋەنلىدى، شۇڭا ئەمگەك بازىرىدا ئاساسەن ئەمگەك كۈچى تاپقىلى بولمايتتى. ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى غەربىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى بىلەن

كۆنسايىن بىر دەكلىشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5% كە چۈشۈپ قالدى. بۇ مەزگىلدە چەت ئەللىك ئىشچىلار فېدېراتىپ گېرمانىيەگە كۆپلەپ ئېقىپ كىردى. 1955 ـ يىلى چەت ئەللىك ئىشچىلار ئاران 80 مىڭ ئادەم ئىدى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 2 مىليونغا كۆپىيىپ، ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان خادىملارنىڭ 1/10 ىنى ئىگىلىدى.

بۇ چاغدا، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىدا ئىككى قېتىم كىرىزىس يۈز بەردى. بىر قېتىملىقى 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، يەنە بىر قېتىملىقى 1958 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە يۈز بېرىپ، مەھسۇلات قىممىتى ئايرىم ـ ئايرىم 2.6% ۋە 3.1% تۆۋەنلىدى. كىرىزىسنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى قىسقا، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەش دائىرىسى كىچىك بولغاچقا، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنىمۇ ئانچە تارتىپ كەتمىدى. ئەكسىچە، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىنتايىن تارتتى. ئۇنىڭ مىللىي دارامىتى 1950 ـ يىلى ئاران 23 مىليارد 300 مىليون دوللار ئىدى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 166 مىليارد 800 مىليون دوللارغا ئۆرلەپ، 20 يىلدا ئالتە ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1955 ـ يىلى ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەردىن ئېشىپ، يېڭىباشتىن كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى 2 ـ چوڭ سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. بۇ ئورۇننى 20 يىلغا يېقىن ساقلاپ، 70 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ياپونىيە تەدرىجىي ئېشىپ كەتكەچكە، 3 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى نوپۇس بويىچە ئوتتۇرىچىلاشتۇرۇپ ھېسابلىغاندا، فېدېراتىپ گېرمانىيە فىرانسىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيەلەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ مۇھىم سانائەت

مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى. 1950 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا، پولات مەھسۇلات مىقدارى 12 مىليون توننىدىن 45 مىليون تونىنىغا، توك چىقىرىش مىقدارى 44 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەتتىن 242 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەتكە، ئاپتوموبىل مەھسۇلات مىقدارى 300 مىڭ دانىدىن 3 مىليون 840 مىڭ دانىگە، سىنتېتىك تالانىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1000 توننىدىن 497 مىڭ توننىغا كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكىمۇ خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. دانلىق زىرائەت ھوسۇلى 1950 ـ يىلىدىكى 10 مىليون 200 مىڭ توننىدىن 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 17 مىليون 290 مىڭ توننىغا كۆپەيدى. بىراق، يېزا ئىگىلىكى يەنىلا فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىدىكى ئاجىز نۇقتا بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1950 ـ يىلى ئىمپورت، ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسى ئاران 4 مىليارد 600 مىليون دوللار ئىدى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىددەت بىلەن ئېشىپ، 64 مىليارد 600 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ تاشقى سودىسىدا 1952 ـ يىلىدىن تارتىپ يىلمۇيىل ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى. 50 ـ يىللاردا يىللىق ئوتتۇرىچە ئاكتىپ بالانس 2 مىليارد 200 مىليون مارك ئىدى، 60 ـ يىللاردا يىللىق ئوتتۇرىچە ئاكتىپ بالانس 8 مىليارد 700 مىليون ماركقا يەتتى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئالتۇن، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە، 12 مىليارد 440 مىليون دوللارغا يېتىپ، كاپىتالىزم دۇنياسى زاپىسىنىڭ 15.2% ىنى ئىگىلەپ، ئامېرىكىدىنمۇ ئېشىپ، دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇردى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە خەلقنىڭ تۇرمۇش

سەۋىيەسى ئۇزۇكسىز ئۆستى. تېلېۋىزور، ئاپتوماتىك كىر ئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى ۋە ئاپتوموبىل تەدرىجىي ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە كىرىپ كەلدى. ھەر مىڭ ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى پىكاپ سانى 1950 ـ يىلى 11 دانە ئىدى، 1970 ـ يىلى 236 دانىگە كۆپەيدى، ئادەتتىكى بىر ئىشچى 1970 ـ يىلى 20 ھەپتىلىك ئىش ھەققىگە ئەڭ ئەرزان بولغان ئاممىباب (ۋولكسۋاگىن) ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سېتىۋالالايتتى.

فېدېراتسىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب كۆپ تەرەپلەرگە باغلىق ئىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى گېرمانىيە تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت ئىدى، شۇبھىسىزكى، بۇ فېدېراتسىپ گېرمانىيەنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ:

بىرىنچى، ئىلىم ـ پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. فېدېراتسىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنى ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1950 ـ يىلى فېدېراتسىپ گېرمانىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 100 مىڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ ئاھالىنىڭ 21 ى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1971 ـ يىلى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ 410 مىڭغا يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئاھالە ئىچىدە 68 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار بولدى. فېدېراتسىپ گېرمانىيە يەنە مۇنتىزىم مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيەسىدىن سىرت، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن سىرتقى تەربىيەلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇمىغانلىرى ئۈچ يىل ئىچىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن دەم ئېلىش كۈنلىرى بىرىپ مۇنتىزىم دەرس ئوقۇيتتى. ھەر ھەپتىلىك ئوقۇش ۋاقتى 1 ـ 2

كۆن بولۇپ، ئوقۇشنى تاماملاپ ئىمتىھاندىن ئۆتسىلا، كەسپىي سالاھىيەتكە ئىگە بولاتتى. تەلىم ـ تەربىيە نەتىجىسىدە فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ پەن تەتقىقات ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى ئۈزۈكسىز كۆپىيىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ۋە تېخنىكا سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى.

فېدېراتىپ گېرمانىيە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. پاتېنت ۋە ئىجازەتنامە ئىمپورت قىلىش ئەڭ مۇھىم چارە بولۇپ قالدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1950 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ پاتېنت ۋە ئىجازەتنامە ئىمپورت قىلىش چىقىمى 22 مىليون ماركتىن 1 مىليارد 654 مىليون ماركقا كۆپىيىپ، 74 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى.

فېدېراتىپ گېرمانىيە دۆلەتنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا ۋە چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۈزۈكسىز ئۆستى. 1951 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يىلىغا ئوتتۇرىچە 4.5% ئېشىپ، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى، چەت ئەل كاپىتالىدىن پايدىلاندى. چەت ئەلدىن كاپىتال كىرگۈزۈش فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مونوپول كاپىتالى مارشال پىلانى نامى بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەگە كىردى. 50 ـ يىللاردىن بېرى ئامېرىكىنىڭ خۇسۇسىي كاپىتالى فېدېراتىپ گېرمانىيەگە كۆپلەپ كىردى. 1957 ـ يىلى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ فېدېراتىپ گېرمانىيەگە سالغان مەبلىغى 580 مىليون دوللارغا يەتتى،

1975 ـ يىلى كۆپىيىپ 8 مىليارد 730 مىليون دوللارغا يەتتى. چەت ئەل كاپىتالىنىڭ كىرىشى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ مونوپول كاپىتالى بىلەن چەت ئەل مونوپول كاپىتالى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، بىراق فېدېراتىپ گېرمانىيە كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغىنى كۆپەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، باج كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۇسكۇنە كىرگۈزۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىنى تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلەت ئىگىلىكىنى روياپقا چىقىرىش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىدىكى ئەڭ بىۋاسىتە شەكلى ئىدى. فېدېراتىپ گېرمانىيە بۇ جەھەتتە فىرانسىيە، ئىتالىيەگە يەتمەيتتى. ئۇ ئاساسلىقى، دۆلەت مەبلەغ سېلىش، پاي قوشۇش چارىسى ئارقىلىق پوچتا ـ تېلېگراف، قاتناش ـ تىرانسپورت ۋە ئېلېكتىر ـ ئېنېرگىيە قاتارلىق ئۇل ئىقتىسادىي تارماقلار ۋە ئېنېرگىيە سانائىتى تارماقلىرىنى تىزگىنلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە مەبلەغ سېلىنمىسى كۆپ، پايدىسى ئاز، خېيىم ـ خەتىرى چوڭ بەزى تارماقلار، مەسىلەن، ئاتوم ئېنېرگىيەسى، ئالەمگە ئۇچۇش ۋە باشقا ئۈتكۈر يەن تەتقىقات تۈرلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇردى.

فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى پەرمان، سىياسەت چىقىرىش يولى بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشىدى. مالىيە سىياسىتى جەھەتتە، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئامورتىزاتسىيەنى تېزلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جۇغلانمىنى ئاشۇردى. پۇل مۇئامىلە سىياسىتى جەھەتتە پۇل تارقىتىش ۋە كىرىدىتنى چەكلەش ئارقىلىق پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلىدى. تاشقى سودا سىياسىتى جەھەتتە، ئېكسپورتنى مۇكاپاتلاپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن بىردەك باج ئالماسلىقنى بەلگىلىدى. ئىجتىمائىي سىياسەت جەھەتتە، 1952 ـ

يىلى ماقۇللانغان كارخانا قانۇنىدا، 5 ـ 2000 كىچىك ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولغان زاۋۇتلاردا كارخانا كومىتېتى قۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى كارخانىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىشلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىشقا قاتناشتۇرۇش بەلگىلەندى. 1955 ـ يىلى مۇلازىمەت ساھەسى ئۈچۈن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر يىغىنى قانۇنى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ مەزمۇنى كارخانا قانۇنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ئىككى قانۇن ـ پەرماننىڭ ماقۇللىنىشى ئارقىسىدا، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاز ـ تولا پەسەيتىلدى. 60 ـ يىللاردا فېدېراتىپ گېرمانىيەدە ئىش تاشلاش كەمدىن ـ كەم كۆرۈلدى، ئىشقا ئورۇنلاشقان ھەر 100 خادىمنىڭ ئىش تاشلاش تۈپەيلىدىن، ئىش تاشلىغان ئەمگەك كۈنى يىلدا ئاران 23 كۈن بولۇپ، بۇنى ياپونىيەنىڭ 147 كۈن، ئەنگلىيەنىڭ 233 كۈن، ئىتالىيەنىڭ 1305 كۈنى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خېلىلا ئاز ئىدى.

1967 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فېدېراتىپ گېرمانىيە «ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» نى ماقۇللىدى. بۇ مۇقىملاشتۇرۇش قانۇنى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىقتىسادقا ئارىلىشىشنىڭ بۈيۈك خارتىيەسى دەپ ئاتالدى. ئۆتمۈشتە فېدېراتىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئاساسەن ئېرخارد ئوتتۇرىغا قويغان «ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى نەزەرىيەسى» بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىقتىسادقا كۆپ ئارىلاشمىغانىدى. 1966 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بېرىپ، 15 ئاي داۋاملاشتى. كىرىزىس مەزگىلىدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 7.6% تۆۋەنلەپ، ئىشسىزلارنىڭ سانى 670 مىڭغا يەتتى. كىرىزىسنىڭ تەسىرىدە ئىقتىساد مىنىستىرى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان شىللېر مۇقىملاشتۇرۇش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆتمۈشتە 11 ئىشتات ۋە 25 مىڭ شەھەر ـ بازار ھەر يىلى ئۆز ئالدىغا خامچوت

تۈزۈپ چىقاتتى، دۆلەت كۆپ يىللىق مالىيە پىلانى ۋە ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى تۈزۈشكە ئامالسىز ئىدى. يېڭى قانۇن ـ پەرماندا مالىيە ھوقۇقى مەركەزگە مەلۇم دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى بىرلىككە كەلگەن بەش يىللىق مالىيە پىلانى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىك جامائەت سېلىنمىسى پىروگراممىسى تۈزۈپ چىقالايدىغا بولدى. بۇلاردىن سىرت، دۆلەت فېدېراتسىيە بانكىسى ئارقىلىق ئىقتىسادنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تەييارلىق فوندى تۇرغۇزدى. بۇنداقتا ئېھتىياجغا قاراپ خامچوت مەبلىغى چىقىم قىلىشنى توختىتىشقا، پۇل قەرز بېرىشنى چەكلەشكە ياكى بانكىدىن قەرز ئېلىپ جامائەت چىقىمىنى ئاشۇرۇشقا بولاتتى. ھۆكۈمەت بۇ ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، 1968 ـ يىلى تۆت ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى ئىشقا ئاشۇردى، يەنى: باھا مۇقىم بولۇپ، يىللىق پۇل پاخاللىقى نىسبىتى%1 تىن ئاشمىدى؛ تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى %0.8 تىن ئاشۇرۇلمىدى؛ تاشقى ئىقتىساد تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ، ئېكسپورتتىكى ئاكتىپ بالانس مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن %1 ىنى ئىگىلىدى؛ ئىقتىساد مۇۋاپىق ئاشۇرۇلۇپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى %4 ئەتراپىدا ساقلاپ قېلىندى. مۇقىملاشتۇرۇش قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تۆت تۈرلۈك نىشان بىردەك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلدى.

**خرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى** 1949 ـ يىلى گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن خرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ داھىيسى كونراد ئادېناۋېر تاكى 1963 ـ يىلىغىچە ئۇدا تۆت نۆۋەت

ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولۇپ، «قاتتىق قول ئادەم» دەپ ئاتالدى.

1949 - يىلى تۇنجى قېتىم پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، مەملىكەت بويىچە 16 پارتىيە سايلامدا رىقابەتلەشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالتە كىچىك پارتىيە، ھەتتا بىر پارلامېنت ئەزاسلىق ئورنىغىمۇ ئېگە بولالمىدى. باشقا بەزى پارتىيەلەرمۇ ئاران بىرقانچىلا ئورۇنغا ئېرىشتى. پارتىيەلەرنىڭ بۇنچە كۆپلۈكى كىشىلەرنى سەسكەندۈرۈپ قويدى. 1953 - يىلى سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، 5% تىن ئارتۇق سايلام بېلىتىگە ئېرىشەلىگەن پارتىيەلەرنىڭلا فېدېراتسىيە پارلامېنتىغا كىرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۇششاق پارتىيەلەرنىڭ سىياسىي سەھنىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشى تەسكە چۈشكەنلىكتىن، تەدرىجىي تارقىلىپ كەتتى ياكى چوڭ پارتىيەلەر تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى. پارلامېنتتا تەدرىجىي خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى — خىرىستىيان دىنى سوتسىيالىستلار ئىتتىپاقى (ئومۇملاشتۇرۇپ ئىتتىپاق پارتىيەسى، دەپ ئاتالدى) بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى تىركىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئاز سانلىق ئورنىنى مۇقىم ساقلاپ قېلىپ، مەلۇم جەھەتتە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، زىددىيەتنى پەسەيتىش رولىنى ئوينىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە 1956 - يىلى 8 - ئايدا قانۇنسىز تەشكىلات قاتارىغا چىقىرىۋېتىلدى. 1968 - يىلىدىن كېيىن قانۇنلۇق پائالىيەت قىلىشىغا يول قويۇلدى، بىراق 5% سايلام بېلىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، پارلامېنتقا كىرەلمىدى. ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار 1964 - يىلى دۆلەت دېموكراتىك پارتىيەسىنى تەشكىللىدى. كىشىلەر ئۇنى يېڭى ناتسىستلار پارتىيەسى دەپ ئاتاشتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاۋاز بەرمىگەنلىكتىن ئوخشاشلا فېدېراتسىيە پارلامېنتىغا كىرەلمىدى.

1957 ـ يىلى فېدېراتسىپ گېرمانىيە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا ئادېناۋېر ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. بىر جەھەتتىن ئۇ دۆلەتنى ئۇرۇش خارابىلىكىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا «مۆجىزە» ياراتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، غەربنىڭ ئىشغالىيەت قانۇن ـ نىزاملىرىنى بىكار قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، فېدېراتسىپ گېرمانىيەنى يېڭىباشتىن تولۇق ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە قىلدى. فېدېراتسىپ گېرمانىيە يەنە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، غەرب بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادېناۋېر 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نەتىجىلىرىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ 1957 ـ يىلى سايلام رىقابىتىدە «تەجرىبە قىلماسلىق» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسلىدىكى يولنى بويلاپ مېڭىۋېرسەك بولىدۇ، دەپ قارىدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئوخشىمايدىغان سىياسىي پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش، سىياسىيدا بىر تەرەپلىكنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن، فېدېراتسىپ گېرمانىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىپ بىرلىككە كەلگەن، بىتەرەپ گېرمانىيە قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. سايلام نەتىجىسىدە، ئىتتىپاق پارتىيەسى غەلىبە قىلىپ، 50% تىن يۇقىرى سايلام بېلىتىگە ۋە ئورۇنغا ئېرىشتى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 1/3 ئورۇنغا ئېرىشتى.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئىلگىرىكى سايلام رىقابەتلىرىدە ئۇدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، پارتىيە ئىچىدە ئىسلاھات تەلەپ قىلىش سادالىرى بارغانسېرى زورايدى. 1959 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پارتىيە گودىسبېرگدا قۇرۇلتاي

چاقىرىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى پىروگراممىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. پارتىيەنىڭ يېڭى پىروگراممىسىدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى «خەلقنىڭ پارتىيەسى» دەپ بەلگىلەندى، پارتىيەنىڭ پىروگراممىسىدا ماركسىزم قايتا تىلغا ئېلىنماي، پارتىيە دېموكراتىك سوتسىيالىزمغا، خىرىستىيان دىنى نەزەرىيەسىگە، ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىخلاس قىلىدىغان «ئىدىيەسى ئەركىن» پارتىيە دېيىلدى. پارتىيەنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا توختالغاندا، پارتىيە پىروگراممىسىدا سىنىپىي كۈرەش تىلغا ئېلىنماي، «مەدەنىي، تىنچ» ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، «ھەممە ئادەمگە پۇرسەت ئوخشاش بولغان»، «ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان» جەمئىيەت قۇرۇش تەكىتلەندى. ئىقتىسادىي سىياسەت توغرىسىدا، پارتىيە پىروگراممىسىدا دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش تەكىتلەنمەي، خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداش، ئەركىن رىقابەتنى قوغداش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە، پارتىيە پىروگراممىسىدا غەربنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا قاتنىشىشنى ياقلايدىغانلىقى، ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى 242 ئورۇنغا ئېرىشىپ، كۆپ سانلىق بولۇشتەك ئورنىدىن مەھرۇم قالدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ كۈچى زورىيىپ، 190 ئورۇنغا ئېرىشتى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى 67 ئورۇنغا ئېرىشتى. ئادېناۋېر باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەپ، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق بىرلەشمە ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىستېپا بېرىپ تەختتىن چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. 1963 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك سايلام يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئادېناۋېر ئىلاجسىز ۋەزىپىسىدىن

ئىستىپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. سابىق ئىقتىساد مىنىستىرى لۇدۋىگ ئېرخارد باش مىنىستىر بولدى.

ئېرخارد خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىدا ئاز سانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن پروستانت رەھبەر بولۇپ، فېدېراتىپ گېرمانىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي مۆجىزىلەرنىڭ لايىھەلىگۈچىسى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنى ئادېناۋېر دەۋرىدىكى «پىرېزىدېنت دېموكراتىك تۈزۈمى» دىن ئەنئەنىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن ئىچكى كابىنېت تۈزۈمىگە ئايلاندۇردى. بىراق، ئۇ ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە سىياسىي ۋاستە جەھەتتە ئادېناۋېرغا يېتەلمىگەنلىكتىن، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېغىر گۇرۇھۋازلىق كۈرىشىنى توسۇشقا قۇربى يەتمىدى. 1966 ـ يىلى ئەتىيازدا فېدېراتىپ گېرمانىيەدە ئىقتىسادىي كىرىزىس كۆرۈلدى. ئىچكى كابىنېت باجنى زور كۆلەمدە ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، 1966 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىچكى كابىنېتتىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئېرخارد ئىچكى كابىنېتى غۇلاپ چۈشتى.

ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى، چۈنكى بۇنداق ئىچكى كابىنېت يېرىمدىن ئارتۇق ئاۋازنىڭ قوللىشىغا ئاران ئېرىشەلەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى پارتىيە ئىچىدىكى خېلى كۆپ سانلىقنىڭ قارشى پىكرىگە پەرۋا قىلماي، چوڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىدىن كىسىنگېرنى باش مىنىستىرلىققا، سوتسىيال

دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى برانتنى مۇئاۋىن مىنىستىر، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەش قارارىغا كەلدى.

كىسىنگېر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن شىللېر ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنۇمگە ئېرىشكەنلىكتىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1969 ـ يىلى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقى بىلەن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، ئايرىم ـ ئايرىم 242 ئورۇن ۋە 30 ئورۇننى ئىگىلىدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئورنى كۆپىيىپ، 224 ئورۇنغا ئېرىشتى. 10 ـ ئايدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بىرلىشىپ ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ 20 يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخىغا خاتىمە بەردى.

**سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ۋە ئىتتىپاق تۈزگەن پارتىيەلەرنىڭ يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى** 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن برانت فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن شېل مۇئاۋىن باش مىنىستىر، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولدى. بۇ 1930 ـ يىلى مۇللېر تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئىچكى كابىنېت تەشكىللىشى ئىدى.

برانتنىڭ ئەسلىي فامىلىسى فىررام بولۇپ، 1913 ـ يىلى لۇبېكتىكى ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930 ـ يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە قاتناشقان. ناتسىستلارغا قارشى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ئىلاجسىز شىمالىي

ياۋروپادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن غەربىي بېرلىننىڭ پالارمېنت باشلىقى ۋە شەھەر باشلىقى بولغان. 1964 ـ يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. برانت تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭى شەرق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە پولشا بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، كومپارتىيە ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ ياخشىلىدى. برانتنىڭ بۇ سىياسىتى دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئىتتىپاق تۈزگەن پارتىيەلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، 1972 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارلامېنتتا برانتقا نىسبەتەن ئىجابىي يوسۇندا ئىشەنمەسلىك ھەققىدە ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەردى ھەم خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بارزېلنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بۇ ئىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇردى. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پارلامېنتتا ئاۋاز بېرىلدى. ئىتتىپاق تۈزگەن پارتىيەلەر ئىككى ئاۋازنىڭ كەملىكىدىن مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى.

برانت ئۆزىنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنىنىڭ مۇقىم بولمايۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1972 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىشەنچ ئەھۋالىنى ئاۋازغا قويدى. ئۇ ئۆز پارتىيەسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشىنى كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمەت «پارلامېنتنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدى». برانت مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن پرېزىدېنت خېينېماندىن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يېڭىدىن پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 45% ئاۋازغا، ئىتتىپاق تۈزگەن پارتىيە 44.9%

ئاۋازغا ئېرىشىپ، ئىككى پارتىيەنىڭ كۈچى تەڭلىشىپ قالدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يېرىمدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئىگە بولدى.

1974 ـ، 1975 ـ يىللىرى فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 12.3% تۆۋەنلىدى، مال باھاسى 11.1% ئۆستى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشسىز ئاھالە 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. كرىزىس باشلانغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بىلەن لېيبورىستلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. 1974 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئومۇم ئىشلىرى لېيبورىستلار ئۇيۇشمىسى مائاشنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. برانت مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 10% تىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا پۇل پاخاللىقى كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق لېيبورىستلار ئۇيۇشمىسى بۇ گەپكە قۇلاق سالماي، ئۈچ كۈن ئىش تاشلىغاندىن كېيىن مائاشنى 11% ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە گۇئىللاۋمى ۋەقەسى يۈز بەردى. گۇئىللاۋمى 1955 ـ يىلى دېموكراتىك گېرمانىيەدىن فېدېراتىپ گېرمانىيەگە كۆچۈپ كەلگەن، 1973 ـ يىلى برانتنىڭ پارتىيە ئىشلىرى كاتىپى بولۇپ، برانتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. 1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گۇئىللاۋمى قولغا ئېلىنىپ، ئۆزىنىڭ دېموكراتىك گېرمانىيە جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. 5 ـ ئايدا برانتقا سىياسىي مەسئۇلىيەت ئارتىلىپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شمىت برانتنىڭ ئورنىغا چىقىپ باش مىنىستىر بولدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى گېنشېر مۇئاۋىن

باش مىنىستىر، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولدى. شمىت ئېمەلىيەتچىل شىمال (ھامبۇرگ) لىق بولۇپ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قابىل ئادەم ئىدى. ئۇ فېدېراتىپ گېرمانىيەگە رەھبەرلىك قىلىپ، فېدېراتىپ گېرمانىيەنى باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە قارىغاندا 70 ـ يىللاردىكى كىرىزىستىن تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدۇردى. تاشقى سودىدا يىلمۇيىل ئاكتىپ بالانس كۆرۈلۈپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى ۋە پۇل پاخاللىقى نىسبىتى تۆۋەنلىدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى ئۈزۈكسىز ئۆستى. 1980 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمىدا، شمىت ئۇدا ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىقىغا سايلاندى.

1980 ـ يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىقتىسادىي كىرىزىسقا پاتتى. 1981 ـ يىلى سانائەت 1.3% تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدا ئىشسىز قالغان ئىشچىلار 1 مىليون 700 مىڭغا يېتىپ، بارلىق ئىشچىلارنىڭ 7.3% ىنى ئىگىلىدى. مالىيەدە كاساتچىلىق كۆرۈلۈپ، 1981 ـ يىلىدىكى قىزىل رەقەم 39 مىليارد 800 مىليون ماركقا يەتتى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى دۆلەت ئارىلىشىش ۋاستىسىنى تېخىمۇ كۆپرەك قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى ۋە پۇل قەرز بېرىشىنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. مالىيە، كىرىم ـ چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى يۇقىرى كىرىملىكلەردىن قوشۇمچە باج ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىمىنى ئازايتىشنى، ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى ۋە داۋالاش خىراجىتىنى كېمەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1982 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىقتىساد مىنىستىرى، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن

چىقىقان رامۇسدۇرۇف «ئىقتىساد توغرىسىدا ئەسلەتمە»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشسىزلارغا بېرىلىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلىنى كېمەيتىش، ئۆي ئىجارە ياردەم پۇلىنى ئازايتىش، تۇغۇت مەزگىلىدىكى مائاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسى ئالىدىغانلار داۋالىنىش سۇغۇرتا پۇلىنى سوممىسى بويىچە تاپشۇرۇش، ۋاستىلىك باجنى بىۋاستە باج ئورنىغا دەسسىتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى بەردى. شىمىد بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياستىنى يولغا قويۇش هازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ قانۇنىي مىزانى دېدى. ئىچكى كابىنېتنىڭ ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان تۆت ئەزاسى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىزمىتىدىن بىراقلا ئىستېپا بەردى. هۆكۈمەت كىرىزىس پاتقىقىغا پاتتى. شىمىد برانتنىڭ ئۇسۇلىنى دوراپ، پارلامېنتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى باهانە قىلىپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىچكى كابىنېتنى قايتا تەشكىللەش خىيالىدا بولدى. بىراق، ئۆكتىچىلەر پارتىيەسى ئۇلاردىن چاققان كېلىپ، خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى كولنى يېڭى باش مىنىستىر نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پارلامېنتتا شىمىدقا ئىجابىي يوسۇندا ئىشەنمەسلىكنى ئاۋازغا قويدى. نەتىجىدە شىمىد 235 ئاۋازغا ئېرىشىپ، 256 ئاۋاز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئىلاجسىز هاكىمىيەت بېشىدىن چۈشتى. بۇ فېدېراتىپ گېرمانىيە تارىخىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان باش مىنىستىرنىڭ تۇنجى قېتىم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى ئىدى.

1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كول باش مىنىستىر بولدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى گېنشېر يەنىلا مۇئاۋىن باش مىنىستىر، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولدى. كول 1930 ـ يىلى لۇدۋىگس پورتىدا تۇغۇلغان، 1958 ـ



www.uyghurkitap.com

يىلى پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1973 ـ يىلى خىرىستىيان دىنى دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان. كولنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن 13 يىل ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغان ئىتتىپاق پارتىيەسى يېڭىباشتىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئىتتىپاق پارتىيەسى غەلىبە قىلىپ، 244 ئورۇنغا ئېرىشتى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 193 ئورۇنغا، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى 34 ئورۇنغا ئېرىشتى. بۇلاردىن سىرت، يېشىللار پارتىيەسى 27 ئورۇنغا ئېرىشتى. يېشىللار پارتىيەسى 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ئوتتۇرا، ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەر قاتارلىق ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەدىن بولغان 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار ئىدى. يېشىللار پارتىيەسى ئىچكى قىسمىدا مۇھىت ئاسراش ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، يادرو ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشقا، ئىقتىسادنى مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇردى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى؛ سىرتقا نىسبەتەن تىنچلىقپەرۋەرلىك، بىتەرەپ تۇرۇش سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. يېشىللار پارتىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ سىياسىيسىدىكى يېڭى شەيئى بولسىمۇ، بىراق ئۇ تېخى ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

كول تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خۇسۇسىيلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا ئىلھام بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن، مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى

تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمىنى قىسىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا چەك قويدى. كول ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىقتىسادىنى 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى كرىزىستىن تېزلا قۇتۇلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىپ، تەرەققىيات باسقۇچىغا بۇرالدى. 1986 ـ يىلىدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىللىيون 951 مىليارد ماركقا يېتىپ، 1985 ـ يىلىدىكىدىن 2.5% ئاشتى. 1986 ـ يىلىدىكى تاشقى سودا ئاكتىپ بالانسى كۆپىيىپ، 100 مىليارد ماركقا يەتتى.

1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فېدېراتىپ گېرمانىيە تارىخىدىكى ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، تۆلەنگەن بەدەل ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر قېتىملىق ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار ماجىراسى پارتلىدى. بادېن ـ ۋۈرتتېمبېرگ ئىشتاتىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق مېتال تاۋلاش ئىشچىسى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىش تاشلاپ، مائاشنى كېمەيتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ھەپتىدە 35 سائەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر كەسىپ، ھەر ساھەسىدىكى ئىشچىلار بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى. 6 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئىش تاشلاشقا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئارىلاشقانلارنىڭ سانى 400 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كاپىتالىستلار ئىشچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ھەم بىر قىسىم زاۋۇتلارنى تاقاپ ئىش تاشلىغۇچىلارغا بېسىم ئىشلەتتى. بىراق، ئىشچىلار ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر كاپىتالىستلارنى يول قويۇشقا قىستىدى. ئۇلار 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەپتىدە 35 سائەت ئىشلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ھەم مائاشنى 5.3% ئۆستۈرۈشكە قوشۇلدى.

كول ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسەتتە ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى تەكىتلەپ، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ «خەۋپسىزلىكى ئامېرىكىغا تايىنىپلا قوغدىلىدۇ»

دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق ئەمەلىيەتتە مۇناسىۋەتنى سەل سوۇسلاشتۇردى.

## 2 ـ بۆلۈم فىرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

**5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان فىرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئارقا ـ ئارقىدىن يەڭگۈشلىنىشتەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكى ۋە ئالجىرىيەگە قارىتىلغان ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، 50 ـ يىللاردا مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى. ئاخىر دېگولغا ھوقۇقنى تولۇق تاپشۇرۇپ، ئۇنى يېڭى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىشقا تەكلىپ قىلىش ھەم ئۇنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەيلا، خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە بىۋاسىتە سۇنۇشىغا قوشۇلۇشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دېگول ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن شۇ ھامان بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاشقا قويدى. 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، يەنى 2 ـ ئىمپېرىيە ئاغدۇرۇلغانلىقىنىڭ 88 يىللىق خاتىرە كۈنىدە، پىرېزىدېنت دېگول پارىژ جۇمھۇرىيەت مەيدانىدا ئېچىلغان يىغىندا فىرانسىيە خەلقىگە يېڭى بىر ئاساسىي قانۇننى سۇندى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بەردى. ھەرقايسى پارتىيەلەردىن پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە، رادىكال سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىكى مېندېس ـ فرانس گۇرۇھىلا قارشى تۇرغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېڭى ئاساسىي قانۇننى ياقلاپ ئاۋاز بەرگەنلەر 80% كە يەتتى.

www.uyghurkitap.com

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فىرانسىيە 5 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى.

يېڭى ئاساسىي قانۇندا، پارلامېنتنىڭ بىۋاسىتە سايلانغان خەلق پارلامېنتى ۋە ۋاسىتىلىك سايلانغان كېڭەش پالاتاسىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى بەلگىلەندى. پىرېزىدېنتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش 5 ـ جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. پىرېزىدېنت پارلامېنت ئەزاسى بولمايتتى، پارلامېنت تەرىپىدىن سايلانمايتتى، بەلكى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مەمۇرىي رايونلار، چەت ئەللەردىكى دومىنىئونلار ۋە يەرلىك پارلامېنت ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن سايلام ئۆمىكى تەرىپىدىن سايلىناتتى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى يەتتە يىل ئىدى. 1962 ـ يىلى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن پىرېزىدېنتنى ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىپ سايلاپ چىقىدىغانلىقى بەلگىلەندى. پىرېزىدېنت قائىدە ـ يوسۇن خاراكتېرىدىكى دۆلەت باشلىقى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۈچ خىل ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى ئىدى، ئادەتتىكى مەمۇرىي فۇنكسىيەلەرنى يۈرگۈزەتتى، كەڭ كۆلەملىك ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. پىرېزىدېنت پارلامېنتتىن ئۆزىنىڭ ئىمزالاپ ئېلان قىلىشىغا سۇنۇلغان پەرمانلارنى قايتىدىن ئوقۇپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلسا بولاتتى. باش مىنىستىر ۋە ئىككى پالاتا باشلىقلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن پارلامېنتنى تارقىتىۋەتسە بولاتتى. ئاساسىي قانۇننىڭ 16 ـ ماددىسىدا پىرېزىدېنتقا جىددىي ئەھۋالدا ئۆز ئالدىغا مۇستەبىتلەرچە تەدبىر قوللىنىش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. بىراق، پىرېزىدېنت پەۋقۇلئاددە ھوقۇق خەلق پارلامېنتىنى تارقىتىۋەتسە بولمايتتى.

يېڭى ئاساسىي قانۇندا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتى بىر ئارىلاشما گەۋدە بولۇپ، يېرىم پىرېزىدېنتلىق، يېرىم پارلامېنتلىق تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدا پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان باش مىنىستىرلىق ئورنى ساقلاپ

قىلىنغان بولۇپ، كۆندىلىك خىزمەتلەرگە باش مىنىستىر مەسئۇل بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى. بىراق، يېڭى ئاساسىي قانۇندا ھوقۇق مۇھىم نۇقتىسى 4 ـ جۇمھۇرىيەت ۋاقتىدىكى قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدىن مەمۇرىي تارماققا يۆتكەلگەنىدى، يەنە كېلىپ مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق ئاخىر بېرىپ باش مىنىستىرغا ئەمەس، بەلكى پىرېزىدېنتقا مەركەزلەشتى.

يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىن 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى قېتىملىق پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئالدىراپلا تەشكىللەنگەن دېگولچىلار يېڭى پارتىيەسى — يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقى ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، 206 ئورۇننى قولغا كەلتۈردى. پىنېت رەھبەرلىكىدىكى مۇستەقىللىق پارتىيەسى 2 ـ ئورۇندا تۇردى. باشقا پارتىيەلەر ئېرىشكەن ئورۇن ئومۇمىي ئورۇننىڭ 1/4 نى ئىگىلىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 47 ئورۇنغا، كوممۇنىستىك پارتىيە 10 ئورۇنغا ئېرىشتى.

1958 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، دېگول جۇمھۇرىيەت پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. ئۇ دېبرېنى باش مىنىستىرلىققا كۆرسەتتى. ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ مىنىستىرلىرى ئىچىدە دەسلەپتە يەنىلا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم سىياسەتچىلىرى ساقلاپ قېلىندى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە مۇلكىي خادىملار ئالماشتۇرۇلدى.

**فرانسىيە ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زاۋالغا يۈز تۇتۇشى** 4 ـ جۇمھۇرىيەتكە خاتىمە بېرىلىش ئالدىدا، ھىندىچىنى، ماراكەش ۋە تۇنىسنىڭ مەسىلىسى ھەل بولدى، بىراق ئالجىرىيە، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ۋە فىرانسىيەنىڭ باشقا تارماق دومىنىئونلىرى يەنىلا پارىژنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا يېڭى بىر فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ، 4 ـ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى فىرانسىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش بەلگىلىنىپ، ئورتاق گەۋدە ئۆتمۈشتىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئەزا دۆلەتلەرگە ئىچكى ئىشلار جەھەتتە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەردى ھەم ئۇلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئورتاق گەۋدىدىن چېكىنىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى. 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دېگول فىرانسىيەنىڭ ئافرىقىدىكى دومىنىئونلىرىنى قويۇندەك تېزلىكتە زىيارەت قىلىپ ئالجىرىيەدىن باشقا بارلىق دومىنىئونلارغا ئۇلارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن ئىككى خىل يولنى كۆرسىتىپ بەردى: ئۇلار ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئاساسىي قانۇننى ياقلاپ، فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلانسا ياكى ئاساسىي قانۇنغا قوشۇلماي، مۇستەقىل بولسا بولىۋېرەتتى. ئەمما، ئۇلار كېيىنكى يولنى تاللىسا، فىرانسىيە بارلىق ياردەمنى توختىتىپ قويۇپلا قالماي، بۇ دومىنىئونلار يەنە فىرانسىيە تاموژنا بېجى سىستېمىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل ئورنىنى قولدىن بېرىپ قوياتتى. ئاخىردا گىۋىنېيەدىن باشقا چەت ئەل دومىنىئونلىرىنىڭ ھەممىسى 3 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى.

فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى دومىنىئونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇئەييەن دەرىجىدە تەڭشەلدى، بىراق ئالجىرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى، يەنىلا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن مەسىلە ئىدى. بۇ مەسىلە فىرانسىيەنى پاتقاققا سۆرەپ كىردى. ئالجىرىيە مەسىلىسىنى لايىقىدا ھەل قىلىش ـ قىلالماسلىق، 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلاتتى.

دېگول ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چاغدا، بىر - بىرىگە قىلچە ئۇخشىمايدىغان ئىككى خىل پىكىرگە دۇچ كەلدى. ئالجىرىيە خەلقى فىرانسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى، مۇستەملىكىچىلەر ئالجىرىيەدىكى فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا، فىرانسىيە بىلەن بىر گەۋدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، «فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەسى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دېگول ھەرقانداق بىر گۇرۇھنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۇرمىدى. ئۇنىڭ كېتىۋاتقىنى تولىمۇ ئەگرى - توقاي بىر يول بولۇپ، تۇرۇپلا قاتتىق قوللۇق بىلەن ھەربىي ھەرىكەت قوللانسا، يەنە تۇرۇپلا مادارا قىلىدىغاندەك بولۇۋالاتتى. 1959 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ بىر ياراشتۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «فىرانسىيەنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان، فىرانسىيە بىلەن يېقىن ئالاقە قىلىدىغان، ئەمما ئالجىرىيەلىكلەر ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئالجىرىيە» قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، بىراق بۇ تەكلىپنى ھەر ئىككىلا گۇرۇھ رەت قىلدى.

1960 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مۇستەملىكىچىلەر ئالجىرىيە كوچىلىرىغا توساق، ئىستىھكام قۇرۇپ، پارىژنىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنغىلى ئۇنىمىدى. دېگول بۇنىڭغا قارىتا قاتتىق تەدبىر قوللاندى، 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇ گېنېراللىق فورمىسىنى كىيىپ، لورراين كىرېست ئوردېنىنى تاقاپ تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالجىرىيەلىكلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشىغا ئائىت سىياسىتىنى يېڭىباشتىن تەكىتلىدى ھەمدە بارلىق قىسىملاردىن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر سائەت سىمۋوللۇق ئومۇمىي ئىش تاشلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، دېگولنىڭ قارارى قوللاشقا ئېرىشتى. توپىلاڭچىلار يېتىم قېلىپ، تېزلا مەغلۇپ بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دېگول ئالجىرىيەنىڭ فىرانسىيەگە

تەئەللۇق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان مىنىستىرلارنى ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقاردى. 1961 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۇقرالار ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ئالجىرىيەنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشىغا بولغان پىكرىنى ئالدى. نەتىجىدە تىزىمغا ئېلىنغان 56% كىشى بۇ ئىشنى ياقلىدى.

مۇستەملىكىچىلەر ئىستىقبالىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقىنىنى بىلىپ، يەنە بىر قېتىم توپىلاڭ چىقاردى. 1961 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چاللې، سوللې، سالان ۋە يوھاۋكس دېگەن تۆت گېنېرال ئالجىرىيەدە فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى موران بىلەن روبېل بىلوننى قولغا ئېلىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ ساقلىماقچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. توپىلاڭ فىرانسىيەنىڭ چەت ئەللىك پىدائىيلار جۇنتۇەنىنىڭ تەخمىنەن 20 مىڭ كىشىلىك قىسمى ۋە 25 مىڭ پاراشوتچى ئەسكەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇلار پارىژغا يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى بولغان، دېگول رادىيو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ فىرانسىيە خەلقىنى فىرانسىيەنى قوغداشقا چاقىرغان. پارىژدا زاپاس ھەربىيلەرمۇ چاقىرىلغان. ئامانلىق ساقلاش مۇداپىئە قىسىمىمۇ بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلگەن. بەزى چەكتىن ئاشقان ئوڭ قانات تەشكىلاتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقايسى پارتىيەلەر ھۆكۈمەتنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە كېپىللىك بەرگەن. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچىدە ھۆكۈمەتكە سادىق ئارمىيە ئالجىرغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا توپىلاڭ بېسىققان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇستەملىكىچىلەر مەخپىي تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېگولنى كۆپ قېتىم قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.



www.uyghurkitap.com

1961 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئالجىرىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئاخىر 1962 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېۋىئاندا كېلىشىم ئىمزالىنىپ، ئۇرۇش توختىتىش ھەم پۇقرالارنىڭ ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ئالجىرىيەنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەش قارار قىلىندى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى فىرانسىيەدىكى%80 تىن ئارتۇق پۇقرالار بۇ كېلىشىمنى ياقلاپ ئاۋاز بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالجىرىيەدە پۇقرالار ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەندە، مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلدى. فىرانسىيە بۇ ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئالجىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، ئالجىرىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان 1 مىليون ياۋروپالىقنىڭ كۆپ قىسمى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بۇ دۆلەتتە قېلىشنى خالىماي، 800 ـ 900 مىڭچە كىشى فىرانسىيەگە قۇرۇق قول قېچىپ كەلدى.

فىرانسىيە ئالجىرىيە بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئۈستىدە كېڭىشىۋاتقان چاغدا، فىرانسىيەنىڭ ئافرىقىدىكى فىرانسىيەگە قاراشلىق سومالىدىن باشقا چەت ئەل دومىنىئونلىرىنىڭ ھەممىسى 1960 ـ يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىدى. يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بۇ دۆلەتلەر فىرانسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تولۇق ئۈزۈۋەتمىدى. پۇل جەھەتتە يەنىلا فرانكقا بىلەن بولغان قويۇق ئالاقە ساقلاپ قېلىندى. فىرانسىيە ئىككى تەرەپ كېلىشىمى ۋە ئىقتىسادىي ياردەم ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەردە يەنىلا مۇھىم ئورۇننى ساقلاپ قالدى. بىراق، بۇ دۆلەتلەر نېمىلا دېگەنبىلەن مۇستەقىل ئىدى. 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تەسەۋۋۇر قىلىنغان فىرانسىيە ئورتاق گەۋدىسى نامدا بار، ئەمەلدە يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزىلەر «ئۆزگەرتىلگەن» ياكى «ئىككىنچى» ئورتاق گەۋدە كېلىپ چىقتى دېيىشتى. ئۇنىڭ ئالىي ئاپپاراتى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى

كومىتېتى ئىدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى بۇ كومىتېتقا جەم بولۇپ، ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى باراۋەرلىك ئاساسىدا كېڭەشتى.

1969 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فىرانسۇز تىلى قوللىنىدىغان 30 دۆلەت نىگېرنىڭ پايتەختى نىيامېيدا يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئاخباراتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىر ئاپپارات قۇرۇش قارار قىلىندى. 1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نىيامېيدا 2 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، پارىژدا فىرانسۇز تىلى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر مەدەنىيەت ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ئاپپاراتىنى قۇرۇش رەسمىي قارار قىلىندى. بۇ ئاپپاراتقا فىرانسىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، كانادا، جەنۇبىي ۋېيېتنام، بۇرۇندى، كامېرون، چاد، پىل چىشى قىرغىقى، داخومېي، گابون، ئۇستىۋنكى ۋولتا، ماداغاسقار، مالى، ماۋرىتانىيە، ماراكەش، نىگېر، رۋاندا، سېنېگال، توگو ۋە تۇنىستىن ئىبارەت 21 دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى. فىرانسىيە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسلىدىكى ئالاقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

**60 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋال** 5 ـ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان چاغدىكى فىرانسىيە ئىقتىسادىنى 1953 — 1957 ـ يىللاردىكى گۈللەنگەن دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا، خېلىلا چېكىنىپ كەتكەنىدى. ئالجىرىيە ئۇرۇشىغا سەرپ قىلىنغان زور مالىيە چىقىمى سەۋەبىدىن، دۆلەتنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ، پۇل پاخاللىشىپ، تاشقى سودا كىرىم ـ چىقىمدا پاسسىپ بالانس كۆرۈلۈشتەك مۇشكۈل ئەھۋال كېلىپ چىقتى. 1958 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فىرانكنىڭ قىممىتى 17.55% چۈشۈپ، 420 فىرانكقا بىر دوللار تېگىشىشتەك ئەھۋال 493.7 فىرانكقا بىر دوللار تېگىشىشكە ئۆزگەردى. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۇل

تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭى بىر فىرانك كونا 100 فىرانكقا تەڭ بولدى.

60 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلەشتى. 1960 ـ يىلدىن، 1970 ـ يىلغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 5.6%كە يېتىپ، 1950 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە بولغان 4.8% لىك نىسبەتتىن ئېشىپ كەتتى. فىرانسىيەنىڭ تۆتىنچى (1962 ـــ 1965 ـ يىللار) ۋە بەشىنچى (1966 ـــ 1970 ـ يىللار) بەش يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى مەزگىلىدە ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق، كۆمۈر سانائىتى سەل ئاجىزلىشىپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سانائەتنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1950 ـ يىلدىكى 10 مىليارد 400 مىليون فىرانكتىن 1973 ـ يىلغا كەلگەندە 183 مىليارد فىرانكقا كۆپىيىپ، 16.5 ھەسسە ئاشتى. ئاپتوموبىل سانائىتى 60 ـ يىللاردا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش رېكورتى ياراتتى. 1970 ـ يىلى 2 مىليون 750 مىڭ دانە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات مىقدارى 1960 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. ئايروپىلان ياساش جەھەتتە فىرانسىيە دۇنيا بويىچە 3 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. داسساۋولت ئاۋىياتسىيە شىركىتى ياسىغان «خىيالىي كۆلەڭگە» بەلگىلىك قىرغۇچى ئايروپىلان دۇنيادا زور ئابرۇيغا ئېرىشتى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە فىرانسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 140 مىليارد 900 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كەتتى، بىراق ئامېرىكا، ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيەدىن كېيىن تۇرۇپ كاپىتالىزم دۇنياسىدا 4 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، فىرانسىيەنىڭ ئالتۇن تاشقى پېرېۋوت زاپىسىمۇ تېز ئاشتى. 1958 ـ يىلى 1 مىليارد 50 مىليون دوللار بار ئىدى، 1965 ـ يىلى 5 مىليارد

100 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. فىرانسىيە ئىقتىسادتا دوللارغا تايىنىپ قېلىشتىن تەدرىجىي قۇتۇلدى. 1965 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فىرانسىيە مالىيە مىنىستىرلىقى ئالتۇن تاشقى پېرېۋوت ئايرىۋاشلاش بىرلىكى تۈزۈمىدىن چېكىنىپ چىقىپ، فىرانك ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

فىرانسىيە ئاھالىسى خېلى ئۇزاققىچە ناھايىتى ئاستا كۆپەيدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر 150 يىل مابەينىدە، ئاھالە ئاران 10% كۆپەيدى. بىراق، 1950 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل مابەينىدە ئاھالە 41 مىليوندىن 50 مىليونغا كۆپىيىپ، 20% كە يېقىن ئاشتى. بۇ 50 مىليون ئاھالە ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 20% ىدىن 14% كە تۆۋەنلىدى. 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سانى تېز كۆپىيىپ، ئەمگەكچى ئاھالىنىڭ 40% ىنى ئىگىلىدى. ئاھالە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش فىرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇئەييەن جەھەتتىن ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، دېگولنىڭ ئابرۇيى ئالجىرىيە مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى نەتىجىسىدە خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. پىرېزىدېنتنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان ئېلىسې سارىيى ھوقۇقنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. 1962 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دېگول پىرېزىدېنت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جورجى پومپىدونى دېبرېنىڭ ئورنىدا باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كۆرسەتتى. پومپىدو ئالىي پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئەسلىدە چوڭ بىر سودا بانكىسىنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى قىلاتتى، مالىيە ئىشلىرىغا تولىمۇ ماھىر ئىدى، بىراق پارلامېنتنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ھۆكۈمەت بىلەن پارلامېنتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بىرقەدەر جىددىي ئىدى. دېگول

هازىرقى تۈزۈم پارلامېنتنىڭ زىيادە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىكەن، دەپ ھېسابلىدى. 1962 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پرېزىدېنتنىڭ ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ھەم بۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. كۆپ سانلىق پارلامېنت ئەزالىرى پۇقرالارنىڭ ئاۋازىغا قويۇشقا قارشى چىقتى ھەم پومپىدونى ئەيىبلىدى. دېگول يەنىلا پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، پۇقرالار ئاۋاز بېرىش بىلەن پارلامېنت سايلىمىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنى جاكارلىدى.

1962 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى فىرانسىيە پۇقرالىرى كونا پارتىيەلەرنىڭ پىكرىگە قارىماي، 13 مىليون ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، 8 مىليون ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن پرېزىدېنتنى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. ئارقىدىنلا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېگولچىلار مۇتلەق غەلىبىگە ئېرىشتى، يېڭى جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقى بىلەن دېموكراتىك ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى 230 ئورۇنغا، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 67 ئورۇنغا، خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ۋە مۇستەقىللىق پارتىيەسى قاتارلىق ئوتتۇرىلىقتىكى پارتىيەلەر 53 ئورۇنغا، كوممۇنىستىك پارتىيە 41 ئورۇنغا ئېرىشتى. پومپىدو ئەيىبلەش لايىھەسى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋەردى.

دېگول تاشقى سىياسەت جەھەتتە مۇستەقىل مىللەتچىلىك سىياستىنى يولغا قويدى. ئۇ فىرانسىيەنىڭ مۇستەقىل يادرو كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يادرو سىنىقىنى قىسمەن چەكلەش شەرتنامىسى ۋە يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىشنى چەكلەش شەرتنامىسىگە قاتناشماسلىقتا چىڭ تۇردى. 1960 - يىلى 2 - ئايدا فىرانسىيە ئاتوم بومبىسىنى سىناق تەرىقىسىدە پارتلاتتى،

1965 ـ يىلى سۇئىيى ھەمراھ قويۇپ بەردى. 1966 ـ يىلى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن ھەربىي ئاپپاراتىدىن چېكىنىپ چىقتى. دېگول ياۋروپانىڭ پەۋقۇلئاددە ئورنى ۋە رولىنى بەكرەك تەكىتلىدى. ئۇ ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، فېدېراتىپ گېرمانىيە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشتى. 1963 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيە ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى قەرەللىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە چېتىلىدىغان سىياسەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ مېڭىشنى خالىمىدى. 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ جۇڭگو بىلەن باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى. دېگولنىڭ مۇستەقىل دىپلوماتىيە سىياسىتى فىرانسىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈردى.

60 ـ يىللاردا دېگولنىڭ ئورنى ۋە ئابرۇيى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. بىراق، جەمئىيەتتە دېگولنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان خېلى تەسىرگە ئىگە بىر كۈچمۇ بار ئىدى. سول قاناتلار بىلەن ئوڭ قاناتلار مۇستەقىل يادرو كۈچ سىياسىتىگە قارشى بولۇپ، بۇ چىقىمى كۆپ، يەنە كېلىپ ئەسقاتمايدىغان، پەقەت ئابرۇي ئۈچۈنلا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەت دەپ قارايتتى. ئالجىرىيەدىن قېچىپ كەلگەن كىشىلەر يەنىلا «فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەسى» نى ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. پىرېزىدېنتنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىنمۇ نۇرغۇن ئادەم نارازى ئىدى، ھۆكۈمەت يولغا قويغان تېجەشلىك بولۇش سىياسىتى ۋە ئىش تاشلاشقا قارشى قانۇن چىقىرىشتىنمۇ رازى بولمايتتى. 1965 ـ يىلى تۇنجى قېتىم پىرېزىدېنت ئومۇمىي

خەلق تەرىپىدىن سايلاندى، دېگول تۇنجى نۆۋەتلىك سايلامدا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، 2 ـ نۆۋەتلىك سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشتى. 1967 ـ يىلى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېگولچىلار ئاران دېگەندە كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشتى. بۇ ئىككى قېتىملىق سايلام دېگولچىلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1968 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيەدە ئاممىۋى ھەرىكەت ئەۋج ئالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى نانتېررى شۆبە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى يۈز بېرىپ، كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچى مائارىپ تۈزۈمىگە ۋە مەكتەپتىكى پىروفېسسورلارغا قارىتىلدى. 5 ـ ئايدا بۇ كۆرەشنىڭ كۆلىمى تېزلىكتە كېڭەيدى. جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن دەرس تاشلاپ نامايىش قىلدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئىگىلەپ ئىستىھكام قۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشتى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىشچىلار كوچىلارغا چىقىپ، ھەر ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەشنى، ھەر ئايدا تەخمىنەن 200 دوللار مائاشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشچىلار بىرلىكتە ئومۇمىي دەرس تاشلىدى، ئىش تاشلىدى ھەم پايتەختتىكى باستىللىي مەيدانىدا 200 مىڭ كىشى قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى. دېگول 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نۇتۇق ئېلان قىلىپ، «ئىسلاھ قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا بولمايدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دېگول ئۆزاققىچە جامائەتچىلىككە كۆرۈنمىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت كۈندىن ـ كۈنگە قالايمىقانلىشىپ، دېگول ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگۈدەك، دېگەندەك گەپلەر تارقالدى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دېگول ئارمىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، قاتتىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن تولغان باياناتنى ئېلان

قىلىپ، ۋەزىيپىسىدىن ئىستىپا بەرگۈدەك دېگەن ئىغۋالارغا رەددىيە بەردى، ئارقىدىنلا پارلامېنتنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئەڭ تۆۋەن مائاشنى 35% ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى ھەمدە مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋەدە بەردى. دېگولنىڭ باياناتى ۋەزىيەت تەرەققىياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە 100 مىڭ ئادەم كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، پىرېزىدېنتنىڭ سىياسىتىنى قوللىدى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار مائاشى ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، ھەرىكەتتىن ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرىشى سىياسىي پىروگراممىسى ئېنىق بولماسلىق ۋە رەھبەرلىك كۈچلۈك بولماسلىق تۈپەيلىدىن بەربات بولدى.

1968 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سايلامدا سول قاناتلار زىيان تارتتى. دېگولچىلار پارلامېنتتىكى 487 ئورۇننىڭ 358 ىگە ئىگە بولدى. ئۇزاقتىن بېرى دېپلوماتىيە مىنىستىرى بولۇپ كېلىۋاتقان دېمۇرۋىللې پومپىدونىڭ ئورنىغا چىقىپ پىرېزىدېنت بولدى.

مايدىكى بوران ـ چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋەزىيەت تەدرىجىي نورماللاشتى، بىراق بۇنىڭلىق بىلەنلا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ كەتمىدى. ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئۆسكەنلىكتىن دۆلەتنىڭ چىقىمى كۆپىيىپ، قىزىل رەقەم ئاشتى. مۇتەخەسسىسلەر فىرانكنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ رەت قىلىندى. نەتىجىدە مال باھاسى ئۆرلەپ، ئىشچىلار ئىشسىز قېلىپ، ئىش تاشلاش يەنە يۈز بەردى. 1969 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە 9 مىليون ئىشچى ئىش تاشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي دېگول يەنە بىر ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇ كېڭەش پالاتاسى ئەمدى خەلق پارلامېنتىنى چەكلەش رولىنى ئوينىيالمايدۇ، بۇنداق چەكلەش رولى پىرېزىدېنتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى، دەپ قارىغانلىقتىن،

كېڭەش پالاتاسىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كومىتېتقا قوشۇۋېتىش تەكلىپىنى بەردى، بۇنداقتا پەقەت مەسلىھەتچىلىك رولىنىلا ئوينىيالايتتى. 4 ـ ئايدا دېگول بۇ تەكلىپ لايىھەسىنى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىپ قارار قىلىشىغا سۇندى ھەم بۇ ئىسلاھاتنى كۆپ سانلىقلار ياقلىمىسا، ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىمەن، دېدى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. نەتىجىدە 47% پۇقرا بۇ ئىسلاھاتنى ياقلاپ ئاۋاز بەردى. 52.4% پۇقرا قارشى ئاۋاز بەردى. ئەتىسى دېگول ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ تەختتىن چۈشتى. 1970 ـ يىلى ئۇ يۇرتى كولومبېيدا ئالەمدىن ئۆتتى.

1969 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پومپىدو پرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ئۇ دېگولنىڭ سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى، ئەمما بەزى جەھەتلەردە بىرقەدەر جانلىق پوزىتسىيە تۇتتى. يېڭىدىن تەختكە چىققان پرېزىدېنت ياكۇپس شابان دېلماس فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى فىرانكنىڭ قىممىتىنى 12% چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاز ـ تولا ياخشىلىدى ھەمدە ئەنگلىيەنىڭ ئورتاق بازارغا كىرىش مەسىلىسى جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلدى.

**پرېزىدېنت دېستائىن ۋە مىتران** 1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پرېزىدېنت پومپىدو كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. فىرانسىيەدە يېڭى نۆۋەتلىك پرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كۆپچىلىك دېگولچىلار غەلىبە قىلالمىسا، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى تەختكە چىقىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن غەلىبىگە ئېرىشكىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن گىسكارد دېستائىن بولدى. ئۇ 2 ـ نۆۋەتلىك ئاۋاز بېرىشتە 49.2% ئاۋازغا قارشى 52.8% ئاۋازغا ئېرىشىشتەك ئازراقلا ئۈستۈنلۈك بىلەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان مىتراننى يەڭدى. دېستائىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنىلا

دېگولچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىدىن شىراكنى باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەۋسىيە قىلدى.

1974 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 16.3% تۆۋەنلەپ، ئىشسىز ئاھالىلەر 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. شىراك ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىقتىسادنى تەڭشەپ، 1975 ـ يىلى كىرىزىسنى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بىراق فىرانسىيە ئىقتىسادىنى روناق تاپقۇزالمىدى.

1976 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بار باش مىنىستىر بولدى. ئۇ ئىقتىسادتا پۇل پاخاللىقى كۆرۈلۈۋاتقان ۋە ئىستېمال تەلپى ئاشمايۋاتقان ئەھۋالدا، پۇلنى قىسىش ۋە چىقىمنى تېجەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ كۈچى زورىيىپ، 1972 ـ يىلى يەنە ئىتتىپاق تۈزدى ھەمدە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشتى. 1978 ـ يىلى ئەتىيازدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېستائىن رەھبەرلىكىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى نامىنى فىرانسىيە دېموكراتىك ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىپ، 122 ئورۇنغا ئېرىشتى. جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقى 155 ئورۇنغا ئېرىشتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق سايلامدىن ئالتە ئاي بۇرۇنلا بۇزۇلغانلىقتىن، ئايرىم ـ ئايرىم 117 ئورۇن ۋە 86 ئورۇنغا ئېرىشىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنى يېڭەلمەي قالدى.

1981 ـ يىلى 4 ـ ئايدا فىرانسىيەدە پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. دېموكراتىك ئىتتىپاقنىڭ نامزاتى، ھازىرقى پىرېزىدېنت دېستائىن «ئەركىنلىك، خەۋپسىزلىك، تىنچلىق» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇمھۇرىيەتنى قوغداش

ئىتتىپاقىنىڭ نامزاتى شىراك «تەۋەككۇلچىلىك بولمىغان ئىسلاھات» تىن ئىبارەت 3 ـ يولدا مېڭىشنى تەكىتلەپ خەۋپسىزلىك ئىچىدە گۈللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى مىتتران فىرانسىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەسىلىنىڭ كۆپلۈكىدەك ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىشنى تەكىتلەپ، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تىنچلىق، ئەركىنلىك» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ نامزاتى جورجى شېمۇ ئىسلاھات تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆت نامزات كۈچ جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغاچقا، رىقابەتمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاۋاز بېرىشتىن كېيىن، ھېچكىم مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىدى. ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاۋاز بېرىشتە، مىتتران 52.24% ئاۋازغا ئېرىشىپ، دېستائىننى مەغلۇپ قىلىپ، تۆتىنچى پرېزىدېنت بولدى.

مىتتران 1916 ـ يىلى تۇغۇلغان، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات بويىچە ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان. 1938 ـ يىلى ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئۇرۇشتا يارىلانغان ھەم ئەسىرگە چۈشۈپ، گېرمانىيە جازا لاگېرىغا 18 ئاي قامالغان، كېيىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىققان. 1947 ـ يىلى 31 يېشىدا قىسمىدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ بىرىنچى ئىمپېرىيەدىن بۇيانقى ئەڭ ياش مىنىستىر سانالغان. 50 ـ يىللاردا دېموكراتلار، سوتسىيالىستلار قارشىلىق كۆرستىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان. 5 ـ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ دېگولچىلارغا قارشى مۇھىم شەخس بولۇپ قالغان. 1970 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى كېڭەش پارتىيەسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1971 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ پارتىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، مىتتران پارتىيەنىڭ بىرىنچى

سېكرېتارى بولغان.

مىتران 1981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا رەسمىي پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى. 6 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، 285 ئورۇنغا ئىگە بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيە 44 ئورۇنغا، جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقى 88 ئورۇنغا، دېموكراتلار ئىتتىپاقى 63 ئورۇنغا ئېرىشتى. 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پاتىيە «ئورتاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. فىرانسىيە كومپارتىيەسى مىتراننىڭ ئىسلاھاتىغا كۆنۈپ، ئىسلاھاتنى قوللايدىغانلىقى، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپا ۋە دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقى، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە قاتنىشىش پائالىيىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ياۋروپادا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ئۈچۈن خەلقئارا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. فىرانسىيە كومپارتىيەسى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا قوشۇن ئەۋەتىشىنى قوللاشتىن ۋاز كەچتى. كېلىشىمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى، پولشانىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە دېموكراتىيەنى گۈللەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كېلىشىم ئىمزالانغان كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئاقساقلى مائۇروي باش مىنىستىرلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەندى. ئىچكى كابىنېت 44 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلاردىن 37 نەپىرى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن، تۆت نەپىرى كوممۇنىستىك پارتىيەدىن بولدى. ترانسپورت، دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى، كەسپىي تەربىيەلەش مىنىستىرى، سەھىيە مىنىستىرى، باش مىنىستىر مەھكىمىسىنىڭ كادىرلار ۋە

مەمۇرىي ئىسلاھات ئىشلىرىغا مەسئۇل مىنىستىر دەرىجىلىك ۋەكىلى كوممۇنىستلاردىن بولدى. بۇ فىرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 34 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە قاتنىششى ئىدى.

مىتىران تەختكە چىققاندىن كېيىن، فىرانسىيەچە سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇپ، زور كۆچ بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى جاكارلىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇ سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، ئىقتىسادقا ئارىلىششنى يەنىمۇ تەكىتلىدى. 1944 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلىغىچە فىرانسىيە دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغانىدى. 1982 ـ يىلى مىتىران يەنە بىر قېتىم دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغاپ، توققۇز سانائەت گۇرۇھى، 39 بانكا ۋە سانائەت پۇل مۇئامىلە شىركىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. ئەسلىدە ھۆكۈمەت كارخانىلىرى كۆمۈر، ئېنېرگىيە، تىرانسپورت قاتارلىق تارماقلاردىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. 1982 ـ يىلىدىكى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىدىن كېيىن ھۆكۈمەت كارخانىلىرى سۇنئىي تالا سانائىتى، رەڭلىك مېتال كەسپى ۋە ئاۋىياتسىيە قۇرۇلۇشىدىمۇ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى قىسمى ئەسلىدىلا ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيتتى، ئەمدىلىكتە يەنە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. دۆلەت بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئىگىلىگەن، بارلىق كاپىتالى ياكى كۆپ سانلىق كاپىتالى تىزىمغا ئالدۇرۇلغان بانكا 30 دىن 94 كە كۆپىيىپ، پۇل ئامانەت سوممىسى ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگەن نىسبەت 59.2% تىن 87.6% كە ئۆرلىدى. مىتىراننىڭ دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە فىرانسىيەنىڭ ھۆكۈمەت كارخانىلىرى ئىگىلىگەن نىسبەت كاپىتالىزم دۇنياسىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. ھۆكۈمەت كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە، مىتران دېموكراتىك باشقۇرۇشنى تەكىتلىدى. 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش پەرمانىدا، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت كارخانىلىرىغا نىسبەتەن ئىش ئاخىرلاشقاندا ھېسابات نازارەتچىلىكى ۋە پارلامېنت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئىشتىن ئاۋۋالقى نازارەتچىلىك بىكار قىلىندى. 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى پىلانلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى قانۇنىدا، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت كارخانىلىرى بىلەن ئۆزئارا مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان پىلان توختامى تۈزىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ھۆكۈمەت كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇدىرىيەت تەسىس قىلىنىپ، باش مۇدىر دۆلەت تەرىپىدىن ۋەزىپىگە قويۇلدى، ئەزالىرى دۆلەت ۋەكىلى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىلى ۋە ئىقتىساد ساھەسىدىكى ۋەكىللەردىن تەركىب تاپتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن بولغان مۇدىرلار ئوخشاشلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى يەنە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئەڭ تۆۋەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسى، ئائىلە ياردەم پۇلى ۋە تۇرالغۇ ئۆي ياردەم پۇلىنى ئۆستۈردى.

مىتران سىياسىي ئىسلاھاتقىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ «سوتسىيالىزممۇ بىر خىل يېڭىچە ھوقۇق ئۇقۇمى، ئۇنىڭدىمۇ دېموكراتىك باشقۇرىدىغان تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتى بار، دۆلەتنى خەلق باشقۇرىدۇ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش ۋە كەڭ قويۇۋېتىشنىمۇ دۆلەت ئىزگىنلەيدۇ» دەپ قاراپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتمەكچى بولدى. مىتران پىرىزىدېنتنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇش، ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى قىسقارتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەرلىكنىڭ ئىشلىرىدا، ئۆلكە باشلىقلىرىنى ئەسلىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە قوياتتى ھەم ئۆلكە باشلىقلىرى يەرلىكنىڭ مەمۇرىيەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا

تۈتاتتى. 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆلكە پارلامېنتىنى ئۆلكىلىك مەمۇرىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىش قارار قىلىنىپ، ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئۆلكىلىك مەمۇرىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولدى. ئۆلكە باشلىقى جۇمھۇرىيەت ۋالىيسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ساقچى ئىشلىرىنىلا باشقۇردى ھەم ئۆلكىنىڭ مەمۇرىيەت، كەسپىي مالىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى. ئەدلىيە جەھەتتە، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاي ۋە 9 ـ ئايدا پارلامېنت قانۇن لايىھەسى ماقۇللاپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى سوت مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلدى.

سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىقتىسادقا قول تىقىشىنى كۈچەيتىش سىياسىتى مۇئەييەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق مەسىلىمۇ ئۆكسۈپ قالمىدى. 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ترانسپورت كەسپىدىن باج ئېلىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، 6500 دىن ئارتۇق يۈك ئاپتوموبىلىنى مۇھىم تاشيول لىنىيەلىرىگە توختىتىپ يولنى توسۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارىژ، لىئون قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى يوللاردا نەچچە ئون ياكى 100 يۈك ئاپتوموبىللىرى ئاستا سۈرئەتتە مېڭىشتەك «قۇلۇلە ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ئاۋۋال قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇرەسسە قىلىپ، يولدىكى توساقلارنى چۇۋۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە، يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى ھۆكۈمەت تېخى تولۇق كۆنمەي تۇرۇپلا بىر ھەپتە داۋاملاشقان يول توسۇش كۈرىشىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە لوررىن پولات ـ تۆمۈر ئىشچىلىرى كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلىدى. فىرانسىيەنىڭ پولات ـ تۆمۈر كەسپىدە ئۇدا بىرقانچە يىل زىيان كۆرۈلگەچكە، دۆلەتنىڭ ياردەم پۇل بېرىشىگە توغرا كەلدى. 1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىچكى كابىنېت پولات ـ تۆمۈر كەسپىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، مەھسۇلات

مىقدارىنى ئازايتىش، زامانىۋىلاشقان يېڭى زاۋۇتلارنى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، ئۈچ يىلدا خادىملارنىڭ 1/4 نىنى قىسقارتىشنى پىلانلىدى. ئىشچىلار بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىش تاشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لورىرىندىكى 30 مىڭ ئىشچى پارىژغا يىغىلىپ نامايىش قىلدى. بۇ سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ كەڭ بىر قېتىملىق نامايىش ئىدى. 6 ـ ئايدا فىرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ياۋروپا پارلامېنت سايلىمىدا بىراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت بارغانسېرى پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مىتران ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلدى. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن بولغان 38 ياشلىق فابىئۇس باش مىنىستىر بولدى. فىرانسىيە كومپارتىيەسى سىياسىي قاراشتىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن، يېڭى ئىچكى كابىنېتقا قاتناشمىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئورتاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ۋەزىيەت شۇنىڭدىن تارتىپ ئاخىرلاشتى.

1986 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيەدە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن سول قاناتلار ھەرىكىتى 215 ئورۇنغا، كوممۇنىستىك پارتىيە 35 ئورۇنغا ئېرىشتى. جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقى (دېگولچىلار) بىلەن دېموكراتىك ئىتتىپاق كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىپ، 291 ئورۇنغا ئىگە بولدى. جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى شىراك باش مىنىستىر بولدى، نەتىجىدە سول قانات پىرېزىدېنت بىلەن ئوڭ قانات ھۆكۈمەت بىللە تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شىراك تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ پايدىسىدىن ئېلىنىدىغان باج



www.uyghurkitap.com

نىسبىتىنى 50% تىن 45% كە تۆۋەنلەتتى، شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىپ، سانائەتكە مەبلەغ سېلىشقا تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد، مالىيە كىرىمى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ياخشىلاندى. 1987 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2.1% ئېشىپ، پۇل پاخاللىق نىسبىتى 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە (3.1%) گە چۈشتى. بۇنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تۇنجى يىلدىكى ئىقتىسادنىڭ 0.3% لىك ئېشىش نىسبىتى ۋە 13.3% لىك پۇل پاخاللىق نىسبىتىگە سېلىشتۇرغاندا، زور ياخشىلىنىش بولدى دېمەي بولمايدۇ.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، مىتىران دېگولنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ «دۇنيادا ئوينايدىغان رولى» ۋە «يەر شارىدىكى مەسئۇلىيىتى»گە بەكرەك ئىنتىلدى. بىراق، ئۇ دېگولغا ئوخشاش مىللەتچىلىك شوئارىنى ئوچۇقتىن – ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويماستىن، بەلكى ھەققانىيەت، باراۋەرلىك، ئىنسانىي ھوقۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي جاھانگىرلىكى» ۋە «ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي جاھانگىرلىكى» فىرانسىيەگە ئوخشاشلا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىدى. فىرانسىيە، گېرمانىيە ئوق مەركىزىگە تايىنىپ ياۋروپانىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. مىتىران ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپا ۋە دۇنيادىكى تەسىرى تەدرىجىي زورايدى.

## 3 ـ بۆلۈم ئەنگلىيەنىڭ تەرەققىياتى

**ئىقتىسادىي تەرەققىيات** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئىقتىسادى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي

www.uyghurkitap.com

قىلدى. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتىن ياخشى ئىدى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئامېرىكىدىنلا قالسا، كاپىتالىزم دۇنياسىدا 2 ـ ئورۇندا تۇراتتى.

1956 ـ يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ سانائەت تەرەققىياتى تەدرىجىي چېكىنىشكە قاراپ ماڭدى. 1956 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران 2.8% بولۇپ، ياپونىيەنىڭ 15% لىك، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 6.5% لىك، فىرانسىيەنىڭ 7.2% لىك ئېشىش نىسبىتىدىن خېلىلا ئارقىدا قالغانىدى. ھەتتا ئامېرىكىنىڭ 4% لىك ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى. ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئاستا سۈرئەتتە ئېشىشىدىكى سەۋەب كۆپ تەرەپلىك بولۇپ، مۇھىمى كاپىتال سېلىنمىسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسى تېخنىكا جابدۇقلىرىنى يېڭىلاش ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ئىدى، بىراق ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۇزاقتىن بېرى نۇرغۇن كاپىتالنى چەت ئەللەرگە سېلىپ كېلىۋاتاتتى. لوندون پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى قىسقا مۇددەتلىك ھايانكەشلىكتە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن «دەسمايە» لەرنى جەلپ قىلىۋالغانلىقتىن، بۇ مەبلەغنى ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىنما قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئەنگلىيەنىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ياپونىيە، فىرانسىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيەدىن تۆۋەن تۇراتتى. ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىلەن خەلقئارا كىرىم ـ چىقىم ئارىسىدا ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە بولۇپ، تاشقى سودىغا بەكرەك تايىناتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن

ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلغان چاغلاردا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىمپورت مىقدارى ئېشىپ باردى، ئەمما ئېكسپورتنىڭ ئېشىش نىسبىتى ھەمىشە ئىمپورتقا قارىغاندا تۆۋەن بولۇپ، سودىدا كۆپلەپ پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى. 1950 ـ يىلىدىكى پاسسىپ بالانس 980 مىليون دوللار ئىدى، 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە 2 مىليارد 370 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارا كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەمىشە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۈچىنچىدىن، ئەنگلىيە كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش سۈرئىتى ئاستا بولدى، بولۇپمۇ چەت ئەلنىڭ ئىلغار يەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشتە بىرقەدەر ئېھتىياتچان، مۇتەئەسسىپ پوزىتسىيە تۇتتى، سانائەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ تەرەققىي تاپقان باشقا دۆلەتلەردىن ئارقىدا قالدى. شۇڭا، ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشىمۇ ئاستا، 1951 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتىكى ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 2.6% بولۇپ، ياپونىيەنىڭ 8.8% لىك، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 4.4% لىك، فىرانسىيەنىڭ 4.3% لىك، ئامېرىكىنىڭ 3.2% لىك ئېشىش نىسبىتىدىن تۆۋەن تۇراتتى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە فېدېراتىپ گېرمانىيەدىن كېيىن قالدى، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا، ئامېرىكا، ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، فىرانسىيەلەردىن كېيىن قېلىپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدا 5 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئاستا بولسىمۇ، بىراق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا تېز ئىدى. 1921 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە سانائەتنىڭ يىللىق

ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران 1.7% ئىدى، 1951 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا 3% كە يەتتى. مىللىي دارامەت 1920 ـ يىلى 5 مىليارد 660 مىليون فوند ستېرلىڭ ئىدى، 1939 ـ يىلىغا كەلگەندە بەش مىليارد 40 مىليون فوند ستېرلىڭغا چۈشۈپ قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1950 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل مابەينىدە، مىللىي دارامەت 10 مىليارد 700 مىليون فوند ستېرلىڭدىن 46 مىليارد 800 مىليون فوند ستېرلىڭغا كۆپىيىپ، ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسى ئۆزگەردى. ئەنگلىيە مۇستەملىكە سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى مۇستەملىكە بېقىندى ئەللەرنىڭ مىللىي سانائىتى، بولۇپمۇ يېنىك سانائىتى تەرەققىي قىلىپ، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىش مىقدارى ئازايدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى بۇ دۆلەتلەر سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيەدىن ماشىنا ـ ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇلاردىن سىرت، ئەنگلىيەنىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىش سالمىقى ئېشىپ باردى، بۇ ئېكسپورت ماللىرى ئىچىدە يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارماقلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيەدە كونا سانائەت تارماقلىرى كۆنسايىن زاۋال تېپىش، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سانائەت تارماقلىرى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىنسىز كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا يىلمۇ يىل تۆۋەنلەش كۆرۈلۈپ، 1950 ـ يىلى 220 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىلغان بولسا، 1970 ـ يىلى 147 مىليون توننىغا تۆۋەنلىدى. توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ پۈتكۈل سانائەت ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1955 ـ يىلىدىكى 7% تىن 1973 ـ يىلىغا

كەلگەندە 5.6% كە تۆۋەنلىدى. كېمىسازلىق كەسپى 3.4% تىن 1.6% كە تۆۋەنلىدى. ئېلېكتىرون سانائىتى، يۇقىرى مولېكۇللىق خىمىيە سانائىتى (سولياۋ، يەنى پىلاسماسسا، سمولا، سىنتېتىك كاۋچۇك) ئون ھەسسىلەپ ۋە نەچچە ئون ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئەنگلىيە ئىقتىسادىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۆنچە مۇھىم ئورۇندا تۇرمايتتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 50 ـ يىللاردا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 5% ـ 6% ىنى ئىگىلىگەن بولسا، 70 ـ يىللاردا 2% ـ 3% كە تۆۋەنلىدى. يېزا ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىناتتى، تېرىقچىلىق ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن باھاغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى ۋە ياردەم پۇل تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە باھاسى كاپالەت باھاسىدىن تۆۋەن بولغاندا، كېمىنى ھۆكۈمەت ياردەم پۇل بىلەن تولۇقلىدى. ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئوغۇتلاش، زەي چىقىرىۋېتىش، چارۋا سورتىنى ياخشىلاش، تۇپراقنى ياخشىلاش، بىرلىك مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ياردەم بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئارىلىشىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكى بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش كۆنسايىن تەرەققىي قىلدى. يېزا ئىگىلىكىدە بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى تېز ئېشىپ، فىرانسىيەنىڭ ئالدىغا ئۆتتى كەتتى. 1975 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى ھەربىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرىچە زىممىسىگە ئالغان تېرىلغۇ يەر 10.5 گېكتار، ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق 27 مىڭ 564 كىلوگرام، گۆش 4646 كىلوگرام ئىدى. بىراق،

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيەنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاز بولۇپ، ھەربىر كىشىگە ئوتتۇرىچە 0.09 گېكتاردىن توغرا كېلەتتى. يېزا ئىگىلىكى گەرچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئەھۋالى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 30% تىن 70 - يىللارغا كەلگەندە 60% كە يەتتى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ۋىلسون ئىچكى كابىنېتى 1951 - يىلى 10 - ئايدا ئەنگلىيەدە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ۋە ئىتتىپاق تۈزگەن پارتىيە - گۇرۇھلار بىرلىكتە لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ 295 ئورنىغا قارشى 321 ئورۇن بىلەن سايلامدا غەلىبە قىلدى. ۋىنستون چېرچىل يەنە بىر قېتىم باش ۋەزىر بولدى. 1952 - يىلى 2 - ئايدا ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى Ⅵ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قىزى ئېلىزابېت Ⅱ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

چېرچىل تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانىلارنى ئاساسەن ساقلاپ قالدى. 1953 - يىلى پولات - تۆمۈر سانائىتى ۋە تاشيول يۈك ترانسپورت ئىشلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، بىراق 1956 - يىلى يەنە يۈك ترانسپورتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق لىبېرالىستلار جەھەتتە، چېرچىل ھۆكۈمىتى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىدا ئازراق ھەق ئېلىشنى بەلگىلىگەندىن سىرت، لىبېرالىستلار پارتىيەسى دەۋرىدىكى سىياسەتلەرنى ئاساسەن ساقلاپ قالدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ باياناتچىسى بۇتلېر ھەتتا: «پاراۋان دۆلەتنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىلا ئىختىرا قىلغان ئەمەس، بەلكى بىزمۇ ئىختىرا قىلغان» دېدى. مۇداپىئە ئىشلىرى جەھەتتە، چېرچىل 1952 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەنگلىيەنىڭ بىر دانە ئاتوم

بومبىسى ياساپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئاتوم بومبىسى 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاۋستىرالىيەگە يېقىن مونتېبېللو تاقىم ئارىلىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىناق قىلىپ ياسالغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەنگلىيە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالسا دۇنيادا يادرو قورالىغا ئىگە ئۈچىنچى دۆلەت بولۇپ قالدى. 1955 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چېرچىل ياشىنىپ قالغانلىقى ھەم سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقى سەۋەبلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇ ئون يىلدىن كېيىن 1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

چېرچىلنىڭ ئورنىغا ئانتونى ئېدېن باش ۋەزىر بولدى (1897 — 1977 ـ يىللار). ئۇ پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن 1935 ـ يىلى 38 يېشىدا دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولغانىدى. چامبېرلىننىڭ تىنچلاندۇرۇش دىپلوماتىيە سىياسىتىگە قوشۇلمىغانلىقتىن، 1938 ـ يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن. ئۇ چېرچىل ئىچكى كابىنېتتا ئىلگىرى ـ كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1955 ـ يىلى تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا 5 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى 277 ئورۇنغا قارشى 348 ئورۇن بىلەن ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىپ، لىيبورىستلار پارتىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق ئورنى مۇقىم كاپالەتكە ئىگە بولدى. بىراق، بىر يېرىم يىلغا بارمايلا ئېدېن ھۆكۈمىتى سۇۋەيش قانىلىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، مىسىر ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماي، يەنە ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلىشىگە ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى لىيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئەنگلىيەنىڭ سۇۋەيش قانىلىدىكى تەۋەككۈلچىلىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئېدېنمۇ 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىستېپا بېرىپ تەختتىن چۈشتى.

ئېدېننىڭ ئورنىغا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن خارولد ماك مىللان باش ۋەزىر بولدى. ئۇ چېرچىل ھۆكۈمىتىدە تۇرالغۇ ئۆي ۋەزىرى بولغان، ئېدېن ئىچكى كابىنېتتا دىپلوماتىيە ۋە مالىيە ۋەزىرى بولغانىدى. ئۇ تەختكە چىققاندا ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتاتتى. دۆلەت ئىچىدە سۇۋەيش قانىلىدىكى تەۋەككۈلچىلىكنىڭ مەغلۇبىيىتى تۇپەيلىدىن ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تۇمانلىرى كەيپىياتى بولۇپ، ھەرقايسى گۇرۇھلار ئارىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى كەسكىن ئىدى، خەلقئارادا ئەسلىدە ئەنگلىيە ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان دۆلەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەنگلىيەنى ئەيىبلىگەنلىكتىن، يېتىمسىرەپ قالدى. ماك مىللاندىمۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن قىلچە ئىشەنچ يوق ئىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا ئايال پادىشاھقا ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئاران ئالتە ھەپتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىراق ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن ياخشى بولدى. ماك مىللان ھۆكۈمىتى ئالتە يىل توققۇز ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنى يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ پرېزىدېنت ئېيزىنخاۋېر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئامېرىكا ئەنگلىيەنى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن تەمىنلەشكە قوشۇلدى، ئەنگلىيە يادرو سىنىقىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. 1957 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى. ماك مىللان ئەنگلىيەنى قىيىنچىلىق دەۋرىدىن خالاس قىلدى.

1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مۇددەتتىن بۇرۇن پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى «سىز ھېچقاچان بۇنداق ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقمىغان» دېگەن

سايلام رىقابىتى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇتلەق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىقتىسادىي ئەھۋال يامانلاشتى. ماك مىللان ھۆكۈمىتى 1961 ـ يىلى مائاشنى توڭلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇ يىلى ئەنگلىيە ئىلگىرى ئۆزى قارشى چىققان ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئىشى ئۇتۇقلۇق بولمىدى. 1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى پروفۇمونىڭ سەتچىلىكلىرى تۇيۇقسىز ئاشكارىلىنىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئىناۋىتى يەنە بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ماك مىللان كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

ماك مىللان ئىچكى كابىنېتىدىكى دىپلوماتىيە ۋەزىرى گىراف خوم ماك مىللاننىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، باش ۋەزىر تۆۋەن پالاتانىڭ ئەزاسى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. خوم باش ۋەزىر بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىدىن ۋاز كېچىپ، سىر ئالېك دوگلاس خوم دېگەن سالاھىيەت بىلەن تۆۋەن پالاتانىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى مۇتەئەسسىپ بولۇپ، چامبېرلىننىڭ خۇسۇسىي كاتىپى بولغان. چامبېرلىنغا ھەمراھ بولۇپ، 1938 ـ يىلىدىكى مىيۇنخېن تىنچلاندۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقانىدى. 1956 ـ يىلى يەنە سۇۋەيش قانىلىغا قوشۇن ئەۋەتىشنى جېنىنىڭ بارىچە ئاقلىغانىدى. خوم ھاكىمىيەت بېشىدا ئۇزاق تۇرالمىدى، بىر يىلدىن كېيىن پارلامېنت سايلىمىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تەختتىن چۈشتى.

لېيبورىستلار پارتىيەسى 1951 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىچكى قىسمىدا كەسكىن پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى. بېۋان باشچىلىقىدىكى سول قاناتلار يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا يادرو قوراللىرىنى قىسقارتىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئوڭ قاناتلار بۇ

تەشەببۇسقا قەتئىي قارشى تۇردى. 1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، خۇگ گايتسكېل لېيبورىستلار پارتىيەسىدە ئاتلىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، پارتىيەنىڭ داھىيسى بولدى. ئۇ ئېغىر ـ بېسىق ئادەم بولۇپ، «مەنمۇ شۇنداق قىلاي» دېگەندىن ئىبارەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دىپلوماتىيە سىياسىتى جەھەتتە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسىنى ئاساسەن ئۆزگەرتمىدى. گايتسكېلنىڭ رەھبەرلىكىدىكى لېيبورىستلار پارتىيەسى 1959 ـ يىلىدىكى سايلامدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. پارتىيە ئىچىدە تۈرلۈك جامائەت پىكرى ئەۋج ئالدى. 1963 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خارولد ۋىلسون لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيلىقىغا سايلاندى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوڭ ـ سول قاناتلار ئارىسىدىكى ئارازلىقنى تۈگىتىشكە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى. 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. لېيبورىستلار پارتىيەسى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سانائەت سېلىنمىسىنى ھەل قىلىش، خۇسۇسىي كىرىمنى تەڭشەش ھەمدە دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش پىلانلارنى تۈزدى. سايلام نەتىجىسىدە لېيبورىستلار پارتىيەسى ئارتۇق بەش ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئازراقلا ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبىگە ئېرىشتى.

ۋىلسون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، 1965 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پولات ـ تۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ 85% ـ 90% نى يېڭىباشتىن دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ نامراتلار مەھەللىسىنى چېقىپ تاشلاپ، جامائەت تۇرالغۇسىنى كۆپلەپ سالدى. 1966 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئۆزىگە تولىمۇ ئىشەنگەن ۋىلسون مۇددەتتىن بۇرۇن ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 3 ـ ئايدىكى سايلام نەتىجىسىدە، لېيبورىستلار پارتىيەسى 363 ئورۇنغا،

كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئاران 253 ئورۇنغا ئېرىشتى. سايلامدىكى مۇۋەپپەقىيەت لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات سىياسىتىنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولالمىدى. ئەكسىچە، 1966 - يىلىدىن كېيىن، لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى بارغانسېرى تەسلىشىپ كەتتى. لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقتىن، مالىيە قىزىل رەقىمى ئۈزۈكسىز كۆپەيدى.

ۋىلسون بىر يېرىم يىل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن 1967 - يىلى 11 - ئايدا، فوند ستېرلىڭنىڭ قىممىتىنى 14.3% چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر فوند ستېرلىڭ 2.8 دوللارغا ئايرىۋاشلىنىشتىن 2.4 دوللارغا ئايرىۋاشلىنىشقا تۆۋەنلىتىلدى. 1968 - يىلى 1 - ئايدا يەنە 1971 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى سۈۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىن ھەربىي كۈچىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ، خىراجەتنى تېجەپ، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1970 - يىلى 1 - ئايدا لىبېرالىستلار پارتىيەسى پارلامېنت سايلىمىدا مەغلۇپ بولدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئۇلارغا قارىغاندا 30 ئورۇنغا ئارتۇق ئېرىشىپ، سايلامدا غەلىبە قىلدى، ئېدۋارد خېئات باش ۋەزىر بولدى.

**70 - يىللاردىكى ئىچكى سىياسەت ۋە ساچېر ئىچكى كابىنېتى** ئېدۋارد خېئات 1916 - يىلى تۇغۇلغان، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇ جىمغۇر، سوغۇققان ئادەم بولۇپ، مۇزىكىغا ھېرىسمەن ئىدى. 1960 - يىلى ئەمگەك ۋەزىرى بولغان، 1964 - يىلى پارتىيەنىڭ داھىيسى بولغان. خېئاتنىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ يىللىق يىغىنىدا، دۇنيا ھازىر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئەنگلىيە بۇ يېڭى دۇنيادا بىر ئورۇنغا

ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، «يېڭى بىر يول تېپىشى» لازىم، «ئەنگلىيە ھازىر ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ياۋروپانىڭ ئورتاق سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك» دېدى. ئەنگلىيە خېئاتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەنگلىيە ئىقتىساتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاھىدە ئېتىبار مەسىلىسى جەھەتتە خېلىلا يول قويۇپ، 1971 - يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن مەزكۇر تەشكىلاتقا قاتنىشىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. خېئات ئەنگلىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىدى. ئۇ ئالدىنقى نۆۋەتلىك لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، سۈۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىن بارلىق ھەربىي كۈچنى چېكىندۈرۈپ كەتمەستىن، بەلكى ئاز قىسمىنى ساقلاپ قالدى، بىراق ئەنگلىيەنىڭ يىراق شەرقتە تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابىنى تاقىۋەتتى.

70 - يىللارنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 1971 - يىلىدىكى ئىشسىز ئاھالە 600 مىڭدىن 750 مىڭغا كۆپەيدى. خېئات ھۆكۈمىتى مائاش ۋە مال باھاسىنى توڭلىتىش چارىسىنى قوللىنىپ زىددىيەتنى پەسەيتتى. 1973 - يىلى خەلقئارادا نېفىت باھاسى ئۆرلىدى. ئەنگلىيەدىكى كۆمۈر كان ئىشچىلىرى پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلىپ، ئىش تاشلاش يولى بىلەن مائاش ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. خېئات بۇنىڭغا ئەسلا كۆنمىدى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت مېنى قوللايدۇ، دەپ قاراپ، 1974 - يىلى 2 - ئايدا ئومۇمىي سايلامنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە لېيبورىستلار پارتىيەسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىگە قارىغاندا بەش ئورۇنغا ئارتۇق ئېرىشىپ، لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى ۋىلسون يەنە بىر قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

ۋىلسون تەختكە چىققاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلماي تۇرالمىدى، كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىنى 35%

قوشۇش تەلىپىگە قوشۇلدى. دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قەدىمىنى تېزلەتمىدى. ۋىلسون يەنە ۋېلىش پارتىيەسى ۋە شوتلاندىيە خەلق پارتىيەسىنى كۈچىنىڭ بارىچە بەزلىدى. شوتلاندىيە خەلق پارتىيەسى مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەلەپ قىلاتتى. لىبېرالىستلار پارتىيەسى بولسا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى تەلەپ قىلاتتى. ۋىلسون ئارىسالدى بولۇپ ئالدىرىماي مۇرەسسە قىلىش يولىدا ئىزدەندى.

ۋىلسون ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل دەل ئەنگلىيە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن دەۋر ئىدى. 1974 ـ ، 1975 ـ يىللىرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 11.2% تۆۋەنلىدى، پۇل پاخاللىقى 24% تىن ئېشىپ، فوند ستېرلىڭنىڭ قىممىتى 1/4 نىچىلىك تۆۋەنلىدى. ۋىلسون كىرىزىسنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئىجتىمائىي كېلىشىم ئىمزالاپ، مائاش ئۆستۈرۈش نىسبىتىنى ھەر يىلى 10% ئىچىدە تىزگىنلىدى. بۇ كېلىشىم باش ۋەزىرنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارالدى، بىراق ئۇ ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى. 1976 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋىلسون ياشىنىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ پېنسىيەگە چىققانلىقىنى جاكارلاپ، ئورنىنى ئۆزىدىن تۆت ياش چوڭ كاللاخانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

لېئونارد كاللاخان 1912 ـ يىلى پورتسمۇتتا تۇغۇلغان. 1974 ـ يىلى لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. كاللاخاننىڭ «شادىمان جېم» دېگەن لەقىمى بولۇپ، تولىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان ئادەم، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ھەققىقەتەن ئامەتى كەلگەن. شىمالىي دېڭىز تەرەپتە نېفىت مەھسۇلات مىقدارى مۆجىزىلەرچە ئاشقان. 1970 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ نېفىت مەھسۇلات مىقدارى ئاران 80 مىڭ توننا ئىدى، 1976 ـ يىلى كاللاخان تەختكە چىققاندىن كېيىن شۇ

يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 11 مىليون 600 مىڭ توننىغا يەتتى. 2 ـ يىلى 37 مىليون 500 مىڭ توننىغا، 1978 ـ يىلى 52 مىليون 900 مىڭ توننىغا، 1979 ـ يىلى 77 مىليون 700 مىڭ توننىغا يەتتى. خەلقئارا نېفىت باھاسى ھەسسىلەپ ئۆسۈۋاتقان ئەھۋالدا، نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ئەنگلىيەگە غايەت زور پايدا ئېلىپ كەلدى، ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، پۇل پاخاللىق نىسبىتى 1977 ـ يىلى 10% تۆۋەنلىدى.

پارلامېنت شوتلاندىيە بىلەن ۋېلشنىڭ تىنچ، خاتىرجەملىكىنى كۆزلەپ تەكلىپ لايىھەسى ماقۇللاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ھوقۇقلىرىنى بۇ ئىككى رايوننىڭ پارلامېنتىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىراق، ۋېلش بۇنىڭدىن ئانچە رازى بولماي، بۇ تەكلىپ لايىھەسىنى رەت قىلدى. شوتلاندىيە پارلامېنتى ئازراقلا كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ تەكلىپ لايىھەسىنى قوبۇل قىلدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كاللاخاننىڭ ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش پىلانى مەغلۇپ بولدى. بۇ ئىككى رايوندىكى مىللەتچىلەر لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتتىن يەنىلا نارازى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لېيبورىستلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، مائاشقا چەك قويۇش كېلىشىمىنى يېڭىباشتىن ئىمزالاشنى رەت قىلدى. 1978 ـ يىلى قىشتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىش تاشلاش يۈز بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىمۇ تۆۋەنلىدى. 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋام پالاتاسى بىر تۇرلۇك ئىشەنمەسلىك لايىھەسىنى ماقۇللاپ كاللاخاننى تەختتىن چۈشۈردى.

1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە يېڭى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى غەلىبە قىلىپ، 339 ئورۇنغا ئېرىشتى. مارگارېت ساچېر ئەنگلىيە تارىخىدىكى تۇنجى ئايال باش ۋەزىر بولۇپ قالدى. ساچېر خانىم 1925 ـ يىلى

تۇغۇلغان بولۇپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سومېرۋىل قىزلار ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن. 1959 ـ يىلى پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان. خېئات ئىچكى كابىنېتىدا مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن ۋەزىرى بولغان. 1975 ـ يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى بولغان. ساچېر خانىم قابىل، ئىرادىلىك ئايال بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئەنگلىيەنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ كۆرەش نىشانى ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «ھەربىر كىشىنىڭ خىزمەت قىلىش ھوقۇقى، ئۆزى تاپقان پۇلنى خەجلەش ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش ھوقۇقى ۋە دۆلەتنى غوجايىنىغا ئەمەس، بەلكى خىزمەتكارىغا ئايلاندۇرۇش ھوقۇقى بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1976 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ساچېر خانىم سوۋېت ئىتتىپاقىنى كېڭەيمىچىلىك قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىتلىرىدە ئۇ «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى قورقۇنچلۇق جادۇگەر»، «تۆمۈر خوتۇن» دېيىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تۆمۈر خوتۇن دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى.

ساچېر خانىم تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيەدە 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلاپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 14.8% تۆۋەنلىدى. ھۆكۈمەت ئىقتىسادنى تەڭشەش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. ھۆكۈمەت فرىيېدماننىڭ پۇلچىلىق تەلىماتىغا ئاساسەن، پۇل تارقىتىش مىقدارىنى تىزگىنلىدى؛ بانكا ئۆسۈمىنى ئۆستۈرۈپ كىرېدىتنى قىستى؛ ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمىنى ئازايتىپ، مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنى تۆۋەنلەتتى. بۇلاردىن سىرت يەنە باج تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ خۇسۇسىيلار تاپاۋەت باج نىسبىتىنى 33% ـ 83% تىن 30% ـ 60% كە تۆۋەنلەتتى، ۋاستىلىك باج نىسبىتىنى 8% ـ 12.5% تىن بىردەك 15% كە ئۆستۈردى. ساچېر ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىنى ئازايتىشنى

قارار قىلىپ، تېلېگرامما ۋە رادىيو شىركىتى، پولات - تۆمۈر شىركىتى، كېمىسازلىق چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ساچېر خانىمنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مەلۇم ئۈنۈم بەردى. خەلق ئىگىلىكى 1982 - يىلىدىن تارتىپ ياخشىلىنىپ، 1983 - يىللىق ئېشىش نىسبىتى 3.5% كە يەتتى. پۇل پاخاللىق نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، 1980 - يىلىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە 21.9% تىن 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 4.5% كە چۈشتى. بۇ ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن پۇل پاخاللىق نىسبىتى ھېسابلىناتتى. خەلقئارالىق كىرىم - چىقىمدا 1980 - يىلىدىن تارتىپ يىلمۇ يىل ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى. بىراق، قىسىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەنگلىيەدە ئىشسىزلارنىڭ سانى كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايمىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى تۆت يىلدا، ئىشسىزلارنىڭ سانى 2 مىليونغا كۆپەيدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى 12.8% كە يەتتى، بۇ ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدەك تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىناتتى.

1984 - يىلى ئەنگلىيەدە 1926 - يىلىدىن بۇيان تارىختا ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك بىر قېتىملىق ئىش تاشلاش يۈز بەردى. بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاشقا ھۆكۈمەتنىڭ 1984 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 174 كان قۇدۇقىنىڭ 20 سىنى تاقاش ۋە 20 مىڭ كان ئىشچىسىنى قىسقارتىشنى جاكارلىشى سەۋەب بولدى. كۆمۈركان ئىشچىلىرى بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقتى. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شوتلاندىيە ۋە يورك ۋىلايىتىدىكى 70 مىڭ كان ئىشچىسى ئالدى بىلەن ئىش تاشلىدى. ھەرقايسى جايلار بەس - بەستە ئاۋاز قوشتى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى

3/4 قىسىم كۆمۈركاندا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش توختىدى، 80% كۆمۈركان ئىشچىلىرى ئىش تاشلاش كۈرىشىگە ئاتلاندى. كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ كۈرىشىنى يەنە مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى قوللىدى، پىرىستان ۋە ئاپتوموبىلسازلىق ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ مەدەت بەردى. ساچېر ھۆكۈمىتى ئىش تاشلاشقا نىسبەتەن ئاللىبۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ھۆكۈمەت قالاق، زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان كان قۇدۇقلىرىنى تاقاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، جامائەت پىكرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى. زاپاس كۆمۈرنى يېتەرلىك تەييارلاپ، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدىكى ماي قالايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ساقلاپ قېلىپ، كان ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۇزاق مۇددەت تىركىشىشكە ھازىرلاندى. 1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسى «سوتنى مەنسىتمىدى» دېگەن گۇناھ بىلەن مەملىكەتلىك كان ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسىغا 20 مىڭ فوند ستېرلىڭ، ئۇيۇشما رەئىسى سكارگىلغا 1000 فوند ستېرلىڭ جەرىمانە قويدى ھەم جەرىمانىنى تاپشۇرۇشقا 14 كۈن مۆھلەت بەردى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سوت مەھكىمىسى يەنە جەرىمانە پۇلىنى ئۆز قەرەلىدە تاپشۇرمىدى دېگەن باھانە بىلەن كان ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. كان ئىشچىلىرى ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، بىراق چېكىنىش يولى تاپالماي، 1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىش تاشلاشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

شىمالىي ئىرېلاندىيە مەسىلىسى ئۇزاقتىن بېرى باش ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى 65% ئاھالە ئەنگلىيە پىروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پارتىيەسى بولغان بىرلىككە كەلتۈرۈش پارتىيەسى

www.uyghurkitap.com

باشقۇرغۇچىلىق ئورنىدا تۇراتتى. 35% ئاھالە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1967 ـ يىلى شىمالىي ئىرېلاندىيە خەلق ھوقۇقى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. جەمئىيەت ئاساسلىقى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، خەلق ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلاتتى. خەلق ھوقۇقى جەمئىيىتى ۋە قىسمەن ئاممىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن شىمالىي ئىرېلاندىيە ھۆكۈمىتى بەزى ئىشلارنى ئىسلاھ قىلدى. بۇ ئىش پىروتېستانت دىنىدىكى ئەسەبىي گۇرۇھنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى ھەمدە خەلق ھوقۇقى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا زەربە بەردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جىمىپ كەتكىنىگە كۆپ يىل بولغان ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى قوغداش نامى بىلەن يېڭىباشتىن جانلىنىپ كەتتى. ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشى ئۈزلۈكسىز كەسكىنلىشىپ باردى. 1969 ـ يىلى بېلفاست ۋە لوندوندېررىدا توپىلاڭ بىرقانچە ھەپتە داۋاملاشتى. ئىككى تەرەپ قوراللىنىپ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئارمىيە ئەۋەتىپ، ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ئىككى تەرەپنى ئايرىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پەقەت تەرتىپ ساقلايدىغانلىقىنى، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە قولغا ئالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى بولدى. بۇ ئىش قاتتىق نارازىلىقنى قوزغىدى. 1972 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم لوندوندېررىدا ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوق چىقىرىپ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى، ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانى نەچچە ئونغا يەتتى. 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شىمالىي ئىرېلاندىيە پارلامېنتىنى بىكار قىلىپ، بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى. 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شىمالىي ئىرېلاندىيە ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نىسبەت بويىچە ۋەكىل بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى بەلگىلەپ، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ سايلام ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى جەھەتتىكى باراۋەر ھوقۇقىنى جەزملەشتۈردى. 6 ـ ئايدا سايلام ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈش پارتىيەسى باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە، شىمالىي ئىرېلاندىيە ۋە ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتى ئۈچ تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىرېلاندىيە ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇش، كومىتېتقا ئىرېلاندىيەنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىن باراۋەر ۋەكىل قاتنىشىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىرېلاندىيە ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى ئالتە ۋىلايەتكە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيە بولسا شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر قوشۇلسا، پۈتۈن ئىرېلاندىيە ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋە ئەنگلىيە ئىرېلاندىيە كېلىشىمى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بىراق جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى بۇ ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئىرېلاندىيە ئىشلىرىغا مەڭگۈ ئارىلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قاراپ، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. توقۇنۇش ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋەردى. 1969 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە جەمئىي 8000 قېتىمدىن ئارتۇق پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى، 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2400 ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى، نەچچە ئون مىڭ ئادەم يارىلاندى. 1980 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە قاماقتا ئېلىنغان جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىنىڭ ئەزالىرى سىياسىي جىنايەتچى مۇئامىلىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن ئون ئادەم

ئاچلىقتىن ئۆلدى، بىراق ساچېر ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قەتئىي كۆنمىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىككى گورۇھنىڭ توقۇنۇشىنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇق ئايرىۋېلىنغان ھۆكۈمەت ۋە ھوقۇق ئايرىۋېلىنغان پارلامېنت قۇرۇشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە كۆپ قېتىم سىناق قىلىپمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. ئەنگلىيە يەنە ئېرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەل قىلىش چارىسىنى كېڭەشتى. 1985 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ئىرېلاندىيە كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئىرېلاندىيەگە نىسبەتەن ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىرېلاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالىي ئىرېلاندىيە ئىشلىرىدا رەسمىي پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن ئارگېنتىنا مالۋىناس تاقىم ئاراللىرىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىنى چۆرىدەپ قوراللىق توقۇنۇشتى. مالۋىناس تاقىم ئاراللىرى جەنۇبىي تىنچ ئوكيانغا جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 1.2 كىۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى تەخمىنەن 1800 ئىدى. 1883 - يىلى ئەنگلىيە مالۋىناس تاقىم ئاراللىرىنى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئارگېنتىنا ئۆز زېمىنىدىن 550 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مالۋىناس تاقىم ئاراللىرىغا نىسبەتەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن ئارگېنتىنا كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى. 1982 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئارگېنتىنا قوشۇن ئەۋەتىپ مالۋىناس تاقىم ئاراللىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئارگېنتىنانىڭ 24 - ئۆلكىسى دەپ جاكارلىدى. ساچېر خانىم دەرھال ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىچكى كابىنېتنى تەشكىللەپ، مالۋىناس ئارىلىنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.



www.uyghurkitap.com

دىپلوماتىيە جەھەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەنگلىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز سۇنۇپ، خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە قارار ماقۇللىتىپ، ئارگېنتىنادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، ئارگېنتىنا بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 2/3 قىسىم جەڭ قىلغۇچى كۈچىنى مالۋىناس ئارىلىغا ئەۋەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئارگېنتىنانىڭ ئەنگلىيەدىكى بارلىق مال ـ مۈلكىنى توڭلاتتى. ئەنگلىيە تەدرىجىي پاسسىپ ئەھۋالدىن قۇتۇلدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇرەسسە قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دېكۇليار مۇرەسسەنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ھۇجۇم قوزغىدى. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پۈتكۈل تاقىم ئارالنى ئىشغال قىلدى.

مالۋىناس تاقىم ئارىلى ۋەقەسىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئەۋج ئالدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ساچېر خانىمنىڭ ئورنىمۇ مۇستەھكەملەندى. ساچېر خانىم بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ مۇددەتتىن بۇرۇن پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 397 ئورۇنغا ئېرىشتى. لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ ئېرىشكەن ئورنى 209 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىك سايلامغا سېلىشتۇرغاندا 59 ئورۇن كەم ئىدى. 1981 ـ يىلى لېيبورىستلار پارتىيەسىدىن ئايرىلىپ چىققان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، 23 ئورۇنغا ئېرىشتى.

باش ۋەزىر ساچېر خانىم 2 ـ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شياڭگاڭ

مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئىمزالىغان شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى باياناتتا 1997 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ شياڭگاڭنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

ئەنگلىيەنىڭ «ساچېرىزم» دەپ ئاتالغان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى «ساقايماس كېسەللىكى» نى داۋالاشتىكى ياخشى رېتسېپ دەپ قارالغانىدى. بىراق، بۇ رېتسېپ بىر مەھەل ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەچكە، ئەنگلىيە ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن مەسىلە يەنىلا ئىنتايىن كۆپ بولدى. پۇل پاخاللىقى يېڭىباشتىن ئۆتكۈرلىشىپ، 1989 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 8.3% كە، 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 11% كە يەتتى، بۇ غەربىي ياۋروپادىكى ئوتتۇرىچە سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ھۆكۈمەت پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يۇقىرى ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىنى قوللانغاچقا، يەنە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال تۆۋەنلەش، كارخانىلار تاقىلىش، ئىشسىزلىق نىسبىتى ئۆرلەش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. تاشقى سودىدىكى پاسسىپ بالانس ئۇزۇكسىز ئاشتى، 1988 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمىدىكى پاسسىپ بالانس رېكورتنى بۇزۇپ، 14 مىليارد 700 مىليون فوند ستېرلىڭ (تەخمىنەن 25 مىليارد 300 مىليون دوللارغا تەڭ) غا يېتىپ، ئەنگلىيە ئىقتىسادى خارابلىشىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ساچېرىزمنىڭ ئالدىنقى يىللاردا قولغا كەلتۈرگەن بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىرى جەمئىيەتتىكى قارشىلىشىش ۋە زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بەدىلىگە كەلگەنىدى. ساچېر خانىم ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 11 يىلدىن بېرى بايلار تېخىمۇ كۆپ «ئەمەلىي نەپ» كە ئېرىشتى، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. ئۇ زورلۇق بىلەن يولغا قويغان جان بېجى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىققا ئۇچرىدى، بەزى جايلاردا ئېغىر زوراۋانلىق

توپىلاڭلىرى يۈز بەردى. ئەنگلىيە ئىقتىسادىدىكى جىددىي ۋەزىيەت ۋە كونسايىن كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان تۇرلۇك ئىجتىمائىي زىددىيەت ساچېر خانىمنىڭ تەختتىن چۈشۈشىدىكى تۈپ سەۋەب بولۇپ قالدى. 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسىنى سايلاش رىقابىتىدىكى بىرىنچى نۆۋەتلىك بېلەت تاشلاشتا تۆت بېلەتنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن غەلىبىگە ئېرىشەلمەي، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ ئىلاجسىزلىقتىن سايلام رىقابىتىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى ھەم 11 يىلدىن ئارتۇق ئۆتكەن باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئەنگلىيەنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تارىخىدىكى ساچېر دەۋرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

## 4 ـ بۆلۈم ئىتالىيەنىڭ تەرەققىياتى

**50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى زور تەرەققىيات** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىتالىيە ئىقتىسادى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1951 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئارىلىقتا، سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 8.3% كە يېتىپ، ياۋروپادىكى باشقا كاپىتالىستىك ئەللەر ۋە ئامېرىكىدىن ئېشىپ كەتتى، پەقەت ياپونىيەدىنلا كېيىن تۇردى. 1950 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە ئاساسلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى، پولات مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 360 مىڭ توننىدىن 17 مىليون 280 مىڭ توننىغا، توك چىقىرىش مىقدارى 24 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتتىن 117 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەتكە، خام نېفىت 8000 توننىدىن 1 مىليون 410 مىڭ توننىغا، ئاپتوموبىل 130 مىڭ دانىدىن 1 مىليون 850 مىڭ دانىگە كۆپەيدى.

www.uyghurkitap.com

ئىتالىيە ھۆكۈمىتى كارخانىلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1972 ـ يىلىغا كەلگەندە، دۆلەت ئىگىلىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىشتا تەخمىنەن 12% نى، سانائەتنىڭ تەخمىنەن 1/3 نى ئىگىلەپ، تەرەققىيات سەۋىيەسى فىرانسىيە ۋە ئاۋستىرىيەدىنلا كېيىن تۇردى. ھۆكۈمەت يەنە ئىجتىمائىي كامالەت سىياسىتىنى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ قېرىغىچە، كېسەل بولغاندىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچە ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالدى. 16 ياشتىن تۆۋەن باللار مائارىپتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولدى. ئىتالىيە كوممۇنىستلىرى شەھەر باشلىقى بولغان شەھەرلەردە، ئىشقا بېرىش ـ كېلىش ۋاقتىدا كوچا ئاپتوبۇسلىرى ھەقسىز قاتنىدى، زاۋۇتلار ئادەتتە ئەرزان ياكى ھەقسىز چۈشلۈك غىزا بىلەن تەمىن ئەتتى. 1975 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق چىقىمى ئىچكى ئىشلەپچىقىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 22.6% نى ئىگىلىدى.

يېزا ئىگىلىكىمۇ بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ھۆكۈمەت يەرنى يېرى يوق ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن يەنە جەنۇبىي قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 15 يىللىق پىلانى (1950 ــ 1965 ـ يىللار) نى تۈزۈپ چىقىپ، بىرقانچە مىليارد لىرا مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي قىسمىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە باشقا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1950 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا 66% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت مەھسۇلات مىقدارى 11 مىليون 360 توننىدىن 16 مىليون 150 مىڭ توننىغا، گۆش مەھسۇلات مىقدارى 700 مىڭ توننىدىن 2 مىليون 500 مىڭ توننىغا كۆپەيدى.

ئىتالىيەنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1950 ـ يىلىدىكى ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد

600 مىلىيون دوللار ئىدى، 1970 ـ يىلى تېز كۆپىيىپ، 28 مىليارد 200 مىلىيون دوللارغا يەتتى، بىراق ئىتالىيەنىڭ ئىمپورت مىقدارى ھامان ئېكسپورت مىقدارىدىن ئېشىپ كېتەتتى. سودىدىكى قىزىل رەقەم ئاساسلىقى ساياھەتچىلىككە تايىنىپ تولۇقلىناتتى. ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىدىغانلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تاشيوللارنى رېمونت قىلدى. 1964 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن پەۋقۇلئاددە دەرىجىلىك تاشيول — مىلاندىن ناپلېسقىچە بولغان تاشيولدا قاتناش باشلاندى. 1965 ـ يىلى يەنە ئىتالىيە، فىرانسىيە چېگراسىدىكى تاغ تېگىدىن تونېل قېزىلىپ، جەنۇەدىن تورىنتوغىچە بولغان مۇساپە ياز كۈنلىرىدە تەخمىنەن 56 كىلومېتىر قىسقارتىلدى، قىش كۈنلىرىدە تاغ ئېغىزى قار توسۇۋالغان چاغلاردىكى مۇساپە 518 كىلومېتىر قىسقارتىلدى.

ئىتالىيەنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتاتتى. 1945 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىن بولغان كىشى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىقىنى ئۆتەپ كەلدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ بىرقەدەر چوڭ تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇلار 1947 ـ يىلى ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتا كۆپ ئورۇنغا ئېرىششىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى.

1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دى گاسپېرى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ تەختتىن چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىكى سولچىل، بىتەرەپ ۋە ئوڭچىل گۇرۇھلارنىڭ داھىيلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن باش مىنىستىر بولدى. ئۇلار بىر بولسا ئوڭ قانات لىبېراللىستلار پارتىيەسىدىكىلەر، پادىشاھپەرەسلەر ۋە يېڭى فاشىستلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قوللىنىشقا ئېرىشتى؛ بىر بولسا سول قانات كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە دېموكراتىك سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشتى. بىراق، باشتىن – ئاخىر ھۆكۈمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللەپ بولالمىدى، ھەر نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېت ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتەپ بولالمىدى.

1956 ـ يىلى يۈز بەرگەن پولشا، ۋېنگرىيە ۋەقەسىدىن كېيىن پېترو نېننى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستلار پارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى قارار قىلدى ھەم كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى ئامىنتورى فانفانىمۇ سول قاناتلارغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. بىراق، پارتىيە ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى. شۇڭا، 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاندىن كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەدىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەندى. يېڭى ئىچكى كابىنېتتا، فانفانى بىر چەتتە قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ قاتتىق قول ئىستىلى كۆپ تەرەپنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىن بولغان ئېخىمۇ ياش، ئېخىمۇ رايىش ئالدو مورو باش مىنىستىر، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن نېننى مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان بىتەرەپ، سولچىل ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات سىياسەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە يولغا قويدى. فانفانى ھۆكۈمىتى 1962 ـ يىلى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە سانائىتىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسىنى كۆپەيتتى. مورو ھۆكۈمىتى شەھەر تەرەققىياتىنى

تىزگىنلەش، مائارىپ ئىشلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ياردەم پۇلى بېرىش، جەنۇبنىڭ سانائەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىتەرەپ، سولچىل ھۆكۈمەت چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. بىر جەھەتتىن، پۇل پاخاللىقى مەسىلىسى ئىسلاھاتنى چەكلەپ قويدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى بىلەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى بار ئىدى، ھاكىمىيەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى تۆپەيلىدىن ئىختىلاپ تۈگىمەي كېلىۋاتقان بىر كونا مەسىلە ئىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا يول قويىدىغان قانۇن چىقىرىشنى قوللاپ، بۇ قانۇن نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانۇنلاشتۇرىدۇ، نىكاھسىز تۇغۇلغان نۇرغۇن بالىلارنى قانۇنلاشتۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، ۋاتىكان بۇنىڭغا قارشى چىقتى، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىمۇ بۇنىڭغا قارشى چىقتى. بۇ مەسىلىدىكى تالاش ـ تارتىش ھۆكۈمەتنى كرىزىسقا سۆرەپ كىرىپ، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن چەكلىك تۈردە نىكاھتىن ئاجرىشىش قانۇنى ماقۇللاندى. يەنە بىر ئىختىلاپ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئىدى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقتىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىستىپا بېرىشىگە رازى ئىدىكى، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سايلام بىلەتى ئارقىلىق قوللىشىدا داۋاملىق ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشنى خالىمايتتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلارنىڭمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بىردەك ئەمەس ئىدى. سول قاناتلار كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭ ئىچكى كابىنېتىغا قاتنىشىشنى خالىماي، 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا باشقىدىن «پىرولېتارىيات ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىستلار

پارتىيەسى» نى تەشكىللەپ، ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن داۋاملىق ھەمكارلاشتى. نېننى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستلار يەرلىكتە ھەمىشە كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بەزى شەھەرلەرنى ئورتاق تىزگىنلىدى. بەزىلەر بۇنداق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئوڭ قاناتلار بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىقتى. نېننى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ زىددىيىتىنى كۆچىنىڭ بارىچە مۇرەسسە قىلدى ھەم 1966 - يىلى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن يېڭىباشتىن بىرلەشتى. بىراق، يارىشىش يۈزەلا بولدى. ئوڭ قاناتلار مارتىنوچىلارنى ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ ئەيىبلىدى. 1969 - يىلى 7 - ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، باشقىدىن «بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى» نى تەشكىللىدى، 1971 - يىلى نامىنى «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى» دەپ ئۆزگەرتتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ بۆلۈنۈشى ھۆكۈمەتنى كىرىزىسقا سۆرەپ كىردى. كاتولىك دىنى دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان رۇمور ئاۋۋال بىر پارتىيەلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، ئاندىن نىكاھتىن ئاجرىشىش قانۇنى مەسىلىسىدە يول قويۇپ، 1970 - يىلى 3 - ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسى قاتارلىقلار بىلەن يېڭىباشتىن بىرلەشمە ئىچكى كابىنېت قۇردى. بىراق، يېڭى ئىچكى كابىنېت مورو ھۆكۈمىتىچىلىك ئىش قىلالمىدى، سىياسىي نەتىجىسىمۇ ئادەتتىكىدەكلا بولۇپ، بىرەر ئىشنى روياپقا چىقىرالمىدى.

**70 - ، 80 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋال** 60 - يىللاردا ئىتالىيەنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى، ئەمما نېفىت ئېھتىياجىنى ئومۇمەن ئىمپورتقا تايىنىپ ھەل قىلاتتى. 1973 - يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا

ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلىغاندا، ئىتالىيە كىرىزىس زەربىسىگە ئالدى بىلەن ئۇچراپ ئېغىر زىيان تارتتى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ھۆكۈمىتى كىرىزىستىن قۇتۇلۇپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي ئاساسنى چىڭىتىش ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، نەزىرىنى ئۆزىنىڭ رەقىبى — كوممۇنىستىك پارتىيەگە قاراتتى.

ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەت بويىچە 2 - چوڭ پارتىيە ئىدى. غەرب دۇنياسىدىمۇ ئەڭ كۈچلۈك كوممۇنىستىك پارتىيە ھېسابلىناتتى. ئۇ بەزى شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش بىلەن بىللە شۇ شەھەرلەردىكى كوپېراتىپلارنى ئۇنۇملۇك، مۇقىم باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېخوسلوۋاكىيەگە قوشۇن چىقىرىشىغا قارشى تۇرۇپ، ھەر قايسى ئەل پارتىيەلىرىنىڭ سىياسىتىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ۋە ئۆزى تاللىغان سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. 1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بېرلىنگېر رەھبەرلىكىدىكى ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى بىلەن «تارىخىي خاراكتېرلىك يارىشىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1976 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى %34.4 سايلام بېلىتىگە ئېرىشتى، بۇنى كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاران %4.3 ئاز ئىدى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايتتى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىن يېڭىلا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش مىنىستىر ئاندرىئوتتى ئۆز پارتىيەسىدىكىلەرنى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قوللىشىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈردى. 1978 - يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمەت بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەمكارلىشىپ، ھوقۇقىدىن

www.uyghurkitap.com

ۋاز كېچىش شەكلىدىكى قوللاشتىن پارلامېنتتىكى ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان كۆپ سانلىقلار گۇرۇھىغا قاتنىشىشقا ئۆتتى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مائاشقا چەك قويۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، پۇل پاخاللىقى نىسبىتى ۋە ئىشسىزلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1976 - يىلىدىكى 172 مىليارد 800 مىليون دوللاردىن 1979 - يىلىغا كەلگەندە 324 مىليارد 500 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. بىراق، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ئۇزاققا بارمىدى. 1979 - يىلى ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلار گۇرۇھىدىن چېكىنىپ چىقتى. 1980 - يىلى «دېموكراتىيە ئورنىتىش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىكى ئىلغار كۈچلەردىن ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلدى.

1981 - يىلى ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سەتچىلىكى ئاشكارىلاندى. ئۈچ مىنىستىر ۋە بىرقانچە 100 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى مەخپىيەتلىك ئوغرىلاش، ۋەقە پەيدا قىلىش دېگەندەك قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە چېتىلىپ قېلىپ، فورلانى ئىچكى كابىنېتى تەختتىن چۈشتى. ھاكىمىيەت بېشىدا 35 يىل تۇرغان كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى باش مىنىستىرلىق ئورنىنى ئىلاجسىز بوشىتىپ بەردى. 1981 - يىلى 5 - ئايدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن سپادولىنى تەختكە چىقىپ، ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئۇنىڭ ئىككى نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئىتالىيە ئىقتىسادىدا پۇل پاخاللىقى ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئاشماسلىقىدەك ئەھۋال ئېغىرلاشتى. كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنى ئازايتىپ، مائاش

ئۆستۈرۈشنى تېزگىنلەپ، كىرىدىتنى قىسىش ئارقىلىق پۇل پاخاللىقىغا تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بولسا كىرىدىتنى قويۇۋېتىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىش يولى بىلەن ئىشسىزلىقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىرىدا كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. 1982 - يىلى 12 - ئايدا يەنە كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى.

1983 - يىلى 8 - ئايدا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى كراكسى 44 - نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېتنى تەشكىللىدى. بۇ ئىتالىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى ئىدى. بىراق، سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتا ئىگىلىگەن ئورنى ئاران 10% ئەتراپىدا بولۇپ، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەدىن كېيىن تۇرغاچقا، ئۆز ئالدىغا ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە قۇربى يەتمەيتتى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىماي، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ۋە لىبېرالىستلار پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ بەش پارتىيە ھۆكۈمىتى تەشكىللىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، مۇئاۋىن باش مىنىستىر، دىپلوماتىيە مىنىستىرى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ باشلىقى، ئەدلىيە مىنىستىرى دېگەندەك ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىلەرنى مۇشۇ پارتىيەدىن چىققانلار زىممىسىگە ئالدى. كراكسى ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ قەدىمىنى

تېزلىتىش، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە بولغان ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش ۋە ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن 1984 ـ يىلىدىن تارتىپ پەن تەتقىقات خىراجىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. پەن تەتقىقات خىراجىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1980 ـ يىلىدىكى 0.9% تىن 1987 ـ يىلىغا كەلگەندە 1.5% كە ئۆستۈرۈلدى. كۈچلۈك تۈردە قىسىش تەدبىرى قوللىنىلغانلىقتىن، كۆپ يىللاردىن بېرى ئىككى خانىلىق ساندىن چۈشمەي كېلىۋاتقان پۇل پاخاللىق نىسبىتى 1985 ـ يىلى 8.6% كە، 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 4.5%كە چۈشتى. ئىتالىيەدە ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل جىددىي بولۇپ كېلىۋاتاتتى، بىراق 1986 ـ يىلى ئىش تاشلاش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغان ئىش ۋاقتى 1975 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بولغان ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ساننىڭ 1/6 نىگە توغرا كېلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشتى. ھۆكۈمەت يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشىدى: يېڭىدىن گۈللەنگەن تارماقلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنئەنىۋى سانائەت بىلەن يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى؛ چوڭ كارخانىلار بىلەن ئوتتۇرا ـ ئۇششاق كارخانىلار، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار بىلەن خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى؛ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى تارماقلارنى قىسىپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن تارماقلارنى كۈچەيتتى. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىتالىيەنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي



www.uyghurkitap.com

قىممىتى 76 مىلىيارد 600 مىلىيون لىرا (تەخمىنەن 515 مىلىيارد 480 مىلىيون دوللارغا تەڭ) غا يېتىپ، ئەنگلىيەدىن ئېشىپ، غەربتىكى 5 ـ چوڭ سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. 1987 ـ يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3.5% كە يېتىپ، سانائەت چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، غەرب گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا «ئىتالىيەچە مۆجىزە» دەپ تەرىپلەندى. كراكسى ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت بېشىدا تۆت يىلغا يېقىن تۇرغان بولسىمۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىتالىيەدە ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇددىتى ئەڭ ئۇزاق بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت بولۇپ قالدى.

ئەمما، كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى بىلەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ باش مىنىستىرلىق ئورنىنى تالىشىش زىددىيىتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، 1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھۆكۈمەت كىرىزىسى پارتلىدى. پرېزىدېنت كوسسىگانىڭ ياراشتۇرۇشىمۇ كارغا كەلمەي، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارلامېنتنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى، مۇددەتتىن بۇرۇن ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى جاكارلاندى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، نەتىجىدە كېڭەش پالاتاسىدىكى 315 ئورۇن ۋە ئاۋام پالاتاسىدىكى 630 ئورۇندىن كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ئايرىم ـ ئايرىم 125 ئورۇن ۋە 234 ئورۇن (ئەسلىدە 120 ئورۇن ۋە 225 ئورۇن) غا، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 36 ئورۇن ۋە 94 ئورۇن (ئەسلىدە 34 ئورۇن ۋە 73 ئورۇن) غا ئېرىشتى. ئەسلىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئۈچ كىچىك پارتىيە — جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە لىبېراللىستلار پارتىيەسى ئېرىشكەن سايلام بېلىتىنىڭ سانى بىردەك ئازىيىپ كەتتى. ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيە بولغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئاران 100 ئورۇن ۋە 177 ئورۇن (ئەسلىدە 107 ئورۇن ۋە 198 ئورۇن) غا ئېرىشتى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

پىرىزىدېنت كوسسىگا كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسىدىن چىققان مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس 44 ياشلىق گيوۋاننى گورياغا ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش ھوقۇقى بەردى. ئۇ پارتىيە - گۇرۇھلار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ تالاش - تارتىشلار ئىچىدە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى بىلەن كاتولىك دىنى دېموكراتىك پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋاقىتلىق پەسەيتىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە لىبېراللىستلار پارتىيەسىنى ئىچكى كابىنېتقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى بەش پارتىيەنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەش پىروگراممىسى جەھەتتىكى پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوريا قەسەم بېرىپ، ئىتالىيەنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 47 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بەش ئايغا يېقىن داۋاملاشقان ھۆكۈمەت كرىزىسى ئاياغلاشتى.

## 5 - بۆلۈم ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

**ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشى** 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئورنى تېزلا تۆۋەنلەپ كەتتى. غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋەيران بولۇپ ئامېرىكىغا بېقىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جىددىي تۈردە تونۇپ يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، غەربىي ياۋروپا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت

ئىتتىپاقى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قىلىپ تىركىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن بەك ئەنسىرىگەچكە، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆز خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، غەربىي ياۋروپانىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشتا غەربىي ياۋروپانىڭ ئۆزىگە ياردەمچى تېگىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىشىنى قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولدى، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ تىزگىنىدىكى «ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، ھەربىي ئىشلاردا قۇدرەت تاپقان، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان بىرلىككە كەلگەن ياۋروپا» قۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئەنگلىيە غەربىي ياۋروپانىڭ بىرلىشىشىگە ناھايىتى ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتتى. ئەنگلىيەنىڭ غەربىي ئامېرىكا بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ بىرلەشمىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىدى. 1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چېرچىل نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرى يەنە ئۆزئارا يۆت تېپىشىدىغان بولسا، ئاخىر بىر كۈنى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرگە يېڭىباشتىن قايتىپ بارىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ بىرلا ئامالى بار، ئۇ بولسىمۇ «ياۋروپا چوڭ ئائىلىسىنى يېڭىباشتىن قۇرۇشتىن ئىبارەت ياكى بىز ياۋروپا چوڭ ئائىلىسىنىڭ تىنچ، بەختلىك ۋە ئەركىن مۇھىتتا خاتىرجەم تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان بىر ئاپپارات تەشكىللىسەكمۇ بولىدۇ. بىز ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى دېگەندەك بىر خىل تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك» دېدى. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى بېۋىن تۆۋەن پالاتادا ئېلان قىلغان نۇتقىدا، ئەنئەنىۋى كۈچلەر باراۋەرلىكى دىپلوماتىيەسىدىن ۋاز كېچىپ، غەربىي ياۋروپانى

بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرى گائاگادا يىغىن ئۆتكۈزدى. ئەنگلىيەدىن چېرچىل، فىرانسىيەدىن رېنالد، بىدالت، شۇمان، ئىتالىيەدىن دى گاسپېرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تەشەببۇس قىلغۇچى كوللېكتىپلاردىن بىرلەشمە كومىتېت تەشكىللەش قارار قىلىندى. تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، ئىتالىيە، ئىرېلاندىيە، دانىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيەدىن ئىبارەت 10 دۆلەت نىزامنامىگە رەسمىي ئىمزا قويۇپ، ياۋروپا كومىتېتىنى قۇرۇپ، ياۋروپانى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ھەمكارلىق شەكلى جەھەتتىكى پىكرى بىردەك بولمىغاچقا، ياۋروپا كومىتېتى ھېچقانچە مۇھىم رول ئوينىيالمىدى.

50 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن غەربىي ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىرقەدەر يېقىن ھەمكارلىق ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ ئىتتىپاق ئامېرىكىغا ئانچە تايىنىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، مەلۇم مۇستەقىللىققا ئىگە ئىدى. بۇ ئوي ـ پىكىر ئەنگلىيەنىڭ لايىھەسى بىلەن بىردەك چىقمىغاچقا، ئەنگلىيە غەربىي ياۋروپا بىرلەشمىسىدىكى مۇھىم ئورنىدىن تەدرىجىي ئايرىلىپ قالدى.

ياۋروپانىڭ بىرلىشىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىدا، فىرانسىيەلىك جېئان مونىېت (1888 — 1979 ـ يىللار) پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئوينىدى. مونىېت ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تالانتلىق ئىقتىسادشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇ ياۋروپا فېدېراتسىيەسى قۇرۇش يولىدا ئۆمۈر بويى

پايپېتەك بولۇپ، «ياۋروپانىڭ پېشۋاسى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ 1949 ـ يىلى سۇنغان دوكلاتىدا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، كۆمۈر ۋە پولات ـ تۆمۈر تىجارىتىنى بىرلىكتە قىلىش ئارقىلىق بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. مونىېت ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى شۇماننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شۇمان ياۋروپا كۆمۈر ـ پولات، تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسى (ياۋروپا كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر بىرلەشمە تىجارىتى، دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) قۇرۇش پىلانى، يەنى شۇمان پىلانىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى ئادېناۋېر بۇ تەشەببۇسنى پائال قوللىدى. كېڭىشىش ئارقىلىق 1951 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، فىرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە لىيۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت ھۆكۈمىتى «ياۋروپا كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دۆلەت ھالقىغان تەشكىلىي ئاپپاراتنى قۇردى. بۇ ئاپپارات ئالتە دۆلەتنىڭ كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش، مەبلەغ سېلىش، باھا ۋە خام ئەشيا تەقسىملەش، مەلۇم كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى تاقاش ئۈستىدە قارار چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۇ يەنە كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ باشقا دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ باشقۇراتتى. كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشى فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ يارىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ئالتە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. 1951 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە، ئالتە دۆلەتنىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 23%، پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 14.5% ئاشتى.

كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسى نەتىجىگە ئېرىشكەن

ئەھۋال ئاستىدا، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت بىرلىكتە 1955 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىر پارچە نوتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئالتە دۆلەتنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، ئاتوم ئېنېرگىيەسى، قاتناش ـ ترانسپورت قاتارلىق تارماقلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ھەم ئومۇمىيۈزلۈك تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ئالتە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئىتالىيەنىڭ مېسسىنادا يىغىن ئېچىپ، ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان نوتىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ياۋروپا ئورتاق بازىرىنى قۇرۇشتىكى ئاساسىي تەسەۋۋۇر ۋە نىشانىنى بېكىتتى ھەم ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن تەييارلىق كومىتېتى تەشكىللەپ، بۇ ئىشنى كونكرېت پىلانلاشنى قارار قىلدى.

ئالتە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى ئوخشىمايدىغانلىقتىن، تەلەپلىرىمۇ ھەر خىل بولدى. تەييارلىق كومىتېتى ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئالتە دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ياكى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رىمدا «ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» ۋە «ياۋروپا ئاتوم ئېنېرگىيە ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى، بۇ شەرتنامىلەر ئومۇملاشتۇرۇپ رىم شەرتنامىسى، دەپ ئاتالدى.

رىم شەرتنامىسى جەمئىي ئالتە چوڭ قىسىم، 248 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە 11 پارچە كېلىشىم، ئۈچ مەخسۇس ئەھدىنامە ۋە بىر قانچە تىزىملىك قوشۇمچە قىلىنغان. شەرتنامىدە ئورتاق گەۋدىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى، شەكلى ۋە تىرىش نىشانى بەلگىلەنگەن. ئادەتتىكى خەلقئارالىق شەرتنامىلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بۇ شەرتنامىنىڭ مۆھلىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭدا شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىقىش تەرتىپى بەلگىلەنمىگەنىدى، بىراق ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ

ئورتاق گەۋدىگە قاتنىشىشنى ئالقىشلاشقا ئائىت مادىلار بار ئىدى، بۇ ئالتە دۆلەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ـ ياۋروپانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بىر گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

رىم شەرتنامىسىدە كۆزلىگەن نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار تەشكىلىي ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. ئاساسلىق ئاپپاراتلار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، مىنىستىرلار كېڭىشى. بۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتى بولۇپ، ھەرقايسى ئەزا ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى، ئورتاق سىياسەت تۈزۈش قانۇن ـ نىزام ۋە بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. كېڭەش ئاۋاز بېرىش جەريانىدا ئادەتتە كېڭەشىپ بىردەكلىك ھاسىل قىلىش پىرىنسىپىنى قوللىناتتى. ماقۇللانغان قارارلار بارلىق ئەزا ئەللەرگە نىسبەتەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئىككىنچى، كومىتېت، ئۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىجرائىيە ئاپپاراتى بولۇپ، شەرتنامىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ۋە ئورتاق گەۋدىدىكى ئاپپاراتلار چىقارغان قارارلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى، ئورتاق گەۋدىگە ۋاكالىتەن سىرت بىلەن ئالاقىلىشاتتى، سۆھبەت ئۆتكۈزەتتى ۋە كېلىشىم ئىمزالايتتى، ئورتاق گەۋدىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. كومىتېت ئەزالىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ئورتاق گەۋدە ئالدىدا جاۋابكار بولاتتى. ئۈچىنچى، پارلامېنت، ئۇ كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ پارلامېنتى بىلەن بىر بولۇپ، 1962 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رەسمىي ياۋروپا پارلامېنتى دەپ نام بېرىلدى. پارلامېنت ئاساسەن مەسلىھەتچىلىك ۋە باھالاش ئاپپاراتى بولۇپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇ 2/3 قىسىم ئەزا ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا ئاۋاز بەرگەن ئەھۋالدا، ئورتاق گەۋدە كومىتېتىنى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. پارلامېنت

ئەزالىرىنى ھەرقايسى ئەل پارلامېنتلىرى تەۋەتتى. 1979 - يىلىدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك بىۋاسىتە سايلىنىدىغان بولدى. تۆتىنچى، سوت مەھكىمىسى. ئۇمۇ ئىككى ئورتاق گەۋدە تەشكىللىگەن سوت مەھكىمىسى بىلەن بىر. سوت مەھكىمىسى كېسىم ئاپپاراتى بولۇپ، رىم شەرتنامىسى ۋە ئورتاق گەۋدە ئاپپاراتلىرى ئېلان قىلغان قانۇن، پەرمان ھەم قارارلارنى چۈشەندۈرۈشكە، ئورتاق گەۋدىدىكى ئەزا دۆلەتلەر، ئاپپاراتلار ۋە شىركەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالارغا قارىتا كېسىم چىقىرىشقا مەسئۇل. شەرتنامىدە يەنە بىرمۇنچە تەۋە ئاپپاراتلار ۋە مەخسۇس ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش بەلگىلەنگەن، مەسىلەن، خامچوت كومىتېتى، پۇل كومىتېتى قاتارلىقلار.

1967 - يىلى ياۋروپا كۆمۈر ۋە پولات - تۆمۈر ئورتاق گەۋدىسى، ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى ۋە ياۋروپا ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورتاق گەۋدىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەشكىلاتنىڭ ئاپپاراتى پۈتۈنلەي قوشۇۋېتىلىپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى دەپ ئاتالدى، يەنە غەربىي ياۋروپا ئورتاق بازىرى دەپمۇ ئاتالدى.

ئەنگلىيە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى بىلەن تىركىشىش ئۈچۈن دانىيە، نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە، شىۋېيتسارىيە، ئاۋسترىيە ۋە پورتۇگالىيەنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، 1960 - يىلى ياۋروپا ئەركىن سودا ئىتتىپاقىنى تەشكىللىدى، بۇ يەتتە دۆلەت گۇرۇھىمۇ باجنى كېمەيتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بىراق ئۇ ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى يەتمەكچى بولغان خەلقئارالاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئەنگلىيەنىڭ بۇ تەدبىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. چۈنكى، ئەركىن سودا ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىگە تەڭ كېلىپ بولالمايتتى. 1961 - يىلى 8 - ئايدا ئەنگلىيە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىگە كىرىشنى رەسمىي ئىلتىماس قىلدى. ئەنگلىيە ئەينى چاغدا ئامېرىكا بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغانلىقى،

ئىمپېرىيە ئالاھىدە ئېتىبار تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىشكە ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئورتاق گەۋدىدىكى فىرانسىيە قاتارلىق ئەزا ئەللەر ئەنگلىيەنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلدى. 1973 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئاندىن ئەنگلىيە، ئىرېلاندىيە، دانىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنى قوبۇل قىلدى. 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، گىرېتسىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ 10 ـ ئەزاسى بولۇپ قالدى. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ ئەزا بولۇشى بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەت 12 گە يەتتى.

**ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بىر گەۋدىلىشىشكە ئائىت دەسلەپكى سىياسەتلەر** ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 20 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات ئارقىلىق تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى، ئورتاق يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى روياپقا چىقاردى ھەم پۇل ئىتتىپاقىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. سىياسىي بىرلىشىشمۇ كۈنسايىن كۈچەيدى.

تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مۇھىم ئاساسى. «ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» دە، تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ 12 يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىل، ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن 1970 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. تاموژنا بېجى ئىتتىپاقىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى تاموژنا بېجى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىلىپ، ئاخىردا بىكار قىلىنىدۇ. ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ بىرىنچى باسقۇچى (1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1962 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) دا 30% تۆۋەنلىتىلىدۇ، ئىككىنچى باسقۇچى (1962 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1966 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) دا يەنە 30%

تۆۋەنلىتىلىدۇ، ئۈچىنچى باسقۇچى (1966 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1970 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) دا تاموژنا بېجى تامامەن بىكار قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەزا ئەللەر ئورتاق گەۋدىنىڭ سىرتىدىكى دۆلەتلەرگە قاراتقان تاموژنا بېجى تەدرىجىي تەڭلەشتۈرۈلۈپ، سىرتقا قارىتىلغان تاموژنا بېجى نىسبىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، 1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالتە دۆلەت سىرتقا قاراتقان تاموژنا بېجى نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى ئورتاق باج نىسبىتى قىلىنىدۇ. هازىرقى باج نىسبىتى ئورتاق تاموژنا بېجىدىن يۇقىرى بولغان دۆلەتلەر ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى بىرىنچى، ئىككىنچى باسقۇچتا 30% تىن كېمەيتىدۇ، ئۈچىنچى باسقۇچتا ئورتاق باج نىسبىتى سەۋىيەسىگە قەدەر كېمەيتىدۇ. هازىرقى باج نىسبىتى ئورتاق باج نىسبىتىدىن تۆۋەن بولغان دۆلەتلەر هەربىر باسقۇچتا ئوخشاش نىسبەت بويىچە تەڭشەپ، ئورتاق باج نىسبىتى سەۋىيەسىگە قەدەر يۇقىرىلىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەزا ئەللەر ئارا ئىمپورتقا چەك قويۇش نورمىسى تەدرىجىي قويۇۋېتىلىدۇ ھەم ئاخىردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، تاكى نورمىغا قويۇلغان چەك تولۇق بىكار قىلىنغانغا قەدەر نورمىغا قويۇلغان چەك هەر يىلى 20% قويۇۋېتىلىدۇ.

ئالتە دۆلەتنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى ئۇڭۇشلۇق روياپقا چىقتى. 1962 ـ يىلى ئالتە دۆلەت ئارىسىدىكى سانائەت ماللىرى ئىمپورتىغا قويۇلىدىغان نورما چېكى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. 1968 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى مۇددەتتىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ئورتاق گەۋدىگە ئەزا ئەللەر ئارىسىدىكى سانائەت ماللىرى تاموژنا بېجى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ھەم سىرتقا قارىتا 10.7% لىك تاموژنا بېجى نىسبىتى يولغا قويۇلدى. 1972 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەنە ئورتاق تاموژنا بېجى نىسبىتى 8.5% كە كېمەيتىلدى.



www.uyghurkitap.com

تاموژنا بېجى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەرقايسى ئەزا ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پائال تەسىر كۆرسەتتى. بىرىنچىدىن، ئۇ تاشقى سودا دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 1958 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلىغىچە ئورتاق گەۋدىدىكى ئالتە دۆلەتنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 22 مىليارد 700 مىليون دوللاردىن 141 مىليارد 200 مىليون دوللارغا كۆپىيىپ، 5.2 ھەسسە ئاشتى، ئامېرىكىنىڭ بولسا ئاران 1.7 ھەسسە ئاشتى. ئورتاق گەۋدىگە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا تېخىمۇ تېز ئاشتى. 1958 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە بولغان 15 يىلدا 9.7 ھەسسە ئاشتى. ئوخشاش مەزگىلدە، ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودىنىڭ ئالتە دۆلەت سودا سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 30% تىن 51.7% كە ئۆستى. ئىككىنچىدىن، تاموژنا بېجى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئالتە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئالتە دۆلەت ئارىسىدىكى تاموژنا بېجىنىڭ تەدرىجىي بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئەللەر ئۆز دۆلىتىنىڭ بازىرىنى تاموژنا بېجى ئارقىلىق قوغدىيالمايدىغان بولدى. ئۇلار رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كاپىتال جۇغلانمىسىنى ئاشۇرمىسا بولمايتتى، كارخانىلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، ئۈسكۈنە، جابدۇقلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق مەھسۇلات تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ، مۇئەييەن مەزگىلدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. 1959 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا، ئورتاق گەۋدىگە ئەزا ئالتە دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 5.5% بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ 4.3% لىك، ئەنگلىيەنىڭ 3% لىك ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى ئىدى.

ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش جەريانىدا قىلغان يەنە بىر مۇھىم ئىش ئورتاق يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. ئالتە دۆلەت

www.uyghurkitap.com

ئۆزئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تاموژنا بېجىنى تەدرىجىي بىكار قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئالتە دۆلەت ئارىسىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەركىن ئوبوروت قىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت قورغىنىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئورتاق گەۋدىنىڭ سىرتىدىن ئىمپورت قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن باھا پەرقى بېجى ئالدى؛ ئورتاق يېزا ئىگىلىك فوندى تەسىس قىلىپ، بۇ فوندنى ئېكسپورتقا تولۇقلىما بېرىشكە ئىشلىتىپ، باھانى تەڭشىدى ھەم يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلدى. ئالتە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە تاموژنا بېجى ئىتتىپاقىنى يولغا قويۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى ئىدى. ئورتاق گەۋدىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى فېدېراتىپ گېرمانىيەگە پايدىسىز ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، فېدېراتىپ گېرمانىيە ئىمپورت قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 70% ى ئورتاق گەۋدە سىرتىدىكى دۆلەتلەردىن كېلىدىغان بولۇپ، باھاسى فىرانسىيە، ئىتالىيەنىڭكىگە قارىغاندا تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، فېدېراتىپ گېرمانىيە ئورتاق يېزا ئىگىلىك سىياسىتى يولغا قويۇشنى باھانە ــ سەۋەب كۆرسىتىپ كەينىگە سۆرەپ كەلدى. ئۇزاق مۇددەتلىك تالاش ــ تارتىش ۋە كېڭەشلەشتىن كېيىن 1968 ــ يىلىغا كەلگەندە، كۆپ قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئورتاق بازىرى قۇرۇلدى، يەنى ئالتە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باجسىز ئەركىن ئوبوروت قىلىندى، سىرتتىن ئىمپورت

قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئىمپورت تاموژنا بېجى باھا پەرقى بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئەزا ئەللەر نىسبەت بويىچە پۇل تاپشۇرۇپ يېزا ئىگىلىك فوندى تەشكىللەپ، بۇ فوندنى ئورتاق يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىغا ئىلھام بەردى ھەم يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئورتاق يېزا ئىگىلىكى سىياسىتى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان فىرانسىيەگە ئەڭ پايدىلىق بولدى. 1958 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە، فىرانسىيە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورتاق بازاردىكى باشقا ئەزا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى 17 ھەسسە ئېشىپ، فىرانسىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئورتاق گەۋدىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەرمۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە نەپ ئالدى. 60 ـ يىللاردا ئورتاق گەۋدە يەنە ئىچكى قىسمىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشى ۋە كاپىتالنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى، بىراق كاپىتالغا نىسبەتەن يەنىلا بەزى چەكلىمىلەر قويۇلدى.

تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى روياپقا چىققان ۋە يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدىلەشكەندىن كېيىن پۇل سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى. چۈنكى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پۇل قىممىتى ۋە پېرېۋوت نىسبىتىنى مۇقىملاشتۇرماي تۇرۇپ، ئالتە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا بىر تۇتاش باھا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەسكە چۈشەتتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەركىن ئوبوروت قىلىنىشىمۇ تەسىرگە ئۇچرايتتى. بۇلاردىن سىرت، 60 ـ يىللاردىن بۇيانقى دوللار كرىزىسى ياۋروپا پۇل مۇئامىلە بازىرىغا زەربە بېرىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر دوللارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپانىڭ بىرلىككە كەلگەن پۇلى بولۇشى كېرەك، دېگەن

تەلەپنى قويۇشتى. 1971 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئالتە دۆلەت كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، پۇل ئىتتىپاقى قۇرۇشقا كىرىشتى، نىشانى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ياۋروپانىڭ بىرلىككە كەلگەن پۇلىنى روياپقا چىقىرىش ئىدى. 1972 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالتە دۆلەت بىرىنچى تۈركۈمدىكى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى پۇل ئايرىۋاشلاش نىسبىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ياۋروپا پۇل ھەمكارلىق فوندى تەسىس قىلىش قارارى چىقاردى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلاپ، ئەسلىدىكى پىلان تاشلىنىپ قالدى.

1978 ـ يىلى ئورتاق گەۋدە باشلىقلار يىغىنى 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ ياۋروپا پۇل سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. ئاساسلىق مەزمۇنى: بىرىنچى، ياۋروپا پۇل بىرلىكىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ياۋروپا پۇل سىستېمىسىنىڭ يادروسى قىلىش. ھەربىر قاتناشقۇچى دۆلەت ئۆز پۇلىنىڭ ياۋروپا پۇل بىرلىكىگە ئايرىۋاشلاشتىكى مەركىزىي پېرېۋوت نىسبىتىنى بەلگىلەش ھەم مۇشۇ ئاساستا بىر ـ بىرىنىڭ پۇلى ئوتتۇرىسىدىكى پېرېۋوت نىسبىتىنى بېكىتىش. ئىككىنچى، ھەرقايسى ئەل پۇللىرى ئارىسىدىكى سېلىشتۇرما قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق گەۋدىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى بىرلەشمە پۇل لەيلىمە سىستېمىسىنى كېڭەيتىپ، ھەرقايسى ئەل پۇل كۇرسىنىڭ ئۆرلەش، چۈشۈش دائىرىسىنى ئادەتتە مەركىزىي پېرېۋوت سىستېمىسىنىڭ 2.25% ىدىن ئاشۇرماسلىق. ئۈچىنچى، پۇل فوندى تۇرغۇزۇپ، بۇ فوندنى تاشقى پېرېۋوت بازىرىغا ئارىلىشىشتا ئىشلىتىپ، ئەزا ئەللەر پۇللىرى ئارىسىدا ئورتاق لەيلىمە نىسبەتنى ساقلاش. ياۋروپا پۇل سىستېمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ياۋروپانىڭ پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىساد، پۇل ئىتتىپاقى قۇرۇش ئۈچۈن

تاشلانغان مۇھىم قەدەم بولۇپ قالدى.

ياۋروپا ـ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش جەھەتتە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى سىياسىي ھەمكارلىقنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىتتىپاق قۇرۇشقا قاراپ قەدەم تاشلىدى. 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە پىرېزىدېنتى دېگول فېدېراتىپ گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئادېناۋېر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئالتە دۆلەت سىياسىي ھەمكارلىقنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. فىرانسىيە ئوتتۇرا گەۋدىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» قۇرۇپ، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. فېدېراتىپ گېرمانىيە بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى. ئۇ فىرانسىيەنىڭ دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدا رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا تايىنىدىغان تەرەپلىرى بولغاچقا، ئامېرىكىغا قارشى تۇسنى سۇسلاشتۇرماي بولمايتتى. شۇڭا، فېدېراتىپ گېرمانىيە ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى ئىچىدىكى دۆلەت ھالقىغان «ياۋروپا ئىتتىپاقى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق ئىتتىپاقتا ئەمەلىي ھوقۇق ئىگىلەش غەرىزىدە بولدى. ئوتتۇرا گەۋدىگە ئەزا باشقا ئەللەر فىرانسىيە بىلەن فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ تىزگىننى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يۇقىرىقى ئىككى لايىھەگە قىزىقمىدى. 1973 ـ يىلى ئەنگلىيە ئوتتۇرا گەۋدىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن سىياسىي ئىتتىپاق مەسىلىسى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، بىردەك كېلىشىم ھاسىل قىلىش تېخىمۇ تەسكە چۈشتى. بىراق، ئوتتۇرا گەۋدىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ھەمكارلىقى ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە يەنىلا تەرەققىي قىلدى. 1974 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا گەۋدىنىڭ توققۇز دۆلەت باشلىقلار يىغىنى ئەزا ئەللەر

www.uyghurkitap.com

باشلىقلىرى يىغىنىنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىر يىغىن ئۆتكۈزۈشنى، بۇ يىغىننى مىنىستىرلار كېڭىشى ئۈستىدىكى ئالىي تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتى قىلىپ، ئۇنىڭغا ياۋروپا كېڭىشى دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. 1979 ـ يىلى 6 ـ ئايدا توققۇز دۆلەت پۇقرالىرى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىنى بىۋاسىتە سايلاپ، سىياسىي بىر گەۋدىلىشىشكە يېڭى ئامىل قوشتى.

**80 ـ يىللاردىكى يېڭى تەرەققىيات** 80 ـ يىللاردا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر پۇل پاخاللىقى ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئاشماسلىقىدەك قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇزۇنكسىز كۈچەيدى، ئەمما غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ نىسبەتەن ئاجىزلاشتى. جەمئىيەتتە يەنە شۇ سەۋەبتىن «ياۋروپا خارابلىشىش نەزەرىيەسى» مەيدانغا چىقتى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەر بۇنداق ئەھۋالدا پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن بىرلىشىشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى لىيۇكسېمبۇرگدا ياۋروپا كېڭىشىنىڭ يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا 12 دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 1981 ـ يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە كىرگەن گىرېتسىيە ۋە 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئەزا بولغان ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ باشلىقلىرىمۇ بار ئىدى. يىغىندا ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى تېزلىتىش، تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پرىنسىپال كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، «يەككە ياۋروپا ھۆججىتى» («ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ھۆججىتى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) ماقۇللىنىپ، رىم شەرتنامىسىگە 30 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋە 28 ـ كۈنى 12 دۆلەت ۋەكىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لىيۇكسېمبۇرگ ۋە گائاگادا بۇ ھۆججەتنى رەسمىي

ئىمزالىدى.

«يەككە ياۋروپا ھۆججىتى» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىككى بولۇپ، بىرىنچىدىن، 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى تاۋار، كاپىتال، ئەمگەك، مۇلازىمەت، خادىملار ئەركىن ئوبوروت قىلىنىدىغان بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار بەرپا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا چەك قويۇپ، خاس كۆپ سانلىقلار ئاۋاز بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى. ئورتاق گەۋدە كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ناۋادا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ياقلىشىغا ئېرىشسە، كېيىنكى خاس كۆپ سانلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەنلا قارار ماقۇللىيالايتتى. كېيىن كېڭەشتە جەمئىي 76 بېلەت بولىدۇ، فىرانسىيە، فېدېراتىپ گىرمانىيە، ئىتالىيە ئوندىن بېلەتكە، ئىسپانىيە سەككىز بېلەتكە، پورتۇگالىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، گىرېتسىيە بەشتىن بېلەتكە، دانىيە بىلەن ئىرېلاندىيە ئۈچتىن بېلەتكە، لىيۇكسېمبۇرگ ئىككى بېلەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. خاس كۆپ سانلىق بېلەت سانى 54 دەپ بېكىتىلدى. دېمەك، قارارنى ئىنكار قىلىشتا 23 بېلەت بولمىسا بولمايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ياكى ئېخىمۇ كۆپ دۆلەت قارشى تۇرۇشى زۆرۈر ئىدى.

بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارنى ئۆز قەرەلىدە بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئورتاق گەۋدە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېلورس 1987 ـ يىلى باشلىقلار يىغىنىغا يولغا قويۇش لايىھەسى — «يەككە ياۋروپا ھۆججىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتنى سۇندى. دېلورسنىڭ تۈرتكىسىدە، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئىلگىرى ـ كېيىن 200 دىن ئارتۇق قانۇن ـ نىزامنى ماقۇللاش ئارقىلىق سىياسەت، ئۆلچەم، قېلىپنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازا قۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توققۇزىنچى باب

# 50 ـ يىللاردىن 80 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ياپونىيە

## 1 ـ بۆلۈم ياپونىيەنىڭ دۇنيادىكى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشى

ياپونىيە ئىقتىسادىدا 1974 ـ يىلىدىن باشلاپ داۋاملىق يامانلىشىش ۋەزىيىتى ئۆزگىشىپ، ئەسلىگە كېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 1950 ـ يىلى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدىكى تەمىنات بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. 1950 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ياپونىيە ئامېرىكىنى 2 مىليارد 470 مىليون دوللار قىممىتىدىكى ھەربىي قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ «ئالاھىدە ئېھتىياج» لىق مال زاكاز قىلىش مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان ياپونىيەنىڭ سانائەت ماللىرى ئۈچۈن بازار تېپىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ياپونىيەنى نۇرغۇن تاشقى پېرېۋوت كىرىمىگە ئىگە قىلدى، نەتىجىدە ياپونىيە ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ يۆلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتتى، ياپونىيە ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە

تەڭشەش بىلەن بىللە ئۇرۇش ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىن تىنچلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيە ماگناتلىرىنى تارقىتىۋېتىش جەريانىدا ۋاقىتىنچە ئاجىزلاشقان مالىيە ماگناتلىرىمۇ ئۆز سىستېمىسىدىكى چوڭ بانكىلارنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، تېزلىكتە يېڭىباشتىن بىرىكتى، مىتسۇبىشى، مىتسۇئى، سۇمىتومو قاتارلىق مونوپول گۇرۇھلار يېپيېڭى قىياپەت بىلەن قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى.

1956 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى «ئىقتىساد توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب» تا: «ئىقتىسادنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېشىشى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تايىنىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ياپونىيە ئىقتىسادى سىجىل ئېشىشتەك يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. 1955 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە ياپونىيە ئىقتىسادى يىلىغا ئوتتۇرىچە 8.5% ئېشىپ باردى، 1960 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە9.8% ، 1965 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە 11.8% ئاشتى، پەقەت سانائەتنىلا ئېلىپ ئېيتقاندا ئېشىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولدى. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تەرەققىي تاپقان ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيە كاپىتالىزم دۇنياسىدا بىر سەكرەپلا پەقەت ئامېرىكىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى «ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» كە ئايلاندى.

1955 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئالدىنقى مەزگىل، شۇنداقلا ئېغىر سانائەت ۋە خىمىيە سانائىتىنى مەركەز قىلغان مۇقىم كاپىتالنى كەڭ كۆلەملىك يېڭىلاش ۋە كېڭەيتىش باسقۇچى ئىدى. ياپونىيە «ئىلغار سانائەت دۆلەتلىرىگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىش» شوئارىنىڭ تۈرتكىسىدە ئامېرىكىدىن ۋە غەربىي ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش

تېخنىكىسىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى بەس ـ بەستە كېڭەيتىپ، يېڭى كارخانىلارنى كۆپلەپ قۇرۇپ، ئەڭ يېڭى تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرنى قوللىنىپ ئېلېكتىر ماشىنىلىرى، ئېلېكترون، ئاپتوموبىل، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، سىنتېتىك تالا ۋە سىنتېتىك سىمولادىن ئىبارەت ئالتە چوڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارمىقىنى تېزلىكتە شەكىللەندۈردى ھەمدە ماشىنىسازلىق سانائىتى، رەڭلىك مېتال، سېمونت، سولياۋ (پىلاسماسسا) ۋە نېفىت ئايرىش قاتارلىق تارماقلارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. 1955 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە ياپونىيەنىڭ سانائەت، كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يىلىغا ئوتتۇرىچە 14.6% ئېشىپ باردى. 1964 ـ يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 1954 ـ يىلىدىكىنىڭ 3.8 ھەسسىگە، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىنىڭ 6.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سېلىندى.

1965 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان مەزگىل ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، شۇنداقلا ئىقتىسادنى سىجىل ئاشۇرۇش، تاۋار ئېكسپورتى ۋە كاپىتال ئېكسپورتىنى جىددىي ئاشۇرۇش باسقۇچى ئىدى. ياپونىيە ئىقتىسادى ئالدىنقى باسقۇچتىكى تەرەققىيات ئاساسىدا، 1965 ـ يىلدىن باشلاپ 1970 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇزاق داۋاملاشقان 57 ئايلىق يۇقىرى ئېشىش دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ مەزگىلدە ياپونىيە چەت ئەللەردىن داۋاملىق كۆپلەپ ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزدى ھەم ئۆز ئالدىغا تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكا بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك ھالغا يەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى

تەدرىجىي كۆلەملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ماشىنىلىشىش ۋە ئاپتوماتلىشىش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئاشۇرۇلدى. بۇ 57 ئايدا ياپونىيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 10.5% كە يېتىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى 2.1 ھەسسە ئاشتى. 1950 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليارد 900 مىليون دوللارغا، ھەربىر پۇقرانىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 123 دوللارغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە 37 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 197 مىليارد 500 مىليون دوللارغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 1770 دوللارغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە 15 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. 20 يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 17 ھەسسىدىن كۆپرەك، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 13 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. قىسقىسى، 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ياپونىيە خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، سانائەت تارماقلىرىنىڭ تېخنىكا جابدۇقلىرى ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يېتىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، كارخانا باشقۇرۇش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىردەك دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيەگە يەتتى. ئىككىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. 1 ـ كەسىپنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1960 ـ يىلىدىكى 32.6% تىن 19.3% كە چۈشتى. شۇ مەزگىلدە 2 ـ كەسىپنىڭ سالمىقى 29.2% تىن 34.1% كە ئۆستى، 3 ـ كەسىپنىڭ سالمىقى 38.2% تىن 46.5% ئۆستى. ئۈچىنچى، تاشقى سودا

قۇرۇلمىسىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. ياپونىيەنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 1955 – يىلىدىكى 52.2% تىن 1971 – يىلىغا كەلگەندە 20.6% كە چۈشتى، ئەمما، ئېغىر سانائەت ۋە خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سالمىقى 30.8% تىن تېزلىكتە ئېشىپ، 74% كە يەتتى. تۆتىنچى، ياپونىيەنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 1950 – يىلى ياپونىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئاران 1.5% لىك سالماقنى ئىگىلەيتتى، 1970 – يىلى 6.5% نى ئىگىلىدى. 1963 – يىلى ياپونىيەنىڭ كېمە، رادىيو قوبۇللىغۇچ، تېلېۋىزور، ئاليۇمىن، سۈنئىي تالا قاتارلىق بەش خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى دۇنيادا 1 – ئورۇننى، سېمونت، كاۋچۇك، پىكاپ، يۈك ئاپتوموبىلى سىنتېتىك تالا، پاختا يىپ قاتارلىق ئالتە خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى دۇنيادا 2 – ئورۇننى ئىگىلىدى. بەشىنچى، يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇلدى. 1967 – يىلى ياپونىيەدە شالنى ماشىنا بىلەن تېرىش، ماشىنا بىلەن ئورۇشنىڭ كۆلىمى ۋە ماشىنا بىلەن دان ئايرىش سالمىقى ئايرىم – ئايرىم 96% ، 80% ۋە 98% كە يەتتى، باشقا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرى، مەسىلەن، پەرۋىش تېخنىكىسى، ئېتىز – ئېرىق سۇ ئىنشائاتى، سورت ياخشىلاش قاتارلىقلاردىمۇ ئىلغار سەۋىيەگە يەتتى. ئالتىنچى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. 1955 – يىلنىڭ ئالدى – كەينىدە ئادەتتىكى ئائىلىلەر ئارزۇلايدىغان ئۈچ چوڭ سەرمەجان (يەنە «ئۈچ خىل كارامەت ماشىنا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كىيىم تىكىش ماشىنىسى، كىر ئالغۇ ۋە توك شامالدۇرغۇچتىن ئىبارەت ئىدى. 1956 – يىلىدىن كېيىن توڭلاتقۇ، ئېلېكتىرلىك توزان يىغقۇچ ۋە

رەڭسىز تېلېۋىزورغا ئۆزگەردى. 1965 ـ يىلىدىن كېيىن كىشىلەر رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۆي ئىچى هاۋا تەڭشىگۈچ ۋە پىكاپنى ئارزۇلايدىغان بولدى. 1974 ـ يىلى توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، توك شامالدۇرغۇچنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 90% كە، چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ماي قالايدىغان مەشىلەرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 80% كە، رەڭلىك تېلېۋىزور، فوتو ئاپپاراتىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 70% كە يەتتى، پىكاپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىمۇ 1966 ـ يىلىدىكى 12.1% تىن 1973 ـ يىلىغا كەلگەندە 36.7% كە يەتتى. دېهقان ئائىلىلىرىدە پىكاپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى شەهەر ئاهالىلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدا كۆپ تەرەپلەردىكى سەۋەبلەر بار. ئالدى بىلەن بۇنداق تەرەققىيات 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيەگە پايدىلىق بولغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى شارائىتىنىڭ تۇرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن. خەلقئارادىكى پايدىلىق شارائىت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى دولقۇنى ياپونىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا رېئال ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ياپونىيە كاپىتالىزم دۇنياسىدا قانات يايدۇرۇلغان بۇ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ پايدىلىق پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان تېخنىكا جەھەتتىكى پەرقنى تېزلىكتە كىچىكلەتتى ۋە تېخنىكا سەۋىيەسىنى تەڭلەشتۈردى. (2) 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا بازىرىدا خام ئەشيا، يېقىلغۇ باهاسى ئۆزلۈكسىز مۆتىدىل، ئەرزان، ئەمما سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باهاسى سەل يۇقىرىراق بولدى. مەسىلەن، تۆمۈر رۇدىسىنىڭ هەر توننىسى 1958 ـ يىلى 14.96 دوللار ئىدى، 1967 ـ يىلى

12.55 دوللارغا چۈشتى، ياپونىيە ئىمپورت قىلىدىغان ھەر 1000 لىتىر نېفىتنىڭ باھاسى 7114 ياپونىيە يېنى ئىدى، 1967 - يىلىغا كەلگەندە 4392 ياپونىيە يېنىغا تۆۋەنلىدى. ئەكسىچە، 1955 - يىلدىن 1972 - يىلىغىچە ياپونىيە سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 20% ئۆستى. بۇنداق ئەھۋال بايلىقى كەمچىل، ئەمما سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئېكسپورت سودىسى تېپىدىكى ياپونىيەگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. (3) ئامېرىكا زور كۈچ بىلەن يۆلىدى. بىرىنچىدىن، ياپونىيە - ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كاپالەت تۈزۈلمىسى ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەربىي جەھەتتە ياپونىيەنى قوغداپ، ياپونىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت يۈكىنى يەڭگىللەتتى، مەسىلەن، 1970 - يىلى ياپونىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت يۈكى تەخمىنەن ئامېرىكىنىڭ 1/47 ىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1/25 ىگە، فىرانسىيەنىڭ 1/4 ىگە تەڭ ئىدى، ھەربىي خىراجەت يۈكىنىڭ يەڭگىللىشى بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئىككىنچىدىن، مەبلەغ، خام ئەشيا، يېڭى تېخنىكا ئەسلىھەلىرى، «ئالاھىدە ئېھتىياج» لىق زاكاز قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلىدى. 1945 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە، ئامېرىكا ھەر خىل ناملار بىلەن ياپونىيەگە بەرگەن ياردەم 2 مىليارد 180 مىليون دوللارغا يەتتى. 1951 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ياپونىيە «ئالاھىدە ئېھتىياج» لىق زاكاز ئارقىلىق 2 مىليارد 220 مىليون دوللار پايدىغا ئېرىشتى. 1965 - يىلىدىن كېيىن، ھەر يىلى يەنە «ۋېيتنام ئالاھىدە ئېھتىياجى» ئارقىلىق 500 - 600 مىليون دوللىرى تاشقى پېرېۋوتقا ئېرىشتى. 1961 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە ياپونىيە چەت ئەللەردىن كىرگۈزگەن مەبلەغ تەخمىنەن 5 مىليارد 830 مىليون دوللار بولۇپ، ئۇنىڭ 70% ى ئامېرىكىدىن كەلگەن.

ياپونىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پايدىلىق شارائىتلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئىسلاھات 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى، بۇ نۇقتا ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندى. (2) 1955 ـ يىلىدىن كېيىن، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى، 1960 ـ يىلىدىكى ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەشتىن كېيىن، خەلق ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى تەدرىجىي پەسىيىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. (3) مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېزلىكتە يېتىشتۈرۈش ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ماددىي ئاساس ۋە تېخنىكا ئاساسى ھازىرلاپ بەردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مائارىپ خىراجىتىنىڭ ھۆكۈمەت خامچوتىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 20% تىن ئېشىپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئەللەر ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 1960 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3.7 ھەسسە ئاشتى. 1951 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە قىسقا مەزگىللىك ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار 150 ھەسسە، رەسمىي ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار 15 ھەسسە كۆپىيىپ، ياپونىيەنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىختىساسلىقلار شارائىتى يارىتىپ بەردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان باشقا مۇھىم ئامىللاردىن مۇنۇلار بار: بىرىنچى، ياپونىيە كاپىتالىنىڭ يۇكسەك

دەرىجىدە جۇغلىنىشى ئاساسىدا ئۇسكۇنىلەرگە كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرىنى تېزلىكتە يېڭىلىدى ۋە كۆپەيتتى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ياۋروپا ئەللىرى، ئامېرىكا قاتارلىق ئىلغار دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇسكۇنىلەرگە كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سالدى. 1960 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىلدا مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىزچىل 18% ـ 20% لىك نىسبەتنى ئىگىلەپ كەتكەچكە، جۇغلىنىش نىسبىتى بارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. يەنە كېلىپ مەبلەغ سېلىش نىسبىتى تېز ئاشتى. 1955 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە بولغان 15 يىل مابەينىدە مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسى 15 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى.

مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسىدىكى زور سوممىلىق مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى شۇكى، بىرىنچىدىن، خەلقتىن شىلىۋېلىندى. ئۇزاقتىن بېرى ياپونىيە ئىشچىلىرىنىڭ مائاشى تەرەققىي تاپقان باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئىزچىل تۆۋەن ئىدى. 1957 ـ يىلى ياپونىيە ئىشچىلىرىنىڭ مائاشى ئامېرىكىنىڭ 1/8 ىگە، ئەنگلىيەنىڭ 1/3 ىگە، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 1/2 ىگە تەڭ ئىدى. 1970 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ ياسىمىچىلىق كەسپىدىكى ئىشچىلارنىڭ سائەتلىك ئوتتۇرىچە مائاشى ئامېرىكىنىڭ 1/3 ىگىمۇ يەتمەيتتى، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 65% ىگە تەڭ كېلەتتى. نۇرغۇن ۋاقىتلىق ئىشچىلار ۋە ئايال ئىشچىلارنىڭ مائاشى مۇقىم ئىشچىلار ۋە ئەر ئىشچىلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، ياپونىيە سانائىتىنىڭ قوشۇمچە قىممىتىمۇ ياۋروپا ئەللىرى، ئامېرىكا قاتارلىق ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. مەسىلەن، 1970 ـ يىلى ياپونىيە سانائىتىدىكى قوشۇمچە قىممەت نىسبىتى 431% كە يېتىپ، ئامېرىكا ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭكىدىن بىر



www.uyghurkitap.com

ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ كەتتى. ياپونىيەدىكى مونوپول كارخانىلار يۇقىرى سوممىلىق مونوپول پايدىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا نۇرغۇن كاپىتال جۇغلىيالىدى. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت مەبلەغ سالدى ۋە پۇل قەرز بەردى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى مۇقىم كاپىتال سېلىنمىسىغا ئىشلەتكەن مەبلەغ ھەممىشە مالىيە چىقىمىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. 60 ـ يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ سېلىنمىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ تەخمىنەن 1/4 نىنى ئىگىلەپ كەلدى. يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت خۇسۇسىي كارخانىلارغا پۇل قەرز بېرىش شەرتى جەھەتتە كۆپ ئېتىبار قىلدى. ئۈچىنچى، دۆلەت ۋە خۇسۇسىي بانكىلار پۇل قەرز بەردى. ياپونىيەدە خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش نىسبىتى باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، 1962 ـ يىلى ياپونىيەدە خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل ئامانەت نىسبىتى باجدىن كېيىنكى كىرىمىنىڭ 20.7% نى ئىگىلىدى، ئەمما ئامېرىكىدا بولسا 6.8% نى، ئەنگلىيەدە 8.6% ، فېدېراتسىپ گېرمانىيەدە 12.2% نى ئىگىلىدى. شەخسىيلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى دۆلەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق خۇسۇسىي كارخانىلارغا كىرىپ، شۇ كارخانىلارنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشىدىكى مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى بولۇپ قالدى. يىغىپ ئېيتقاندا، يېتەرلىك مەبلەغ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يېڭىلىنىشى ۋە كۆپەيتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. يۇقىرى جۇغلانما ۋە يۇقىرى سېلىنما ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇردى.

ئىككىنچى، ئۇنۇملۇك ھالدا تېخنىكا كىرگۈزۈلدى. 50 ـ يىللاردا ياپونىيەنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسى ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدىن تەخمىنەن 20 ـ 30 يىل ئارقىدا قالغانىدى. ياپونىيە 20 يىلغا يېقىن تىرىشىش ئارقىلىق 70 ـ يىللارغا

كەلگەندە 20 مىڭ تۈرلۈكتىن ئارتۇق تېخنىكا كىرگۈزدى. ياپونىيە تېخنىكا كىرگۈزۈش ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا يېرىم ئەسىردە كەشىپ قىلغان بارلىق ئىلغار تېخنىكىلارنى ئاساسەن ئىگىلەپ، 30 يىللىق ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك تېجەپ قالدى. ياپونىيە ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. دېمەك، ھۆكۈمەت تېخنىكا كىرگۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ ۋە قوغداپ، تېخنىكا كىرگۈزۈشتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر قانۇن ۋە پەرمانلارنى تۈزۈپ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشنىڭ ئالدىنى ئالدى؛ چەت ئەللەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى كەڭ دائىرىدە قوللىنىپ، ئۆزى ئەڭ ئېھتىياجلىق تېخنىكىنى ۋاقتىدا، توغرا كىرگۈزۈپ ھەم تېخنىكا خادىملىرىنى تولۇق يېتىشتۈرۈپ، تېخنىكا كىرگۈزۈشكە تولۇق تەييارلىق كۆردى؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئەمەلىي سەرپىيات ئىقتىدارىغا ئاساسەن، تېخنىكىلارنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق تۈردە كىرگۈزۈپ، تېخنىكا كىرگۈزۈش دەرىجىسىنى يۇقىرىلىتىپ باردى، 50 ـ يىللاردا ئاساسلىقى ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە بىرقەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىكا پاتېنتلىرىنى كىرگۈزدى، 60 ـ يىللاردا ئاساسلىقى چوڭ تېخنىكا تۈرلىرىنى كىرگۈزدى، 70 ـ يىللاردا بولسا ئۆتكۈر تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشنى ئاساس قىلدى؛ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوللىنىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تېخنىكا سىستېمىسىنى تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىرگۈزۈش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش، ياخشىلاش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى تېزلىكتە «ياپونلاشتۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۈچىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش رولىنى

تولۇق جارى قىلدۇردى. بىرى، ھۆكۈمەت ئۆزىدىكى ئەمەلدارلار، مالىيە ساھەسىدىكى مۇھىم زاتلار، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نوپۇز ئىگىلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى قاتارلىقلاردىن ئاقىللار ئۆمىكى تەشكىللەپ ھەم بۇ ئاقىللار ئۆمىكىنى يادرو قىلىپ، تۈرلۈك قاراپ چىقىش ھەيئەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى مەسىلىلەرنى مۆلچەرلەپ، تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، ئىقتىسادقا دائىر ئومۇمىي ۋە قىسمەن پىلانلارنى تۈزۈپ، ئىقتىسادنى ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، مەسىلەن، «ئىقتىسادتا ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ بەش يىللىق پىلانى» (1956 — 1960 - يىللار)، «مىللىي دارامەتنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش پىلانى» (1961 — 1970 - يىللار)» قاتارلىقلار. بۇ پىلانلار ھەممىشە ئالدىن ياكى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. يەنە بىرى، ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ۋە ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلارنى چىقىرىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىشلارنى قانۇن - نىزام ئىزىغا چۈشۈردى.

ياپونىيە كاپىتالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس. ياپونىيە ھۆكۈمىتى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئەركىن رىقابىتىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن پىلان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمەن «مەمۇرىي يېتەكلەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادقا بەكرەك قول تىقتى. ئاتالمىش مەمۇرىي يېتەكلەش دېگەنلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل بىلەن مەمۇرىي تەسىر كۈچتىن پايدىلىنىپ، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ تەكلىپ بېرىش ۋە قايىل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل قايىل قىلىش ۋە تەكلىپ بېرىش نەتىجىسىدە كارخانىلار ھەممىشە ھازىر ياكى كەلگۈسىدە پۇل قەرز بېرىش، پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، ياردەم پۇل بېرىش، باجنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش،

ھۆكۈمەت مال زاكاز قىلىش، ئىمپورت ياكى تاشقى پېرېۋوت ئىجازىتى قاتارلىق پايدىلارغا ئېرىشەتتى. گەرچە، كارخانىلار مەمۇرىي يېتەكچىلىكنى ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ياكى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، بىراق مەمۇرىي يېتەكلەشتىن كارخانىلارغا نەپ تېگىدىغانلىقتىن كارخانىلارنىڭ ئىشەنچىسى ئاشتى. مەسىلەن، 1951 ـ يىلىدىن تارتىپ ياپونىيە سانائەت ۋازارىتى پولات ـ تۆمۈر سانائىتىگە قارىتا ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم «مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىش پىلانى» تۈزۈپ چىقتى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق مەمۇرىي يېتەكچىلىكى نەتىجىسىدە، پولات ـ تۆمۈر سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، ئۆزگىچە كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى. ياپونىيە ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىلغار كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ياپونىيەنىڭ ئەنئەنىۋى «گۇرۇھ ئېڭى» (گۇرۇھچىلىق روھى) غا بىرلەشتۈرۈپ، ياپونىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ياپونىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى روياپقا چىقاردى. «ياپونىيەچە ئىگىلىك باشقۇرۇش» نىڭ يادروسى «ئادەمنى ھۆرمەتلەش»، ئادەم ئامىلىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىكى ئىستىخىيلىكلىكى ۋە ئاكتىپلىقىنى تەكىتلەش، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ «ئادەم كۈچى جەھەتتىن مەبلەغ سېلىپ»، «مۇنەۋۋەر ئىشچى، مۇنەۋۋەر تېخنىك، مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن مۇنەۋۋەر تېخنىكا كوللېكتىپى» نى روياپقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تەدبىر «ئۆمۈرۋايەت ياللاپ ئىشلىتىش تۈزۈمى»، «يىللىق تۆھپە تەرتىپى بويىچە مائاش بېرىش تۈزۈمى»، «كارخانا بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش» تىن ئىبارەت ئاتالمىش «ئۈچ

ئەگگۇشتەر» دېن جانلىق پايدىلىنىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە «گۇرۇھ ئىگىسى»، «جەمەت ئىگىسى» نى سىڭدۇرۇپ، تۈرلۈك مۇكاپات تۈزۈملىرى ئارقىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتۇر. مەسىلەن، «ئۆمۈرۋايەت ياللاپ ئىشلىتىش تۈزۈمى» ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى، مائاش ۋە مۇكاپاتتىن پايدىلىنىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كارخانىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچىلارغا كارخانىنىڭ بىر «گۇرۇھ»، بىر «چوڭ جەمەت» ئىكەنلىكىنى، كارخانا ياخشى باشقۇرۇلسا، يۇقىرى مائاشقا، كۆپرەك پايدا تەقسىماتىغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى، بولمىسا مائاشى تۆۋەنلەپ، مۇكاپات پۇلى ئازىيىپ كېتىدىغانلىقىنى، كارخانا تاقالسا، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشچىلار «زاۋۇتنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ»، كارخانا بىلەن تەقدىرداش بولۇشى كېرەك. كارخانىنىڭ رەھبەرلىرى پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ياخشىلاپ، يەنى دوختۇرخانا، تەنتەربىيە سارىيى، كۇلۇبلارنى قۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئەرزان ئىجارىلىك تۇرالغۇ ئۆي بىلەن تەمىنلىشى، ھەتتا يەنە سېخ، ئىسمىنارلارغا چۈشۈپ ئىشچىلار بىلەن سىردىشىپ، ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ، تۇغۇلغان كۈنلىرىدە سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئىشچىلار، باشقۇرغۇچىلار، تېخنىكلارنىڭ كارخانا ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، بۇنداق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ياپون مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى «گۇرۇھ ئىگىسى» ۋە ئەمگەكچانلىقى، ئەقىل ـ پاراستى، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى تولۇق نامايان قىلدى ۋە جارى قىلدۇردى. بۇنداق روھىي ئامىل بىلەن زامانىۋىلاشقان ئىلمىي باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ياخشى مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋە تېخنىكا ساپاسى بىرلەشسە، ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى.

## 2 - بۆلۈم ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە خەلق ھەرىكىتى

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ياپونىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ يېڭىباشتىن جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي جەھەتتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. 1951 - يىلى ياپونىيە - ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈپ كەتكەن ياپونىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى 1955 - يىلى 10 - ئايدا بىرلىككە كېلىش قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، بىرلىكنى يېڭىباشتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياپونىيەدىكى ئەڭ چوڭ «يېڭىلاش» پارتىيەسى بولۇپ قالدى ھەمدە شۇ يىلى ئومۇمىي سايلامدا تېخىمۇ كۆپ سايلام بىلەتكە ۋە پارلامېنتتىكى تېخىمۇ كۆپ ئورۇنغا ئېرىشتى. ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ 1955 - يىلى 7 - ئايدا «مەملىكەتلىك 6 - قېتىملىق كېڭەش» (يەنى پارتىيە قۇرۇلتىيى) چاقىرىپ، «سول» چىللارنىڭ تەۋەككۈلچىلىكى ۋە گۇرۇھۋازلىقىنى تەنقىد قىلىپ، 1951 - يىلىدىن بۇيانقى بۆلۈنۈش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ياپونىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەسىرىدە، ياپونىيە خەلقى تىنچلىق، دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش، بىتەرەپ تۇرۇش ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلەرنى قانات يايدۇردى. سوتسىيالىستلار

پارتىيەسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ يېڭىباشتىن ئۆز ئىچىدە بىرلىككە كېلىشى خەلق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىبېراللىستلار پارتىيەسى ۋە دېموكراتلار پارتىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كونسېرۋاتىپ پارتىيە كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىۋاتقان يېڭىلاش كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، مۇتەئەسسىپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ياپونىيەدىكى مونوپول كاپىتال گۇرۇھلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا رەسمىي بىرلىشىپ، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنى قۇردى. شۇنىڭدىن تارتىپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە سىياسىيسىدىكى ئاساسىي ئەندىزە، يەنى كونسېرۋاتىپ ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن يېڭىلاش تەشەببۇسىدىكى سوتسىياللىستلار پارتىيەسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە تىركىشىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە شەكىللەندى.

ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى مونوپول بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور مەبلىغى مونوپول كاپىتالدىن كېلەتتى. بىراق، ياپونىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ ئىچكى قىسمى ئوخشىمىغان گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەنلىكتىن، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ نۇرغۇن گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن، گۇرۇھ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 12 گە يەتكەنىدى. بۇ گۇرۇھلار مەلۇم مونوپول گۇرۇھ بىلەن ئالاقە قىلاتتى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆزئارا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ تۇرغاچقا، ئۆزئارا بىرلىشىش ھەم ئۆزئارا كۈرەش قىلىشتەك مۇرەككەپ ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇنداق گۇرۇھ تۈزۈلمىسىنىڭ نۇقسانلىرى كۆپ بولسىمۇ، بىراق ھەربىر گۇرۇھنى «يېرىم پارتىيە» دەپ قاراشقا بولاتتى. بۇ ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئۆز سىياسىتىنى مەلۇم دائىرىدە

www.uyghurkitap.com

تەڭشىشىنى جانلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ھازىرقى سىياسەتتىن رازى بولمىغانلار ھەمىشە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ گۇرۇھلار كۈرىشىدىن چىقىش يولى ئىزدىسە بولاتتى، شۇڭا ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ھەرقايسى نۆۋەتلىك ئومۇمىي سايلاملاردا ئۈستۈن ئورۇننى ساقلاپ، ئۇزاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.

50 -، 60 - يىللاردا ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى تەشكىللىگەن ھەرقايسى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسىتىدە پەرق بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تۈپ سىياسىتى ئوخشاش ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، «پاي شىركىتى» دەپ نام ئالغان ئىلگىرىكى نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېتلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتتى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلىرىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا كەڭ دائىرىدە چوڭقۇرلاپ ئارىلىشىش ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە يۆلىدى.

سىياسىي جەھەتتە، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى خەلققە ئۆچمەنلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ھەر خىل قانۇن - پەرمانلارنى چىقىرىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەشلىرىنى بېسىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلدى. 1956 - يىلى 10 - ئايدا ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى «خىزمەت باھالاش تۈزۈمى» نى تۈزۈپ، مائارىپقا بولغان كونتروللۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا مەجبۇرىي يوقلىما تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي كۈرەشكە قاتنىشىشىنى چەكلىدى. 1958 - يىلى 10 - ئايدا، كىشى نوبۇسوكې ھۆكۈمىتى يەنە

«ساقچىلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساقچىلارنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئاتالمىش «جىددىي ھالەت» لەرگە مەجبۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش، ئاختۇرۇش، سوراق قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ، ئاممىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىنى چەكلەش ئىدى. كەڭ جامائەتچىلىك بۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇرغانلىقتىن، بۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللانمىدى. 1961 ـ يىلى ۋە 1962 ـ يىلى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان «سىياسىي زورلۇق كۈچنى مەنئى قىلىش قانۇن لايىھەسى» ۋە «دېموكراتىك تەرتىپنى ساقلاش قانۇن لايىھەسى» مۇ خەلقنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن ئىنكار قىلىندى. 1964 ـ يىلى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يەنە كوچىلاردىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشنى باھانە قىلىپ، «زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى جازالاش قانۇن لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاخىردا دۆلەت مەجلىسى بۇ قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى. قانۇن لايىھەسىدە «مىلتىق، زەمبىرەك ۋە مىلتىق ئىشتىكى تۈرىدىكى قوراللارنى ئىشلىتىپ زەخىملەندۈرۈش قىلمىشى» ۋە «مەقسەتتىكە يېتەلمىگەن» دېلولارنى ئادەتتىكى زەخىملەندۈرۈش قىلمىشىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئېغىر جازا بېرىش بەلگىلەندى.

ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى يەنە ئىشنى ئەكسىگە ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن چىقىرىلغان «ياپونىيە ئاساسىي قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە، بولۇپمۇ 9 ـ ماددىدىكى ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى توغرىسىدىكى مەزمۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى 1957 ـ يىلى «ئاساسىي قانۇن تەكشۈرۈش كومىتېتى» قۇرۇپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە

www.uyghurkitap.com

تەييارلىق كۆردى. 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى «خەلق ئارىسىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش مەقسەت قىلىنغان» ھەرىكەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش قارارىنى چىقاردى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا «ئاساسىي قانۇن تەكشۈرۈش كومىتېتى» ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىگە دوكلاتنامە تاپشۇرۇپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1965 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ئاساسىي قانۇن تەكشۈرۈش كومىتېتى» يەنە «ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. كەڭ خەلق ھەم ھەرقايسى قاتلام زاتلىرى قارشى چىققانلىقتىن، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەقسىتى ئىشقا ئاشمىدى.

1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسى ۋە ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ياپونىيە گەرچە شەكىل جەھەتتە مۇستەقىل بولسىمۇ، بىراق سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا ئامېرىكىنىڭ تىزگىنى ئىچىدە تۇردى، ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئامېرىكىغا يېقىندىن ئەگەشتى. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىدى. 7 ـ ئايدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى ماك ئارتۇرنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن 75 مىڭ كىشىلىك دۆلەت ساقچى زاپاس ئەترىتى قۇردى. 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يوشىدا ئىچكى كابىنېتى يەنە ئامانلىق ساقلاش نازارىتى قۇردى، 10 ـ ئايدا ساقچى زاپاس ئەترىتىنى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىپ، ئەسكەر سانىنى 110 مىڭغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭىز گارنىزون ئەترىتىنى گارنىزون ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتتى. 1954 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا «ئورتاق مۇداپىئە ۋە ياردەم بېرىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە

ھۆكۈمىتى ئامانلىق ساقلاش نازارىتىنى مۇداپىئە، قوغدىنىش نازارىتىگە، ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنى قۇرۇقلۇقتا قوغدىنىش ئەترىتىگە، گارنىزون ئەترىتىنى دېڭىزدا قوغدىنىش ئەترىتىگە ئۆزگەرتتى ھەم ئاۋىياتسىيە قوغدىنىش ئەترىتىنى يېڭىدىن قۇردى. شۇنداق قىلىپ ياپونىيە قوغدىنىش ئەترىتى دېگەن نامدا قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەلىرىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى. 1958 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە، ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئۈچ قېتىم ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش پىلانىنى يولغا قويدى. 1971 ـ يىلىغا كەلگەندە، قۇرۇقلۇقتا قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 179 مىڭ كىشىگە، دېڭىزدا قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ پاراخوت تونناژى 144 مىڭ توننىغا، ئاۋىياتسىيە قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئايروپىلانى 940 قا يەتتى.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيە ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، ياپونىيە، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تەختكە چىققان خاتوياما ئىچكى كابىنېتى «ئۆز – ئۆزىگە غوجا بولۇش ئاساسىدىكى مۇستەقىل دىپلوماتىيە» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكىغا نىسبەتەن «ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش» پوزىتسىيەسىدە بولدى. 1956 ـ يىلى خاتوياما ئىچكى كابىنېتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئارقىدىنلا ياپونىيە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا ئاپپاراتلارغا قاتنىشىپ، «خەلقئارا جەمئىيەتكە قايتىپ كەلدى». شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە يەنە ئامېرىكىغا تەلەپ قويۇپ، ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ياپونىيەنىڭ مەجبۇرىيىتىنى بىر تەرەپلىمە ئادا قىلىدىغان، ئەمما ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولمايدىغان ئورنىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولدى.

www.uyghurkitap.com

1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ بىر يىل تۆت ئاي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا «ياپونىيە ـ ئامېرىكا ئورتاق ھەمكارلىق ۋە خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، ئۆتنى ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا تۈزگەن كونا شەرتنامىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇ يېڭى شەرتنامىدە ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقى كۈچەيتىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق دائىرىسى كېڭەيتىلدى. شەرتنامىدە: «شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ياپونىيەنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىندا (شىمالدىكى زېمىن ۋە ئوكىناۋانى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ھەرقانداق بىر تەرەپ قوراللىق ھۇجۇم قوزغىسا، ئۆز دۆلىتىنىڭ تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىگە خەتەر يەتكۈزىدۇ، دەپ بىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەر بويىچە ھەرىكەت قوللىنىپ، ئورتاق خەۋپكە تاقابىل تۇرىدىغانلىقى جاكارلاندى، «ياپونىيەنىڭ خەۋپسىزلىكى ھەم يىراق شەرقنىڭ خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش» مەقسىتىدە، ئامېرىكىنىڭ «قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەلىرى ياپونىيەنىڭ مۇئەسسەسەلىرى ۋە رايونلىرىدىن پايدىلىنىدىغان» بولدى. بۇ شەرتنامىدە يەنە كونا شەرتنامىدىكى ياپونىيەدە يۈز بەرگەن ئىچكى توپىلاڭ ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى باستۇرۇشقا ئائىت ماددىلار چىقىرىۋېتىلدى ھەم ياپونىيە شەرتنامىنى تەتبىقلاشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى شەرتنامە «ياپونىيە ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىردى» دېدى.

1961 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باش ۋەزىر يىكېدا خاياتو بىلەن ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كېننېدى قوشما ئاخبارات ئېلان قىلىپ، «ياپونىيە، ئامېرىكا سودا ـ ئىقتىساد بىرلەشمە كومىتېتى» قۇرۇش، ھەر يىلى قەرەللىك ھالدا مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈش ھەم ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت،

مائارىپ جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. ياپونىيە، ئامېرىكا باشلىقلار يىغىنىدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ياپونىيەنى تۈنجى قېتىم ئامېرىكىنىڭ «باراۋەر سودا ھەمراھى» دەپ ئاتىدى. بۇ، 60 ـ يىللاردىن كېيىن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، دىپلوماتىيەدە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش خاراكتېرىنىڭمۇ تەدرىجىي كۈچەيگەنلىكىنى، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭمۇ كۈنسايىن چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. 1968 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا كېلىشىم ئىمزالىدى. 6 ـ ئايدا بونىن تاقىم ئاراللىرى ياپونىيەگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1969 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياپونىيە باش ۋەزىرى ساتو ئېساكو ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇپ، ئامېرىكا پرېزىدېنتى نىكسون بىلەن ئىككى تەرەپ تۈزگەن يېڭى ياپونىيە، ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئامېرىكىنىڭ ئوكىناۋا ئارىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ياپونىيەگە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1972 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا ئوكىناۋا ئارىلىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ياپونىيەگە رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەردى، بىراق ئارمىيە تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە ئامېرىكىغا ئەگىشىپ، جۇڭگوغا دۈشمەنلىك قىلدى. 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يوشىدا ئىچكى كابىنېتى تەيۋەن دائىرىلىرى بىلەن قانۇنسىز «سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالىغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ «دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى». كېيىن ياپونىيە خەلقى بىلەن ياپونىيەدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئەلئارا سودا ۋە خادىملار باردى ـ كەلدىسىنى باشلىدى. 1957 ـ يىلى 2 ـ ئايدا

www.uyghurkitap.com

كىشى نوبۇسوكې تەختكە چىققاندىن كېيىن ئامېرىكىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ جۇڭگوغا قارشى تۇردى. ئۇ تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ «چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش» نى «ياقلايدىغان» لىقىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ، تەيۋەن دائىرىلىرى «چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋالالىغان بولسا ياخشى بولاتتى» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو، ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە توسقۇنلۇق قىلىپ، جۇڭگو ـ ياپونىيەنىڭ ئەلئارا سودىسىغا ئامالىنىڭ بارىچە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا لۇكچەكلەرنىڭ ناگاساكىدا جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقىنى دەپسەندە قىلىش ۋەقەسى پەيدا قىلىشىغا قاراپ تۇردى، نەتىجىدە جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. 1960 ـ يىلى ئىكېدا مایاتو جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ھۆكۈمەتنىڭ جۇڭگوغا دۈشمەنلىك قىلىش سىياسىتى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى، ھەتتا «تەيۋەننىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى تېخى بېكىتىلمىگەن» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ساتوئېيساكو ئىچكى كابىنېتمۇ ئامېرىكىغا ئەگىشىپ، «ئىككى جۇڭگو» پەيدا قىلىش سۈيىقەستىگە قاتناشتى ھەمدە تەيۋەنگە سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىردى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كېڭەيمىچىلىك قىلدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا ياپونىيە خەلقى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي بازىلارنى ئىگىلىۋېلىشى ۋە قۇرۇشىغا، ياپونىيە مونوپول بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە، تىنچلىق ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلدى.

سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ياپونىيە خەلقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە قول تىقىشى ۋە ياپونىيەنى تىزگىنلىشىگە قارشى كۈرىشى خەلق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. 1952 ـ

يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 3 مىليون پۇقرا ھەرقايسى جايلاردا يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، سان فرانسىسكو سۈلھى شەرتنامىسىگە قارشى تۇردى. توكيودا 400 مىڭ ئادەم نامايىشقا قاتناشتى. نامايىشچىلار قوشۇنى پادىشاھ ئوردىسى مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى، نەق مەيداندىلا ئىككى ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى. مانا بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە تارىخىدىكى مەشھۇر «قانلىق 1 ـ ماي بايرىمى ۋەقەسى» دۇر.

ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ۋە ياپونىيە ـ ئامېرىكا مەمۇرىي كېلىشىمى بويىچە، ئامېرىكا ياپونىيە زېمىنىدا تۇرغۇن ھەربىي بازىلارنى قۇرۇپ، «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» نى شەكىللەندۇردى. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى بۇ يەردە مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ، ياپونىيە خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىلىرىغا قارشى كۈرەشلەر ئەۋج ئالدى. 1952 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىشكاۋا ناھىيەسى ئۇچىنادا كەنتىدىكى دېھقانلار ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قارىغا ئېتىش مەيدانى قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن، دالىدا 100 كۈندىن ئارتۇق جىم ئولتۇرۇۋېلىپ كۈچ كۆرسەتتى. گۇنما ناھىيەسى ميوگى تېغى رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇ رايوننى بازىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا قارشى كۈرىشى ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، ئاخىردا ئامېرىكا ئارمىيەسىنى بۇ رايوندا بازا قۇرۇش غەرىزىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. 1956 ـ يىلى توكيونىڭ ئوۋوكاۋ كوچىسىدىكى دېھقانلار ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى كېڭەيتىشكە يەر سېتىۋېلىش ئىشىغا قارشى چىقتى. ئۇلار ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرنى مەجبۇرىي

www.uyghurkitap.com

ئۆلچىشىگە كۆپ قېتىم توسقۇنلۇق قىلدى، ھەتتا ساقچىلار بىلەنمۇ قانلىق توقۇنۇشتى. ئوكىناۋا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ياپونىيەدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي بازىسى ئىدى. ئوكىناۋا خەلقى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يەر ئىگىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇپ، يەرنى قوغداش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوكىناۋا ناھىيەسىدىكى 64 كەنتتىن 67 سى ئاھالىلەرنىڭ يەر سېتىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا توكيودا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ياپونىيە ـ ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى تۈزىتىشكە ھازىرلاندى. شۇڭا، ياپونىيە خەلقى ئامېرىكىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، 1959 ـ يىلى ۋە 1960 ـ يىلى ياپونىيە ئامېرىكا خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنى تۈزىتىشكە قارشى كۈرەش قىلدى. ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ئوتتۇرا، ئۇششاق كارخانا غوجايىنلىرى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلار يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئىش تاشلاش، نامايىش قىلىش، ئىمزا قويۇش قاتارلىق شەكىللەردە كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن مەملىكەت بويىچە 23 قېتىم بىر تۇتاش ھەرىكەت قوزغىدى. قاتناشقانلارنىڭ سانى 110 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى باش ۋەزىر كىشى نوبۇسۇكېنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ يېڭى خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن 900 مىڭ ئامما خانېدا ئايرودرومىدا كەڭ كۆلەملىك ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزدى ھەم ساقچىلار بىلەن كەسكىن توقۇنۇشتى، نۇرغۇن ئادەم قولغا ئېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت مەجلىسىگە كەڭ كۆلەمدە مۇراجىئەت قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بىر كۈندىلا پائالىيەتكە

100 مىڭ ئادەم قاتناشتى، بۇ مەزگىلدە دۆلەت مەجلىسىگە 14 مىليون پارچە مۇراجىئەتنامە تاپشۇرۇلدى. كىشى نوبۇسۇكې ئەلنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە قارىماي، ئامېرىكا بىلەن «ياپونىيە ـ ئامېرىكا ئورتاق ھەمكارلىق خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېچىدە، كىشى نوبۇسۇكې ھۆكۈمىتى دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش مەزگىلىنى ئۇزارتىش ۋە شەرتنامىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن، 6000 نەپەر قوراللىق ساقچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، دۆلەت مەجلىسىنى قورشاپ، 500 ساقچىنى دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىغىن مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەت مەجلىسىدە كېڭىشىش ۋاقتىنى مەجبۇرىي ئۇزارتتى ھەم شەرتنامىنى تەستىقلاتقۇزدى. كىشى نوبۇسۇكې ھۆكۈمىتىنىڭ پەسكەشلىكى كەڭ ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، تۆركۈم ـ تۆركۈم نامايىشچىلار قوشۇنى دۆلەت مەجلىسى ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى، 30 مىڭ نامايىشچى يەنە باش ۋەزىر كىشى نوبۇسۇكېنىڭ سارىيىنى قورشىۋالدى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 18 قېتىم بىر تۈتاش ھەرىكەت تەشكىللەندى، توكيودا 1 مىليون 500 مىڭ كىشى دۆلەت مەجلىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. ئاممىنىڭ كۈرىشى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكتىن، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ئېيزىنخاۋېر 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ياپونىيەنى زىيارەت قىلىش پىلانىنى ئاخىر بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. داغدۇغىلىق ئاممىۋى كۈرەشنىڭ زەربىسىدە، كىشى نوبۇسۇكې ئىچكى كابىنېتى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ياپونىيە خەلقى كۈرەشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەدە يادرو قورالى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، ياپونىيە ـ ئامېرىكا يېڭى خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا قارشى تۇردى.

ياپونىيە خەلقى ۋە ھەرقايسى قاتلامدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ياپونىيە ـ جۇڭگو دوستلۇقىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردى، ئۇلار 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ ياپونىيە ـ جۇڭگو دوستلۇقىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەلئارا تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ھەم كۆپ خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ جۇڭگوغا قارشى سىياسىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەلئارا سودىسى ۋە خادىملار باردى ـ كەلدىسىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ياپونىيە ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا ياپونىيە خەلقى يەنە كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، مونوپول كاپىتالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ئەكسىيەتچىل قانۇن لايىھەسىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

1958 ـ يىلى «ساقچىلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى» گە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە ياپونىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى باش باھالاش كومىتېتى قاتارلىق 390 دىن ئارتۇق تەشكىلاتتىن تەشكىللەنگەن ««ساقچىلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قانۇنى»غا قارشى خەلق كېڭىشى» مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت تەشكىللىدى. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياپونىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى باش باھالاش كومىتېتى ئىشچىلارنى 24 سائەت كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلاشقا تەشكىللىدى، ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ۋە زاۋۇت ئىچىدە يىغىلىش ئۆتكۈزگەن ئادەم سانى 1 مىليونغا يەتتى، ھەر ساھەدىن بىر تۇتاش ھەرىكەتكە قاتناشقانلار 4 مىليون



www.uyghurkitap.com

كىشىگە يەتتى. نەتىجىدە، كىشى نوبۇسوكې ھۆكۈمىتى ئىلاجسىز بۇ ئەكسىيەتچىل قانۇن لايىھەسىدىن ۋاز كەچتى. 1961 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياپونىيەدىكى ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئاياللار، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار قاتارلىق ھەر ساھە زاتلىرى يەنە «سىياسىي زورلۇق كۈچ قانۇن لايىھەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 4 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بىر تۇتاش ھەرىكەتكە قاتناشتى، ئاۋام پالاتاسى بۇ قانۇن لايىھەسىگە قاراپ چىققاندا، 100 مىڭ كىشىلىك ئېتىراز بىلدۈرۈش قوشۇنى دۆلەت مەجلىسى ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئاخىر بىكار قىلغۇزۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ياپونىيە خەلقى يەنە 1962 ـ يىلى «دېموكراتىك تەرتىپنى ساقلاش قانۇن لايىھەسى» گە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

ياپونىيە ئىشچىلار سىنىپى مائاشنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك شارائىتى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئەتىيازلىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1956 ـ يىلى ھۆكۈمەت جامائەت ئىشلىرى نازارىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۈرەشكە قاتنىشىشى ھەمدە ئاساسىي كۈچكە ئايلىنىشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئەتىيازلىق كۈرەش شەكىللەندى. شۇ يىلى ئىشچىلار سىنىپى يەنە «كۈزلۈك مائاش ئۆستۈرۈش كۈرىشى» (قىسقارتىلىپ «كۈزلۈك كۈرەش» دەپ ئاتالدى) نى قانات يايدۇردى. كېيىن ھەر يىلى ياپونىيە ئىشچىلار سىنىپى مائاشنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش يولىدا «ئەتىيازلىق كۈرەش» ۋە «كۈزلۈك كۈرەش» لەرنى قانات يايدۇردى. 1962 ـ يىلى «ئەتىيازلىق كۈرەش» يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇ يىلى مەملىكەت بويىچە يەتتە قېتىم كەڭ كۆلەملىك بىر تۇتاش ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرۇلدى، قاتناشقانلار 16 مىليون ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

60 ـ يىللاردىن كېيىن ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سانائەت رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر زىيادە كۆپىيىش، يەر يېتىشمەسلىك، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قىس بولۇش، قاتناش قىستاڭچىلىقى، تۇرالغۇ ئۆي قەھەتچىلىكى ۋە مۇھىت بۇلغىنىشى قاتارلىق بىر قاتار ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى مۇھىتنى بۇلغاشقا قارشى تۇرۇش، تەبىئەت مۇھىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى قوغداش يولىدا «ئاھالىلەر ھەرىكىتى» نى قانات يايدۇردى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاھالىلەر تەشكىلاتلىرى 6427 گە يەتكەن. دېھقانلار ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى بېلىقچىلارمۇ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇھىتنى بۇلغاشقا قارشى تۇرغان.

## 3 ـ بۆلۈم ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتتىن سىياسىي چوڭ دۆلەتكىچە

ئىقتىسادنىڭ تۆۋەن سۈرئەتتە مۇقىم ئېشىشى 1973 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان خەلقئارادا يۈز بەرگەن نېفىت كرىزىسىنىڭ تەسىرىدە، ياپونىيەدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 7 ـ قېتىملىق ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى. 1973 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1975 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە سانائەت، كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى ئەڭ يۇقىرى پەللىدىن 20.6% تۆۋەنلىدى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۇسكۈنە سېلىنمىسى 27.2% ئازايدى، پاي چېكىنىڭ باھاسى 29.7% تۆۋەنلىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى مالىيە چىقىمىنى ئاشۇرۇش، جامائەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش ۋە مونوپول كاپىتال بېجىنى كېمەيتىش، قىزىل رەقەم زايومى تارقىتىش قاتارلىق

«كاساتچىلىققا قارشى تەدبىر» لەرنى قوللاندى. 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىقتىساد قايتىدىن ئېشىشقا باشلىدى، 1978 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە كىرىزىس يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە، يەنى 1975 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى ئىنچىكىلىك 5.5% لىك سەۋىيەنى ساقلاپ كەلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئۆزاق مۇددەت يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى تۆۋەن سۈرئەتتە ئېشىشقا ئۆزگەردى. ياپونىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاستىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كېلىپ چىققان مائاش سەۋىيەسى تۆۋەنلەش، ئىلغار تېخنىكىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈش، ئامېرىكىنىڭ يۆلىشى قاتارلىقلار ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدىكى پايدىلىق ئامىللار تەدرىجىي يوقىا چىقتى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىقتىدارى زىيادە ئېشىپ قېلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى يامانلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسى كىرىدىت كاپىتالىنىڭ ئۆسۈمىگىمۇ يەتمەي قالغاچقا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئادەتتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت سېلىنمىسى ئارقىلىق خۇسۇسىيلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى جانلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش چارىسىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش تەسكە چۈشتى؛ 3 ـ دۇنيا ئەللىرى ۋە رايونلىرىدىكى كەسكىن رىقابەت ھەم ياۋروپا ئەللىرى، ئامېرىكا قاتارلىق ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەگە قاراتقان سودا جېڭى، پۇل جېڭى كەسكىنلەشتى.

شۇڭا، 70 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى گەرچە باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن تېزرەك بولسىمۇ، بىراق يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ دەۋردىكى ياپونىيە

ئىقتىسادىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى تۆۋەن سۈرئەتتە مۇقىم ئېشىشتىن ئىبارەت بولدى، 1970 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئىزچىل 5.3% لىك سەۋىيەنى ساقلاپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ 1973 ـ يىلى پارتلىغان ئىقتىسادىي كىرىزىس ياپونىيە جەمئىيىتىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئاجىزلىق يەنىمۇ ئاشكارىلىنىپ چىقتى. دېمەك ياپونىيە «سودا، پىششىقلاپ ئىشلەش دۆلىتى» بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە، ئاشلىق ۋە بايلىقى ئىنتايىن كەمچىل، تاشقى سودىغا بولغان تايىنىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى؛ 70 ـ يىللاردىن كېيىن داۋالغۇپ تۇرغان خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئامېرىكا، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ياپونىيە ماللىرىغا چەك قويۇشتەك سودا قورۇقچىلىقى ياپونىيەگە قاتتىق زەربە بولدى؛ دۆلەت ئىچى بازارلىرى ياپونىيە ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي ئىستېمال چىقىملىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاستىلىشىغا ئەگىشىپ، تۇرغۇنلۇققا ۋە كاساتلىشىشقا يۈزلەندى؛ كىرىزىس ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ياسىمچىلىق سانائىتىدە ئۇسكۇنە سېلىنمىسى تۆۋەنلەپ، ئېغىر سانائەت ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تۇرغۇنلۇققا يۈزلەندى، ھۆكۈمەت تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇسكۇنە زىيادە ئۇششۇق بولۇش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش توختاپ قېلىشتەك ئەھۋالنى تۈپتىن ئوڭشىيالمىدى.

بۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى 80 ـ يىللاردا «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» فاڭجېنىنى يولغا قويدى، يەنى ئىلگىرىكى «پىششىقلاپ ئىشلەش، سودا ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ئىستراتېگىيەسىدىن تەدرىجىي «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ئىستراتېگىيەسىگە بۇرۇلدى. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا



www.uyghurkitap.com

كىرگۈزۈش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئاساس قىلىشتەك ھالەتتىن ئۆز ئالدىغا تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش، ئىجاد قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشقا ئۆتتى؛ ئەسلىدىكى ئېغىر خىمىيە سانائىتى كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، بايلىق ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئاز، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى بولغان، بىلىمنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ماددىي بايلىق كەمچىللىكى ئەقلىي بايلىق ئارقىلىق تولۇقلاندى؛ تېخنىكا كۈچى «خەلقئارا ئالاقىدە ئۆزئارا كۈچ سىنىشىشتىكى كۈچلۈك قورال» غا ئايلىنىپ، ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى تېخنىكا كۈچىگە تايىنىپ ئۆستى.

80 ـ يىللاردا ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكى يەنىلا مۇقىم ئاشتى، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 1987 ـ يىلى4.9% ، 1988 ـ يىلى5.9% ، 1989 ـ يىلى 4.8% بولدى. ياپونىيەنىڭ «ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» لىك ئورنى 80 ـ يىللاردا يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە ئۆستى. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلەندى: بىرىنچى، 1987 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 تىرىللىيون 395 مىليارد دوللارغا يېتىپ، 1988 ـ يىلى ياپونىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 19 مىڭ 460 دوللارغا كۆپىيىپ، ئامېرىكىدىن ئېشىپ، شىۋېيتسارىيەدىن قالسىلا دۇنيادا 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. 1990 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئامېرىكىنىڭ 62.8% ىگە توغرا كېلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئامېرىكىنىڭكىدىن 25% يۇقىرى بولدى. ئىككىنچى، ياپونىيە دۇنيا بويىچە سودىدىكى ئاكتىپ بالانس ئەڭ يۇقىرى دۆلەت بولۇپ قالدى، 1987 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 229 مىليارد 200 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 149 مىليارد 500 مىليون

دوللار، سودىدىكى ئاكتىپ بالانس سوممىسى 79 مىليارد 700 مىليون دوللار بولدى. ئۈچىنچى، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى يېتەرلىك بولۇپ، 1987 ـ يىلىدىكى تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 68 مىليارد 620 مىليون دوللارغا، 1988 ـ يىلىدىكى تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 83 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يېتىپ دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. تۆتىنچى، ياپونىيەنىڭ ساپ مۈلۈك سوممىسى 1987 ـ يىلى 250 مىليارد دوللارغا، 1990 ـ يىلى 400 مىليارد دوللارغا يەتتى، شۇ يىلى ياپونىيەنىڭ ئىلكىدىكى خەلقئارا بانكا كاپىتالى خەلقئارا بانكا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 36% ىنى ئىگىلەپ، ياپونىيە دۇنيا بويىچە پۇل مۇئامىلە چوڭ دۆلىتىگە ئايلاندى. بەشىنچى، ياپونىيەنىڭ چەت ئەللەرگە بىۋاستە سالغان مەبلىغىنىڭ 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان جۇغلانما سوممىسى 139 مىليارد 330 مىليون دوللارغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە چەت ئەللەرگە بىۋاستە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ياپونىيەنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ئامېرىكا (17.3%) نىڭكىگە يېقىنلىشىپ، 12.5% كە يەتتى. 1989 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش سوممىسى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ، 10 مىليارد دوللارغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. ياپونىيە چەت ئەللەرگە كاپىتال چىقىرىش ۋە ياردەم بېرىشتە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ماس قەدەمدە ئىشقا ئاشتى. مەسىلەن، 1970 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە بىرىنچى كەسىپنىڭ ئومۇمىي ھاسىلات سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 6.3% تىن 3.4% كە چۈشتى، ئىككىنچى كەسىپنىڭ سالمىقىمۇ 46.3% تىن 40.5% كە چۈشتى، ئەمما ئۈچىنچى كەسىپنىڭ سالمىقى 47.4% تىن 56.1% كە ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە ئىقتىسادىدا يەنە ئىچكى ئېھتىياج



www.uyghurkitap.com

ئاساسىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئېشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مەسىلەن، 1986 ـ يىلى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى 2.6% بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئېھتىياجنىڭ تۆھپە نىسبىتى 4.1% (1983 ـ يىلى 2.1%)، تاشقى ئېھتىياجنىڭ تۆھپە نىسبىتى 1.5% ئىدى، 1987 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىچكى ئېھتىياجنىڭ تۆھپە نىسبىتى ئېشىپ 6% كە يەتتى.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ياپونىيەنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى زور تۈرلۈك ئۆزگىرىشكە ئۇچراتتى. ئىستېمال قۇرۇلمىسى ماددىي بۇيۇم ئېھتىياجى تېپىلىدىغان بىر ئىستېمال ئېھتىياجنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا بۇرۇلدى، بۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ئېنگېل كوئېففىتسىيېنتى (تاماق خىراجىتىنىڭ ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ) تەدرىجىي تۆۋەنلىدى، مەسىلەن، 1970 ـ يىلى 82% ئىدى، 1980 ـ يىلى 28% بولدى؛ ئىككىنچى، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتى، مەسىلەن، 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاساسلىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى: توڭلاتقۇ 99.1%، كىر ئالغۇ 98.8%، رەڭلىك تېلېۋىزور 98.2%، پىكاپ 57.2%، ئائىلە ھاۋا تەڭشىگۈچ 39.2% بولدى؛ ئۈچىنچى، ئىستېمالچىلار تاۋارنىڭ كۆپ خىل، دەرىجىسى يۇقىرى ۋە خاسلىقتا ئىگە بولۇشىغا ئىنتىلىدىغان بولدى؛ تۆتىنچى، ساياھەت قىلىش كۈندىلىك تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، 1981 ـ يىلى ياپونىيەدىن چەت ئەلگە ساياھەتكە چىققانلار 4 مىليون كىشىگە، خەلقئارا ساياھەت ئومۇمىي چىقىمى 4 مىليارد 820 مىليون دوللارغا يەتتى.

70 ـ يىللاردىن كېيىن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىنىپىي قۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگەردى. 1960 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر (مائاشلىق

www.uyghurkitap.com

ئەمگەكچىلەر) نىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەت ئەمگەكچى ئاھالىلەرنىڭ يېرىمىنى، دېھقانلار ۋە بېلىقچىلارنىڭ سالمىقى 30% نى ئىگىلەيتتى. 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن سالىمى تۆۋەنلەپ 10% كە چۈشتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سالمىقى ئۆرلەپ 89.6% كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ پىسخىكىلىق قۇرۇلمىسىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولدى. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇقىملىشىپ، مائاش مۇناسىپ ئۆسۈپ، پاراۋانلىق تەدرىجىي كۆپىيىپ، خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنداق ئەھۋالدا، ياپونىيەنىڭ ئەسلىدىكى تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، ئىقتىسادچىل بولۇش، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش، چىداملىق بولۇشتەك ئەنئەنىۋى قارىشى ياكى قىممەت قارىشى تەدرىجىي چاقىرىق كۈچىدىن قېلىپ، ئۆزىگە ۋە ماددىي تۇرمۇشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان «ئۆز مەركەزچىلىكى» كۈنسايىن ئەۋج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئاھالىلەرنىڭ 80% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سىياسىي جەھەتتە ھەمىشە ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىگە، يەنى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان سىياسىي تۈزۈلمىگە سەۋر ـ تاقەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوبۇل كۆرىدىغان بولدى.

كۆپ تەرەپلىك، مۇستەقىل دىپلوماتىيە ۋە سىياسىي چوڭ دۆلەت يولىغا مېڭىش 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ تېز ئېشىشى ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا كۈچ قۇرۇلمىسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش، يەنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىن ئىبارەت كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيەسىگە

غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. 1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش ۋەزىر تاناكا كاكۇئېي ئىلگىرىكى ھەممىدە ئامېرىكىنىڭ ئېغىزىغا قاراشتەك دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، «مۇستەقىل، كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە» نى پائال يولغا قويدى. بۇ يەردىكى «مۇستەقىل» دېگەنلىك ياپونىيەنىڭ ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ياپونىيەنىڭ مەنپەئەتىگە قاراپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. «كۆپ تەرەپلىك» دېگەنلىك ئامېرىكا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغاندىن باشقا، يەنە دۇنيادىكى جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق باشقا ئىستراتېگىيەلىك كۈچلەر بىلەن ياپونىيەنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇش ئاساسىدا باردى ـ كەلدى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

1974 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىكى تاكېئو ئىچكى كابىنېت تەشكىللىگەندىن كېيىن ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساسىي ئوق قىلىپ، جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا «ئېغىپ كەتمەسلىك، تايىنىۋالماسلىق» تەڭ «تەڭ ئارىلىق دىپلوماتىيەسى» سىياسىتىنى قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ كونكرېت فاكتى ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيەدىكى ئايلىنىش ئىمكانىيىتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭ دىپلوماتىيەنى يولغا قويۇش؛ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگوغا سەل قاراش دىپلوماتىيەسىنى يولغا قويۇپ، ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى قاتماللىقنى تۈگىتىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق ياپونىيە «تەڭ ئارىلىق دىپلوماتىيەسى» دە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، بەلكى دىپلوماتىيەدىكى جانلىقلىقنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك چىقماي قالدى.

1976 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، فۇكۇدا تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «كۆپ تەرەپلىمە دىپلوماتىيە»، يەنى «كۆپ تەرەپلىمە تەڭپۇڭ دىپلوماتىيە» نى يولغا قويدى. بۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ، ھەرقانداق دۆلەت بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، خەلقئارا سەھنىدىكى سىياسىي ئورنىنى كۈچەيتمەكچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. «كۆپ تەرەپلىمە دىپلوماتىيە» تاناكانىڭ «مۇستەقىل، كۆپ تەرەپلىمە دىپلوماتىيە» سىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولۇپ، بۇنى تېخى روياپقا چىقمىغان «سىياسىي چوڭ دۆلەت» ئېڭىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى دېيىشكە بولاتتى.

1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سۇزۇكى باش ۋەزىر بولدى، شۇ يىلى ئۇ ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغان چاغدىكى بىر قېتىملىق چوڭ زىياپەتتە «ياپونىيە ئىشنى ئۈچىنچى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاۋاتىدۇ، يەنى پاسسىپ مەنپەئەتلەنگۈچىدىن ئاكتىپ ئىجادكارغا ئايلىنىۋاتىدۇ» دېدى. «ئۈچىنچى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى» نى بەزىلەر «ئۈچىنچى قېتىم دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىش» ياكى «ئۈچىنچى قېتىم يىراققا ئۇچۇش» دەپ ئاتاشتى. بىرىنچى قېتىملىقى 1853 ـ يىلى ئامېرىكىلىق پېررىنىڭ فىلوت باشلاپ كېلىپ شوگۇناتنى «دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىش» قا مەجبۇرلىغانلىقى، كېيىن مېيجى يېڭىلىقى ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىملىقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ھەم ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدەك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى قېتىملىقى 80 ـ يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، نىشان

«ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» تىن «سىياسىي چوڭ دۆلەت» كە يۈزلىنىش ئىدى. شۇ يىلى ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتى تۈزگەن «دىپلوماتىيە كۆك تاشلىق كىتابى» دىمۇ ياپونىيەنىڭ 80 ـ يىللاردىكى دىپلوماتىيە فاڭجېنى شۇنداق بايان قىلىنىپ، «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيەتچان بىر ئەزاسى» سۈپىتىمىز بىلەن «ئاكتىپ دىپلوماتىيەنى قانات يايدۇرۇپ»، «تېخىمۇ ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشىمىز» لازىم، دېيىلدى.

1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باش ۋەزىر ناكاسونې يۈرتى گۇمما ناھىيەسىدە نۇتۇق ئېلان قىلىپ، «دۇنيا سىياسىيسىدا ياپونىيەنىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈپ، ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت بولۇش سالمىقىنىلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي چوڭ دۆلەت بولۇش سالمىقىنىمۇ ئاشۇرۇشى كېرەك» دېدى. بۇ ياپونىيە باش ۋەزىرىنىڭ ياپونىيەنى «ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» تىن «سىياسىي چوڭ دۆلەت» كە يۈزلەندۈرۈش مۇددىئاسىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق بىلدۈرۈشى ئىدى. كېيىن ناكاسونې دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جامائەت پىكرىنى نەزەردە تۇتۇپ، «سىياسىي چوڭ دۆلەت» دېگەن سۆزنى «خەلقئارا دۆلەت» دەپ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ مەنىسى ياپونىيە ئىقتىسادنى خەلقئارالاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىمۇ دۇنياغا پائال تۆھپە قوشۇپ، دۇنيادا ئاكتىپ رول ئوينايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تاكېشىتا نوبورۇ 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دۆلەت مەجلىسىدە سۆزلىگەن نۇتقىدا ياپونىيەنىڭ دۇنياغا تۆھپە قوشۇشتەك ئوبرازىنى يەنىمۇ تىكلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تەختكە چىققان باش ۋەزىر كايفۇ 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئېلان قىلغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نۇتقىدا يەنە «خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش» دىپلوماتىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا كۈچىدىن پايدىلىنىپ،

www.uyghurkitap.com

خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن پائال تىرىشىشنى تەكىتلىدى.

قىسقىسى، مەيلى سىياسىي چوڭ دۆلەت بولسۇن ياكى «خەلقئارا دۆلەت» بولسۇن، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق، قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنى ئارقا تىرەك قىلىپ، چوڭ دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دۇنيادا ياپونىيەنىڭ «ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە مۇناسىپ خەلقئارا ئورنى» نى تىكلەش ئۇنىڭ يادروسى.

ياپونىيە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى يولغا قويۇشتا 80 - يىللاردا ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «ھەر تەرەپلىمە خەۋپسىزلىك كاپالىتى ئىستراتېگىيەسى» دىن ئىبارەت دىپلوماتىيە ئومۇمىي فاڭجېنىنى نەزەرىيەۋى ئاساس ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلدى. بۇ فاڭجېنىنى ئوخىيى ئىچكى كابىنېتى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇزۇكى، ناكاسونې، تاكېشىتا نوبورۇ ئىچكى كابىنېتلىرى دىپلوماتىيە پائالىيىتىدە شۇنى ئاساس قىلدى. «ھەر تەرەپلىمە خەۋپسىزلىك كاپالىتى ئىستراتېگىيەسى» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ياپونىيەنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالىدىغان ئامىللار يەككە بولماستىن، بەلكى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ. مەسىلەن، شەرق، غەربنىڭ قارشىلىشىشى، جەنۇب - شىمال زىددىيىتى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىش، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش مۇقىم بولماسلىق قاتارلىقلار. بۇلار ھەربىي، سىياسىي ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، يەنە كېلىپ تۈرلۈك ئامىللار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، گىرەلىشىپ تەرەققىي قىلىپ باراتتى. ئىككىنچى، تەھدىتكە تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ ھەر تەرەپلىمە بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بىرلا دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايانغان بىلەن پۈتمەيتتى، مەنپەئەتى ئورتاق بولغان دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ ئورتاق تىرىشىپ، ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ياپونىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياپونىيە بىلەن

ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئاساسىي ئوق قىلىپ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن ئىجادىي يوسۇندا ئۆزئارا بېقىنىش مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇش كېرەك ئىدى؛ ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىقنىمۇ ساقلىماي بولمايتتى؛ شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى ئىقتىساقى ۋە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە، بولۇپمۇ تىنچ ئوكيان ئەتراپىدىكى ئەللەر ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئەللەرنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇكسىز قويۇقلاشتۇرۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۈچىنچى، تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ۋاستىسىمۇ ھەر تەرەپلىمە بولۇشى زۆرۈر ئىدى. ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە كۈچ ئارقىلىق دۇنياغا «تۆھپە قوشۇش» كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، 80 ـ يىللاردىن بېرى ياپونىيە «مەدەنىيەت دىپلوماتىيەسى» نى پائال يولغا قويدى، يەنى «مەدەنىيەت» نى ئىقتىسادقا بېقىنىدىغان ئورۇندىن ئۆز ئالدىغا باراۋەر تۇرىدىغان ئورۇنغا ئىگە قىلدى؛ ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىپ، ياپون مىللەتچىلىكىنى ئۇرغۇتۇپ، ياپونىيەنىڭ «سىياسىي چوڭ دۆلەت» كە ئايلىنىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى؛ ياپونىيەنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلغۇچى دۆلەتتىن مەدەنىيەت تارقاتقۇچى دۆلەتكە ئايلىنىشى كېرەكلىكىنى تەرغىب قىلىپ، ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۈلگىلىك ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈردى؛ شەرقىي ئوكيان مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، ياپونىيە مەدەنىيىتى ۋەكىللىكىدىكى شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت

چەمبىرىكىنى روياپقا چىقاردى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى: خادىملارنىڭ ئالمىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، بولۇپمۇ باش بىر ئەۋلادنىڭ ئالمىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى (مەسىلەن، چەت ئەللەردىن كۆپلەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، ۋەھاكازا)؛ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى كۆپەيتتى ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتتى (مەسىلەن، 1988 - يىلى ياپونىيە بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى «مەدەنىيەت مەركىزى» قۇردى)؛ ياپونىيەگە قارىتىلغان تەتقىقات ۋە ياپون تىلى ئوقۇتۇشىغا بېرىلىدىغان مەبلەغ ياردىمىنى كۆپەيتتى. تۆتىنچى، مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سەرخىل ھەربىي ھازىرلىقلار سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، تېخىمۇ كۆپ مۇداپىئە مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، «ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» بىلەن «ھەربىي كىچىك دۆلەت» ئارىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتتى. 80 - يىللاردىن بېرى تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) ياپونىيە - ئامېرىكا ھەربىي ھەمكارلىق تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى ھەم مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى. ناكاسونې ئىچكى كابىنېتى مەزگىلىدە، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەكىتلىنىپ، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا «ئىستراتېگىيەلىك مەركەزداش چەمبەر» دەپ جاكارلاندى. ناكاسونې يەنە ئىلگىرىكى ئىككى نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېت چېقىلىشقا پېتىنالمىغان «قورال - ياراغ ئېكسپورتىدىكى ئۈچ پرىنسىپ»، «يادروسىزلاشتۇرۇشنىڭ ئۈچ پرىنسىپى» (يۆتكەپ كىرمەسلىك، ئىگە بولماسلىق، ياسىماسلىق)، «مۇداپىئەنىلا كۆزلەش» قاتارلىق مۇھىم پرىنسىپلارغا يۈرەكلىك ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئورتاق جەڭ قىلىشىغا ئائىت تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىپ ۋە زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سەرخىل قوغدىنىش قىسمى قۇرۇش

پىلاننى يولغا قويۇپ، كوللېكتىپ قوغدىنىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەسلىك پرىنسىپىنى بۇزۇپ تاشلىدى. (2) مۇداپىئە خىراجىتىنى ئۆزۈكسىز ئۆستۈرۈپ، «سوۋېت» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى. ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناكاسونې ئىچكى كابىنېتى مۇداپىئە خىراجىتىنى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1% ىدىن ئاشۇرماسلىق چەكلىمىسىنى رەسمىي بىكار قىلدى. 1982 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا، ياپونىيەنىڭ ھەربىي خىراجىتى ئەمەلىيەتتە 36% ئاشتى. 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ئارىلىقتا مۇداپىئە خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 18 تىرىللىيون 400 مىليارد ياپونىيە يېنى بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھەر يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1.16% ىنى ئىگىلىدى. ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 243 مىڭغا يەتتى، بۇلار ياخشى مەشىقلەندۈرۈلگەن بولۇپ، قورال - ياراغلىرىمۇ سەرخىل ئىدى. بۇلاردىن سىرت، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا، ئامېرىكا ياپونىيەنى پۇل چىقىرىپ ئەسكەر چىقارمىدى، خېيىم - خەتەرنى زىممىسىگە ئالمىدى، دەپ تەنقىدلىدى. شۇڭا، كايفۇ ئىچكى كابىنېتى 1990 - يىلى 9 - ئايدا قوغدىنىش ئەترىتى خادىملىرىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى بىلەن تىنچلىق، ھەمكارلىق ئەترىتىگە قاتنىشىشىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشىگە يول قويىدىغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق، ھەمكارلىق قانۇن لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. بىراق، ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنىلا جامائەت پىكرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، 1991 - يىلى 4 - ئايدا دېڭىزدا قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ 500 دىن ئارتۇق خادىمى ۋە ئالتە پاراخوتتىن تەشكىللەنگەن مىنا

تازىلاش ئەترىتىنى پارىس قولتۇقى رايونىغا تۆتىنچى قېتىم مىنا تازىلاشقا ئەۋەتتى. 9 ـ ئايدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنە دۆلەت مەجلىسىگە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتى ھەمكارلىق قانۇن لايىھەسى» نى سۇندى. بۇ ئىش دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر قېتىم قوزغىدى.

قىسقىسى، 80 ـ يىللاردىن بېرى ياپونىيە «ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» تىن «سىياسىي چوڭ دۆلەت» كە ئۆتۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى «ھەر تەرەپلىمە خەۋپسىزلىك كاپالەتى ئىستراتېگىيەسى» نى يادرو قىلغان ھالدا قانات يايدۇردى، بۇ مەزگىلدىكى ياپونىيە دىپلوماتىيەسى ياپونىيەنىڭ سىياسىي تەسىرىنى ئاشۇرۇش، ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈش، ياپونىيەنىڭ دۇنيادىكى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، دۆلەت باشلىقلىرى دىپلوماتىيەسىنى پائال قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ناكاسونې ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بەش يىلدا 19 قېتىم زىيارەتكە چىقىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ئافرىقا قىتئەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۇنيانى ئاساسەن ئايلىنىپ چىقتى. تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئابې شىنتارو 1983 ـ يىلى بىر يىلدىلا 12 قېتىم زىيارەتكە چىقىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى بىلەن 110 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق كۆرۈشۈپ، 23 مىڭ كىلومېتىرلىق پائالىيەت مۇساپىسىنى باستى، بۇ ئارىلىق يەر شارىنى بەش يېرىم ئايلىنىپ چىققانغا باراۋەر ئىدى. تاكېشىتا نوبورۇ باش ۋەزىر بولغان مەزگىلدە يەتتە قېتىم چەت ئەلگە سەپەر قىلىپ، 12 دۆلەتتە زىيارەتتە بولدى. ئىككىنچى، خەلقئارا ئىشلارغا پائال قول تىقىپ، ياپونىيەنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەيدانىنى ئىمكانقەدەر ئىپادىلىدى، مەسىلەن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش

مەسىلىسىدە ئىلگىرىكى مۇجمەل، بىتەرەپ پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىپ، ئاتالمىش ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ئىشىنى چىڭ تۇتتى، دۇنيادىكى قىزىق نۇقتا رايونلىرىغا نىسبەتەنمۇ ئىلگىرى كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان «قىزغىن» پوزىتسىيەدە بولدى، مەسىلەن، كامبودژا مەسىلىسىدە ئۆزگىچە رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ئويناپ بولالمايدىغان روللارنى ئوينىدى؛ چاۋشىيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسىدە، ياپونىيەنىڭ تەكلىپى ۋە لايىھەسىنى ئاكتىپ تۇردە ئوتتۇرىغا قويدى؛ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا كۆپ دۆلەت قىسىملىرىغا ۋە ئىراق ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە 13 مىليارد دوللار ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. ئۈچىنچى، ياپونىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەسىرىنى ئاشۇرۇش يولىدا پائال ئىزدىنىپ، خەۋپسىزلىك كېڭەشگە دائىمىي ئەزا دۆلەت قاتارىغا كىرىش ئۈچۈن تىرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئونىنچى باب

# سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى

## 1 ـ بۆلۈم خرۇشېفنىڭ تەختكە چىقىشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

خرۇشېفنىڭ تەختكە چىقىشى 1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى، سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئىئوسىف ۋىسسارئونوۋىچ ستالىن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مىنىستىرلار سوۋېتىنى ۋە ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسىتى بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مالېنكوفنى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، بېرىيا، مولوتوف، بۇلگانىن، كاگانوۋىچنى بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ۋوروشىلوفنى ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. يىغىن يەنە خرۇشېفنىڭ موسكۋا شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلىشى توغرىسىدا قارار

چىقاردى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مالېنكوف پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

1953 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزاسى، ئۇدا 16 يىلدىن ئارتۇق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغان بېرىيا قولغا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇنى چەت ئەل ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلدى، «ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىگە قويدى» دەپ ئەيىبلىدى. سوت بېرىيانى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى خرۇشېفنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا سايلىدى. نىكىتا سېرگېيېۋىچ خرۇشېف (1894 — 1971 ـ يىللار) ئوكرائىنادا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1918 ـ يىلى بولشېۋىكلار پارتىيەسىگە كىرگەن، شۇ يىلى قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان، ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلىدە ئىشلىگەن. 1929 ـ يىلى موسكۋا سانائەت ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، موسكۋا رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى بولغان. 1938 ـ يىلدىن تارتىپ ئوكرائىنا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ستالىنگراد يۈنىلىش ئارمىيەسى، ئوكرائىنا 1 ـ يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي كومىتېت ئەزاسى بولۇپ، گېنېرال لېيتېناتلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1949 ـ يىلدىن كېيىن موسكۋا شەھەرلىك پارتكومنىڭ 1 ـ سېكرېتارى، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولغان. 1938 ـ يىلدىن باشلاپ پارتىيەنىڭ سىياسىي بيۇرو (ھەيئەت رىياسەتى) ئەزاسى بولغان.

خرۇشېف پارتىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرىنى تەڭشىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى. سىياسىي جەھەتتە، بېرىيانى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى (ك گ ب) نى قۇرۇپ ئامانلىق قوغداش خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتى ئاستىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. بەزى دېلولارنى قايتا تەكشۈرگۈزۈپ، بەزى كىشىلەرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1954 ـ يىلى پوسپېلوف رەئىسلىكىدىكى ئالاھىدە كومىتېت قۇرۇلۇپ، ستالىننىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، خرۇشېف 1955 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيەدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە «ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن» لىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇردى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەر بىلەن بىرلىكتە ئاۋستىرىيە شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى ھەم ئامېرىكا بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى.

مولوتوف بىلەن مالېنكوفنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە باشقىچە پىكرى بار ئىدى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مالېنكوف «مەمۇرىي ئىشلاردا تەجرىبەم يېتەرسىز» ۋە «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدا مەسئۇلىيىتىم بار» دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ، مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشنى «ئىلتىماس قىلدى».



www.uyghurkitap.com

خرۇشچېفنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇلگانىن بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. 6 ـ ئايدا مولوتوف دىپلوماتىيە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

**سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيى** 1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. خرۇشچېف پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلاتى بەردى. دوكلاتنىڭ نەزەرىيە قىسمىدا ئۇ بەزى يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «جاھانگىرلىك مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، سوتسىيالىزم ۋە تىنچلىق سۆيەر كۈچلەرنىڭ قۇدرەت تېپىشى تۈپەيلىدىن ھازىرقى زاماندا دۇنياۋى ئۇرۇشتىن «ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق» دەپ قارىدى. خرۇشچېف تۈزۈمى ئوخشىمىغان دۆلەتلەرمۇ تامامەن تىنچ بىللە ئۆتەلەيدۇ، دەپ جاكارلىدى ھەم تىنچ بىللە ئۆتۈش «ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ يەنىلا لېنىنىزمنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى باش لۇشيەن»، سوۋېت ئىتتىپاقى «كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ساقلاپ قالغان دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشمايدۇ ھەم ئارىلاشقۇسىمۇ يوق» دېدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش شەكلى مەسىلىسىدە خرۇشچېف: «ئۆتكۈنچى شەكىل كۆپ خىللىشىپ بېرىشى مۇمكىن، زوراۋانلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇشنى سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتە، ‹ئىشچىلار سىنىپى پارلامېنت يولى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا تىنچ ئۆتۈشنىڭ رېئال ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىدى›. ئىشچىلار سىنىپى ‹پارلامېنتتا كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشسە، دۆلەت ئىچىدە قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولۇۋاتقان شارائىتتا، پارلامېنتنى خەلق ھاكىمىيىتى ئورگىنىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەربىي بيۇروكرات

ماشىنىسىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىدىن، پارلامېنت شەكلىدىكى، يېڭىچە پىرولېتارىياتنىڭ خەلق دۆلەت تۈزۈلمىسى تۇرغۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ قارىدى.

20 ـ قۇرۇلتايدا يېڭى مەركىزىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېڭىدىن سايلانغان 133 ئەزاسى ئىچىدە 19 ـ قۇرۇلتايدىكى مەركىزىي كومىتېت ئەزاسىدىن ئاران 79 ىلا بار ئىدى. خرۇشېف داۋاملىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا سايلاندى.

24 ـ كۈنى قۇرۇلتاي يېپىلدى. شۇ كۈنى كېچىدە، خرۇشېف توساتتىنلا ۋەكىللەرگە يەنە يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارغا «شەخسكە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا» دوكلات، يەنى «مەخپىي دوكلات» بەردى. خرۇشېف دوكلاتتا ستالىننىڭ تۈرلۈك خاتالىق ۋە مەسىلىلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇنى قانۇن ـ تۈزۈمنى بۇزدى، بىگۇناھ ئاممىنى قولغا ئېلىش، باستۇرۇشنى تەستىقلىدى، فاشىست گېرمانىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن يېتەرلىك ھوشيار تۇرماي، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ۋە يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىكى خاتالىقلارنى پاش قىلدى. خرۇشېف بۇ خاتالىقلارنى ستالىننىڭ پەزىلىتى جەھەتتىكى مەسىلىگە يىغىنچاقلاپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مەخپىي دوكلات ستالىنغا بولغان چوقۇنۇشنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەسىلىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ، كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلدى. بىراق، دوكلاتتا مەسىلىلەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنمىغان، ئۇسۇل، باسقۇچلارمۇ تەپسىلىي شەرھلەنمىگەنىدى.

20 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 1956 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ

كۈنى «شەخسكە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تۈگىتىش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ستالىننى تەنقىد قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەڭ كۆلەملىك ئاقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «خەلقنىڭ دۈشمىنى» دېگەن جىنايەت نامىنى بىكار قىلىپ، زور تۈركۈم يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تارقىتىۋەتتى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1956 ـ، 1957 ـ يىللىرى 7 ـ 8 مىليون ئادەم قويۇۋېتىلگەن، ئۆلگەن 5 ـ 6 مىليون ئادەم ئاقلانغان. سوۋېت ھۆكۈمىتى يەنە چېچېن، ئىنگۇش، قاراچاي، بالقار، قالماق، گېرمان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شەرقتىكى سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن يەرلەردىن يۇرتىغا قايتىپ ئولتۇراقلىشىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت، ئاپتونوم ئوبلاستلىرىنى قايتىدىن قۇردى. مەدەنىيەت جەھەتتە، ھۆكۈمەت كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈشنى بوشاشتۇردى. ئېرېنبۇرگنىڭ «ئېرىتىش» دېگەن پوۋېستى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئېرىتىش ئەدەبىياتى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرى ئەدەبىياتى مەيدانغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر مەخسۇس ئېچىپ تاشلاندى.

**1957 ـ يىلدىكى كۈرەش** خرۇشېفنىڭ بۇ ئىشى دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1957 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خرۇشېف فىنلاندىيەدىكى زىيارىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشىگىلا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى بىر قېتىملىق يەۋقۇلئاددە يىغىن ئاچتى. يىغىندا مولوتوف، مالېنكوف قاتارلىقلار خرۇشېفنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، خرۇشېفنى ئوڭچىل ئاغمىچىلىق ۋە تەۋەككۇلچىلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدى دەپ قارىدى. مىكويان قاتارلىق بىرقانچە ئەزا

خرۇشېفنى ئاقلىغان بولسىمۇ، بىراق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى خرۇشېفنىڭ دەرھال تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. خرۇشېف بۇ قارارنى قوبۇل قىلماي، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئۆزىنىڭ 1 - سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەش ياكى قالدۇرۇلۇش مەسىلىسىدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قارار چىقىرىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ھەيئەت رىياسىتى تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان پەيتتە، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ژۇكوف ھەربىي ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرىنى ھەرقايسى جايلاردىن موسكۋاغا ئېلىپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەركىزىي كومىتېت 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يىغىن ئاچتى. خرۇشېف دوكلاتىدا مولوتوف قاتارلىقلارنى ئىسلاھاتقا قارشىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى ھەم ئۇلار 30 - يىللاردىكى چوڭ تازىلاشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دېدى. مولوتوف دوكلاتىدا خرۇشېف ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. كەسكىن بەس - مۇنازىرىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى 29 - كۈنى «مالېنكوف، كاگانوۋىچ ۋە مولوتوف پارتىيەگە قارشى گۇرۇھى توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللاپ، ئۇلارنى بارلىق مۇھىم مەسىلىلەردە «مەركىزىي كومىتېتنىڭ لېنىنىزملىق لۇشيەنىگە قارشى چىقتى»، 20 - قۇرۇلتاي ياقلىغان «شەخسكە چوقۇنۇش خاتالىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تۈگىتىش» فاڭجېنىغا قارشى چىقتى، «گۇرۇھۋازلىق كۈرەش يولى» غا ماڭدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئومۇمىي يىغىن بۇ ئۈچەيلەننى ھەيئەت رىياسىتى ۋە مەركىزىي كومىتېتتىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ مەيدان كۆرەشتە خرۇشېفنى قەتئىي قوللىغان برېژنېف، ژۇكوف قاتارلىقلار ھەيئەت رىياسىتىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىدىن رەسمىي ئەزالىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

ژۇكوفنىڭ ئىيۇن ۋەقەسىدە ئوينىغان زور رولى بەزىلەرنى بەكلا تەشۋىشكە سالدى. 10 ـ ئايدا ئۇ مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت رىياسىتى ۋە مەركىزىي كومىتېتتىن قوغلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىنمۇ قالدۇرۇلدى. 1958 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالىي سوۋېت بۇلگانىن پارتىيەگە قارشى گۇرۇھقا قاتناشتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا خرۇشېفنى تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى خرۇشېفنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى.

## 2 ـ بۆلۈم خرۇشېفنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى

**يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئىسلاھات** خرۇشېف ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىنى كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلدى ۋە تەڭشىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزاقتىن بېرى ئېغىر سانائەتنىلا ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قارىغان، ھەتتا يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئېغىر مەسىلىلەرنى يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1952 ـ يىلى دانلىق زىرائەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 130 مىليون توننىغا يەتتى دەپ ئېلان قىلغانىدى. مالېنكوف پارتىيەنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا «يېزا ئىگىلىكى مەسىلىسى مەڭگۈلۈككە ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولدى» دېدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ يىلى پەقەت 90 مىليون توننىدىن كۆپرەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلدى، 1953 ـ يىلى 82 مىليون 500 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1953 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق ۋە گۆش مەھسۇلات مىقدارى ئاران

www.uyghurkitap.com

432 كىلوگرام ۋە 30 كىلوگرام بولۇپ، ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى 1913 - يىلىدىكى 540 كىلوگرام ۋە 31.4 كىلوگرامدىن تۆۋەن ئىدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ قالاقلىقى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىپ، ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

خرۇشېفنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى دەل يېزا ئىگىلىكىدىن باشلاندى. 1953 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا «سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش پرىنسىپىغا خىلاپ ئىش قىلىشنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تۈپ مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى خرۇشېفنىڭ دوكلاتىغا بىنائەن بىر مۇنچە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى، دۆلەتنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بەزى ئارىلىشىۋېلىشلىرىنى بىكار قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى. ئىلگىرى كولخوزلار دۆلەتكە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن تەننەرخىدىن تۆۋەن باھادا سېتىپ بېرەتتى. 1958 - يىلى 6 - ئايدا ھۆكۈمەت بۇنداق مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن سېتىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. 1952 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە دۆلەت تۈرلۈك دانلىق زىرائەتنى سېتىۋېلىشتىكى ئوتتۇرىچە باھا كۆرسەتكۈچىنى 7.48 ھەسسە ئۆستۈردى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھا كۆرسەتكۈچىنى 15.69 ھەسسە ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئىككىنچىدىن، پىلان تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى. 1955 ـ يىلىدىن ئىلگىرى دۆلەت چۈشۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانى كۆرسەتكۈچىنىڭ تۈرى 280 خىلغا يېتىدىغان بولۇپ، تۈرلۈك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش كۆلىمى، تېرىش ۋاقتى، تېخنىكىلىق تەدبىرلەر، ئورۇۋېلىش مۆھلىتى، مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىقلار تەپسىلىي بەلگىلىنىدىغانلىقتىن، كولخوز كادىرلىرى ۋە كولخوز ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ھەم ئاكتىپلىقىنى چەكلەپ قويغانىدى. 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى باشقۇرۇشنى قويۇۋېتىپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى مىقدار كۆرسەتكۈچىنىلا چۈشۈرۈپ، كولخوزلارغا ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى بەردى. بىراق، بۇ قارار ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلماي، دۆلەت يەنىلا كولخوزلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قول تىقىپ تۇردى.

ئۈچىنچىدىن، كولخوز ئەزالىرىنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بەردى. دۆلەت كولخوز ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يەرگە ئىگە بولۇشى ۋە مۇئەييەن چارۋا مال بېقىشىغا يول قويدى. 1946 ـ يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت كولخوز ئەزالىرىنىڭ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇق يەردىن ئېلىنىدىغان دېھقانچىلىق بېجى نورمىسىنى ئاشۇردى ھەم مەھسۇلات مىقدارى ئاشقانسېرى باج نورمىسىنىمۇ شۇنچە ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. دېھقانلار باجنىڭ ئېغىرلىقىغا پايلىماي، ئۆزىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى بەس ـ بەستە كېسىپ تاشلىدى. باققان كالا، چوشقىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ دائىرىسى كۈنسايىن تارايدى. خرۇشېف تەختكە چىققاندىن كېيىن باج چارىسىنى شۇ ھامان ئۆزگەرتىش

بىلەن مەھسۇلات مىقدارىنىمۇ باج ئېلىش قالدۇرۇق يەرنىڭ كۆلىمى بويىچە باج سوممىسىنى ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قالدۇرۇق يەردىن ئېلىنىدىغان باج سوممىسى تۆۋەنلىتىلىپ، خۇسۇسىيلارنىڭ مېۋىلىك دەرەخ، سېغىن كالىلىرىدىن ئېلىنىدىغان ماددىي باج بىكار قىلىندى. 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قالدۇرۇق يەرنىڭ ھوسۇلىنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن سېتىش تۈزۈمى بىكار قىلىندى. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن سېتىش تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا قوشۇمچە كەسىپ ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 20 مىليون دېھقان ئائىلىسىنىڭ تەخمىنەن 1/4 ى ئەسلىدە سېغىن كالا باقمايتتى. 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېغىن كالا باقىدىغان بولدى. بۇلاردىن سىرت، شەھەر، بازار ئاھالىلىرى باققان سېغىن كالىمۇ 3 مىليون 500 مىڭ تۇياققا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە سۈتنىڭ مەھسۇلات مىقدارىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بىرقانچە يىل ئىچىدە قوينىڭ سانى بىر ھەسسە كۆپەيدى، چوشقا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ سانىمۇ خېلىلا ئاشتى. مېۋىلىك باغلار قايتىدىن كۆپەيدى. خۇسۇسىيلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش باھاسى 1954 ـ يىلدىن ئارتىپ تۆۋەنلەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى كۈنسايىن ئاۋاتلاشتى.

خرۇشېف دانلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1954 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا خرۇشېفنىڭ دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن قارار ماقۇللىنىپ، قازاقىستان ۋە سىبىرىيەدە كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئاق قالغان يەرلەرنى ئېچىش قارار قىلىندى. 1954 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە بولغان بەش

يىلدا، ھۆكۈمەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە 6 مىليارد 700 مىليون رۇبلى مەبلەغ سېلىپ، نەچچە 100 مىڭ پىدائىيىنى شەرقىي قىسمىغا ماكانلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىي 40 مىليون گېكتار يەر ئاچتى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ تەخمىنەن 1/5 ىگە توغرا كەلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1958 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئالدى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرى يىغىۋالغان دانلىق زىرائەت ھوسۇلى 58 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 40% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بىراق، ھوسۇلنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپىيىشىمۇ نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۈك ئاپتوموبىلى، ئادەم كۈچى ۋە ئاشلىق ئامبىرى يېتىشمىگەنلىكى، يولنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن قىش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بوز يەرلەردىكى زىرائەت تولۇق يىغىۋېلىنماي قالدى. يەنە نۇرغۇن ئاشلىق توشۇش جەريانى ۋە ئىسكىلاتتا ساقلاش جەريانىدا زىيانغا ئۇچرىدى. 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرى قۇم ـ بوران زەربىسىگە بارغانسېرى ئېغىر ئۇچراپ، يېڭىدىن ئېچىلغان بىرنەچچە 100 مىڭ گېكتار يەر ۋەيران قىلىۋېتىلدى. خىرۇشېف دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسى ھەقىقىي مۇستەھكەملەنمىدى.

1958 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى خىرۇشېفنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن «كولخوز تۈزۈمىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ماشىنا، تىراكتور پونكىتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاپ، تىراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كولخوزلارغا سېتىپ بېرىش ھەمدە ماشىنا، تىراكتور

پونكىتىنى ماشىنا رېمونت پونكىتىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. بۇ قارارنى دېھقانلار ئالقىشلىدى، ئۇ «بىر يەرنى سوتسىيالىستىك ئىككى كارخانا ـ كولخوز ۋە ماشىنا، تىراكتور پونكىتى باشقۇرۇش» تەك ئەھۋالنى تۈگىتىشكە پايدىلىق ئىدى. بىراق، خرۇشېف بۇ ئىشقا بەك ئالدىراپ كەتتى. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندە، 80% كولخوز يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالدى، مەملىكەت بويىچە 8000 ماشىنا، تىراكتور پونكىتىنىڭ 7655 ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قالغان 20% كولخوز قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن نامرات كوللېكتىپ بولغاچقا، ھەرقانداق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىنى سېتىۋالالمايتتى. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلاردا «خەلققە تايىنىش ئىدىيەسى» نىڭ يىلتىز تارتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ كولخوزلارنىڭ قەرز ئېلىپ بولسىمۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. كولخوزلار ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن پەرماندا بەلگىلەنگىنى بويىچە تىراكتور پونكىتىدىن ئۈسكۈنە سېتىۋالغان پۇلنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تۆلەپ بولسىلا بولاتتى. بىراق، بەزى باي كولخوزلارنىڭ يېتەكلىشى، خرۇشېفنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا كولخوزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەرزنى بىر يىلدىلا تۆلەپ بولدى. بۇنداق ئالدىراقسانلىق بىر تۈرلۈك توغرا ئىسلاھاتقا نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. بىرىنچىدىن، كولخوزلار ماشىنا ـ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا پۇل سەرپ قىلىدىغانلىقتىن، پىلان ئىچىدىكى نۇرغۇن تۈرلەرنى بىكار قىلماي ياكى كىچىكلىتۈرمەي بولمىدى، ھەتتا باشقا جەھەتلەردىكى مەبلەغلەر يۆتكەپ ئىشلىتىلىپ، كولخوزلارنىڭ نورمال تەرەققىيات مۇساپىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، ئىسلاھاتتىن كېيىن يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى نورمال باشقۇرۇش ۋە ئاسراش، رېمونت قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. كولخوزلار بار

مەبلىغىنى ماشىنا ـ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا خەجلىگەچكە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قويىدىغان ئىسكىلاتلارنى سېلىشقىمۇ قۇربى يەتمىدى. دۆلەت ئەسلىدە ماشىنا ـ ئۈسكۈنە رېمونت پونكىتىدىن تەخمىنەن 4000 نى قۇرۇپ، كولخوزلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشىغا ياردەم بەرمەكچى ئىدى. بىراق، بۇ رېمونت پونكىتلىرى لايىقىدا قۇرۇلمىدى. 1961 ـ يىلى ھۆكۈمەت ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى كولخوزلاردىلا رېمونت قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. چوڭ تىپتىكى 10 مىڭدەك كولخوز ئۆزلىرىنىڭ رېمونت زاۋۇتىنى قۇردى، ئەمما يەنە 30 ـ 40 مىڭچە كولخوزنىڭ رېمونت زاۋۇتى بولمىغاچقا، چالا ـ بۇلا رېمونت قىلىپلا ئىشلەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۈچىنچىدىن، كولخوزلاردا مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتەلەيدىغان تېخنىكلارنىڭ سانى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى ماشىنا ـ تىراكتور پونكىتىدا ئىشلىگەن تېخنىكلار دۆلەت خىزمەتچىلىكىدىن كولخوز ئەزاسىغا ئايلىنىپ قېلىشنى خالىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شوپۇرلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يېزا ئىگىلىك ئىش ئورنىدىن ئايرىلدى. نەتىجىدە، كولخوزلار سېتىۋالغان نۇرغۇن ماشىنىلاردىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمىدى.

خرۇشېف يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كولخوزلارغا بولغان ياردەمنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى. دۆلەت ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە 20 مىڭ كادىرنى كولخوز رەئىسلىكىگە ئەۋەتتى ھەم يېزىلارغا 12 مىڭ نەپەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك، ئاگرونوم ۋە تىراكتورچى يەتكۈزۈپ بەردى. دۆلەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ماشىنىلارنىڭ سانىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتتى. 1953 ـ يىلى يېزىلاردا 740 مىڭ تىراكتور بار ئىدى، 1964 ـ يىلى 1 مىليون 540 مىڭغا

www.uyghurkitap.com

كۆپەيدى، كومبايىن 320 مىڭدىن 510 مىڭغا، يۈك ئاپتوموبىلى 420 مىڭدىن 950 مىڭغا كۆپەيدى. ھۆكۈمەت يەنە كولخوزلارغا مەبلەغ ياردەم قىلىپ، كولخوزلارنىڭ ئىلگىرى دۆلەتتىن ئالغان قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت كولخوزلارغا بېرىدىغان قەرز پۇلنىڭ سوممىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى، 1953 ـ يىلى 580 مىليون رۇبلى ئىدى، 1964 ـ يىلى 1 مىليارد 250 مىليون رۇبلىغا كۆپەيدى.

خرۇشېف يېزا ئىگىلىكىنى تەڭشەش جەريانىدا سۇبيېكتىپ خىيالغا بېرىلىپ، خام ئىشلارنى كۆپ قىلدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆممىقوناق تېرىشنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شارائىتىغا باقمايلا كۆممىقوناق تېرىش كۆلىمىنى زورلۇق بىلەن كېڭەيتتى. 1953 ـ يىلى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆممىقوناق تېرىلغان يەر كۆلىمى ئاران 3 مىليون 500 مىڭ گېكتار ئىدى، ئەمما خرۇشېف 1960 ـ يىلىغا بارغاندا 28 مىليون گېكتارغا كېڭەيتىپ، سەككىز يىلدا يەتتە ھەسسە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىشتىن ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. كۆممىقوناق قۇرغاق، ئىسسىق كېلىماتقا ماس كېلىدىغان زىرائەت ئىدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كۈن نۇرى چۈشۈش مىقدارى يېتەرلىك بولمىغاچقا، كۆممىقوناقلار باش تۈتمىدى. شۇڭا، كولخوز ئەزالىرى بۇ ئىشقا پاسسىپ پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇردى. كۆممىقوناق 1956 ـ يىلى ئەڭ كۆپ تېرىلغان بولۇپ، كۆلىمى 9 مىليون 300 مىڭ گېكتارغا يەتتى. خرۇشېف تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن كۆممىقوناق تېرىش ئەنئەنىسگە ئىگە بەزى رايونلارمۇ كۆممىقوناق تېرىشنى رەت قىلدى. 1965 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قوناق تېرىلغۇ كۆلىمى ئاران 3 مىليون 200 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1953 ـ يىلىدىكى سەۋىيەدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. خرۇشېفنىڭ كۆممىقوناق تېرىش

كۆلىمىنى كېڭەيتىش پىلانى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران بولدى.
1957 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خرۇشېف توساتتىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كالا سۈتى ۋە سېرىق ماي مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە 1958 ـ يىلى ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىشى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان گۆش مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە 1960 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئوبدان ئويلانمايلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شوئار ئىدى. كالا سۈتى ۋە سېرىق ماي مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى خېلىلا ئارقىدا ئىدى. 1957 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۆش مەھسۇلات مىقدارى ئاران 5 مىليون 700 مىڭ توننا، ئامېرىكىنىڭ بولسا 16 مىليون توننا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان گۆش مەھسۇلات مىقدارى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 36 كىلوگرام، ئامېرىكىنىڭ 97 كىلوگرام ئىدى. خرۇشېف ئوتتۇرىغا قويغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۆش مەھسۇلات مىقدارىنى 3 ـ 4 يىلدا ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. يەم ـ خەشەك ۋە چوڭ تىپتىكى چارۋىچىلىق ئەسلىھەلىرى كەمچىل سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىش تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى. 1958 ـ يىلى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، مەھسۇلات مىقدارى خرۇشېف ئېيتقاندەك 60% ـ 70% ئاشماستىن، ئاران 5% ئاشتى. بىراق، خرۇشېف بۇ ئەھۋالدىمۇ ئېسىنى تاپمىدى. ئۇ يەرلىكتىكى داۋاملىق بېسىم قىلىپ، ھەرقايسى ئوبلاستلاردىن كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق گۆش مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ريازان ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ 1 ـ سېكرېتارى رادىيونوف شەخسىي يامان غەرىزىنىڭ تۈرتكىسىدە ريازان ئوبلاستى 1959 ـ يىلى بىر يىلدا گۆش مەھسۇلات مىقدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇرىدۇ، دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان گۆش

مىقدارىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرىدۇ، دەپ يۇرەكلىك ھالدا كاپالەت بەردى. خرۇشېف بۇ كاپالەتنىڭ رېئاللىقتا ئۆيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ھە دەپ ماختاپ، باشقا ئوبلاستلارنى ريازاندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، رادىيونوف نۇرغۇن ساختىپەزلىكلەر بىلەن كۆرسەتكۈچنى «غەلىبىلىك ئورۇنلىغان» لىقىنى جاكارلىدى. ھەمدە شۇ تۈپەيلىدىن لېنىن ئوردېنى ۋە سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى شەرەپ نامىغا ئېرىشتى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئالدامچىلىق ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، رادىيونوف ئۆلۈۋالدى. ريازان ئوبلاستىدىكى سىناقنىڭ مەغلۇبىيىتى خرۇشېف ئوتتۇرىغا قويغان يېتىشىۋېلىش، ئېشىپ كېتىش پىلانىنىڭ رېئاللىقتا ئۆيغۇن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

گەرچە خرۇشېفنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتىدە نۇرغۇن سەۋەنلىكلەر بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەڭشىشى نەتىجىسىدە جىق ئۈنۈملەر قولغا كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىكىدە ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇق ھالىتىنى تۈگىتىپ، بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1950 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ سانى 11 مىليوندىن كۆپرەك ئازايدى، ئەمما يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1951 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئاشلىقنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 88 مىليون 500 مىڭ توننا ئىدى، 1961 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 130 مىليون 300 مىڭ تونىغا يېتىپ، 50% كە يېقىن ئاشتى. بۇ مەزگىلدە گۆشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 5 مىليون 700 مىڭ توننىدىن 9 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىپ، 60% تىن كۆپرەك ئاشتى؛ سۈتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 37 مىليون 700 مىڭ توننىدىن 64 مىليون 700 مىڭ توننىغا يېتىپ، 70% تىن كۆپرەك ئاشتى. كولخوز ئەزالىرىنىڭ

تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1955 ـ يىلى ئوتتۇرىچە ئاشلىق كىرىمى 25 رۇبلى ئىدى، 1965 ـ يىلى 51.3 رۇبلىغا يەتتى.

گەرچە يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىلگىرىلەش خېلى چوڭ بولسىمۇ، بىراق يېزا ئىگىلىكىدىكى قالاقلىق مەسىلىسى تۈپتىن ھەل بولمىدى. بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى يۈزە باشقۇرۇلىدىغانلىقتىن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. كىلىماتنىڭ تەسىرىدىن مەھسۇلات مىقدارى ھېلى ئۆرلىسە ھېلى چۈشۈپ تۇراتتى. 1962 ـ يىلى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 140 مىليون 200 مىڭ توننىغا يەتتى، ئەمما ئىككىنچى يىلى 107 مىليون 500 مىڭ توننىغا تۆۋەنلەپ، 32 مىليون 700 مىڭ توننا كېمىيىپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، خرۇشېفنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى دەسلەپكى مەزگىلدە بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1953 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 6.8% كە يەتتى. كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ، ئۈنۈمى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1958 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئاران 1.7% بولدى.

**سانائەت جەھەتتىكى ئىسلاھات** سوۋېت ئىتتىپاقى سانائىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت مەركەزلىك باشقۇراتتى. 1936 ـ يىلى مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 90% نى ئىگىلەيتتى. كىچىككىنە يىڭنە مىختىن تارتىپ چوڭ تىپلىق گېنېراتورلارنى ئىشلەپچىقىرىشقىچە ھەممىنى دۆلەت پىلان كومىتېتى تىزگىنلەپ تۇراتتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىق، ئىدارىلىرى رەھبەرلىك قىلاتتى. خرۇشېف تەختكە چىققاندىن كېيىن مەركەزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى

200 مىڭدىن ئارتۇق كارخانىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى سېزىپ بۇنداق زىيادە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. ئۇ مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق 15 مىڭ كارخانىنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتكۈزۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كۈچەيتتى.

1957 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خرۇشېف پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا «سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىنى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىنىڭ كۈندىلىك رەھبەرلىك خىزمىتىنى مەركەزدىن يەرلىككە يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى. مەملىكەت بويىچە بىر ئايدىن ئارتۇق مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن ئالىي سوۋېت 5 ـ ئايدا مەركەزدىكى 25 مىنىستىرلىق ۋە يەرلىكتىكى 113 مىنىستىرلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەركەزدىكى ئاۋىياتسىيە، رادىيو، كېمىسازلىق، خىمىيە، ئوتتۇرا تېپلىق ماشىنىسازلىق قاتارلىق بىرقانچە مىنىستىرلىقنىلا ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. ئالىي سوۋېت يەنە پۈتۈن مەملىكەتنى 105 ئىقتىسادىي مەمۇرىي رايونغا ئايرىپ، بۇ رايونلاردا خەلق ئىگىلىكى كومىتېتى قۇرۇپ، ئەسلىدە مەركەزگە ۋە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرگە قارايدىغان مىنىستىرلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى بىردەك شۇ رايوندىكى خەلق ئىگىلىكى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. خرۇشېف مەركەزنىڭ تىزگىنلىشىنى بوشاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دەپ قارايتتى. بىراق، ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە بۇنىڭدىنمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولمىدى. چۈنكى، بۇ قېتىملىق ئىسلاھات پەقەت تارماقلار باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىقتىسادىي

مەمۇري رايونلار باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىش، يەنى «تارماق بويىچە» باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى «بۆلەك بويىچە» باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇ دۆلەتنىڭ كارخانا باشقۇرۇشتىكى مەمۇري چارىلىرىنى ئۆزگەرتمىدى، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش هوقۇقىنى كۈچەيتەلمىدى، شۇڭا يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشمۇ تەسكە چۈشتى. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، بۇ قېتىملىق ئىسلاهاتتا تەييارلىق يېتەرسىز بولغانلىقى، ئاۋۋال نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئاندىن كېڭەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلمىغانلىقى سەۋەبلىك بىرمۇنچە مەسىلىمۇ كېلىپ چىقتى. مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ئاجىزلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن جايلاردا تار مەھكىمىچىلىك ئېغىر دەرىجىدە يامراپ، زىددىيەت كۆپىيىپ، ئىشنى بىر ـ بىرىگە دۆڭگەپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇنىڭ كەسىپلەشكەن چوڭ كارخانىلارغا بەرگەن زەربىسى ئەڭ چوڭ بولدى. ئىلگىرى ئۇلار يۇقىرىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى بىر تارماق بىلەنلا ئالاقە قىلىپ، ئۆز كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئوبدان تەشكىللەپ كېتەلەيتتى، ئەمدىلىكتە ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي كومىتېتلارغا قاراشلىق نۇرغۇن كارخانىلار بىلەن ئالاقە قىلماي بولمىدى، يەنە كېلىپ بىر كومىتېت ھەممىشە پۈتكۈل كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى. نەتىجىدە، كەسىپلەشكەن چوڭ زاۋۇتلار ئىلگىرى باشقا ئوبلاستلاردىن ئاسانلا سېتىۋالالايدىغان دېتاللارنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يەتكەن خىرۇشېف ھوقۇقنى يەنە تەدرىجىي مەركەزگە قايتۇرۇۋالدى. ئۇ ئاۋۋال رايونلاردىكى خەلق ئىگىلىكى كومىتېتلىرىنى قوشۇۋەتتى، 1960 ـ يىلى 105 كومىتېتنى 100 گە تەڭشىدى، 1962 ـ يىلى يەنە 47 گە ئازايتتى، ئاخىردا يەنە ئالىي خەلق ئىگىلىكى كومىتېتى قۇردى. بىراق، مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك

سانائەت تارماقلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك كومىتېتلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى مىنىستىرلىقلارنىڭ رولىنى يېڭىباشتىن ئوينىدى. بۇ كومىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرى مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىگە قاتناشتى. نەتىجىدە، 1963 ـ يىلىغا كەلگەندە كارخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەسەۋۋۇردىكىدەك ئىخچاملانماستىن، ئەكسىچە 2 ـ 3 ھەسسە كېڭىيىپ كەتتى. سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىنى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىجابىي نەتىجە چىقمىدى.

خرۇشېف ھۆكۈمەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى ئايرىش ئۇسۇلى جەھەتتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يېڭى ئىسلاھات لايىھەسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشتى. 1962 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خاركوف ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى لىبېرمان «ھەقىقەت» گېزىتىدە: «پىلان، پايدا، مۇكاپات سوممىسى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەمۇرىي ۋاستىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، پايدا ئالسا مۇكاپات بېرىشتەك ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش تەكلىپىنى بەردى. دۆلەت كارخانىلارغا چۈشۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ۋە مال تاپشۇرۇش مۆھلىتىدىن ئىبارەت ئىككى كۆرسەتكۈچ بىلەنلا چەكلەندى، قالغان پىلاننى تامامەن كارخانا ئۆز ئالدىغا تۈزىدىغان بولدى. لىبېرمان يەنە پايدا نىسبىتىنى كارخانىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆلچەش ۋە مۇكاپات سوممىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى بەلگىلەش ئۆلچىمى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. لىبېرماننىڭ ئىسلاھات لايىھەسى خرۇشېفنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ھەم ئوكرائىنادىكى بەزى زاۋۇتلاردا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

خرۇشېفنىڭ سانائەت ئىسلاھاتىنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى

دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائىتى يەنىلا كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 6 ـ بەش يىللىق پىلان (1956 ـــ 1960 ـ يىللار) ۋە يەتتە يىللىق پىلان (1961 ـــ 1965 ـ يىللار) نەتىجىلىك بولدى. 1951 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى سانائىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 10.7% كە يەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. 1953 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە، پولات مەھسۇلات مىقدارى 38 مىليون 100 مىڭ توننىدىن 85 مىليون تونناغا، كۆمۈر 320 مىليون توننىدىن 550 مىليون تونناغا، نېفىت 52 مىليون 820 مىڭ توننىدىن 223 مىليون تونناغا، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى 134 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن 459 مىليارد كىلوۋات سائەتكە كۆپەيدى. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 1955 ـ يىلدىكى 76.2 رۇبلىدىن 1965 ـ يىلىغا كەلگەندە 104.2 رۇبلىغا ئۆستى.

## 3 ـ بۆلۈم برېژنېفنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى

برېژنېفنىڭ تەختكە چىقىشى 1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 22 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. خرۇشېف پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلاتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پروگراما لايىھەسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي ماقۇللىغان «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پروگراممىسى» دا،

«سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى تولۇق ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى»؛ بۇ دەۋردە، «سوۋېت ئىتتىپاقىدا پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى». پرولېتارىيات دىكتاتورىلىقىدىكى دۆلەت «ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلىتىگە، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئاپپاراتقا ئايلاندى»؛ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، پۈتۈن خەلقنىڭ پارتىيەسىگە ئايلاندى» دەپ جاكارلاندى. پروگراممىدا يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىنقى ئون يىل (1961 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە) دا، «كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ باي كاپىتالىستىك دۆلەت ــ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.» ئىككىنچى 10 يىل (1971 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە) ئاخىرلاشقاندا، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ئاساسەن قۇرۇپ چىقىدۇ» دەپ جاكارلاندى. شۈبھىسىزكى، كوممۇنىزم قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش دېگەن گەپ ئىلمىيلىككە ياتمايدىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېئال باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ مۆھلىتىنى كونكرېت جاكارلاش ئېخىمۇ سۇبيېكتىپ، قارىغۇلارچە ئىش بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيەسى ۋە دۆلەتكە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك ۋە مەسىلىلەرنى تېپىپ بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 22 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن پارتىيەنىڭ يېڭى نىزامنامىسىگە ئاساسەن پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزالىرىنى مۇئەييەن نىسبەتتە ئالماشتۇرۇش باشلاندى. 1961 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، يەنە ئىشلەپچىقىرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئوبلاست دەرىجىلىك پارتكوملار يەنە ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك كومىتېتى

ۋە ئوبلاستلىق سانائەت كومىتېتى دەپ ئايرىلدى. پارتىيە تەشكىلىنىڭ بوينداق ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى ھەم ئىلگىرى باشلانغان سانائەت تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش تۇپەيلىدىن، كادىرلار قوشۇنىدا ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇردى. ئەسلىدە پايتەختتە تۇرۇۋاتقان مىنىستىرلار ئوبلاست مەركەزلىرىگە چۈشۈپ، يەرلىك خەلق ئىگىلىكى كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. ئەسلىدىكى ئوبلاستلىق پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنىڭ يېرىمى ئازايتىلىپ، سانائەتكە ياكى يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل سېكرېتارلارغا ئايلاندى. تېخىمۇ كۆپ كادىرلارنىڭ خىزمىتى يۆتكەلدى. بۇ ئىش ئوتتۇرا قاتلامدىكى كادىرلارنىڭ تەشۋىشى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىدى.

خرۇشېف يادرو قورالىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى پەۋقۇلئاددە تەكىتلەپ، ئادەتتىكى قوراللىق كۈچكە سەل قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىرقانچە يىلدا نەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيەنى قىسقارتتى. بۇ ئىش ئارمىيەدىكى بىر قىسىم كادىرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىدىكى بارلىق مارشاللار خرۇشېفقا بىر پارچە نوتا يوللاپ، قىسقارتىۋېتىلگەن ئارمىيەنى ۋە ھەربىي ئىشلار خامچوتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دۆلەت مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلسا، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.

خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1958 - يىلى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك ئىتتىپاقىنى «ھازىرقى زامان رېۋىزىئونىزمى» دەپ تەنقىد قىلدى. 1960 - يىلى ئالبانىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئەيىبلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

بۇزۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى كۆپ جەھەتتىن خىرىسقا دۇچ كەلدى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، 1962 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى يوشۇرۇنچە كۇباغا يۆتكەپ كەلدى، ئەمما ئامېرىكىنىڭ تەھدىتىدە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلدى.

مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن خرۇششېفنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتىپ، يېتىم قالدى. 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خرۇششېف، مىكويان قاتارلىقلار قارا دېڭىز ساھىلىدا دەم ئېلىۋاتقاندا، برېژنېف قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ، خرۇششېفقا تەدبىر قوللىنىشنى پىلانلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خرۇششېف موسكۋاغا قايتىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسەتتى يىغىنىغا قاتنىشىشقا چاقىرتىلدى. يىغىندا ئۇ قاتتىق ئەيىبلەشكە ئۇچراپ، ئاخىر ئىستېپا بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سۇسلوف خرۇششېفنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى شەرھلىدى، يەنە ئۇنى خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلاندى ۋە باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى، دەپ ئەيىبلىدى. ئومۇمىي يىغىن مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزمەيلا، ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكى ناچارلاپ كەتكىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، خرۇششېفنىڭ «ئىلتىجاسى» نى قانائەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ ئەزالىقى ۋە

مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. ئومۇمىي يىغىن برېژنېفنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىقىغا سايلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالىي سوۋېت يىغىن ئۆتكۈزۈپ، كوسىگىننى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى. 1965 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، پودگورنىي مىكويائىننىڭ ئورنىغا چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

لېئونىد ئىلئىچ برېژنېف (1906 — 1982 ـ يىللار) ئۇكرائىنىيەنىڭ كامېنسكىتىكى رۇس مېتالچىلىق ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1929 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن. 1935 ـ يىلى مېتالچىلىق ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يەرلىكتە پارتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گۇرۇپپىۋاي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئۇ گېنېرال مايور ئىدى. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ كاندىدات ئەزاسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولغان. ستالىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن دېڭىز ئارمىيە ئىشتابىدا سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ كاندىدات ئەزالىق ۋە مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. 1954 ـ يىلىدىن تارتىپ ئىلگىرى ـ كېيىن قازاقىستاننىڭ 2 ـ ۋە 1 ـ سېكرېتارى بولۇپ، خرۇشېفنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىنى پائال يولغا قويغان. 1956 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ كاندىدات ئەزاسى ۋە مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارلىقىغا سايلانغان. 1957 ـ يىلى مالېنكوف گۇرۇھىغا قارشى تۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ

رەسمىي ئەزاسىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. بىراق، 1960 ـ يىلى يەنە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، پەخرىي خاراكتېرنى ئالغان ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسەتچىلىك رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. 1963 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارى كوزلوفنىڭ كېسەل ئېغىرلاپ كەتكەچكە، يەنە يېڭىباشتىن مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارى بولغان.

برېژنېف ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، ئاشكارا كىرىزىس يۈز بەرمىدى. ئالىي رەھبەرلىك يادروسى ئىزچىل تۇردە برېژنېف، كوسىگىن ۋە پودگورنىيەدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپتى. برېژنېف ھەيئەت رىياسەتچىلىكى①نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆكتىچىلەرنى يوقاتمىدى، پارتىيەگە قارشى ئۇنسۇر دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپمۇ يۈرمىدى، بەلكى ئۇلارنى سايلامدىن چۈشۈرۈپ قويۇش ياكى پېنسىيەگە چىقىرىش چارىسى بىلەن ئىشنى پۈتكۈزدى. شېلېپىن 1967 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سېكرېتارىياتىدىن ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، 1975 ـ يىلى يەنە سىياسىي بيۇرودىن چېكىندى. يەرلىك تەشكىلاتلارغا قارىتا برېژنېف تەختكە چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 1964 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئوبلاستلىق سانائەت پارتىيە تەشكىلى بىلەن يېزا ئىگىلىك پارتىيە تەشكىلىنى قوشۇۋېتىشنى قارار قىلىپ، ئەنئەنىۋى تەشكىلىي شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇردى.

نەزەرىيە، تەشۋىقات جەھەتتە برېژنېف كوممۇنىزم قۇرۇش مەسىلىسىنى قايتا تىلغا ئالمىدى. 1967 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقى بولغان چاغدا، ئۇ سوۋېت

---

① 1966 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 23 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن سىياسىي بيۇروغا ئۆزگەرتىلگەن.

ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزم قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر تەدرىجىي مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىي بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىگە ئوخشىمىغان پىكىردە بولدى ھەم پىكىرنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ سانى ئاز، ئىچكى قىسىمدىكى سىياسىي قاراشلىرىمۇ پەرقلىق ئىدى. كۆپىنچىسى غەربنىڭ دېموكراتىيەسى، ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلاتتى. «ئىنسانىي ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش» نى تەلەپ قىلاتتى. برېژنېف ھاكىمىيىتى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرگە جانلىقراق سىياسەت قوللاندى. بىر جەھەتتىن قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەرنىڭ پائالىيىتىگە چەك قويدى ۋە زەربە بەردى. 1966 ـ يىلىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش بەلگىلەندى. ھۆكۈمەت بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىنى قولغا ئالدى، ئۇلارنى يا جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىغا تارتىپ كېسىم كەستى، يا روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1968 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە جەمئىي 750 ئادەم قولغا ئېلىنىپ كېسىم كېسىلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن، ھۆكۈمەت بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەك قاتتىق قوللۇق قىلماي، ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكىلەر ھەرىكىتىنىڭ مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، ھەرىكەتكە قاتناشقان بەزىلەرنىڭ چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىگە يول قويدى.

مىللىي مەسىلىدە، خرۇشېف دەۋرىدە مىللەتلەرنىڭ

قوشۇلۇشى تەرغىب قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تەشەببۇسقا ئاز سانلىق مىللەتلەر قارشى چىقتى. برېژنېف ھازىرقى باسقۇچ «مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە يېقىنلىشىش» باسقۇچى، پەقەت بەزى ساھەلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار ئارىسىدا «قىسمەن قوشۇلۇش سىياسىتى» مەۋجۇت بولسىمۇ، تامامەن قوشۇلۇشقا «ئۇزاق ۋاقىت» كېتىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. بىراق، 1967 - يىلى برېژنېف يەنە «بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ يېڭى تارىخىي ئورتاق گەۋدىسى — سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى — ھەقىقىي رېئاللىق سۈپىتىدە روياپقا چىقتى» دەپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ تەدرىجىي مىللەت ئۇقۇمى ئورنىغا دەسسەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى كونكرېت بىر ياقلىق قىلىشتا، برېژنېف ھاكىمىيىتى ئېھتىياتچان، سەۋرچان پوزىتسىيە تۇتتى. 1967 - يىلى ئاخىر تاتار مىللىتىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1978 - يىلى گىرۇزىيە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىرۇزىن تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىشىغا قوشۇلدى.

**دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى**

1965 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. كوسىگىن يىغىندا «سانائەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، پىلان خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىشتىكى ئىقتىسادىي رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئومۇمىي يىغىن ماقۇللىغان قاراردا، بىرىنچىدىن، خرۇشېۋ يولغا قويغان سانائەتنى پىرىنسىپ جەھەتتىن رايونلار بويىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى «تارماق خاراكتېرلىك كەسىپلىشىشكە ۋە ھەرقايسى ئىقتىسادىي رايونلاردىكى كارخانىلار ئارا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىن مۇۋاپىق ئالاقە باغلاش تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى» دەپ كۆرسىتىلىپ، خەلق ئىگىلىكى كومىتېتلىرىنى ئەمەلدىن

قالدۇرۇش، مەركەزدىكى سانائەت مىنىستىرلىقلىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇش قارارى چىقىرىلدى. ئىككىنچىدىن، قاراردا «پىلان خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىلگىرى دۆلەت كارخانىلارغا نەچچە 10 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ چۈشۈرەتتى، «بۇنداق ئۇسۇل كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشچانلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى چەكلەپ قويغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللىنى ياخشىلاشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنىدى». شۇڭا، كارخانىلارنىڭ پائالىيىتىگە قارىتىلغان ئۇشۇقچە بەلگىلىمىلەرنى بىكار قىلىش، پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ سانىنى ئازايتىش قارار قىلىندى. ئەمدى دۆلەت كارخانىلارغا مەھسۇلات سېتىش سوممىسى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئاساسىي سورتى، مائاش، پاراۋانلىق، پايدا سوممىسى ۋە پايدا ئېلىش نىسبىتى، خامچوتتىكى چىقىم پۇل ۋە خامچوت بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل، مەبلەغ سېلىش سوممىسى ۋە مۇقىم فوند سوممىسى، يېڭى تېخنىكا قوللىنىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە ماددىي ئەشيا، تېخنىكا تەمىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن ئىبارەت سەككىز تۈرلۈكلا كۆرسەتكۈچ چۈشۈرىدىغان بولدى، قالغانلىرىنى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيتتى. ئۈچىنچىدىن، قاراردا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رىغبەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قاراردا: «سانائەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى مەمۇرىي ئۇسۇللارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىقتىسادىي ئۇسۇللار بىر چەتتە قالدى، بۇ سانائەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئېغىر يېتەرسىزلىك». باھا، پايدا، مائاش، كىرىدىت قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى كارخانىلار پايدىدىن پىرسەنت ئايرىش چارىسى ئارقىلىق خىزمەتچىلەرنى ماددىي ئىلھاملاندۇرۇش فوندى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەدبىرلىرى ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى فوندىنى

تۇرغۇزسا بولىدۇ. كارخانىلار قانچىكى ياخشىلانسا، ئىشچىلار شۇنچە كۆپ مۇكاپات پۇلى ئالالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرالغۇ ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ. ماددىي مەنپەئەت چارىسىنى قوللىنىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنى ياخشىلاش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى.

مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئالىي سوۋېت 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانى خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىشتىكى ئىقتىسادىي رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا» دېگەن قارارنى ماقۇللىدى. شۇ كۈنى مىنىستىرلار سوۋېتى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز مۈلكىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇشۇق ئۈسكۈنە ۋە زاۋۇت ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ساتسا، ئىجارىگە بەرسە بولىدىغانلىقىنى، تاشلاندۇق ماتېرىياللاردىن پىلان سىرتىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ساتسا بولىدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە پىلانىنى تۈزۈشكە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشتىن بوشىتىشقا، مائاش شەكلى ۋە مۇكاپات چارىسىنى بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ ئايدىكى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ۋە سوۋېتنىڭ ئىككى تۈرلۈك قارارىدا سوۋېت ئىقتىساقىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى بېكىتىلدى. 1966 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭى تۈزۈلمە 704 سانائەت كارخانىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ئەسلىدە بۇ ئىسلاھاتنى ئۈچ يىلدا ئاساسەن تاماملاش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران

تاماملاندى. بۇ مەزگىلدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ باشقا تارماقلىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىمۇ يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يولغا قويۇلدى.

يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە دۆلەتنىڭ كۆرسەتمە خاراكتېرلىك پىلانىنى مەركەزلىك چۈشۈرۈشىدە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش هوقۇقى كۆچەيتىلىپ، ئىقتىسادىي ئۇسۇل بىلەن مەمۇرىي ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش پىرىنسىپى يولغا قويۇلدى. بۇ ئىسلاھات ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا ماس كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەدرىجىي پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىگە كېڭەيتىلدى. شۇڭا، ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلەشتى. بىراق، يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە لىبېرمانىنىڭ تەكلىپىدىن يەنىلا مۇئەييەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سانائىتىنىڭ مەركەزلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىدى.

**يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرى** يېزا ئىگىلىكى خرۇشېف هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋردە مۇئەييەن تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىدا يەنىلا قالاق تارماق هېسابلىناتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى يىغىنىدا، برېژنېف «يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان تەدبىرلەر توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە» ئىكەنلىكىنى، «يىغىندا يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە توغرا فاڭجېن تۈزۈلگەن» لىكى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ «دانلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە

www.uyghurkitap.com

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئورۇنلانمىغانلىقىنى، «بۇنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇئەييەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقى» نى، «كولخوز ئەزالىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇم ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى ماددىي مەنپەئەت پىرىنسىپى ھەم جەمئىيەت مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش» نىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى توپ سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. يېزا ئىگىلىكىگە بولغان رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاساسلىق تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى. ئىلگىرى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى يىلدا بىر قېتىم تۈزۈلەتتى، ئادەتتە كۆرسەتكۈچ كولخوزلارغا چۈشكۈچە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى، سېتىۋېلىش جەريانىدا پىلان تولا ئۆزگىرىپ، ۋەزىپىلەر قوشۇلۇپ باراتتى. بۇنداق سېتىۋېلىش تۈزۈمى تۈپەيلىدىن كولخوزلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى توغرا تۈزۈپ چىقىمىقى تەسكە چۈشەتتى، يەنە كېلىپ كولخوز ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزگەچكە، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرساق سېتىش ۋەزىپىمىز ئېغىرلاپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى. بۇنداق سېتىۋېلىش تۈزۈمىدە دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش پىلانى ھەمىشە ئورۇنلانماي قالاتتى. 1955 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىلدا، پەقەت 1956 ـ يىلى، 1958 ـ يىلى ۋە 1964 ـ يىلى

دانلىق زىرائەت سىتىۋېلىش پىلانى ئۈچ قېتىملا ئورۇنلاندى. ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ، 1965 ـ يىلىدىكى دانلىق زىرائەت سىتىۋېلىش پىلانىنى 4 مىليارد پۇتتىن 3 مىليارد 400 مىليون پۇت (تەخمىنەن 55 مىليون 690 مىڭ توننىغا تەڭ) قا چۈشۈرۈشنى ھەم بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى قارار قىلدى. 1970 ـ يىلى 9 ـ بەش يىللىق پىلان (1971 — 1975 ـ يىللار) مەزگىلىدىكى دانلىق زىرائەت سىتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى 60 مىليون توننىغا تەڭشەلدى. ھۆكۈمەت يەنە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىلاندىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەنلەرگە مۇكاپات بېرىپ، سىتىۋېلىش باھاسىدىن 50% يۇقىرى باھادا سىتىۋالدى.

خرۇشېف دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىتىۋېلىش باھاسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. بىراق، 60 ـ يىللاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىمۇ خېلىلا ئۆستى. برېژنېف تەختكە چىققاندىن كېيىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما باھاسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىتىۋېلىش باھاسىنى داۋاملىق ئۆستۈردى. 1965 ـ يىلى ۋە 1973 ـ يىلى ئىككى قېتىمدىلا سىتىۋېلىش باھاسى 75% ئەتراپىدا ئۆستۈرۈلدى.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، يېزىلارنىڭ تېخنىكا، ئەسلىھەلىرى ياخشىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكى كەسپىلىشىش ۋە تۈجۈپىلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى دۆلەت يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سېلىنمىسىنىڭ 7.7% نى ئىگىلەيتتى. خرۇشېف ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدىكى 7 ـ بەش يىللىق پىلان (1961 — 1965 ـ يىللار) مەزگىلىدە، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 38 مىليارد رۇبلىغا يېتىپ، ئومۇمىي

سېلىنمىنىڭ 15.4%ىنى ئىگىلىدى. برېژنېف تەختكە چىققاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ داۋاملىق كۆپەيتىلدى، 8 ـ بەش يىللىق پىلان (1966 ــ 1970 ـ يىللار) مەزگىلدە 59 مىليارد 900 مىليون روبلى مەبلەغ سېلىندى؛ 9 ـ بەش يىللىق پىلان (1971 ــ 1975 ـ يىللار) مەزگىلىدە 77 مىليارد 600 مىليون روبلىغا كۆپەيتىلىپ، ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ تەخمىنەن 20% ىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ماشىنىلارنىڭ سانى تېز كۆپەيدى. 1964 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە تىراكتور 1 مىليون 540 مىڭدىن 2 مىليون 520 مىڭغا، كومبايىن 510 مىڭدىن 700 مىڭغا، يۈك ئاپتوموبىلى 950 مىڭدىن 1 مىليون 520 مىڭغا كۆپەيدى. يېزىلارنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى 1964 ـ يىلىدىكى 18 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەتتىن، 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە 95 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەتكە كۆپەيدى. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 1964 ـ يىلىدىكى 9 مىليون 800 مىڭ گېكتاردىن 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە 16 مىليون 600 مىڭ گېكتارغا كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكى تۈجۈپىلىنىش يۆنىلىشىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

ئۈچىنچى، كولخوز ئەزالىرىغا قارىتا كاپالەتلىك ئەمگەك، مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىلگىرى كولخوزلار يىل ئاخىرىدا ئەزالارنىڭ ئەمگەك كۈنىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراپ ھەق بېرەتتى. 1956 ـ يىلى ئاي بويىچە ھەقنى ئالدىن بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كولخوزلار يىل بېشىدىكى خامچوت مۆلچىرى بويىچە ئەزالارغا ھەر ئايدا ھەق ھېسابىدا مۇئەييەن نەق پۇل بېرەتتى. يىل ئاخىرىدا شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا قاراپ راسچوت قىلىناتتى. 1966 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ كاپالەتلىك ئەمگەك، مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كولخوز ئەزالىرى شۇ رايوندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى

دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمى بويىچە ھەر ئايدا مائاش ئالىدىغان، ماددىي بۆيۈمنى ھوسۇل يىغقاندىن كېيىن ئالىدىغان بولدى. 1970 ـ يىلى مىنىستىرلار سوۋېتى «ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئىشلىتىش چارىسى» نى تەستىقلىدى. كولخوز ئەزالىرى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش، تۇغۇش، دەپنە، داۋالاش قاتارلىق ئىشلاردا مۇئەييەن سۇغۇرتا سوممىسىغا ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

تۆتىنچى، شەخسىيلەرنىڭ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قويۇلىدىغان چەك بوشاشتۇرۇلۇپ خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئىلھام بېرىلدى. دۆلەت شەخسىيلەرنىڭ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى دەپ قاراپ كۆپ جەھەتتىن قوللىدى. 1978 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە جەمئىي قالدۇرۇق يەر 6 مىليون 180 مىڭ گېكتار بولۇپ، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2.73% نى ئىگىلىگەن. شەخسىيلەر باققان سېغىن كالا جەمئىي 13 مىليون 300 مىڭ تۇياق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي كالىنىڭ 30.9% نى ئىگىلىگەن. شەخسىيلەر ئىشلەپچىقارغان ياڭيۇ پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 61% نى، كۆكتات 29%نى، گۆش 29% نى، تۇخۇم 34% نى ئىگىلىگەن.

بەشىنچى، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى قۇرۇلدى. بۇنداق تەشكىلات ئەڭ دەسلەپتە مولداۋىيەدە بارلىققا كەلدى، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا كۆپىيىشكە باشلاپ، 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە 8000 دىن ئاشتى. يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى ئادەتتە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كولخوز، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان

كارخانىلار ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەندى. ئۇلار توختام ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، ياكى بولمىسا مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق باشقۇرىدۇ. بۇنداق چوڭ تىپتىكى كەسىپلەشكەن بىرلەشمە گەۋدىلەرنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئادەتتە كولخوزلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى ئىدى.

ئالتىنچى، كولخوزلارنىڭ يېڭى ئۈلگە كۆرسىتىش نىزامنامىسى تۈزۈلۈپ، كولخوز تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. 1935 - يىلى تۈزۈلگەن كولخوزلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش نىزامنامىسى نەچچە ئون يىلدىن بېرى چوڭراق جەھەتتىن ئۆزگەرتىلمىگەنىدى. 1969 - يىلى 11 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كولخوز ئەزالىرىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى ئۈلگە كۆرسىتىش نىزامنامىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. نىزامنامىدا كولخوز تارىخىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئۇ كوممۇنىزمغا يېتىشنىڭ شەكلى دەپ جەزملەشتۈرۈلدى. يېڭى نىزامنامىدا كولخوز ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى تەكىتلىنىپ، كولخوز ئەزالىرىنىڭ كاپالەتلىك مائاش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى، كولخوز ئەزالىرى كوللېكتىپ ئەمگەكتىن سىرت، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا بولىدىغانلىقى، ھەربىر ئائىلىنىڭ تۇرالغۇسى ئەتراپىدا يېرىم گېكتار باغ يېرى بولىدىغانلىقى، بىر سىغىن كالا، بىر مېكىجىن باقسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. تەقسىمات جەھەتتە نىزامنامىدە كولخوزلار ئومۇمىي كىرىمىدىن ئاۋۋال باج پۇلىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن مۇقىم ۋە تۇراقسىز مەبلەغ، مەدەنىيەت تۇرمۇش فوندى، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ماددىي ياردەم فوندىنى يېتەرلىك قالدۇرغاندىن كېيىن، ئاخىردا شەخسلەرگە تەقسىم قىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى يەنە 1965 ـ يىلى كولخوزلار دۆلەتتىن ئالغان 2 مىليارد رۇبلىدىن ئارتۇق قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بانكىلار كولخوزلارغا بىۋاسىتە قەرز پۇل تارقىتىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى.

برېژنېف قوللانغان بۇ تەدبىرلەر بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىسلاهات بولمىسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىدى.

ئىقتىسادىي، هەربىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى برېژنېف هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلدى. 1960 ـ يىلى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى 304 مىليارد رۇبلى ئىدى، 1975 ـ يىلى 862 مىليارد 600 مىليون رۇبلىغا كۆپەيدى. سانائەت مەهسۇلات مىقدارى تېز ئاشتى. 1965 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 507 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن 1 تىرىللىيون 38 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەتكە، نېفىت مەهسۇلات مىقدارى 240 مىليون توننىدىن 490 مىليون توننىغا، پولات مەهسۇلات مىقدارى 91 مىليون توننىدىن 141 مىليون 340 مىڭ توننىغا، ئاپتوموبىلنىڭ يىللىق مەهسۇلات مىقدارى 620 مىڭ دانىدىن 1 مىليون 960 مىڭ دانىگە كۆپەيدى. دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەهسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىمۇ تەدرىجىي ئۆستى. 1961 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە دانلىق زىرائەتلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەهسۇلات مىقدارى 130 مىليون توننا، گۆش 9 مىليون 300 مىڭ توننا بولدى. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1971 — 1975 ـ يىللار) دىكى يىللىق ئوتتۇرىچە مەهسۇلات مىقدارى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ 180 مىليون توننا، گۆشنىڭ 14 مىليون توننا بولدى.

سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى سوۋېت ئىتتىپاقى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1950 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي دارامىتى ئامېرىكىنىڭ ئاران 31% ىگە تەڭ كېلەتتى، 1975 ـ يىلى 67% كە ئۆستى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 30% تىن 80% كە ئۆستى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى 55% تىن 85% كە ئۆستى. ئەمما، ئامېرىكا گوۋۇيۇەنىنىڭ ھېسابلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1950 ـ يىلىدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئامېرىكىنىڭ 33% ىگە توغرا كەلگەن، 1975 ـ يىلى 53% كە ئۆسكەن. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستاتىستىكىسىدىكى پىرسەنت ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ كۈنسايىن كىچىكلەۋاتقانلىقىدەك ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

برېژنېف بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشكە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشكە قادىر بولالمىدى. ئۇ زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە بايلىقنى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا سېلىپ، ئامېرىكا بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە چۈشتى. ئەنگلىيەنىڭ لوندون ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى 1955 ـ يىلى 32 مىليارد 400 مىليون دوللار بولغان، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە بىر ھەسسىدەك ئېشىپ، 53 مىليارد 900 مىليون دوللارغا يەتكەن، 1979 ـ يىلى بولسا يەنە ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ، 148 مىليارد دوللارغا يەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 16% ىگە توغرا كەلگەن، ئەمما ئامېرىكىدا بولسا 6% نى ئىگىلىگەن، فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ 4% تىن تۆۋەن بولغان، ياپونىيەدە 1% كىمۇ يەتمىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنىڭ

بۇنداق كۆپ بولۇشى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان.

برېژنېف ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش قەدىمىنى راسا تېزلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئىلكىدىكى تانكىنىڭ سانى ئامېرىكىنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. دېڭىز ئارمىيەسى ئەسلىدە بىر يېقىن دېڭىز فىلوتى ئىدى، 1962 ـ يىلىدىكى كارىب دېڭىزى كىرىزىسىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز ئارمىيە قوماندانى گورشكوف دېڭىز ئارمىيەسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى فىلوتىنى يىراق ئوكياندا جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قوراللىق كۈچكە ئايلاندۇردى. 1967 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا دېڭىز فىلوتى ئوتتۇرا دېڭىزغا كىردى، 1968 ـ يىلى ھىندى ئوكيانغا كىردى. 1970 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بالتىق دېڭىز فىلوتى، شىمالىي دېڭىز فىلوتى، قارا دېڭىز فىلوتى ۋە تىنچ ئوكيان فىلوتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ فىلوتنىڭ 200 دىن ئارتۇق پاراخوتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ ئوكيان، يەتتە دېڭىز تەۋەلىكىدە تۇنجى قېتىم دۇنياۋى تۈس ئالغان دېڭىز ئارمىيە مانېۋىرىنى ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى قۇدرەتلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەتتىكى قورالىق كۈچى برېژنېف دەۋرىدە ئامېرىكا بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالىغۇدەك سەۋىيەگە يەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى 50 ـ يىللاردىلا يادرو قورالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. 1953 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىن كېيىن بىر يىل ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ۋودوروت بومبىسىنى پارتلاتتى. 1957 ـ يىلى 8 ـ

www.uyghurkitap.com

ئايدا دۇنيا بويىچە تۇنجى قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بەردى. برېژنېف يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئامېرىكىنىڭ مۆلچەرىچە، 1964 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا سانى جەھەتتىكى نىسبىتى 1:4 ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى پەرق تېزلا كىچىكلىدى. 1968 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى 858 دانە قىتئەلەر ئارا باللىستىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا، سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان 121 دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبا، 155 دانە ئىستراتېگىيەلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە 1300 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يادرو كۈچى ئامېرىكىنىڭكى بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىپ قالدى. 1972 ـ يىلى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرىنىڭ خىتابنامىسىدە بۇ مۇۋازىنەتلىك ئەھۋال ئېتىراپ قىلىنىپ، «باراۋەر ھەم تەڭ خەۋپسىزلىك» نىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

برېژنېف ھەربىي ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپ، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى كۈچلىرىنى قىسقارتىشىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1969 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى جېنباۋ ئارىلىغا بېسىپ كىردى ھەم جۇڭگو چېگراسىغا مىليون كىشىلىك قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋيېتنامنىڭ ۋېنىخ كام ران قولتۇقىدا ھەربىي بازا قۇرۇپ تىنچ ئوكيان فىلوتىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىنى ۋلادىۋوستوكتىن جەنۇبقا 2000 مىلدىن ئارتۇق سۈرۈپ تىنچ ئوكياندىن ھىندى ئوكيانىغا ئۆتىدىغان يولغا تەھدىت سالدى. 1978 ـ يىلى شىمالىي، جەنۇبىي يەمەندە سىياسىي ئۆزگىرىش بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىپ، بۇ دۆلەتنى

تىزگىنلىدى. 1978 ـ يىلى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، جەنۇبتىكى پارس قولتۇقىغا يۇرۇش قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى. ئافرىقىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى كۇبا قوراللىق كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ ئانگولا ئىشلىرىغا ئارىلاشتى؛ ئېفىيوپىيە بىلەن سومالى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي كۈچىنى ئافرىقا تۇمشۇقىغا كىرگۈزدى؛ ئافرىقىدىكى ئون نەچچە دۆلەتكە غەربىي خادىم ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا بىلەن ئومۇميۈزلۈك قارشىلىشالايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ھەربىي چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى.

## 4 ـ بۆلۈم رەھبەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە گورباچېفنىڭ تەختكە چىقىشى

**برېژنېفنىڭ پېشقەدەملەر ھاكىمىيتى ۋە تەرەققىياتنىڭ توختاپ قېلىشى** برېژنېف تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بىرقەدەر تېزلەتتى. 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1966 ــ 1970 ـ يىللار) دە، خەلق ئىگىلىكى يىلىغا ئوتتۇرىچە 7.7% ئاشتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت، پولات، چويۇن، كۆمۈر، خىمىيەۋى ئوغۇت، سېمونت، تىراكتور، كومبايىن قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ، دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئامېرىكىنىڭكىدىن يەنىلا بىرقەدەر ئارقىدا ئىدى. بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1980 ـ يىلىدىكى مىللىي دارامىتى ئامېرىكىنىڭ 67% ىگە توغرا كەلدى، ئەمما ئامېرىكىلىقلار ئاران 55.8% كە

توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىدى. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەن ـ تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئاز ساندىكى ھەربىي سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن غەربتىن ئارقىدا ئىدى. كومپيۇتېر، سىنتېتىك ماتېرىيال، ئاپتوماتىك پىرىبور، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن تارماقلار غەربتىن تەخمىنەن 10 ـ 15 يىل ئارقىدا ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىسراپچىلىق كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلان قىلغان ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ھەر يىلى ئىسراپ قىلىنىۋېتىلگەن ۋە داتلىشىپ چىرىپ كەتكەن مېتال 20 ـ 25 مىليون توننىغا، ئورۇۋېلىش، توشۇش ۋە ئىسكىلاتتا ساقلاشنىڭ جايىدا بولماسلىقىدىن ھەر يىلى ئىسراپ قىلىنىۋېتىلگەن دانلىق زىرائەت 35 ـ 40 مىليون توننىغا يەتكەن، ھەر يىلى بىراك قىلىنىۋېتىلگەن تىراكتور سانى يېڭىدىن سەپلەنگەن تىراكتور سانىغا ئاساسەن تەڭلىشىپ قالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىگىلىكى ئاساسەن يىرىك ئىگىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى مەبلەغنى كۆپ سېلىش، زاۋۇتلارنى كۆپلەپ قۇرۇش، ئادەم كۈچىنى كۆپلەپ سېلىش، بايلىقنى كۆپ ئىشلىتىش ئارقىلىق مەھسۇلات مىقدارى ئاشۇرۇلاتتى. 70 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن يۇزە ئامىللارنىڭ تەسىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى كەسكىنلەشكەنلىكتىن ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش جەھەتتە سېلىنىدىغان مەبلەغ چەكلىمىگە ئۇچرىدى. 50 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى يىلىغا ئوتتۇرىچە 13.6% ئاشتى، 1971 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە ئېشىش نىسبىتى 8.3% كە چۈشتى. ياشانغانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. بايلىق جەھەتتە، ياۋروپا قىسمىدىكى ئېچىش ئاسان بولغان بايلىقلار تەدرىجىي

تۇگەپ، بايلىق ئىچىش بازىلىرى ئۆزۈكسىز شەرقىي قىسىمغا ۋە شىمالىي قىسىمغا يۆتكىلىپ، شارائىت ناچار بولغاچقا، ئىچىش خىراجىتى ئۆرلەپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە ماس كەلمەيتتى. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئەللەر 3 - كەسىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 3 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، 1960 - يىلى 29% نى، 1970 - يىلى 37% نى ئىگىلىدى. تۇرمۇش مۇلازىمىتى ئارقىدا قالغان بولۇپ، كىشىلەر نۇرغۇن ۋاقتى ۋە كۈچىنى ئۆي ئىشىغا قارىتىشقا مەجبۇر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى ئۆي ئىشىنى قىلىشقا كەتكەن ۋاقىت 180 مىليارد سائەت بولۇپ، خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ خىزمەت ۋاقتىدىن ئاران 10 مىليارد سائەت ئاز ئىكەن. يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسەن يېپىق ئىگىلىك يولىنى تۇتقاچقا، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقە، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. بۇ ئەھۋال پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى.

برېژنېف سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىدىكى مەسىلىلەرنى ئاز- تولا ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، 1971 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 24 - قۇرۇلتىيىدا، ئۇ تۇجۇپىلىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1973 - يىلى 3 - ئايدا ھۆكۈمەت «سانائەت باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە تەدبىر» نى ماقۇللاپ، بىرقانچە زاۋۇتنى قوشۇپ، بىرلەشمە تىجارەت شىركىتىگە ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇنداق قىلىشتىكى

مەقسەت بىرلەشمە شىركەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق قوشۇۋېلىنغان ئوتتۇرا، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ تېخنولوگىيە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئىدى. 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يەنە «پىلان خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ھەم خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى رولى توغرىسىدا» دېگەن قارارنى ماقۇللاپ، پىلان تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش، ئۇزاق مۇددەتلىك، ئوتتۇرا مۇددەتلىك، قىسقا مۇددەتلىك پىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىلان سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ئىككى قارار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى پەقەت مەلۇم جەھەتتىن تولۇقلىغان بولدى. ئۇ مۇتەئەسسىپ ھەم ياشىنىپ قالغان برېژنېفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىدىكى تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بىرەر كۈچلۈك تەدبىر تاپالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بازار مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەرقانداق نۇقتىئىنەزەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى تەرغىب قىلىش پىلانلىق ئىگىلىككە قارشى تۇرغانلىق، سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلاھاتمۇ توختاپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ كەتتى. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1971 ــ 1975 ـ يىللار) دە، مىللىي دارامەتنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 3.2% ئىدى، 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 1.0% كە، 11 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 0.6% كە تۆۋەنلىدى. سانائەت جەھەتتە، ھەربىي سانائەت ۋە نېفىت قېزىش قاتارلىق ئېغىر سانائەت تارماقلىرى تېزرەك تەرەققىي قىلدى، باشقا تارماقلار

ئاساسەن بىر ئىزىدا توختاپ قالدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا كەم ھوسۇل ئېلىنغان يىللار مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللاردىن كۆپ بولدى، گۆش مەھسۇلات مىقدارى ئاساسەن ئاشمىدى. پۈتكۈل ئىگىلىك تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

دىپلوماتىيە جەھەتتە، برېژنېف زومىگەرلىكنى تەرغىب قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى چېخوسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن «چەكلىك ئىگىلىك ھوقۇق نەزەرىيەسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1968 - يىلى 11 - ئايدا پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىدا: «پۈتكۈل سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە تەھدىتكە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، بۇ بىرلا دۆلەت خەلقىنىڭ مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى بارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەسىلىسى ۋە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى بولۇپ قالىدۇ. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكىتى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە تەھدىت سالغان چاغدا، «ھەربىي ئىشلار شەكلىدە قېرىنداش دۆلەتتىن بۇ تەھدىت ھەرىكىتىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىش » نى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، دېدى.

ئىچكى ئىشلار جەھەتتە، برېژنېف 70 - يىللاردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئابرۇيىنى تىكلەپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق، تەسىرىنى ئۇزۇكسىز كۈچەيتتى. 1971 - يىلى برېژنېف مىنىستىرلار سوۋېتىدا 9 - بەش يىللىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشتى ھەم ئادەتنى بۇزۇپ ئۆزى ئىمزا قويۇپ پىلاننى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە كوسىگىن، پودگورنىيلار بىلەن بىللە سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي مانېۋىرىنى ئۆزى يالغۇز بېرىپ كۆردى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. 1976 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مارشالى دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1977 - يىلى ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە

ئۇستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە يەتتە قېتىم لېنىن ئوردېنىغا، ئۈچ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى. برېژنېفنىڭ ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش خاھىشى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى.

برېژنېف ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان كېيىنكى مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا پېشقەدەملەر ھاكىمىيەت تۇتقان ۋەزىيەت شەكىللەندى. چۈنكى، پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ يېشى 70 تىن ھالقىپ كەتكەنىدى. 1980 - يىلى 76 ياشلىق كوسىگىن مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، ئۇنىڭ ئورنىغا 75 ياشلىق تىخونوف چىقتى. ھاكىمىيەتنى قانداق قىلىپ ياش بىر ئەۋلادنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى.

**ئاندروپوفتىن چېرنېنكوغىچە** 1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى برېژنېف كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاندروپوف پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، 1983 - يىلى 6 - ئايدا يەنە ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يۇرىي ۋلادىمىروۋىچ ئاندروپوف 1914 - يىلى تۆمۈريول خىزمەتچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 50 - يىللاردا ۋېنگىرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ، ۋېنگىرىيە ئۆكتەبىر ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشقان. 1967 - يىلدىن 1982 - يىلىغىچە دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى (ك گ ب) نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى 15 يىلدىن ئارتۇق ئۆتىگەن. 1973 - يىلدىن تارتىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئاندروپوف تەختكە چىققان چاغدا ياشىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 15 ئاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ ئۆتكۈزدى، ئەمما ئۇ كېسەل بولسىمۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

قىسقىغىنا بىر يىل ئۆچ ئايدا ئۈچ قېتىم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ، ئالتە، يەتتە پارچىدەك مۇھىم نۇتۇق ۋە ماقالە ئېلان قىلدى.

ئاندروپوف سوۋېت ئىتتىپاقىنى گۈللەندۇرۇشتىكى مەسىلىلەرنى ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. ئۇ برېژنېف ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىپ بولدى، دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلمايتتى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى «تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي باسقۇچنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى» دا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئاندروپوف بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. بىرىنچىدىن، ئەمگەك ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، خىيانەتچىلەرنى جازالاپ، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىمىگەن كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى ۋە ئالماشتۇردى. سانائەت جەھەتتە، 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلىپ، پىلان كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈشنى يەنىمۇ ئازايتىپ، كارخانىلارنىڭ ھوقۇقىنى زورايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ قارارى ئېغىر تىپتىكى ماشىنا ۋە ترانسپورت ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىقى، ئېلېكترون ـ ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىقى قاتارلىق تارماقلاردا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يېزىلاردا مەشغۇلات ئەترەت، گۇرۇپپىلىرى ۋە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئەترەت، گۇرۇپپىلار 150 مىڭغا يەتتى، جەمئىي 40 مىليون گېكتار يەر ھۆددىگە بېرىلىپ، پۈتكۈل تېرىلغۇ يەرنىڭ تەخمىنەن 1/5 نى ئىگىلىدى. ھۆكۈمەت يەنە 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، گۆش، سۈت، دانلىق زىرائەت ۋە كۆكتاتنىڭ

سىتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ مۇئەييەن ئۈنۈمى كۆرۈلدى. 1983 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4%، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 3.5% ئۆستى. يېزا ئىگىلىكىدە بىرقەدەر ياخشى ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3.6% ئېشىپ، دانلىق زىرائەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 195 مىليون توننىغا يەتتى.

بىراق، ئاندروپوفنىڭ تىرىشچانلىقلىرى كېسەللىك ئازابىدىن بىر باشقا چىقماي قالدى، 1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۇ كېسەلدىن ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. 13 - كۈنى چېرنېنكو پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى بولدى؛ 4 - ئايدا ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

كونسانتىن ئۇستىنوۋىچ چېرنېنكو 1911 - يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلدىن تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى غوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى 20 يىلغا يېقىن ئۆتىگەن. 1978 - يىلدىن تارتىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان. چېرنېنكو تەختكە چىققاندا 73 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقتى ئاندروپوفقىمۇ يەتمىدى، يەنى ئۇ ئاران 13 ئايلا ھاكىمىيەت تۇتتى. چېرنېنكونىڭ ئىدىيەسى بىرقەدەر مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئالاھىدە بىرەر ئىشنى روياپقا چىقىرالماي، 1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، 1982 - يىلى 11 - ئايدىن تارتىپ ئىككى يېرىم يىلغا بارمايلا، كرېمىل سارىيىدا ئۈچ ئالىي رەھبەر جەھەننەمگە سەپەر قىلدى. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

گورباچېفنىڭ تەختكە چىقىشى 1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى



www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئومۇمىي يىغىنى ئەمدىلا 54 ياشقا كىرگەن گورباچېفنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا سايلىدى. مىخائىل سېرگېيېۋىچ گورباچېف 1931 ـ يىلى ستاۋروپول چېگرا رايونىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن. 1978 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا سايلانغان، 1980 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

گورباچېف تەختكە چىققاندىن كېيىن رەھبەرلىك بەنزىسىنى دادىللىق بىلەن ئالماشتۇردى. 11 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى ۋە سېكرېتارىياتىنىڭ ئەزالىرىدىن 14 كىشىنى يۆتكىدى، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن 15 كىشىنى ئالماشتۇردى. 9 ـ ئايدا تىخونوفنىڭ ئورنىغا رىژكوفنى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىگە قويدى.

1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادتىكى تۇرغۇنلۇق ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ توختاپ قېلىش ھادىسىسىنى تەنقىد قىلىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە «دېموكراتىيەلەشتۇرۇش»، «ئاشكارىلىق» ۋە «يېڭى تەپەككۇر» نى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلدى.

1986 ـ يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 27 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا «تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزم» دېگەن گەپ تىلغا ئېلىنماستىن، سوتسىيالىزمنى مۇكەممەللەشتۇرۇش تەشۋىق قىلىندى.

قۇرۇلتايدا پارتىيەنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى باش لۇشيەنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن ئىگىلىكنى تۈجۈپىلىنىش، يولغا سېلىشتىن ئىبارەت، دەپ بېكىتىلدى. سىياسىي جەھەتتە، 27 ـ قۇرۇلتايدا «خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئاپتونومىيەسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سايلامدىكى دېموكراتىيە پرىنسىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوۋېتنىڭ مەسىلىلەرگە قاراپ چىقىش ۋە قارار چىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلقئارا ئىشلار جەھەتتە، گورباچېف نۆۋەتتىكى دۇنيادا ئىككى-تۈرلۈم، ئىككى خىل ھالەتتىكى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت، جاھانگىرلىك بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت، ئىنسانلارنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش قاتارلىق دۇنياۋى مەسىلىلەر بىلەن بولغان زىددىيەتتىن ئىبارەت تۆت گۇرۇپپا زىددىيەت بار، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، يادرو ئۇرۇشى «ئىنسانلارنى يەر شارىدىن يوقىتىۋېتەلەيدۇ»، شۇڭا ئىككى چوڭ سىستېما پەقەت تىنچلىق ئاساسىدىلا مۇسابىقىلىشەلەيدۇ ھەم رىقابەتلىشەلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى «يادرو خەۋپىگە قارشى تۇرۇش، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە قارشى تۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك تىنچلىقنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» تىن ئىبارەت دەپ قارىدى.

1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىر مەخسۇس كومىتېت قۇرۇپ، 30 ـ يىللاردىن 50 ـ يىللارغىچە بولغان مۇھىم دېلولارنى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈشنى قارار قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بۇخارىن، رىيكوف، زىنوۋيېف، كامېنېف قاتارلىقلارنى ئاقلىدى. 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گورباچېف «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپا-



www.uyghurkitap.com

قىدىكى ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىشى، ماھىيىتى، مەزمۇنى ۋە ئىستىقبالىنى شەرھلىدى ھەم «ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن» دەيدىغان يېڭى ئۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ «دېموكراتىيەلەشتۈرۈش»، «ئاشكارىلىق» نى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ستالىن ۋە برېژنېۋ دەۋرىدىكى خاتالىقلارنى ئاشكارا تەنقىد قىلدى.

گورباچېۋ ئىقتىسادىي تەققىياتنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى تېزلا سېزىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا ئۆتتى. دەسلەپكى مەزگىلدە بەزى كونكرېت ئىشلارنى ئۆزگەرتتى، مەسىلەن، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «يەككە ئەمگەكچىلەر قانۇنى» ماقۇللىنىپ، خۇسۇسىيلارنىڭ قول سانائەت، ئاھالىلەر تۇرمۇش مۇلازىمىتى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساھەسىدە يەككە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلدى، بىراق خۇسۇسىيلارنىڭ ئىشچى ياللىشىغا، سودا قىلىشىغا يول قويۇلمىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا تىجارەت مېخانىزمىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش قارار قىلىندى. 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى «ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تۈپتىن ئىسلاھ قىلىشنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا» دېگەن قارارنى ماقۇللىدى. يىغىندىن كېيىن ئالىي سوۋېت «دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار قانۇنى» نى تەستىقلاپ، كارخانىلارنىڭ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى. كارخانىلار ئۆزىنىڭ كېمىنى ئۆزى تولدۇرىدىغان، مەبلەغنى ئۆزى توپلايدىغان ۋە ئۆز – ئۆزىنى باشقۇرىدىغان بولدى. كارخانىلاردا تامامەن ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1988 ـ يىلىدىن تارتىپ يېڭى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، 1990 ـ يىلى تاماملاش مۆلچەرلەندى. ئىجرا قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلار ئىنتايىن زور بولدى. ئەسلىدىكى

www.uyghurkitap.com

تۈزۈلمە بۇزۇۋېتىلگىنى بىلەن يېڭى تۈزۈلمە ئۈنۈملۈك تۇرغۇزۇلمىدى. ئىقتىساد كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، ئىسلاھات «قۇرۇق ئايلىنىش ھالىتى» دە تۇردى.

گورباچېف ئىقتىسادىي ئىسلاھات توختاپ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا، تولۇق تەييارلىق كۆرمەيلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا تۇتۇش قىلىپ، سىياسىي ئىسلاھات ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇشقا ئۇرۇندى. 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يەنىمۇ دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش قارار قىلىندى. 1989 ـ يىلى ئەتىيازدا رايون، مىللەت ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپ، سىستېمىلار بويىچە 1/3 قىسىم ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. 5 ـ ئايدا 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، دائىمىي قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى — ئالىي سوۋېت سايلاپ چىقىلدى. گورباچېف ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسى، لۇكيانوف 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يوشۇرۇنۇپ ياتقان مىللىي زىددىيەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ھەم كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ناگورنىي ـ قاراباخ ئاپتونوم ئوبلاستى ئەزەربەيجان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولسىمۇ، ئوبلاستتىكى ئاھالىنىڭ 75% ئەرمەن ئىدى. ئاپتونوم ئوبلاست سوۋېتى سىياسىي ئىسلاھات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوبلاستنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇندى. 1988 ـ يىلى ئاپتونوم ئوبلاست سوۋېتى قارار ماقۇللاپ، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمىنىيە ئالىي سوۋېتىغا دوكلات سۇنۇپ، بۇ ئوبلاستنى ئەرمىنىيەگە تەۋە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىراق، ئەزەربەيجان بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. ئاخىردا ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمىنىيە ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، مەسىلە ئۇزاققىچە ھەل بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالتىق دېڭىز بويىدىكى لىتۋا، لاتۋىيە

ۋە ئېستونىيەلەردە مۇستەقىللىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1989 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بۇ ئۈچ دۆلەتتىكى ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئادەم 600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئادەم زەنجىرى شەكىللەندۈرۈپ، 1939 - يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى - گېرمانىيە شەرتنامىسىگە قارشى تۇرۇپ، رۇسلارنىڭ بۇ ئۈچ دۆلەتتىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۈچ دۆلەت ئىلگىرى - كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بۇلاردىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق باشقا رايونلاردىمۇ مىللىي تالاش - تارتىش ۋە توقۇنۇش ئۆكسۈمىدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي زىددىيەتلەرنى تىنچىتىشقا قادىر بولالمىدى، باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەش بولغىنى بىلەن قارار چىقىرىلمىدى، چىقىرىلغان قارارلارمۇ ئىجرا بولمىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت كۈنسايىن يامانلاشتى، ئىقتىساد چېكىنىپ، پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى چۈشۈپ كەتتى. ھەرقايسى جايلاردا ئىش تاشلاش ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. 1989 - يىلى 7 - ئايدا سىبىرىيەدە 10 مىڭدىن ئاتۇق كان ئىشچىسى ئىش تاشلاپ، تاۋارلارنىڭ قىسلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. ئىش تاشلاش تېزلا ئۇكرائىنا ۋە قازاقىستان قاتارلىق جايلارغا يامرىدى، قاتناشقان ئادەم سانى تەخمىنەن 500 مىڭغا يېتىپ قالدى. 10 - ئايدا ئالىي سوۋېت قارار ماقۇللاپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 ئايدا ئىش تاشلاشنى مەنئى قىلدى. بىراق ئىش تاشلاش بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. پارتىيە ئىچى - سىرتىدا تۈرلۈك ئۆكتىچى تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى ھەم كۈنسايىن ئۇلغىيىپ، تىزگىنلىمەك تەس بولغان سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. كىرىزىس كۈنسايىن ئېغىرلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون بىرىنچى باب

# ياۋروپادا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشى

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بىراق، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن يېتەرلىك بىرلەشتۈرەلمىگەنلىكتىن، نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ توقۇنۇشىدىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە ئالدى بىلەن ئۆز ئالدىغا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن پولشا، ۋېنگىرىيە، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئىسلاھاتنى باشلىدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ باشتىن كەچۈرگەن جەريانى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئېرىشكەن ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمىدى. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

## 1 ـ بۆلۈم يۇگوسلاۋىيەدە ئاپتونومىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى

ئىشچىلار ئاپتونومىيەسىنىڭ تىكلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ توقۇنۇشىدىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە

كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆزىنىڭ خاتالاشمىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى قارار قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە سانائەتلەشتۈرۈش ۋە كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھۆكۈمەت دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش توغرىسىدىكى 2 ـ پەرماننى ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا ـ ئۇششاق كارخانىلار ۋە پارچە سېتىش سودىسىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. پارتىيەنىڭ چاقىرىقى ئارقىسىدا كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقانلار 1948 ـ يىلىدىكى 60 مىڭ ئائىلىدىن 1950 ـيىلىغا كەلگەندە 418 مىڭ ئائىلىگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 17% نى ئىگىلىدى. كوللېكتىپنىڭ تېرىلغۇ يېرى 2 مىليون 400 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1/4 نى ئىگىلىدى. بۇنداق قاتتىق تەدبىر ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇپ، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1950 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە دۇچار بولدى. بۇ يىلى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 625 مىڭ توننا بولۇپ، نورمال يىللاردىكى ھوسۇلنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە ئاچارچىلىق يۈز بەردى. سانائەتنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن يامان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى يۇگوسلاۋىيە بىلەن بولغان تاشقى سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى توساتتىن ئۈزۈپ قويغانلىقتىن، نۇرغۇن زاۋۇتلار خام ئەشيا، تېخنىكا قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماي ئىش توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

دۆلەت ئىچىدىكى ئېغىر ۋەزىيەت يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە تىتوغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىنى شۇ پېتى قوللانسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى، ئۇلار يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، يېڭىچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش نەتىجىگە كەلدى.

يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشتا ئۆز ئىختىيارلىق پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى، شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن ئەھۋالدا زورلىماسلىقنى تەكىتلىدى. 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى دېھقانلارغا كوپېراتىپتىن چېكىنىش ئەركىنلىكى بەردى. 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كوپېراتىپلار ئەسلىدىكى 6700 دىن 1100 گە ئازايدى، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاران 20 دىن كۆپرەك كوپېراتىپ ئېشىپ قالدى. 1974 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىدا، دېھقانلارنى ئۆز ئىختىيارلىق ۋە دېموكراتىيە پىرىنسىپى بويىچە كوپېراتسىيەلىشىش يولىغا تەدرىجىي يېتەكلەش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەتتە يېڭىدىن نۇرغۇن ئۇنىۋېرسال كوپېراتىپلار قۇرۇلدى. بۇ كوپېراتىپلار ئاساسەن تەمىنات ـ سودا خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، دېھقانلار كوپېراتىپقا ئەزا بولغاندىن كېيىن يەر قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يەنىلا ساقلاپ قالالايتتى.

يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئىسلاھاتى ئاساسلىقى ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولدى. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارىژ كوممۇناسىنى غايىۋى، ئۆلچەملىك ئەندىزە، دەپ قارايتتى. زاۋۇتلاردا ئىشچىلار ئاپتونومىيەسىنى يولغا قويۇپ، زاۋۇتنى ئىشچىلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا قويۇپ بېرىش،

ئىجتىمائىي ئىشلارنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ، ھەتتا ئەمگەك كوللېكتىپىنىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇپ بېرىش كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بيۇروكرات ماشىنىنى چېقىپ تاشلاپ، دۆلەتنى تەدرىجىي يوقاتقىلى بولاتتى.

يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى مۇشۇ ئىدىيە ئاساسىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاپتونومىيە ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. 1949 - يىلى دەسلەپكى سىناق قىلىندى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 215 كارخانىدا ئىشچىلار زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك مۇلازىمەت، تۇرمۇش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشتى. مۇشۇ باسقۇچتىكى سىناق ئاساسىدا، پارلامېنت 1950 - يىلى 6 - ئايدا «ئىشچىلار كوللېكتىپىنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىي كارخانىلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرۇشى توغرىسىدىكى نېگىزلىك قانۇن»، يەنى ئىشچىلار ئاپتونومىيە قانۇنىنى ماقۇللىدى. پەرمان ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىن جەمئىيەت مۈلۈكچىلىكىگە ئۆتۈپ، «ئىشچىلار كوللېكتىپى جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن دۆلەت دائىرىسىدە (ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى) باشقۇرىدىغان بولدى». پەرماندا زاۋۇتلارنىڭ سايلام ئارقىلىق ئىشچىلار كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقىشى بەلگىلەندى. بۇ كومىتېت زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، مالىيە پىلانى ۋە قائىدە - تۈزۈملىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇلاردىن سىرت، باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، يىلدا بىر قېتىم قايتىدىن سايلاندى. كومىتېتتىكى ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزالار ئومۇمىي ئەزالار سانىنىڭ 1/3 ىدىن ئاشماسلىقى كېرەك ئىدى. دىرېكتورنى يۇقىرىدىن تەيىنلەيدىغان بولۇپ، كارخانىنى باشقۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولاتتى. 1951 - يىلى پارلامېنت «خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى باشقۇرۇش قانۇنى» نى ماقۇللاپ، ئەسلىدىكى پىلان تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى قارار

قىلدى. دۆلەت كارخانىلارغا تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش پىلانى كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈرمەي، پەقەت خەلق ئىگىلىكى تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق نىسبەت ۋە جۇغلانما نىسبەتنىلا بەلگىلىدى. كارخانىلار دۆلەت پىلانىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈپ، ئەركىن تىجارەت قىلىپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولسا بولىۋېرەتتى. 1953 - يىلى 12 - ئايدا پارلامېنت يەنە بىر تۇرلۇك يېڭى پەرماننى ئېلان قىلىپ، دۆلەتنىڭ جۇغلانما نىسبەت بەلگىلەش ئۇسۇلىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنى پايدا تەقسىمات تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. ئادەتتە كارخانىلار تاپقان پايدىنىڭ 2/3 قىسمى دۆلەتكە تاپشۇرۇلۇپ، قالغىنى زاۋۇتقا قالاتتى. بۇنى قانداق بىر ياقلىق قىلىشتا ئىشچىلار كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىراتتى. 1964 - يىلى ھۆكۈمەت ئىشچىلار ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى سانائەت، كان، كارخانىلاردىن تۆمۈريول ترانسپورتى، پوچتا - تېلېگراف ۋە ئومۇم ئىشلىرى تارماقلىرىغا كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

1964 - يىلى پارلامېنت «ئىقتىسادىي تۈزۈمنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى توغرىسىدا» دېگەن قارارنى ماقۇللىدى. 1965 - يىلىدىن تارتىپ ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھات باشلاندى. يېڭى ئىسلاھات 50 - يىللاردىكى ئىسلاھاتقا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئالغا باستى. بىرىنچىدىن، ئەسلىدىكى ئىسلاھاتتا ئاساسلىقى ھوقۇق تۆۋەنگە ئايرىپ بېرىلىپ، ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىشنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىنغان بولۇپ، كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسىم جۇغلانمىسى يەنىلا دۆلەتنىڭ قولىدا ئىدى، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى دۆلەتكە مەنسۇپ ئىدى. 60 - يىللاردىكى ئىسلاھاتتا دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى يەنىمۇ ئازايتىلىپ،

كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى ئاشۇرۇلۇپ، بازارنىڭ رولى كۈچەيتىلدى. دۆلەت ئەمدىلىكتە كارخانا پايدىسىنىڭ 29% ىنىلا ئايرىۋالايدىغان، كۆپ قىسىم پۇل كارخانىنىڭ ئىلكىدە قالىدىغان بولدى. ئىككىنچىدىن، دۆلەت مەبلەغ سېلىشقا قارىتا «ئاساسىي فاكچېن» نىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەبلەغ سېلىش فوندىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنىڭ كۆپ قىسمىنى بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، تاۋار باھاسى ئاساسەن دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنمىدى، بازاردىكى تەمىنلەش، تەلەپ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بېكىتىلىدىغان بولدى. تۆتىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ تاشقى سودا پائالىيىتى بىلەن مۇستەقىل شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلۇپ، دۆلەت كۆپ قىسىم ئىمپورت ماللىرىغا قويۇلىدىغان نورما چېكىنى بىكار قىلدى. يۇقىرىقى ئىسلاھات تەدبىرلىرى كارخانا ۋە ئىشچىلار كومىتېتىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق بېرىپ، دۆلەت مەركەزلىك باشقۇرىدىغان پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىگە خاتىمە بەردى.

يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئاستىدىكى يۇگوسلاۋىيە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى تېز يېڭىپلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. مىللىي دارامەت 1952 - يىلىدىكى 54 مىليارد 700 مىليون دىناردىن 1970 - يىلىغا كەلگەندە 196 مىليارد 500 مىليون دىنارغا كۆپىيىپ، ئۈچ ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلدى. 1950 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 10.2%، 1960 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە 8.3% بولدى. 1970 - يىلى دانلىق زىرائەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 11 مىليون 620 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1950 - يىلىدىكىدىن 1.5 ھەسسە ئاشتى. بىراق، ئىشچىلار ئاپتونومىيە تۈزۈلمىسى مۇئەييەن مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. كارخانىلا بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ،

ئاساسىي مەبلەغ سېلىنمىسىنى قارىغۇلارچە ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي نىسبەت تەڭپۇڭسىزلىشىش، ئېشىنى سورۇئىستېمال ئاستىلاش ۋە پۇل پاخاللىشىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىجتىمائىي ئاپتونومىيەنىڭ تىكلىنىشى يۇگوسلاۋىيە ئەسلىدە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. ئىقتىسادىي ساھەدە ئىشچىلار ئاپتونومىيەسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇنى تەدرىجىي ئىجتىمائىي، سىياسىي ساھەلەرگىچە كېڭەيتتى. مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ساقلىق ساقلاش تارماقلىرىدا زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار كومىتېتىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان پۇقرالار كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى.

1953 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مىللىي پارلامېنت يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللاپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ، دەپ جاكارلىدى. ھۆكۈمەت ئورگىنى، ئىشچىلار كومىتېتى ۋە پۇقرالار كومىتېتى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى. مىللىي پارلامېنت فېدېراتسىيە پالاتاسى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلار پالاتاسىنى پۇقرالار سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈردى. ئىشلەپچىقارغۇچىلار پالاتاسى ئىشلەپچىقارغۇچى ئىشچىلار ۋەكىللىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشچىلار ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنى ۋەكىللەر ۋاستىلىك سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈردى. دۆلەتتە بىر پىرېزىدېنت ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولۇپ، تىتو بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ نامى مىنىستىرلار سوۋېتىدىن فېدېراتسىيە ئىجرائىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، كومىتېتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئوخشىمىغان جۇمھۇرىيەتتىن بولغانلار زىممىسىگە ئالدى.

1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللىنىپ، دۆلەت نامى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىپ خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن

يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى ئاساسىي قانۇندا تىتونىڭ پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆمۈرۋايەت ئۆتەيدىغانلىقى بەلگىلەندى. فېدېراتسىيە مىللىي پارلامېنتىنىڭ نامى فېدېراتسىيە پارلامېنتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇ دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئاپتونومىيە ئورگىنى ئىدى. ئىشلەپچىقارغۇچىلار پالاتاسى قارىمىقىدا ئىجتىمائىي - سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پالاتاسىدىن ئىبارەت تۆت پالاتا تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونومىيە ئىشلىرى ئۇستىدە ئۆز ئالدىغا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتى. 1967 - يىلى ۋە 1968 - يىلى ئاساسىي قانۇنغا ئىككى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىكنىڭ ۋە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلدى.

1974 - يىلى 2 - ئايدا يۇگوسلاۋىيە يەنە بىر يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش بەلگىلەندى، يەنى يۇقىرالار ئايرىم ۋەكىل سايلىماي، بەلكى ۋەكىللەر ئۆمىكى سايلاپ چىقىدىغان بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ كىشى بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 1/9 نى ئىگىلىدى. ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئوخشىمىغان ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ پارلامېنتنىڭ تۆرلۈك پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇردى. بۇ ۋەكىللەر پارلامېنتنىڭ قارالمىلىرى ۋە تەۋسىيەلىرىنى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە ئېلىپ كېلىپ، ئاممىدىن پىكىر ئالغان ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، پىكىرلەرنى پارلامېنتنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشىغا سۇناتتى، ھەربىر ۋەكىلنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۆت يىل بولۇپ، ئىككى نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتەشكە بولمايتتى.

يېڭى ئاساسىي قانۇندا پارلامېنتنى فېدېراتسىيە پارلامېنتى، جۇمھۇرىيەت پارلامېنتى ۋە رايون پارلامېنتى دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىش بەلگىلەندى. فېدېراتسىيە پارلامېنتى فېدېراتسىيە پالاتاسى، جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونوم ئۆلكە پالاتاسىدىن ئىبارەت ئىككى پالاتادىن تەشكىل تاپتى. جۇمھۇرىيەت ۋە رايون پارلامېنتى بىرلەشمە ئەمگەك پالاتاسى، يەرلىك ئورتاق گەۋدە پالاتاسى ۋە ئىجتىمائىي - سىياسىي پالاتادىن ئىبارەت ئۈچ پالاتادىن تەشكىل تاپتى. بىرلەشمە ئەمگەك پالاتاسى ئەمگەككە دائىر ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىراتتى. يەرلىك ئورتاق گەۋدە پالاتاسى ئىستېمال ۋە پاراۋانلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. ئىجتىمائىي، - سىياسىي پالاتا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي - سىياسىيغا دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتى.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى مۇناسىپ پارلامېنتلار سايلاپ چىقاتتى. فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى چەكلىك بولۇپ، ئۇ دۆلەت مۇداپىئە، دىپلوماتىيە، ئىچكى ئىشلار، مالىيە، ئەدلىيە ۋە دېڭىز ترانسپورتى، كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت ئىشلىرى كاتىبات باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئۇلار فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلاتتى، ئەمما فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولمايتتى.

كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئورنى ۋە رولىدىكى ئۆزگىرىش يۇگوسلاۋىيە ئىجتىمائىي ئاپتونومىيەسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھېسابلىناتتى. 1952 - يىلى 11 - ئايدا يۇگوسلاۋىيە



www.uyghurkitap.com

كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نامىنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى دەپ ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. 1958 - يىلى 4 - ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى يېڭى پروگراممىنى ماقۇللاپ، پارتىيەنىڭ ئورنى ۋە رولىنى ئومۇميۇلۇك بايان قىلدى. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ئاپتونومىيە تۈزۈمى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، پارتىيە ئىقتىسادىي تۇرمۇش، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى ھەم قوماندان ئەمەس، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قارىدى. كونكرېت ئېيتقاندا، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرمەستىن، بەلكى قايىل قىلىش، يېتەكلەش چارىسى ئارقىلىق باشقا ئاپپاراتلارنىڭ پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قوللىنىشىغا تەسىر كۆرسىتەتتى. ئىككىنچىدىن، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىۋېتىلىپ، پارتىيەدىكى تىتودىن باشقا رەھبەرلەر مەمۇرىي ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولدى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئۆزىنىڭ ۋاسىتىچىسى دەپ قارىماي، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى لازىم ئىدى.

يۇگوسلاۋىيە ئىجتىمائىي - سىياسىي ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش، بيۇروكراتىزمغا قارشى تۇرۇشتا پايدىلىق بولسىمۇ، بىراق تارقاقچىلىق لىبېرالىزم قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2 ـ بۆلۈم 50 ـ يىللاردىكى شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇش

پولشا ۋەقەسى ستالىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش كۆرۈلدى. 1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيەنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبىرى گوتۋالد ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا زاپوتوسكىي جۇمھۇرىيەت پىرېزىدېنتى، نوۋوتنىي پارتىيەنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پىلزېن شەھىرىدىكى 5000 ئامما كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى ۋە سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ جايدىكى ئارمىيە، ساقچىلار ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قالالمىدى. نامايىشچىلار بۇ شەھەرنىڭ پارلامېنتى ۋە سوت مەھكىمىسىگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى ئىككى كۈن ئىشغال قىلىۋالدى. ئاخىردا ھۆكۈمەت پراگادىن ئارمىيە ئەۋەتىپ ۋەقەنى بېسىقتۇردى.

1953 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېرلىن ئىشچىلىرى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، خىزمەت نورمىسىنى 10% ئۆستۈرۈشكە قارشى تۇردى. 17 ـ كۈنى بەزىلەر تۈرمىگە بېسىپ كىرىپ، جىنايەتچىلەرنى قويۇۋەتتى. گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى تانكىلارنى ئىشقا سېلىپ، ۋەقەنى تىنچىتتى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئون نۇقتىلىق ئىسلاھات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى قارار قىلدى. 1954 ـ يىلى ئۇلبرىخت بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيى ستالىنىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. 1956 ـ يىلى ئەتىيازدا پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىنى يېڭىلا زىممىسىگە ئالغان ئوكخاب پارتىيەنىڭ ئىلگىرى نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئومۇمىي كەچۈرۈم جاكارلىنىپ، 1000 دىن ئارتۇق سىياسىي جىنايەتچى قويۇپ بېرىلدى. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا پوزناندىكى ستالىن پاراۋۇز زاۋۇتى (ھازىرقى نامى سېگېرىسكىي زاۋۇتى) نىڭ ئىشچىلىرى مائاش قوشۇپ بېرىش ۋە مۇكاپات سوممىسىنىڭ بېجىنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلغان ھەم ھەرقايسى جاي ھۆكۈمەتلىرىگە ۋە مەركەزدىكى ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىقىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، تەلىپى رەت قىلىندى. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پوزناندىكى نەچچە ئون مىڭ ئىشچى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ «بولكا، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك» ۋە «ۋلادىسلاۋ» (يەنى كومۇلكا) دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى ھەمدە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار قوراللىنىپ، قوغداش بۆلۈمىنىڭ بىناسىنى قورشىۋېلىپ، شەھەرلىك پارتكوم بىناسى، رادىيو ئىستانسىسى ۋە تۈرمىگە ھۇجۇم قىلدى. بىر كۈنلۈك كوچا جېڭىدە 55 ئادەم ئۆلۈپ، نەچچە 100 ئادەم يارىلاندى. ھۆكۈمەت ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ بۇ ۋەقەنى تىنچىتتى.

پوزنان ۋەقەسىدىن كېيىن پولشا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1 ـ ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرىنىڭ قۇترىتىشى بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئەمما «كۆپ قىسىم مەسئۇلىيەت يەنىلا مەركەز ۋە يەرلىكتىكى رەھبەرلەرنىڭ بيۇروكراتلىقى ۋە

www.uyghurkitap.com

نادانلىقىدا» دەپ قارىدى. ئومۇمىي يىغىن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئايدا گومۇلكانىڭ پارتىيەلىكلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پولشا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن تەشۋىشلىنىپ قالدى. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پولشا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خرۇشېف، مولوتوف قاتارلىق رەھبەرلىرى تەكلىپ قىلىنمىغان ئەھۋالدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ۋارشاۋاغا يېتىپ كېلىپ، پولشا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشماقچى بولدى. پولشا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتتى. خرۇشېف قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، پولشا پارتىيەسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتتا بولدى، پولشا پارتىيەسىدىكى كادىرلار ئەھۋالدا بولغان ئۆزگىرىشتىن موسكۋانى خەۋەرلەندۈرمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. سۆھبەت داۋامىدا پولشادا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ۋارشاۋاغا كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. گومولكا شۇھامان: «ناۋادا سىلەر قوشۇنۇڭلارنى چېكىندۈرمەيدىكەنسىلەر، بىز بۇ يەردىن كېتىمىز، سۆھبەتمۇ ئۈزۈلمەيمىز» دېدى ھەمدە: «مەن خەلققە نۇتۇق سۆزلەيمەن، سۆزۈم رادىيودا ئاڭلىتىلىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پولشا پارتىيەسى خەلقنى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشقا راسلاندى. ئەينى چاغدا پولشانىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مارشالى روكوسسوۋسكىي بولۇپ، ئارمىيە ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. پولشا

ھۆكۈمىتى پايتەختتىنى قوغداشقا جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرىنى يۆتكەپ كەلدى ھەم خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللىدى. پايتەختكە 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى تاشيولغا تانكىلارنى توغرىسىغا توختىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا راسلاندى. بۇنداق ئەھۋالدا خرۇشېف پولشانىڭ تەلىپىگە كۆنۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنى توختاشقا بۇيرۇدى، گومولكانىڭ پولشا پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى بولۇشىغا قوشۇلدى. پولشا پارتىيەسى پولشا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۆھبەت مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. پولشا پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈلۈپ، گومۇلكا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا سايلاندى.

1956 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىنى كۈچەيتىش ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئىلگىرى قېرىنداش دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بىر ياقىلىق قىلىشتا خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەرقايسى قېرىنداش ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى پۈتۈنلەي باراۋەر ئاساستا كۈچەيتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 11 ـ ئايدا گومۇلكا پولشا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدى. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. پولشا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆنسايىن يارىشىشقا يۈزلەندى.

www.uyghurkitap.com

ۋېنگرىيە ۋەقەسى ۋېنگرىيەدە خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇشتا مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىراق، پارتىيەنىڭ 1 ـ سېكرېتارى، ھۆكۈمەت پىرېزىدېنتى راكوسى دوگماتىزم ۋە گۇرۇھۋازلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كېلىپ، مەزكۇر دۆلەتتە تۆمۈر رۇدىسى ۋە كۆمۈر بايلىقى كەمچىل بولۇشتەك رېئاللىققا قارىماستىن، ۋېنگرىيەنى «پولات ـ تۆمۈر دۆلىتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى جاھىللىق بىلەن جاكارلىدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە، مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، زورلۇق تۈسىنى ئالغان مەجبۇرىيەتلىك سېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. خەلق تۇرمۇشىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى تۆۋەنلەش كۆرۈلگەچكە نارازىلىق كەيپىياتى كۈنسايىن كۈچەيدى. 1949 ـ يىلىدىكى تىتوچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە راكوسى ھوقۇق ۋە كۈچكە تايىنىپ يولسىزلىق قىلىپ، پارتىيە رەھبىرى رايكنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى، كادارنى قولغا ئالدى، ناگى ئىمرې①نىڭ سىياسىي بيۇرو ئەزالىق ۋەزىپىسىنى بىكار قىلدى. بۇ ھەرىكەتتە ئازار يېگەنلەرنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئېشىپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 1/50 نى ئىگىلىدى.

ستالىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، راكوسى يەنىلا بۇرۇنقىدەك كېتىۋەردى. خرۇشېفنىڭ قول تىقىشى بىلەن 1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋېنگرىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، راكوسىنىڭ پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش

---

① ناگى ئىمرې (1896 ـــ 1958 ـ يىللار) دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 1919 ـ يىلى ۋېنگرىيە ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 25 يىل مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان. 1944 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتىپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. 7 ـ ئايدا ناگى باش مىنىستىر بولدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، كادانى قويۇپ بېرىپ، لاگېرنى تاقىدى ھەم بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاقلىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، دېھقانلارنىڭ كولخوزدىن چېكىنىشىگە يول قويۇپ، كولخوزلار كۆپ سانلىق ئەزالارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان ئاساستا تارقىتىۋېتىلسە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ ئۇششاق خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق يوسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇپ، يەككە دېھقانلارغا ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىپ، يېنىك سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. راكوسى ناگىنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قارشى چىققان بولسىمۇ، بىراق قوللاشقا ئېرىشەلمىدى. 1955 ـ يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ناگىنى موسكۋاغا چاقىرتىپ، ناگىنىڭ يېنىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى خاتا، دەپ سۆكتى. راكوسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ۋېنگرىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرتىپ، ناگىنىڭ ئوڭچىل لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا خېگېدۈس باش مىنىستىر بولدى. 11 ـ ئايدا ناگى يەنە پارتىيەدىن قوغلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ۋېنگرىيەدە زىيالىيلارنىڭ پائالىيىتى جانلىنىپ كەتتى. 1956 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋېنگرىيەلىك ۋەتەنپەرۋەر شائىر پېتوفىنىڭ نامىدا كۇلۇب قۇرۇلدى. كۇلۇب ناھايىتى جانلىنىپ، ھەمىشە تۈرلۈك يىغىنلارنى تەشكىللەپ، ئىقتىساد، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۇردى، قاتناشقان ئادەم سانى كۆپ بولغاندا بىرەر مىڭغا يەتتى. يىغىندا

بەزىلەر پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە ھازىرقى سىياسەتنى سۆكتى ھەم «دېموكراتىك سوتسىيالىزم»، «ستالىنىزمدىن مۇستەسنا سوتسىيالىزم» دېگەندەك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. راكوسى پېتوفى كۇلۇبىنىڭ پائالىيىتىنى پارتىيەگە، خەلققە قارشى، دەپ ئەيىبلەپ، كۇلۇبىنىڭ بەزى ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ، بەزى مەتبۇئاتلارنى پېچەتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت كۈنسايىن جىددىيلەشتى. 7 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى مىكويان بۇداپېشتقا كېلىپ، ۋېنگرىيە پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، راكوسىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى گېرو بىرىنچى سېكرېتار، كادار مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارى بولدى. بىراق، رەھبەرلەر ئالماشقىنى بىلەن ۋەزىيەت مۇقىملاشمىدى. 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋېنگرىيە رايك ئۈچۈن دۆلەت دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇداپېشتتىكى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئۆزلۈكىدىن كوچىلارغا چىقىپ، مىيىت ئۇزىتىش قوشۇنىنى ھىمايە قىلىپ ماڭدى. بۇ قېتىملىق دەپنە مۇراسىمى ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق سىياسىي نامايىش بولدى. ئۇ راكوسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشلا بولۇپ قالماي، زور سىياسىي ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىشتىكى بىر قېتىملىق كۈچ كۆرسىتىش بولۇپ قالدى.

گېرو خەلقنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇ 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناگىنىڭ پارتىيەلىكلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن باشقا، ھېچقانداق مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى، خەلق بۇنىڭدىن قانائەت تاپمىدى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگورۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، پەۋقۇلئاددە پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىش، يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى دېموكراتىك يوسۇندا سايلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com

گومۇلكانىڭ پولشا پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ۋېنگىرىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇداپېشت خەلقىنىڭ ھاياجىنى ئۇرغۇپ تاشتى. پېتوفى كۇلۇبى ئەتىسى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا 10 ئۇقتىلىق تەلەپنى قويدى. ئارقىدىنلا بۇداپېشتتىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى كوللېكتىپ يىغىن ئېچىپ، 16 ئۇقتىلىق تەلەپنى قويدى. تەلەپنىڭ مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، راكوسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىش، ناگىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پولشا كوممۇنىستلىرىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن نامايىش ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلدى. بۇداپېشتتىكى نەچچە 100 مىڭ ئاھالە نامايىشچىلار سېپىگە قېتىلىپ، گېرونىڭ ئىستېپا بېرىشىنى، ناگىنىڭ تەختكە چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. گېرو دەسلەپتە بۇ نامايىشنى قاتتىق ئەيىبلەپ، شۇ كۈنى سائەت 12دىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە رادىيو ئىستانسىسى ئارقىلىق نامايىشنى قەتئىي مەنئى قىلىشنى جاكارلىدى. بىراق، ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چۈشتىن كېيىن سائەت 2دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ۋەزىيەت تېخىمۇ داۋالغۇپ كەتتى. نامايىشچىلار شەھەردىكى ستالىن ھەيكىلىنى ئۆرۈۋەتتى، يەنە رادىيو ئىستانسىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ 16 ئۇقتىلىق تەلىپىنى رادىيودا ئاڭلىتىشنى تەلەپ قىلدى. تەلەپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن، نامايىشچىلار ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇپ قالدى. پۈتۈن شەھەر

www.uyghurkitap.com

قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناگى باش مىنىستىر بولدى. ئارقىدىنلا جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى جاكارلىدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوشۇن چىقىرىپ، بۇداپېشتنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مىكويان ۋە سۇسلوفلارنىڭ قاتنىشىشى ئارقىسىدا، گېرونى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى، كادار 1 ـ سېكرېتار بولدى. بىراق، بۇ چاغدا 900 مىڭ پاتىيە ئەزاسى بار ۋېنگرىيە ئەمگەكچى خەلق پارتىيەسى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالغانىدى.

ناگى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» چىقىرىپ، قانلىق توقۇنۇشنى توختىتىش، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى تارقىتىۋېتىشنى جاكارلىدى. ھۆكۈمەت يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئىككى تەرەپ قوشۇن چېكىندۈرۈش مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بىراق، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. خەلقئارا جاھانگىرلىك ۋېنگرىيەگە نۇرغۇن جاسۇس، ئىشپىيونلارنى ئەۋەتتى. چەت ئەللەردە قېچىپ يۈرگەن ۋېنگرىيەلىك پومېشچىك، بۇرژۇئازلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن دۆلەتكە قايتىپ كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناگى تېلېۋىزىيەدە نۇتۇق سۆزلەپ ۋېنگرىيەدە يۈز بەرگەن ئىشنى ئاممىۋى خاراكتېرلىك خەلق دېموكراتىك ھەرىكىتى دەپ، ئارمىيەنىڭ تارقىتىۋېتىلىدىغانلىقىنى ھەم يېڭى ئارمىيە تەشكىللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىر قىسىم ئامما بۇداپېشت شەھەرلىك پارتكوم بىناسىغا ھۇجۇم قىلدى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ھەرقايسى جايلاردا كوممۇنىستلار ۋە ئامانلىق ساقلاش

خادىملىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناگى بىر پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە خاتىمە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە شۇ ھامانلا 50 تىن ئارتۇق پارتىيە مەيدانغا كېلىپ ۋەزىيەت تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ۋېنگرىيەگە كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. ناگى ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋېنگرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاندروپوف بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. شۇ كۈنى ناگى ۋېنگرىيەنىڭ بىتەرەپ ئىكەنلىكىنى، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلدى. كادار شۇ كۈنى كەچتە غايىب بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناگى ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن تەشكىللەندى. ھۆكۈمەتنىڭ 12 نەپەر ئەزاسىدىن پەقەت ئۈچ كىشىلا كوممۇنىست ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرونېۋىكلاشقان قوشۇنى 2 ـ قېتىم بۇداپېشتقا يېتىپ كەلدى. 89 كۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قالايمىقان ۋەزىيەت تىزگىنلەندى. ۋېنگرىيەلىك 4000چە ھەربىي ۋە ئامما بەختىسىزلىككە ئۇچرىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 669 ئەسكىرى جەڭدە ئۆلدى، 1450 ئەسكىرى يارىلاندى، 51 ئەسكىرى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كادار يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ناگىنىڭ ھۆكۈمىتى گۇمران بولغاندىن كېيىن ئۆزى يۇگوسلاۋىيە ئەلچىخانىسىغا قېچىپ كىرىۋېلىپ پاناھلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي قولغا ئېلىندى. 1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى» بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۆكتەبىر ۋەقەسى ۋېنگرىيەگە غايەت زور زىيان كەلتۈردى. نەچچە ئون مىڭ ئادەم ئۆلدى. ئىقتىسادىي زىيان 22 مىليارد فورىنتقا يېتىپ، يىللىق مىللىي دارامىتىنىڭ تەخمىنەن 1/4 نى ئىگىلىدى. ۋېنگرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى 1956 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ۋەقەسى بىر قېتىملىق «ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە»، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر مەيدان «مەملىكەت خاراكتېرلىك تىراگېدىيە» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇنداق تۆت سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچىسى، راكوسى گۇرۇھىنىڭ ئېغىر خاتالىقى ۋە جىنايىتى؛ ئىككىنچىسى، ناگى گۇرۇھىنىڭ مەيلىگە باقىدىغان خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشى؛ ئۈچىنچىسى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا قۇترىتىشى؛ تۆتىنچىسى، جاھانگىرلارنىڭ قول تىقىشى.

## 3 ـ بۆلۈم پولشادىكى گومۇلكا ۋە ۋېنگرىيەدىكى كادارنىڭ ئىسلاھاتى

گومۇلكا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتنىڭ ئۈگۈشسىزلىققا ئۇچرىشى 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گومۇلكا پولشا پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى، ئۇ ئۆكتەبىر پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھاتنى پائال يولغا قويدى. سىياسىي جەھەتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىپ، 19 ئۆلكىلىك پارتكومدىن 11 نى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى روكوسسوۋسكىي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىلىق 32 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېرغا ئوردېن بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى ۋەتىنىگە قايتۇردى. گومۇلكا يەنە پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنى زورايتىپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، دىنغا بولغان

تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ، كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈشنى بىكار قىلدى. 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 722 نەپەر نامزات ئارىسىدىن 459 نەپەر ۋەكىل سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى 237 نەپەر، بىرلىككە كەلگەن دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى 119 نەپەر، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى 39 نەپەر بولۇپ، باشقىلار پارتىيەسىز زاتلاردىن ئىدى. سايلام نەتىجىسىدە، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى ۋە گومۇكانىڭ رەھبەرلىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ھاكىمىيەت مۇستەھكەملەندى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، گومۇلكا 1956 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ياخشى باشقۇرۇلمىغان كوپېراتىپلارنى تارقىتىۋېتىشنى تەۋسىيە قىلدى. نەتىجىدە 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان ئۈچ ئايدا، كوپېراتىپلارنىڭ 80% ى يىمىرىلىپ، قالغانلىرىمۇ تارقاق، چېچىلاڭغۇ بىرلەشمىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، كوپېراتىپلار، يەككە دېھقان ئائىلىلىرىگە «ئوخشاش مۇئامىلە» قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم مەجبۇرىيەت تۆسىدىكى سېتىپ بېرىش نورمىسىنىڭ 1/3 نى كېمەيتىپ، سېتىۋېلىش باھاسىنى بىر ھەسسە ئۆستۈردى. شەھەرلەردىكى سانائەت كارخانىلىرىدا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا ئىشچىلار كومىتېتى قۇرۇلغانىدى. 1948 ـ يىلىدىن كېيىن كومىتېتنىڭ ھوقۇقى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنى يېڭىباشتىن جەزملەشتۈرۈلۈپ، ئىشچىلار كومىتېتى دىرېكتور بىلەن بىرلىكتە زاۋۇتنىڭ پىلانى، ئىش ھەققى بېكىتىش نورمىسى، مائاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىدىغان بولدى. ھۆكۈمەت يەنە جۇغلانمىنى ئازايتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى قارار

قىلدى. جوغلانما نىسبىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تەخمىنەن 30% تىن 1958 ـ يىلىدىكى 19.5% كە چۈشۈرۈلدى. ئىسلاھاتنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئوسكار لانگې باشچىلىقىدىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىسلاھات لايىھەسى مۇزاكىرە قىلىندى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، پولشا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاش تەكىتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈگىتىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق پولشادا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ پولشانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ تۇرۇشلۇق جاي سىرتىدىكى ھەرقانداق يۆتكىلىشلىرىدە پولشانىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەكلىكى كېلىشىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقى پولشانىڭ 500 مىليون دوللار قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىش، ئەمدى پولشادىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تۆۋەن باھادا كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلماسلىققا قوشۇلدى.

گومۇلكانىڭ ئىسلاھاتى دەسلەپكى مەزگىلدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى خەلق پولشاسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. بىراق، ئۇزاق بارماي ئىسلاھات ئوڭچىلارنىڭمۇ، سولچىلارنىڭمۇ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. بەزىلەر تېخىمۇ زور ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بەزىلەر خەلقئارادىكى «يۇگوسلاۋىيەنىڭ رېۋىزىيونىزمى» غا قارشى تۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلاھاتنى «تىتوچىلىق خاھىشى» دەپ ئەيىبلىدى. گومۇلكا مۇرەسسە قىلىپ، تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولدى، كېيىن ئېغىر بېسىم ئاستىدا تەدرىجىي چېكىندى. 1959 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا؛ گومۇلكا

پولشانىڭ يولى ئۇستىدە توختىلىپمۇ قويماي، ئۆكتەبىر پىروگراممىسىدىن بارغانسېرى چەتلەپ كەتتى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ھۆكۈمەت بەش يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جۇغلانمىنى تەدرىجىي ئۆستۈردى. 1968 ـ يىلىدىكى جۇغلانما نىسبىتى 26.8% كە يېتىپ، ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھۆكۈمەت ئىنتىزامىنى تەكىتلەپ، دىرېكتورلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۇزۇكسىز زورايتىپ، ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ رولىنى ئازايتتى. 1959 ـ يىلى زاۋۇتتىكى سىياسىي تەشكىلات، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن ئىشچىلار ئاپتونومىيە كېڭىشى قۇرۇلۇپ، زاۋۇت پارتكومىنىڭ 1 ـ سېكرېتارىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ئىشچىلار ئاپتونومىيە كېڭىشى ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى بولۇپ، ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى چەكلەپ، ئىشچىلار كومىتېتىنى تەدرىجىي ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەسلىدە كارخانىلارغا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ ئۆز پىرىنسىپى (ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش) كۆپۈككە ئايلاندى.

سىياسىي ـ ئىدىيە جەھەتتە، پولشا پارتىيەسى «رېۋىزىئونىزم پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىدىيە جەھەتتىن كېلىدىغان ئاساسىي خەۋپ» دەپ تەكىتلەپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چىقىرىپ كېلىۋاتقان «نەق گەپ» گېزىتىنى پېچەتلەپ، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1964 ـ يىلى ۋارشاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى ئوقۇتقۇچىسى 90 بەتلىك «پارتىيەگە ئوچۇق خەت» نى ئېلان قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بيۇروكراتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەپ، پارتىيە ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

دېموكراتىيەنى كۆچەيتىشنى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. 11 ـ ئايدا بۇ ئىككىيلەن پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. كېيىن يەنە بەزى پارتىيە ئەزالىرى مۇشۇنىداق گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جازالاندى. 1968 ـ يىلى ۋارشاۋادا مىسكىيېۋىچنىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن سىنارىيەلەشتۇرۇلگەن درامما «ئەجدادلارغا تەزىيە» ئوينىلىپ چىقىلدى. درامىمىدا رۇسىيەگە قارشى مەزمۇنلار بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت 3 ـ ئايدا بۇ درامىمىنى سەھنىدە ئويناشنى چەكلىدى. ۋارشاۋا، كراكوف، پوزنان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئېتىراز بىلدۈردى. 1968 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پولشانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەگىشىپ چېخوسلوۋاكىيەگە قوشۇن ئەۋەتىشى خەلقنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

گومۇلكانى ئەڭ بىئارام قىلغىنى مال باھا مەسىلىسى ئىدى. دۆلەت مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا نۇرغۇن ياردەم پۇل ئاجرىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چىقىم ئۈزۈكسىز كۆپىيىۋەرگەنلىكتىن، دۆلەت مالىيەسىنىڭ بۇ چىقىمنى كۆتۈرمىكى تەسكە چۈشتى. 1959 ـ يىلى، ھۆكۈمەت گۆشنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. 1963 ـ يىلى يەنە كۆمۈر، تەبىئىي گازنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. خەلق توختىماي ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ھۆكۈمەت ياخشىراق بىرەر چارە تاپالمىدى. ھۆكۈمەت بىرقانچە يىللىق تەشۋىشتىن كېيىن 1970 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەنە گۆش قاتارلىق 46 خىل يېمەكلىكنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. 14 ـ كۈنى گدانزىگدىكى «لېنىن» كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، باھا ئۆستۈرۈشكە ئېتىراز بىلدۈردى. ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ نامايىش قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ، قوراللىق كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ

ۋەقەنى تىنچىتتى. بىراق، ئەتىسى قالايمىقانچىلىق گىدىنىيە ۋە سوپوتقا كېڭەيدى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى ئەڭ چوڭ پورت شچېتسىندا ئىش تاشلاش يۈز بەردى. ئىش تاشلاش كومىتېتى شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، گومۇلكانى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. گېيرېك ئۇنىڭ ئورنىغا 1 ـ سېكرېتار بولدى. شۇنداق قىلىپ گومۇلكىنىڭ ئىسلاھاتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

**كادارنىڭ ئىسلاھاتى** ۋېنگرىيە ئۆكتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تولىمۇ تەس كۈنگە قالدى. پايتەخت بۇداپېشت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خارابىگىلا ئوخشاپ قالدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. سىياسىي ۋەزىيەتمۇ داۋالغۇپ تۇردى. 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئىشچىلار كومىتېتى، ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە مىللىي كومىتېت نۇرغۇن جايلاردا يەنىلا زاۋۇت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئىش تاشلاشنى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى پەرمانلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. 12 ـ ئايدا باشقا جايدىكى بىر قېتىملىق نامايىشتا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ سانى 100 دىن ئېشىپ كەتتى. ھۆكۈمەت تەرتىپنى ساقلاپ، يېڭىدىن قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەركىزىي ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم ھۆكۈمەتكە قارشى باشقا ئۇنسۇرلارنى قولغا ئالدى ۋە 1957 ـ يىلى 4 ـ ئايغا قەدەر كېچىدە يۈرۈشنى مەنئى قىلدى. ۋېنگرىيە ئەمگەكچى خەلق پارتىيەسىنىڭ تامامەن گۇمران بولۇشى بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ ئوساللاشتى. 1956 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭىدىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك

www.uyghurkitap.com

ئىشچىلار پارتىيەسى 12 ـ ئايغا كەلگەندە ئەزالىرىنى ئاران 38 مىڭغا يەتكۈزگەنلىكتىن، ئەمما ئارىسىدا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. نۇرغۇن ئاھالىلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نېمە قىلاركىن دەپ قاراپ تۇراتتى.

كادار مۇشۇنداق مۇشكۇل پەيتتە ۋېنگىرىيە پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي رەھبىرى بولۇپ قالدى. كادار بۇ يىل ئاران 44 ياش بولسىمۇ، بىراق پىشقان سىياسىيون ئىدى. ئۇ 1912 ـ يىلى يالالنما دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1931 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيەگە قاتناشقان، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقتىن، كۈرەش تەجرىبىسى مول ئىدى. 1946 ـ يىلى پارتىيەنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارلىقىغا سايلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي راكوسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۆكتەبىر ۋەقەسى ھارپىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا يېڭىباشتىن تەيىنلىنىپ، ئاۋۋال ناگى بىلەن ھەمكارلاشتى، كېيىن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قارشى چىقتى. ئۆزگۈشسىزلىكلار كادارنى كۈنسايىن يېتىلدۈردى.

كادار تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆكتەبىر ۋەقەسىدىن قالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۇچۇن، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مۇشكۇل ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. 1956 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كادار 15 ماددىلىق پىروگراممىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلىدى.

سىياسىي جەھەتتە، ئۇ ۋېنگىرىيەنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغدايدىغانلىقىنى، تاشقى جەھەتتە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ۋە

بارلىق ئەللەر بىلەن تىنچ، دوستانە ئۆتىدىغانلىقىنى، تەرتىپ مۇقىملاشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈش مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پروگراممىنىڭ 3 ـ ماددىسىدا، ئىچكى كۆرەشنى تۈگىتىشنى، «يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قاتناشقان ئىشچىلارغا ھەرقانداق باھانىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشقا يول قويۇلمايدىغان»لىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ھۆكۈمەت زەربە بېرىش دائىرىسىنى ئىمكانقەدەر تارايتىپ، ناگى قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىلا قولغا ئېلىپ جازالاپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرمىدى ھەم شەخسلەرنىڭ ئارخىپىدا ئۆكتەبىر ۋەقەسىگە دائىر ھېچقانداق ماتېرىيال قالدۇرۇلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1962 ـ يىلى يەنە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت تۈپەيلىدىن قاماققا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ 95% نى قويۇپ بەردى. يەنە چەت ئەللەردە قېچىپ يۈرگەن 200 مىڭ ۋېنگرىيەلىككە نىسبەتەن ئومۇمىي كەچۈرۈم جاكارلاپ، ئۇلارنىڭ يۇرت ـ ماكانىغا قايتىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆكتەبىر قالايمىقانچىلىقىنىڭ تەسىرى جەمئىيەتتە تەدرىجىي تۈگىتىلدى.

كادار پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئاممىنى رەھبەرلىكنى، رەھبەرلىك ئاممىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئورتاق ئالغا بېسىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلىدى. ئىلگىرى راكوسى «كىم بىز بىلەن بىر يولدا ماڭمىسا، شۇ بىزگە قارشى چىققان بولىدۇ» دەيتتى. نەتىجىدە، بەزى پۈرسەتپەرەسلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بېسىمنى ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. كادار بۇنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەربىر ۋېنگرىيە پۇقراسىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن

ئۆتۈشى زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئەڭ ئەقەللىي ئىش ئىدى. كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن ئۆز قارىشىنى ساقلاپ قالسا بولاتتى. ئۇلار مەلۇم سىياسەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىگەن چاغدا، بۇ سىياسەتكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، بىراق بۇ ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمغا قارشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. كادار 1961 - يىلى 12 - ئايدا راكوسىنىڭ گېپىنى «كىم بىزگە قارشى چىقمىسا، بىز شۇنىڭ بىلەن بىللە» دەپ ئۆزگەرتىپ، ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن كادار ھاكىمىيىتى دېموكراتىيەنى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىپ، قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈردى. 1959 - يىلى سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى 7 - قۇرۇلتايىنى چاقىرىپ، ئىلگىرىكى «سولچىل» خاتالىقنى تەنقىد قىلدى. 1962 - يىلى ۋېنگرىيە پارتىيەسى «شەخسكە چوقۇنۇش دەۋرىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى پائالىيەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللاپ، 190 نەپەر پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەم راكوسى، گېرو قاتارلىق 25 كىشىنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. ھۆكۈمەت يەنە كونا سوت، تەپتىش ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئەدلىيە ئاپپاراتىدىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنى تارقىتىۋەتتى. 1957 - يىلى خەلق نازارەتچىلىكى قانۇنى ماقۇللاندى. مەركەز ۋە يەرلىكتە نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى 600 خادىم ۋە ئىشتىن سىرت ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 40 مىڭ خادىم ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيىتىنى نازارەت قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ھۆكۈمەت يەنە كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. 1957 - يىلى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىلەردىن باشقا بارلىق ۋەزىپىلەرنى پارتىيە

سىرتىدىكى زاتلارنىڭ ئۆتتىشىگە يول قويۇش قارار قىلىنىپ، پارتىيە تەشكىللىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىشى توختىتىلدى. 1958 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىمەسلىكى قارار قىلىندى. بۇ يىلى كادار ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇننىخ باش مىنىستىر بولدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، 15 ماددىلىق پروگراممىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تېزلىكتە زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، بەش يىللىق پىلانغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، يەككە دېھقان، ئۇششاق سودىگەر ۋە قول سانائەتچىلەرنى قوللاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېزىلاردا، ھۆكۈمەت يېزىلارنى ئۆزگەرتىشتە مەجبۇرلاش ۋاستىسى قوللانغانلىقىنى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ كوپىراتىپتىن چېكىنىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى. دەسلەپكى مەزگىلدە كوپىراتىپلارنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى شىددەت بىلەن ئازىيىپ، 1957 ـ يىلى مەملىكەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 10%ىنى ئىگىلىدى. 1958 ـ يىلىدىن تارتىپ ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كوپىراتىپقا ئەزا بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. بىرقانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1961 ـ يىلىغا كەلگەندە مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ 93% ى كوپىراتىپ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېرىگە ئايلاندى. يېزىلارنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسەن تاماملاندى. ھۆكۈمەت يەنە يېزا ئىگىلىك سىياسەتلىرىنى كۆپ جەھەتتىن تەڭشىدى: مەجبۇرىيەت تۈسىدىكى سېتىپ بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى؛ دۆلەتتىن

يېزىلارغا چۈشۈرۈلىدىغان پىلان كۆرسەتكۈچىنى زور مىقداردا ئازايتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلىشىغا يول قويىدى. شەھەرلەردە دۆلەت سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تەڭشەپ، ئېغىر سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، يېنىك سانائەتنى نۇقتىلىق يۆلىدى. مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتە كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئالدىن تەكشۈرۈش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، يۇقىرىلارنىڭ تۈرلۈك سىياسەت ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۈستىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ۋە ئۇلارنى تەنقىد قىلىشىغا يول قويۇلدى، بىراق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقاتقا يول قويۇلمىدى.

يۇقىرىقى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋېنگىرىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تەدرىجىي مۇقىملاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە مىللىي دارامەت 23% ئاشتى، ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي مائاشى 12%، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى 19% ئۆستى. پارتىيەنىڭ ئىناۋىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 1956 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى 380 مىڭدىن 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە 500 مىڭغا كۆپەيدى. 1962 ـ يىلى ۋېنگىرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى 8 ـ قۇرۇلتايىنى چاقىرىپ، ۋېنگىرىيەنىڭ «تولۇق سوتسىيالىزم قۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقى» نى جاكارلىدى.

1964 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلدى، كومىتېتنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەزاسى بولۇپ، بۇلارنىڭ 1/3 ى ئىقتىسادشۇناس، 2/3 سى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلار ئىدى. كومىتېتقا ۋارگا ئېستىۋان رەئىس بولدى. كومىتېت قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ بۇ

لايىھەنى مۇزاكىرە قىلىپ، «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللىدى. بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرۈلگەندىن كېيىن 1968 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

ۋېنگرىيەنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ پىلانلىق باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشۋەتتى، بىراق ئۇ يۇگوسلاۋىيەنىڭ باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ پىلانلىق تەڭشەش بىلەن بازار مېخانىزمىنى بىرلەشتۈردى. پىلانلىق ئىگىلىكتە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بازارنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. كونكرېت ئېيتقاندا، دۆلەت پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇردى، پىلاندا ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسى بەلگىلەندى، مەسىلەن، ئىستېمال بىلەن مەبلەغ سېلىشنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى، مەھسۇلاتنىڭ تەمىنلەش، تەلەپ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بازار ئارقىلىق تەڭشەلدى. كىرىدىت، باج، باھا، مائاش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاستىلەر دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ئىدى. مەمۇرىي ۋاستىلەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشىدىكى قوشۇمچە ئۇسۇلغا ئايلاندى. باھا ئۈچ خىلغا ئايرىلدى، بىر خىلى، مۇقىم باھا بولۇپ، دۆلەت بەلگىلەيتتى؛ يەنە بىر خىلى، لەيلىمە باھا بولۇپ، دۆلەت پەقەت ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىنىلا بەلگىلەيتتى؛ ئۈچىنچى خىلى، ئەركىن باھا ئىدى. يېڭى تۈزۈلمىدە كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش جەھەتتە خېلى چوڭ ھوقۇققا ئېرىشىپ، دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئۆزى تۈزىدىغان بولدى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تۈزۈلمىمۇ بەزى جەھەتتىن

www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتىلدى. 1966 ـ يىلى ۋە 1970 ـ يىلى سايلام قانۇنىغا ئىككى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارلامېنت ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى بەلگىلەندى. 1968 ـ يىلىدىن كېيىن ئاساسىي قانۇن، ئەمگەك قانۇنى، يەر قانۇنى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئاساس قىلىنىدىغان قانۇن بولۇش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېڭى تۈزۈلمە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىشىپ، 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1966 — 1970 ـ يىللار) دە مىللىي دارامەت 31% ئاشتى، سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 3.8% بولدى. 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1971 — 1975 ـ يىللار) دە مىللىي دارامەت 35% ئاشتى، سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 6.2% كە يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغۇدەك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ۋېنگرىيە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتتىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلاندى. ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1950 ـ يىلىدىكى 3 مىليون 690 مىڭ توننىدىن 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە 7 مىليون 620 مىڭ توننىغا يەتتى، 1976 ـ يىلى يەنىمۇ كۆپىيىپ 11 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 1070 كىلوگرام بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساندا كانادا، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە دانىيەدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇردى. گۆش ۋە تۇخۇمنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا ئەللەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. ۋېنگرىيە ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بازارلار ئاۋاتلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

## 4 ـ بۆلۈم چېخوسلوۋاكىيەدىكى «پراگا باھارى» نىڭ ۋاقىتسىز زاۋال تېپىشى

«پراگا باھارى» نىڭ ۋاقىتسىز زاۋال تېپىشى چېخوسلوۋاكىيە خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلدى. 1948 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلىغىچە، خەلق ئىگىلىكىدە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 15% كە يەتتى. بىراق، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يەنە ئىقتىسادىي نىسبەت تەڭپۇڭسىزلىقى، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھوقۇقى يېتەرسىز بولۇش، ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولماسلىقتەك مەسىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن چېخوسلوۋاكىيە 1958 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلىغىچە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى، ئاساسلىقى مەركەزلىك باشقۇرۇشنى بوشاشتۇردى. مەركەزدىكى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتتىكى مۇھىم نۇقتىسى كۆندىلىك لاۋازىمەت خىزمىتىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانلارنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈشكە يۆتكىلىپ، دۆلەت چۈشۈرىدىغان بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان كۆرسەتكۈچلىرى ئازايتىلدى، بىر تۇتاش يۆتكەش دائىرىسى تارايتىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، كارخانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى كۈچەيتىلدى. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىپ، پايدىدىن پىرسەنت ئايرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مالىيە فوندىنى تۇرغۇزىدىغان بولدى.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دۆلەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. 1960 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك

ئۆزگەرتىش تاماملانغان ھەم كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق مەھسۇلات مىقدارى ئۇزاققىچە ئاشمىدى، 1966 ـ يىلى ئاران دېگەندە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1936 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە يەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆرسەتكۈچنى قارىسىغا ئاشۇرۇش، نىسبەت تەڭپۇڭسىزلىشىش، ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى، جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نوۋوتنى بۇ مەسىلىلەر ئىسلاھاتنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قاراپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بىكار قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى كونا ھالەتكە يېنىباشتىن قايتۇردى. بىراق، ئىقتىسادىي ئەھۋال يەنىلا ياخشىلانماي، ئىسلاھات سادالىرى يەنە باش كۆتۈردى.

1963 ـ يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىسلاھات كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرىدىن تەشكىللىنىپ، ئوتاسىك مەسئۇل بولدى. 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىسلاھات كومىتېتى تۈزگەن ئىسلاھات لايىھەسى ئېلان قىلىندى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، 1965 ـ يىلى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئاساسلىق يوليورۇق» نى ماقۇللىدى، 1966 ـ يىلى يەنە «يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تېزدىن يولغا قويۇش پرىنسىپى» نى ئېلان قىلدى. بۇ قېتىملىق ئىسلاھات 50 ـ يىللاردىكى ئىسلاھاتقا قارىغاندا بىر قەدەر ئالغا باستى. ئىسلاھاتتا بىرىنچىدىن، پىلاننىڭ ماددىي ئەشيا تەقسىملەشتىكى پىلان بولماستىن، بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بولۇشى كېرەكلىكى جاكارلاندى. ئىككىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ 384 ئىشلەپچىقىرىش تۈسىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇن كەسىپ بويىچە

90 ئورۇن قىلىپ قوشۇۋېتىلدى. ھەربىر يېڭى ئورۇن تامامەن مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي تەشكىلى بولدى. ئۈچىنچىدىن، باھا سىستېمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ بىرلا خىل مۇقىم باھاسى مۇقىم باھا، چەكلىمە باھا ۋە ئەركىن باھادىن ئىبارەت ئۈچ خىل باھاغا ئۆزگەرتىلدى. ئاۋۋال توپ سېتىش باھاسى، ئاندىن پارچە سېتىش باھاسى ئۆزگەرتىلدى. تۆتىنچىدىن، مائاش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. مائاشنى كارخانا بەلگىلەيدىغان بولدى. شەخسىي كىرىم ۋە ئورۇنلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىغا قويۇلىدىغان چەك بىكار قىلىندى.

نوۋوتنى ئەسلىدە ئىسلاھاتقا قوشۇلغانىدى. 1964 - يىلى خرۇشېۋ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئىسلاھاتنىڭ ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيەت يولىغا يېڭىباشتىن باشلاپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ، پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق قىلىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1967 - يىلى 4 - ئايدا يازغۇچىلار 4 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. نۇرغۇن يازغۇچىلار يىغىندا ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، سىياسىي دېموكراتىيەنى ۋە ئاخبارات، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلدى. نوۋوتنى قاتتىق بېسىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بەزى مەشھۇر يازغۇچىلارنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى، ئۇلارنىڭ ماقالە ئېلان قىلىشىنى چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى تارقىتىۋەتتى. نوۋوتنى ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتۇپ، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە قالدى. سىياسىي كۈرەش كۈنسايىن كەسكىنلەشتى.

پارتىيە ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەر نوۋوتنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئايرىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. 1967 - يىلى 12 - ئايدا چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي

يىغىنىنى ئاچتى، كۆپ سانلىق ئەزالار نوۋوتنىنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا قوشۇلدى، بىراق ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى قويۇش مەسىلىسىدە ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى. مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدا يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىش قارار قىلىندى. نوۋوتنى ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، موسكۋادىن ياردەم تىلىدى. برېژنېف ئايروپىلان بىلەن پراگاغا كېلىپ، نوۋوتنىنىڭ خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرىگە «سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ» دېدى. 1968 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ كېڭىشىشى ئارقىلىق دۇبچېكنى 1 ـ سېكرېتارلىققا سايلىدى.

ئالېكساندىر دۇبچېك 1921 ـ يىلى سىلوۋاكىيەدە تۇغۇلغان. 1939 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرگەن، 1963 ـ يىلى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان ھەم سىلوۋاكىيە پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولغان. دۇبچېك تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسلاھاتچىلارنى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا يۆلەپ چىقاردى. نوۋوتنى بۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇسى كەلمەي، ئارمىيەدىكى ئىشەنچلىك ئادىمىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا ئۇرۇندى، بىرقانچە ئارمىيەدىكى كۆپ سانلىقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئىشنى روياپقا چىقىرالمىدى. ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن نوۋوتنى 1968 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. سۋوبودا ئۇنىڭ ئورنىغا پرېزىدېنت بولدى. ئىسلاھاتچىلاردىن چېرنىك ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى، سىك مۇئاۋىن باش مىنىستىرى بولدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە

ئارمىيەدىكى كونسېرۋاتىپلار ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

1968 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن چاقىرىپ، «ھەرىكەت پىروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، «سىناق قىلىپ»، «يېڭى، چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان، ئىنسانپەرۋەر تۈسكە ئىگە سوتسىيالىزم ئەندىزىسىنى روياپقا چىقىرىش» نى جاكارلىدى. پىروگراممىدا، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك رولىدىن گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ، بىراق پارتىيەنىڭ نىشانى «ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ ھەممىگە قادىر باشقۇرغۇچىسىغا ئايلاندۇرۇش ئەمەس»؛ پارتىيەنىڭ «لۇشيەنىنى بۇيرۇق چۈشۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ، بەلكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمىتى ۋە ئۆز غايىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئارقىلىقلا ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ»؛ «بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيە ئاپپاراتىنى دۆلەت ئاپپاراتى، ئىقتىسادىي رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ» دەپ قارالدى. پىروگراممىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كۆچۈش، سۆز قىلىش ۋە ئاخبارات ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى جەھەتتە پىروگراممىدا «بىر پارتىيە ياكى بىرقانچە پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ. خەلقنىڭ بارلىق سىياسىي تەشكىلاتلىرى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىغا بىۋاستە قاتنىشىشى كېرەك» دەپ قارالدى. مىللىي فىرونتنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك كۆپ مەنبەلىك سىياسىي تۈزۈلمىنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، پىروگراممىدا كارخانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا

بولۇش ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، ئىشچىلار كومىتېتى قۇرۇپ كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. ئىشچىلار كومىتېتى دىرېكتورنى بەلگىلەشكە، كارخانىلارنىڭ پايدا تەقسىماتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بازارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ تاشقى سودىغا قارىتىلغان مونوپوللۇق ھوقۇقى بىكار قىلىندى. مىللىي مەسىلىدە، پىروگراممىدا چېخلار بىلەن سلوۋاكلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلىتىنى قۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. تاشقى سودا جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان «ئىتتىپاق ۋە ھەمكارلىق» نى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. ئاپرېل ھەرىكەت پىروگراممىسىدا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيانقى چېخوسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئىسلاھات لايىھەلىرى ئىچىدە ئەڭ كەسكىن پىروگرامما بولۇپ قالدى. شۇڭا، خەلق ئۇنى ئالقىشلىدى. ھەر ساھە ئاممىسى تۈرلۈك يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن «پىراگا باھارى» دىن ئىبارەت جانلىق ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى چېخوسلوۋاكىيەدىكى ئۆزگىرىشتىن نارازى بولۇپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىققانلىق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىك دەپ قارىدى. 1968 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى دۇبچېكنى موسكۋادا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى سىياسەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رەت قىلدى. 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت

ئىتتىپاقنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گرېچكو چېخوسلوۋاكىيەنى زىيارەت قىلىپ، چېخوسلوۋاكىيەدە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەرنىڭ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق چېخوسلوۋاكىيەگە بېسىم قىلماقچى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكىتى چېخوسلوۋاكىيە خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى ھەم ئۇلارنى تەشۋىشسىزلەندۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بىر تۈركۈم مەشھۇر ئالىم، سەنئەتكار ۋە زىيالىيلار «2000 سۆزلۈك خىتابنامە» نى ئېلان قىلىپ، خەلقنى ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق روھى ۋە ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشقا، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى تېزلىتىشكە چاقىردى. خىتابنامىدە يەنە «چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىش تەھدىتى» گە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىنىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەتنى قورال كۈچى ئارقىلىق قوللاشقا چاقىرىق قىلىندى. خىتابنامە خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتابنامىنىڭ مەۋقەسىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ خىتابنامىنى «ئەكسىلئىنقىلابىي چاقىرىقنامە» دېدى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە، دېموكراتىك گېرمانىيەدىن ئىبارەت بەش دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋارشاۋادا يىغىن ئېچىپ، چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەم چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا بىرلەشمە ئىمزالىق بىر پارچە خەت يېزىپ، چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىنى ئەيىبلەپ، «بىز دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىڭلارنى سوتسىيالىزم يولىدىن چەتلەتكۈزۈشىگە قاراپ تۇرالمايمىز. بۇ ئەمدى سىلەرنىڭلا ئىشىڭلار ئەمەس، بەلكى

بىزدەك ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەللەرنىڭ ئورتاق ئىشى» دەپ جار سالدى. 18 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى جاۋاب خەت ئەۋەتىپ، بىرلەشمە ئىمزالىق خەتتىكى نۇقتىئىنەزەرگە بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بېرىپ، بەش دۆلەتنىڭ چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى ھەم بەش دۆلەت بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تەرەپ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېخوسلوۋاكىيە چېگراسىدىكى كىچىك شەھەر چېرنادا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا بەش دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن براتىسلاۋادا بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا چېخوسلوۋاكىيە مەسىلىسى بىۋاسىتە مۇزاكىرە قىلىنمىدى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋەزىيەتتىكى جىددىيلىك ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراپ، 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنى ئېچىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تەييارلىق كۆردى. ئەمەلىيەتتە ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق بىرقانچە دۆلەت چېخوسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلىش تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى.

1968 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېچە سائەت 11 دە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر يولۇچىلار ئايروپىلانى موتوردىن كاشىلا چىققانلىقىنى باھانە قىلىپ پراگا ئايرودۇرۇمىغا جىددىي قونۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئايروپىلان قونغاندىن كېيىن، ئايروپىلاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئەترىتىنىڭ خادىملىرى چۈشتى. ئۇلار ئايرودۇرۇمنى تېزلىكتە ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا تانكا، زەمبىرەك ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرى سېلىنغان ترانسپورت

ئايروپىلانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قوندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى پراگادىكى مۇھىم بازىلار ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئىشغال قىلىپ، دۇبچېك، چېرنىك قاتارلىق رەھبەرلەرنى تۇتقۇن قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە ۋە دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ چېخوسلوۋاكىيە چېگراسىدىن ئۆتۈپ، ئىستراتېگىيەلىك بازىلارنى ئىشغال قىلدى. چېخوسلوۋاكىيە خەلقى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا ئەزا سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن نەپرەتلەندى. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» چىقىرىپ تاجاۋۇزچىلىقنى ئەيىبلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق بەك چوڭ بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇشقا ئامال يوق، دەپ قارىدى. خەلقنى قوراللىق قارشىلىشىشتىن ۋاز كېچىپ، سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىلا قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى. سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيەلىرى ئەتىسى چېخوسلوۋاكىيەنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئىشغال قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى چېخوسلوۋاكىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن چېخوسلوۋاكىيەنىڭ پرېزىدېنتى سۋوبودانى موسكۋاغا تەكلىپ قىلىپ، دۇبچېكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل باشقا بىر ھۆكۈمەت تەشكىللىمەكچى بولدى. بىراق، سۋوبودا دۇبچېك يوق ئەھۋالدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلق كۆرىشى ئۈزۈكسىز ئەۋج ئالدى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر سائەت ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئۆتكۈزۈلۈپ، سوۋېت

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. شۇ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پەۋقۇلئاددە 4 ـ قۇرۇلتىيى پراگادىكى چېكاد زاۋۇتىدا مەخپىي ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي قارار ماقۇللاپ، دۇبچېكقا ئىشىنىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى ھەم قولغا ئېلىنغان رەھبەرلەرنى قويۇپ بېرىش، ئىشغالىيەتچى ئارمىيەنى چېكىندۈرۈش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويدى. بۇنداق ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلاجسىزلىقتىن بۇ تەلەپلەرگە كۆنۈپ، دۇبچېك قاتارلىقلارنى قاماقلىق جايدىن موسكۋاغا ئەكېلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۆھبىتى رەسمىي باشلاندى. چېخوسلوۋاكىيە ۋەكىللىرى دۇبچېكنىڭ داۋاملىق 1 ـ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىشىدە چىڭ تۇردى، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى مەسىلىسىدە يول قويدى. 26 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئاخباراتىغا ئىمزا قويۇپ، جاھانگىرلىك سوتسىيالىستىك ئەللەرگە قارشى تۈرۈش ئۇچۇن سۇيىقەست پىلانلاشنى تېزلەتكەچكە، بەش دۆلەت ئارمىيەسى ۋاقتىنچە چېخوسلوۋاكىيەگە كىردى، دېدى. چېخوسلوۋاكىيە تەرەپ دۆلەت ئىچىدە جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ چېخوسلوۋاكىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدا ۋاقىتلىق تۇرۇش شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتىنى قانۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشتىن كېيىن چېخوسلوۋاكىيە خەلقى كۆپ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، نامايىش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. بىراق، دۇبچېك ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن مۇرەسسە قىلىش،

يول قويۇش سىياسىتىنى قوللاندى. ئاخىرىدا، دۇبچېك 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇساك 1 ـ سېكرېتار بولدى.

**شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى** 50 ـ، 60 ـ يىللاردا، دېموكراتىك گېرمانىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيەلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالماشتى. 1960 ـ يىلى دېموكراتىك گېرمانىيە پىرېزىدېنتى پىئېك ئالەمدىن ئۆتتى. خەلق پالاتاسى دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، ئۇلبىرخت كومىتېتقا رەئىس بولدى. 1964 ـ يىلى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى گروتېۋول ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ستوف رەئىس بولدى. گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى ئۇلبىرخت 1971 ـ يىلى پارتىيەنىڭ رەئىسى بولدى، خونېكېر پارتىيەنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىقىغا سايلاندى. رۇمىنىيەدە پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبىرى گېئورگخىيۇ دېج 1965 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چېئۇسېسكۇ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىپىگە ئولتۇردى. بۇلغارىيەدە تودور ژىۋكوف 1954 ـ يىلى سىرۋېنكوفنىڭ ئورنىغا پارتىيەنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى، 1962 ـ يىلى يەنە مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى بولدى، 1971 ـ يىلى دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىنى تودوروف ئۈستىگە ئالدى. ئالبانىيەدە ئەنۋەر خوجا بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت رەھبىرى بولدى. بىراق، ئالبانىيە ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. 1958 ـ يىلى ۋە 1960 ـ يىلى ياكوۋا، سپاھىيۇ، بېلىشوۋا قاتارلىقلار تازىلىنىۋېتىلدى. 1973 ـ يىلى پاچكوم، لۇكۇنى «پارتىيەگە قارشى مەدەنىيەت گۇرۇھى»

www.uyghurkitap.com

يوقىتىلدى. 1974 ـ يىلى بالۇكۇنىڭ «پارتىيەگە قارشى ھەربىي گۇرۇھى» يوقىتىلدى. 1975 ـ يىلى يەنە ئابدۇل خەللاجىنىڭ «پارتىيەسىگە قارشى ئىقتىسادىي گۇرۇھى» يوقىتىلدى. تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئالبانىيە ئەمگەك پارتىيەسى ئەنئەنىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، خرۇشېف بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالدى. 1961 ـ يىلى ئالبانىيە ئەمگەك پارتىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرقايسى ئەللەر 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئاساسەن تاماملىدى. دېموكراتىك گېرمانىيە، بۇلغارىيە ۋە رۇمىنىيەلەر قوشنا ئەللەردىكى ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەزى جەھەتلەردىن تەڭشىدى. دېموكراتىك گېرمانىيە ئەسلىدە تەرەققىي قىلغان نازۇك ماشىنىسازلىق، ئوپتىكا سانائىتى ۋە يېنىك سانائەتكە ئىگە ئىدى. كېيىن ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر تەرەپلىمە تەكىتلەنگەنلىكتىن، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يەتتى. 1958 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراپ مەركەزدىكى يەتتە مىنىستىرلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى 2 ـ بەش يىللىق پىلان (1956 — 1960 ـ يىللار) نى ئىجرا قىلىش توختىتىلىپ، يەتتە يىللىق پىلان تۈزۈلدى ھەم كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋىيەسى جەھەتتە 1961 ـ يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيەگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۈنىڭدىن ئېشىپ كېتىش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىراق، بۇ پىلان ئىشقا ئاشماي، نۇرغۇن كىشىلەر غەربىي گېرمانىيەگە قېچىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتى يەتتە يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھەم ئىسلاھاتقا تۇتۇش قىلىش توغرىسىدا قارار

چىقاردى. 1963 - يىلى «خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە باشقۇرۇلىدىغان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ پرىنسىپى» توغرىسىدا قارار ماقۇللىنىپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەردىن تىرىشىپ پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھوقۇقىنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى.

بۇلغارىيەنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىدە بىر قەدەر قالاق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە بىر تۈركۈم يېڭى زاۋۇت، كان، كارخانىلار قۇرۇلدى. 1958 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراپ مەركەزدىكى مىنىستىرلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. 1963 - يىلى ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىر مەزگىل سىناق قىلىنغاندىن كېيىن 1965 - يىلى 12 - ئايدا «خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى يېڭى تۈزۈلمىسى» توغرىسىدىكى ئاساسىي نىزام ماقۇللاندى. مەركەزنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكنى باشقۇرۇشى ئاستىدا، بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى كۆرسەتكۈچلەر ئازايتىلىپ، ماددىي ئىلھاملاندۇرۇش كۈچەيتىلدى. يېزىلاردا، 1968 - يىلىدىن تارتىپ يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ئۈنىۋېرسال گەۋدىسى قۇرۇلۇپ، 1972 - يىلىغا كەلگەندە مەملىكەت بويىچە بۇنداق گەۋدىلەردىن 172 سى بارلىققا كەلدى.

رۇمىنىيە 1965 - يىلىدىكى پارتىيە 9 - قۇرۇلتىيىدا ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1967 - يىلى رۇمىنىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. ئىقتىسادىي پىلان يۇقىرى - تۆۋەننى بىرىكتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق تۈزۈلدى. مەركەز ئاۋۋال يېتەكچى پىلاننى چۈشۈردى، كارخانىلار يۇقىرىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى

www.uyghurkitap.com

تۇزۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يۆتكەلدى. دۆلەت ھەرقايسى مىنىستىرلىقلار جەملىگەن پىلانغا ئاساسەن، مۇھاكىمە قىلىپ پىلان تۇزۇپ چىقىپ، بۈيۈك مىللىي پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كارخانىلارغا بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان چۈشۈردى. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە مىنىستىرلىقلارغا قاراشلىق كەسپىي ئىدارىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈنىۋېرسال ئىقتىسادىي گەۋدە ـــ سانائەت مەركىزى قۇرۇلدى.

ئالبانىيە ئىقتىسادى 50 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان (1951 ـــ 1955 ـ يىللار) مەزگىلىدە، سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 21.5% ۋە 18.9% بولدى. 60 ـ يىللاردىن بېرى جۇڭگو ئالبانىيەنى 100 دىن ئارتۇق يۈرۈشلەشكەن تۈر ياردىمى بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. ئالبانىيە بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن تەدرىجىي سانائەت، يېزا ئىگىلىك دۆلىتىگە ئايلاندى.

## 5 ـ بۆلۈم 80 ـ يىللاردىكى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى

گېيرېكنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە پولشا كىرىزىسى ئېدۋارد گېيرېك 1970 ـ يىلى كىرىزىس داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭى ئىستراتېگىيەلىك تەرەققىيات فاكتورىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ئەل مەبلىغى ۋە غەربنىڭ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق «ئۇچ يۇقىرى» سىياسىتى (يۇقىرى

سۇرئەت، يۇقىرى جۇغلانما، يۇقىرى ئىستېمال) نى يولغا قويۇپ، 10 يىلدا «يېڭى بىر پولشا قۇرۇپ چىقىش» نى تەشەببۇس قىلدى. 1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 6 ـ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، گىېرېكنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەسى ماقۇللاندى.

يېڭى ئىستراتېگىيە دەسلەپتە خېلى ئۇتۇقلۇق ئىجرا قىلىندى. 1970 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە مىللىي دارامەت 749 مىليارد 200 مىليون زىلوتىدىن بىر تىرىللىيون 593 مىليارد 300 مىليون زىلوتىغا ئۆرلەپ، بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بۇ مەزگىلدە، سانائەت كۆلىمى 81% كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 10% تىن ئاشتى. ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 16 مىليون 370 مىڭ توننىدىن 20 مىليون 860 مىڭ تونىنغا كۆپەيدى، گۆش مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 180 مىڭ توننىدىن 2 مىليون 900 مىڭ توننىغا يەتتى. ئىشلار ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئىزچىل كۆپەيتىپ، جۇغلانمىنى ئاشۇردى. 1973 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا جۇغلانما نىسبىتى 30% تىن ئاشتى. نەتىجىدە، مەبلەغ بېسىلىپ قېلىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھۆكۈمەت يەنە ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئۇزۇكسىز ئاشۇردى. خەلقنىڭ قولىدا ئېشىنچا پۇل كۆپەيدى، ئەمما بازارلاردا مال يېتىشمەي، تەمىنلەش كۈنسايىن جىددىيلەشتى. ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كويىدا، 1976 ـ يىلى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەڭشەشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئامما بۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئىشچىلار ئىش تاشلىدى، بۇ ھالدا ھۆكۈمەت مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تولا چاتاق چىقىپ، زىددىيەت ئاخىر ئاشكارىلاندى.

1979 ـ يىلى كىرىزىس كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ يىللىق مىللىي دارامەت بۇلتۇرقىدىن 2.3% چۈشۈپ كەتتى. 1980 ـ يىلى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. كاپىتالىزم دۇنياسىدا

www.uyghurkitap.com

كىرىزىس كۆرۈلگەنلىكتىن، پولشانىڭ ئېكسپورتىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. تاشقى پېرېۋوت كىرىمى كېمىيىپ، تاشقى قەرز سوممىسى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتى. 1971 - يىلى پولشانىڭ تاشقى قەرزى ئاران 800 مىليون دوللار ئىدى، 1980 - يىلىغا كەلگەندە 23 مىليارد دوللارغا يەتتى. بۇ يىلى تۆلەشكە تېگىشلىك مۇددىتى توشقان قەرز پۇل ۋە چىقىم قىلىشقا تېگىشلىك ئۆسۈم جەمئىي 8 مىليارد 100 مىليون دوللار بولۇپ، يىللىق تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 9 مىليارد 900 مىليون دوللارنىڭ 81.8% نى ئىگىلىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالمۇ ئىنتايىن ئوسال ئىدى. 1979 - يىلى ۋە 1980 - يىلى پېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا ئىككى يىل كەم ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1978 - يىلىدىكىدىن 3 - 4 مىليون توننا كېمىيىپ كەتتى. بازارلاردا ئاشلىق قىس، تەمىنلەش جىددىي بولغاچقا، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. ھۆكۈمەت مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1980 - يىلى 170 مىليارد زىلوتى ياردەم پۇل ئاجراتتى. بۇ پۇل شۇ يىللىق خامچوت چىقىمىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى. بۇنچە چوڭ ياردەم چىقىمى ۋە زور سوممىلىق تاشقى قەرز پولشا مالىيەسىنى يىمىرىلىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقتىن، ئىقتىسادىي كىرىزىس كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن گېيرېكنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تامامەن سۇغا چىلاشتى.

پولشا ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىش ئۈچۈن، 1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېلىشىم باھالىق گۆشنىڭ باھاسىنى 60% - 90% ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن كەڭ ئامما قاتتىق نارازى بولدى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋارشاۋا ۋە لۇبېلىن ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ، مائاش ئۆستۈرۈش ۋە گۆش باھاسى ئۆسۈپ كېتىشتىن تارتقان زىيىنىنى تولدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەت مائاشنى 10% -

15% ئۆستۈرۈشكە قوشۇلدى. بوران ـ چاپقۇن ۋاقىتىنچە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ 8 ـ ئايدا يەنە ئىش تاشلاندى. 14 ـ كۈنى گدانزىگدىكى «لېنىن» كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ 16 مىڭ ئىشچىسى ئىش تاشلىدى. ئەتىسى پۈتۈن شەھەردىكى 50 مىڭ ئىشچى كۈرەش سېپىگە قېتىلىپ كەتتى ھەم بىرلەشمە ئىش تاشلاش كومىتېتى قۇردى، كومىتېتقا ۋالېسا رەئىس بولدى. ئىش تاشلاش تېزلا جاي ـ جايلارغا كېڭىيىپ، پۈتكۈل پولشانى دېگۈدەك قاپلىدى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئىش تاشلاشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. دېھقانلار، زىيالىيلارمۇ نامايىشقا قاتناشتى. كۈرەش داۋامىدا ئىشچىلار گۆش باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، مائاش قوشۇپ بېرىش، پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش ۋە بازار تەمىناتىنى ياخشىلاش قاتارلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلەپلەرنى قويغاندىن سىرت، ئەركىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش، ئىش تاشلاش ھوقۇقىغا ۋە بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، سۆز قىلىش، مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈشنى بىكار قىلىش، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىش قاتارلىق سىياسىي تەلەپلەرنىمۇ قويدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت ئىشچىلارنىڭ «سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ۋە خەلقئارا ئىتتىپاق سىستېمىسىنى ئېتىراپ قىلىش» شەرتى ئاستىدا، ئاپتونومىيەلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشقا يول قويدى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گدانزىگ ئەركىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالدى بىلەن قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا جاي ـ جايلاردا مۇشۇنداق تەشكىلاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، پولشانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن 36 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى گدانزىگدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «مۇستەقىل ئاپتونومىيە ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى»

قورۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋالېسا مەملىكەتلىك كېڭەش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يېڭى ماقۇللانغان ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىدە «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى ۋە سىياسىي تەشكىلاتتىن مۇستەقىل بولغان» ئاممىۋى تەشكىلات، زاۋۇتنىڭ دىرېكتورى، زاۋۇت باشلىقى، چوڭ سېخلارنىڭ مۇدىرلىرى ۋە سىياسىي ئورگاننىڭ مەسئۇلى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋارشاۋا ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىگە رويخەتكە ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. سوت مەھكىمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىگە ناھايىتى كۆپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىش تاشلاش ھوقۇقىغا دائىر مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى ماددىلارنى قوشتى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇنداق تۈزىتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى ھەم ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئارقىلىق تەھدىت سالدى. كەسكىن كۈرەشلەر ئارقىلىق ھۆكۈمەتمۇ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ كۆنگەن بولدى. 1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋارشاۋا ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى بىكار قىلدى، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامنامىسىنىڭ قوشۇمچىسىغا «پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ دۆلەتكە بولغان رەھبەرلىك رولىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، شەكىللىنىپ بولغان خەلقئارا ئىتتىپاق سىستېمىسىغىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلمايدۇ» دەپ كىرگۈزۈلدى. ئالىي سوت مەھكىمىسى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى رويخەتكە ئېلىشقا قوشۇلدى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھۆكۈمەتنىڭ

ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، تېز تەرەققىي قىلىپ، 9 مىليون 480 مىڭ ئەزاسى بارلىقىنى جاكارلىدى. ئەسلىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ مەركىزىي كېڭىشى 1980 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پائالىيىتىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن پولشانىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قايتىدىن تەشكىللەندى. 1981 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ياروزېلسكى ھۆكۈمەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى گېيېرېك 1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 6 ـ ئومۇمىي يىغىندا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا كانىيا 1 ـ سېكرېتار بولدى.

يېڭى رەھبەرلەر تەختكە چىققاندىن كېيىن كېڭىشىش ۋە يېڭىلاش لۇشيەنىنى يولغا قويۇپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئىناۋىتىنى قايتىدىن تىكلەپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىدى. 1981 ـ يىلى ئەتىيازدا پولشا ۋەزىيىتى ۋاقىتلىق تىنچىدى. بىراق، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىدگوسىز ئۆلكىسىدىكى مەسئۇلى ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ يارىلاندۇرۇلۇش ۋەقەسى يۈز بەردى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دائىرىلەر بىلەن بولغان بارلىق سۆھبەتنى دەرھال توختىتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ھۆكۈمەتتىن ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ۋەقە پەيدا قىلغۇچىنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ناۋادا ئۇنداق قىلمىسا، مۆھلەتسىز تۈردە ئومۇمييۈزلۈك ئىش تاشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھۆكۈمەت ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، بەش قېتىم مۇشەققەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، يېڭى بىر مەيدان قاتتىق توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورايدى. 1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىتتىپاق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ۋارشاۋا سوت مەھكىمىسىگە رويخەتكە ئالدۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلدى. ئۇنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە پائال ماسلاشتى. بۇنىڭدىن سىرت، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ۋە سىياسىي قارىشى ئوخشاش بولمىغانلارمۇ ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرەپتە تۇردى. 1981 - يىلى 9 -، 10 - ئايلاردا ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي ماقۇللىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەت پىروگراممىسىدا، «نۆۋەتتىكى كىرىزىسنىڭ تۈپ مەنبەسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىدە»، ئەمما دائىرىلەرنىڭ «ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ» دەپ قارالدى. پىروگراممىدا ھازىرقى «ئىقتىسادىي تەشكىلىي ئاپپارات» لارنى «بىتچىت قىلىپ»، «دۆلەت ئاپپاراتىنى قايتىدىن قۇرۇپ»، «ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مۇستەقىل ئاپتونومىيە ئاپپاراتى قۇرۇش» تەشەببۇس قىلىندى. پائالىيەت پىروگراممىسىنىڭ قوللىنىلىشى ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پولشانىڭ ھازىرقى جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. بىراق، پولشانىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتى بۇنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭا، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ كەتتى.

بۇ زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىدە، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەسكىن ئىختىلاپ كۆرۈلدى. كۆپ سانلىق كىشىلەر پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي كېڭىشىش ۋە يېڭىلاش لۇشيەنىنى قوللىدى. «كاتوۋىتسې مۇنبىرى» ۋەكىللىكىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر كېڭىشىش، يېڭىلاش لۇشيەنىگە قارشى چىقىپ، بۇ لۇشيەنىنى «ئوڭچى كۈچلەر ۋە رېۋىزىيونىزم كۈچلىرى بىلەن مادارا قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە»، «پارتىيەگە رېۋىزىيونىزملىق سىياسىي ئۆزگىرىش كۈنسايىن ئەۋج ئېلىش خەۋپىنى كەلتۈرىدۇ»، «چوڭ ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ» دەپ ئەيىبلىدى. پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيەۋى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ ئومۇمىي يىغىنى 9 ـ قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاينى چاقىرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

9 ـ قۇرۇلتايغا تەييارلىق كۆرۈش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى قايتىدىن سايلاندى. نەتىجىدە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ 1 ـ سېكرېتارىنىڭ تەخمىنەن 50% ى، شەھەر، بازار، يېزا ۋە رايون دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىرىنىڭ 75%ى ، 49 ئۆلكىلىك پارتكوم 1 ـ سېكرېتارلىرىنىڭ 50% ى ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىلاش لۇشيەنىنى ھىمايە قىلىدىغانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

1981 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا ئىقتىسادىي، سىياسىي كرىزىسنىڭ سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنىپ، ئالدىنقى رەھبەرلەرنىڭ خاتالىقلىرىدىن ھېساب ئېلىندى ھەم گېيرېك قاتارلىقلار پارتىيەدىن قوغلاپ

www.uyghurkitap.com

چىقىرىلدى. قۇرۇلتاي ئىجتىمائىي ماداراچىلىق ۋە يېڭىلاش لۇشيەنىنى جەزملەشتۈرۈپ، بۇ لۇشيەن بولمىسا كرىزىستىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. قۇرۇلتاي يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقتى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 270 ئەزاسى ئىچىدە، يېڭىدىن سايلانغانلار 89% نى ئىگىلىدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ سابىق ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى ئىچىدە كانىيا، ياروزېلسكى قاتارلىق تۆت كىشىلا يېڭىباشتىن سايلاندى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن، 1981 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، كانىيا 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا «دادىل بولمىدى» ۋە ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا «زىيادە يول قويدى» دېگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ياروزېلسكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى.

**ياروزېلسكىنىڭ ئىچكى سىياستى** ياروزېلسكى 1923 ـ يىلى لۇبلىن ئۆلكىسىدىكى زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەشكىللىگەن پولشا 1 ـ دىۋىزىيەسىگە قاتناشقان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئارمىيەنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان، 1973 ـ يىلى گېنېرال ئارمىيەلىككە كۆتۈرۈلگەن. پولشادا كرىزىس يۈز بەرگەندىن كېيىن مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ۋە پارتىيەنىڭ 1 ـ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيەنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەن.

ياروزېلسكى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئالدىنقىلاردىن تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ قاتتىق سىياسەت قوللاندى. ئۇ بىر جەھەتتىن ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋالېسا، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ باش ئېپىسكوپى گېلىمپ بىلەن سۆھبەتلەشسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئارمىيەدىكى كادىرلارنى مۇھىم تارماقلار ۋە يەرلىككە بېرىپ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى

ئۆتەشكە ئەۋەتىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشقا تەييارلىق كۆردى. ئۇچ تەرەپ سۆھبىتى قاتمال ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومپارتىيە ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك مەسىلىسىنى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويۇشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، يارۇزېلسكى پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلدى. 1981 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئۇ دۆلەتنىڭ «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھالەت» تە تۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزى باشچىلىقىدىكى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەربىي كومىتېتىنى قۇرۇپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىشنى بۇيرۇدى ھەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋالېسا قاتارلىق 5000 نەپەر رەھبىرىنى قولغا ئالدى.

پولشادا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىنىڭ تەرتىپى مۇقىملىشىپ، كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي ئىش تاشلاش يۈز بەردى. بىراق كىرىزىس مەنبەيى تۈگىتىلمەي، ھۆكۈمەت تېخىمۇ زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇيۇشما يەنە مەخپىي يوسۇندا مەملىكەتلىك ۋاقىتلىق ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، ئېتىراز بىلدۈرۈش، ئىش تاشلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ تۇردى. غەرب پولشا دائىرىلىرىدىن ھەربىي ئىدارە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، پولشاغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىنىڭ رېگان ھۆكۈمىتى پولشاغا بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى توختىتىش، پولشاغا ئاشلىق توشۇشنى توختىتىش، پولشا بېلىقچىلىق كېمىلىرىنىڭ ئامېرىكا دېڭىز تەۋەلىكىدە

بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش، پولشا خەلق ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكىدىكى ھاۋا يولىدا قاتناش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش قاتارلىق قارارلارنى چىقاردى. فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرى پولشا بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىشقا چەك قويۇشنى قارار قىلدى. پولشانىڭ مۆلچەرلىشىچە، غەربنىڭ جازاسى پولشانى 20 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق زىيانغا ئۇچراتتى.

پولشانىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتى ئىسلاھات ئارقىلىق كىرىزىسنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدىلا «ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى» لايىھەسىنى ئېلان قىلغانىدى. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مىنىستىرلار سوۋېتى ئىسلاھاتقا دائىر بىر قاتار پەرمانلارنى ماقۇللىدى. ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يارۇزېلسكى ئىسلاھاتنى توختىتالماي قالماي، بەلكى تېزلەشتۈرۈپ، 1982 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشنى قارار قىلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسى تارايتىلىپ، پەقەت ھەربىيلەر ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار ۋە دۆلەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان زاپاس مەھسۇلاتلىرىغىلا بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان چۈشۈرۈلدى. كارخانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى كۆچەيتىلدى. كارخانىلار ئۆزىنىڭ تىجارەت پىلانىنى مۇستەقىل تۈزۈپ، مەركىزىي كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ۋە مائاش سوممىسىنى ئۆزى بېكىتەلەيدىغان بولدى. كارخانىلار مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كارخانىلاردا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ھۆكۈمەت يەنە ھەربىي ئىدارە قىلىش شەرتىدىن پايدىلىنىپ، باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال باھا ياردەم

پولىنى ئازايتتى. 1982 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىنبىرگىيە، يېقىلغۇنىڭ تەمىنلەش باھاسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەنە 39 خىل ئاساسىي يېمەكلىكنىڭ باھاسى ۋە توك، كۆمۈر گازى، پار ھەققى 2 ـ 4 ھەسسە ئۆستۈرۈلدى. باھانى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ياردەم پۇلى بەردى. يېزىلاردا، ھۆكۈمەت ھەر خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىگە «ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى» ھەم يەككە دېھقان ئائىلىلىرى «پولشا ئىقتىسادىنى ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ئامىل» دەپ جاكارلاپ، يەككە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇشىغا قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى. پولشانىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا ئىجابىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىسلاھات 1979 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇدا تۆت يىل تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى. 1983 ـ يىلى ۋە 1984 ـ يىلى مىللىي دارامەت جەمئىي 11.2% ئاشتى.

سىياسىي جەھەتتە، پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى پولشانى كۆپ سىنىپلىق جەمئىيەت دەپ قارىدى. 90 ـ يىللاردىكى پولشا جەمئىيىتىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 46.6%، 24.8%، 23.8% ۋە 4.7% ىنى ئىگىلەيتتى. شۇڭا، پولشا پارتىيەسى بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى، يەنى بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى ۋە باشقا پارتىيەلەر، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى، تۈرلۈك سوتسىيالىستىك تەشكىلاتلار ۋە كوللېكتىپلارنىڭ ئورتاق ھاكىمىيەت تۇتۇشىنى قارار قىلدى. پولشادىكى بىرلەشمە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەت گەۋدىسىگە ئوخشىمايتتى، غەربنىڭ كۆپ پارتىيەلىك ھاكىمىيىتىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى رەھبەرلىك رولىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا پارتىيەلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى، باشقا پارتىيەلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ۋەزىپىسى، ئۆزگەرتىش سۈرئىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئۆز ئالدىغا مۇئامىلە قىلىشىغا يول قوياتتى.

1982 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يېڭى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى ماقۇللىنىپ، ئىتتىپاق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېڭىباشتىن قۇرۇلغاندىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىپ، 1983 ـ يىلى يازدا 3 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاغا ئىگە بولدى. پارتىيە بىلەن ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن قويۇقلاشتى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتىمۇ ھۆكۈمەتكە كايىشتىن ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشقا ئۆتتى. يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي ئەھۋال ئۈزۈكسىز ياخشىلانغانلىقتىن پولشانىڭ ۋەزىيىتى ئاخىر مۇقىملاشتى. يارۇزېلسكى 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن تارتىپ ھەربىي ئىدارە قىلىشنىڭ توختىتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھالەتنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلاندى. 588 كۈن داۋاملاشقان پەۋقۇلئاددە ھالەت شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

يۇگوسلاۋىيە، ۋېنگىرىيەلەردىكى تەڭشەش يۇگوسلاۋىيە ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئوتتۇراھال تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ئىگە زامانىۋىلاشقان دۆلەت بولۇپ قالدى. يۇگوسلاۋىيەنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى 1983 ـ يىلى 2067 دوللارغا يېتىپ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 30% ئېشىپ

كەتتى.

بىراق، يۇگوسلاۋىيە ئىقتىسادىنىڭ غەرب بازارلىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر كۆپرەك ئۇچرايتتى. شۇڭا، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا خېلى زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. 1976 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە مەملىكەت بويىچە سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 41.3% گە يەتتى. بىراق، سېلىنغان مەبلەغنىڭ تەقسىملىنىشى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، ئېنېرگىيە ۋە ئۇل سانائەتكە يېتەرلىك مەبلەغ سېلىنماي، 1981 ـ يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ 1/3 قىسمى يېقىلغۇ ۋە خام ئەشيا كەملىكىدىن رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقتىن، سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 70 ـ يىللاردا 7.4% ئىدى، 1981 ـ، 1982 ـ يىللىرى 4% كە چۈشۈپ قالدى. ئىككىنچىدىن، ئېكسپورت كېمىيىپ، تاشقى قەرز ئېشىپ كەتتى. يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئېكسپورت، ئىمپورت سودىسىدىكى پاسسىپ بالانس 1979 ـ يىلى 6 مىليارد 100 مىليون دوللارغا يەتتى. تاشقى قەرز سوممىسى جەھەتتە شەرقىي ياۋروپادا پولشادىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. 1982 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئاران ئىككى مىليارد 500 مىليون دوللار بولۇپ، قەرەلى توشقان تاشقى قەرز ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئۆسۈم ئۈچۈن كېتىدىغان 3 مىليارد 300 مىليون دوللارنى قايتۇرۇشقا يەتمەيتتى. ئۈچىنچىدىن، پۇل پاخاللىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتتى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 60 ـ يىللاردا يىلىغا ئوتتۇرىچە 11%، 70 ـ يىللاردا يىلىغا ئوتتۇرىچە 19%

www.uyghurkitap.com

ئۆسكەندى، ئەمما 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇلتۇرقى 6 ـ ئايغا سېلىشتۇرغاندا 49.9% ئۆستى. ئاھالىلەرنىڭ پۇل كىرىمى ئاشقان بولسىمۇ، بىراق مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆسۈش سۈرئىتىگە يېتىشەلمىدى. 1981 ـ يىلى خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمى 4.7% تۆۋەنلىدى.

يۇگوسلاۋىيە رەھبەرلىرى بۇ قىيىنچىلىقلارنى «ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كىرىزىس» دېدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن يۇگوسلاۋىيە 1979 ـ يىلىنى ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش يىلى، دەپ جاكارلىدى. 1983 ـ يىلى پارلامېنت «ئىقتىسادنى ئۇزاق مۇددەت مۇقىملاشتۇرۇش پىروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۇل سانائەتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، باشقا تارماقلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى قىسىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، مال باھاسىنى توڭلىتىش، ئىستېمالغا چەك قويۇش، ئېنېرگىيە تېجەشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى سودىدا ئېكسپورتنى ئاشۇردى.

ۋېنگرىيە ئىقتىسادى 1968 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە بولغان ئالتۇن دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن تەرەققىياتتا يېڭى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. غەرب دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسۈشى تۈپەيلىدىن ۋېنگرىيە تاۋارلىرىنىڭ تەننەرخى ئۆرلەپ، ئېكسپورت كېمەيدى. تاشقى سودىدا پاسسىپ بالانس كۆرۈلۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. 1979 ـ يىلدىكى مىللىي دارامەت بۇلتۇرقىدىن 1.8% ئاشتى، ئەمما 1980 ـ يىلغا كەلگەندە 0.5% تۆۋەنلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋېنگرىيەنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتى 80 ـ يىللاردىن تارتىپ يېڭى ئىسلاھاتنى يولغا قويدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ھۆكۈمەت بازار ۋە قىممەت

قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بىرىنچىدىن، ھاراق، شېكەر، كۆك تاماكا، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ساھەلەردىكى 18 سانائەت تىرېستىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئۇلارنى 100 گە يېقىن كارخانىغا پارچىلاپ، بۇ كارخانىلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن رىقابەتلىشىشىگە قولايلىق تۇغدۇردى. ئىككىنچىدىن، 1980 ـ يىلىدىن تارتىپ، رىقابەت باھاسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئىلگىرى باھا ئاساسلىقى مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخىگە قاراپ بېكىتىلەتتى. ئەمدىلىكتە خەلقئارادىكى باھا دۆلەت ئىچىدىكى تاۋار باھاسىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى قىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى باھا تەدرىجىي خەلقئارا باھاغا بويسۇندۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇمى خەلقئارادىكى رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۆلچىنىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە، 70% سانائەت بۇيۇملىرىغا نىسبەتەن رىقابەتلىك باھا يولغا قويۇلدى. ھۆكۈمەت يەنە كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا قويۇلىدىغان چەكلىمىنى بوشاشتۇردى. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇششاق كوپېراتىپ، سانائەت ۋە مۇلازىمەت ساھەسى كوپېراتىپلىرىنىڭ كەسپىي گۇرۇپپىلىرى ھەم ئىقتىسادىي، ئەمگەك كوپېراتسىيە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۈچ پەرماننى ئېلان قىلىپ، ئەمگەك گۇرۇپپىلىرىنى خۇسۇسىيلار مەبلەغ يىغىپ قۇرسا بولىدىغانلىقىنى، ئادەم سانىنىڭ ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ 30 دىن ئاشماسلىقىنى، يەنە 15 ئىشچى ياللاپ ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. يېڭى پەرماندا، خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئوخشاشلا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە پېنسىيە سوغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1982 ـ يىلىدىن تارتىپ زىيان تارتقان بەزى مېھمانخانىلار ۋە ئۇششاق كارخانىلار شەخسىيلەرگە ئىجارە بېرىلدى. 1986 ـ يىلىغا

كەلگەندە ۋېنگرىيەنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىك تارماقلىرىدىكى ئەمگەك كۈچى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 5% ىنى، مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 15% ـ 20% ىنى ئىگىلىدى. 1986 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، كارخانىلار پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى.

سىياسىي جەھەتتە، ۋېنگرىيە 80 ـ يىللاردىن تارتىپ ئارتۇق نامزاتلىق سايلامنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1986 ـ يىلى پارلامېنت سايلىمىدا ھەربىر ئورۇنغا كەم دېگەندە ئىككى نامزات بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرىدىن تارتىپ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغىچە بىر ۋەزىپىنى ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئىككى نۆۋەتتىن ئارتۇق ئۆتىمەسلىكنى جاكارلىدى. كۈندىلىك خىزمەت جەريانىدا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىش تەقسىملىنىشىنى تەكىتلىدى. 1000 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ئىگە كارخانىلاردا، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى پارتكوم سېكرېتارى، پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس خىزمەتچى قويىدى. پارتىيە خىزمىتى ئىجتىمائىي خىزمەت بولغاچقا، پارتىيە ئەزالىرى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئىشلىدى.

ۋېنگرىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولغىنى بىلەن ئىقتىسادى ئانچە تېز تەرەققىي قىلالمىدى. بىراق، بازارلار ئاۋاتلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى مۇقىم تۈردە ياخشىلىنىپ باردى. 1950 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1% ئاشتى، 1967 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە 3.2% ئۆستى.

**بۇلغارىيە، رۇمىنىيەلەردىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات** 70 ـ يىللاردا بۇلغارىيە ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلەتتى. 1978 ـ يىلى بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك

قۇرۇلتىيىدا يېڭى تۈزۈلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، «سوتسىيالىستىك ئەمگەك تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي پىلانغا بولغان رەھبەرلىكنى ياخشىلاش توغرىسىدا تېزىس» ماقۇللاندى. 2 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېمەكلىك سانائىتى تارماقلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئۈچ يىل سىناق قىلىش ئارقىلىق 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «ئىقتىسادىي مېخانىزم نىزامنامىسى» ئېلان قىلىنىپ، يېڭى ئىقتىسادىي مېخانىزىم ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. «ئىقتىسادىي ھېسابات ۋە پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش» بۇ قېتىملىق ئىسلاھاتنىڭ «ئومۇمىي پىرىنسىپى» بولدى.

يېڭى نىزامنامىدە، مەركەزنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكى يەنىلا ئاساس، بىراق بۇيرۇق خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى، يەنى پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا بىرىپ تاقىلىدىغان مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي سېتىلىش مىقدارى، ئومۇمىي پايدا كۆرسەتكۈچى، تاشقى پېرېۋوت كىرىمى كۆرسەتكۈچى، مۇھىم پەن ـ تېخنىكا ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى، چوڭ تۈرلەرنى ياخشىلاش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچى قاتارلىقلارلا قېپقالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، دۆلەت پەقەت 100 خىلدىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەمەلىي كۆرسەتكۈچىنىلا بېكىتتى. پىلان تۈزۈلمىسىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش كارخانا ۋە كوپېراتىپلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ ھوقۇققا ئىگە قىلدى. مەبلەغ سېلىش جەھەتتە، دۆلەت پۇل ئاجرىتىش، كارخانىلار ئۆزى غەملەش، بانكا قەرز پۇل بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل بەلگىلەندى. تاۋار باھاسى بىر تۇتاش باھا، لەيلىمە باھا، ئەركىن باھا ۋە مۇكاپاتتىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلدى. تەقسىمات جەھەتتە، دۆلەت كارخانىلاردىكى

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا كېپىل بولىمىدى، مائاش سوممىسى كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي نەتىجىسىگە باغلىق بولدى. بۇلاردىن سىرت، كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئەزالار سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئادەتتە زاۋۇت باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى، يۇقىرىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئىگىلىك باشقۇرۇش كومىتېتى كارخانىلاردىكى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا دائىر زور مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىراتتى.

1986 - يىلى 4 - ئايدا بولغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى يىغىنىنىڭ مەركەزلىك قارالمىسى بولۇپ قالدى. ژىۋكوف يىغىندا «تىك يۆنىلىشلىك ئىسلاھات» ئېلىپ بېرىش، يەنى دۆلەتنىڭ پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوتتۇرىلىقتىكى ھالقىلارنى ئازايتىپ، زۆرۈر بولمىغان مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى قىسقارتىپ، ئىشلارغا كۆپ ئارىلىشىۋالماي، ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا يول قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «گورىزونتال يۆنىلىشلىك ئىسلاھات» ئېلىپ بېرىش، يەنى قىممەت قانۇنىيىتى، تاۋار، پۇل مۇناسىۋىتى ۋە تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەكىتلەندى. سىياسىي جەھەتتە، بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى سۆزلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆزلىشىش سىياسىيسى ۋە باشقۇرۇش ۋاستىسى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ ئوخشىمىغان مەنپەئەتىنى ماسلاشتۇرالايدۇ، دېدى.

بۇلغارىيەنىڭ 1970 - يىلىدىكى مىللىي دارامىتى 10 مىليارد 500 مىليون لېۋ ئىدى، 1980 - يىلى 18 مىليارد 300 مىليون لېۋغا ئۆرلىدى. 1980 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە

مىللىي دارامەتنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 4.4% كە يەتتى، 1980 ـ يىلى تاشقى سودىدىكى ئاكتىپ بالانس 700 مىليون دوللارغا يەتتى.

رۇمىنىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1967 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتتىن كېيىن 70 ـ يىللاردا داۋاملىق يېڭى ساھەلەردە ئىزدەندى. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مالىيە، ئىقتىسادقا رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتى ۋە پىلان خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ مەركەزلىك رەھبەرلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، كارخانىلارنىڭ مالىيە، ئىقتىساد جەھەتتىكى ھوقۇقىنى كۆچەيتىشنى قارار قىلدى. كارخانىلارنىڭ پايدىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان پىرسەنتى ئىلگىرىكى 30% تىن 40% كە كۆپەيتىلدى. كارخانىلار مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، مالىيە ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇردى. 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رۇمىنىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات فوندى غەملەشكە قاتنىشىش قانۇنى» (لايىھە) نى ماقۇللىدى. ئومۇمىي خەلقنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن بۈيۈك مىللىي پارلامېنتتا ماقۇللاندى. يېڭى پەرماندا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان كارخانىغا پاي قوشسا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پاي چېكىگە خېرىدار بولسا بولىدىغانلىقى، پاينى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقى، ئەمما ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. پاي قوشقۇچىلار يىل ئاخىرىدا كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىغا قاراپ پايدىغا ئېرىشەلەيدىغان بولۇپ، پايدا ئادەتتە يىلىغا 5% ـ 8% ئىدى. پەرماندا يەنە ئەمگەكچى ئامما تۆلىگەن پاي ئومۇمىي سوممىسى شۇ ئورۇننىڭ مۇقىم مەبلىغىنىڭ 30% دىن ئاشماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۈيۈك مىللىي پارلامېنت

«رۇمىنىيە كوپېراتسىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئەمگەك ھەققى قانۇنى»نى ماقۇللاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، گۇرۇپپىلىرىنى بىرلىك قىلىپ نورمىلىق كۆتۈرە بېرىش، ھەقنى ئورۇنلىغان ئەمەلىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ نىسبىتى بويىچە بېرىشنى بەلگىلىدى.

**چېخوسلوۋاكىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە ئالبانىيەنىڭ تەرەققىياتى**

چېخوسلوۋاكىيە 1968 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسىگە قايتتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېنېرگىيە ۋە خام ماتېرىيال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. 1980 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھۆكۈمەت «خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرى» نى ماقۇللىدى. بىرىنچىدىن، بەش يىللىق پىلاننى يىللىق پىلان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنى ھەم كەلگۈسى نىشانغا، ھەم يىللىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش بەلگىلەندى. ئىككىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى كۈچەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ پايدىدىن قالدۇرىدىغان پىرسەنتى ئىلگىرىكى 22% ـ 28% تىن 30% ـ 37% كە ئۆستۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، مائاش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. 80% مۇقىم مائاش بولۇش، قالغىنىنى مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىش بەلگىلەندى. تۆتىنچىدىن، باھا تۈزۈلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. تاۋار ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىپ، باھادا 2 ـ دەرىجە ئۆلچەم قىلىندى. 1 ـ دەرىجىگە 20% باھا قوشۇلدى، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باھاسى 15% چۈشۈرۈلدى. 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يەنە يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، دۆلەت چۈشۈرىدىغان يېزا ئىگىلىك كۆرسەتكۈچىنى پەقەت تاۋار ئاشلىق ۋە سويۇلىدىغان چارۋىدىن ئىبارەت ئىككى تۈر بىلەنلا چەكلەپ، يېزا ئىگىلىك

مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىش قارار قىلىندى.

1986 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، 8 ـ بەش يىللىق پىلان (1986 ـــ 1990 ـ يىللار) ماقۇللىنىپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئېلېكتىرونلاشتۇرۇش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ماشىنا ئادەملەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دېموكراتىك گېرمانىيە 60 ـ يىللاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئاز ـ تولا ئىسلاھ قىلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، نىسبەت تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئىگىلىكىدىكى مەسىلە يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراپ مەركەزلىك باشقۇرۇشنى يەنە تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىرلەشمە كارخانىلار مەركەز قىلىنغان تىرېستچە كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزدى. 1971 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يىللىق پىلان خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى قىلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنى نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش تەكىتلەندى. بارلىق مۇھىم مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار پىلان بويىچە ئىشلەپچىقىرىشى ھەم دۆلەتنىڭ نارازىتىنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە، 1960 ـ يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن 1972 ـ يىلى خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئايلاندۇرۇلدى. 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك، %96.5 نى،

هۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىگىلىك 0.6% نى، خۇسۇسىي ئىگىلىك 2.9% نى ئىگىلىدى. 1981 ـ يىلى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىدا 80 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەركىزىي مەزمۇنى: تۇجۇپىلەشتۇرۇش فاكجىينىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، ھازىرقى بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن دېموكراتىك گېرمانىيە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى كۆپ ئىسلاھ قىلمىدى. بىراق، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى جەھەتتە شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 1980 ـ يىلى چېخوسلوۋاكىيەدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت 3000 دوللارغا، كۆمۈرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات مىقدارى سەككىز توننىغا، پولات بىر توننىغا، توك تارقىتىش مىقدارى 4750 كىلوۋات سائەتكە يەتتى. دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ 1983 ـ يىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى 5103 دوللارغا يەتتى. 1981 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەر 100 ئائىلىنىڭ ئىلكىدىكى پىكاپ 40.2 دانە، توڭلاتقۇ 114.2 دانە، تېلېۋىزور 108.8 دانە بولغان، 1979 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 23 كىۋادرات مېتىرغا يەتكەن.

ئالبانىيەنىڭ ئەھۋالى شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئالبانىيە 60 ـ يىللاردىن تارتىپ جۇڭگونىڭ

نۇرغۇن ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. 4 ـ ۋە 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1965 ـــ 1970 ـ يىللار، 1971 ـــ 1975 ـ يىللار) دە سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 13.4% ۋە 11.2% بولدى. 1976 ـ يىلى ئالبانىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. 1978 ـ يىلى جۇڭگو ئالبانىيەگە بېرىدىغان ياردىمىنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالبانىيەنىڭ تەرەققىياتى تېزلا تۆۋەنلەپ كەتتى. 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەتنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاران 6.1% بولدى.

1981 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن شەيخ مۇھەممەد تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. شۇ كۈنى «روھىي كەيپىياتىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلگەن» لىكتىن ئۆلۈۋالغان، دەپ جاكارلاندى. بىر يىلدىن كېيىن 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەنۋەر خوجا سايلىغۇچىلار يىغىنىدا شەيخ مۇھەممەد ئامېرىكا، يۇگوسلاۋىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئاپپاراتلىرى ئۈچۈن ئىشلىدى، دېدى. ئارقىدىنلا ھۆكۈمەت ئومۇمىيۈزلۈك تازىلاندى. 16 مىنىستىردىن ئونى ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنۋەر خوجا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئالىيا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالبانىيە تەدرىجىي ئىتالىيە، فىرانسىيەلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇردى. 1983 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.